شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى

# شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى

مىللەتلەر نەشرىياتى

# شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى
تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى

مىللەتلەر نەشرىياتى

باش مۇھەررىر: جانابىل، فۇ ۋېن
مۇھەررىر: شۈ يۈچى
ماقالىسىنى يازغۇچىلار: شۈ يۈچى، جۇ چىڭلىن
گاۋ چاۋمىڭ، ۋۇ شالۇ
دۇخان   دۇن شىچۈن
تەرجىمە مۇھەررىرى: چېن يۈگۈي، ئابدۇسالام ئابباس
تەرجىمە قىلغۇچىلار: مەھەممەت ساۋۇر، ئابدۇللا ئاۋۇت،
كۈرەش تۇرسۇن، دىلمۇرات مۇسا، تۇرسۇن تۇردى،
قۇربان مەھەممەت، ھۈسىيىن ھاشىم، ئىلھام ۋەلى،
ماخمۇت مۇھەممەت، سادىق ئابلاجان، غالىپ
مەھەممەت، قاھار ئوسمان، غالىپ ياسىن.

总 主 编：贾那布尔，富文
主　　编：徐玉圻
撰　　文：徐玉圻，周清霖，高朝明
　　　　　吴莎露，杜瀚，顿时春
译文审订：陈毓贵，阿不都沙拉木·阿巴斯
翻　　译：买买提·沙吾尔，阿不都拉·阿吾提，库来西·吐尔逊，
　　　　　迪木拉提·木沙，吐尔逊·吐尔地，库尔班·买买提，
　　　　　玉素英·阿西木，依拉木·维力，马合木提·买买提，
　　　　　沙迪克·阿不拉江，阿里甫·买买提，卡哈尔·欧司曼，
　　　　　阿里甫·牙生




中國共產黨中央委員會

新疆伊寧轉[illegible]人民政府


阿哈買提江 先生：

我國反對帝國主義、封建主義、官僚資本主義及以蔣介石為首的國民黨反動統治的人民解放戰爭，即將取得全面的勝利，包括全中國各民主黨派、各人民團體[illegible]



中國共產黨中央委員會

政治協商會議，經過籌備階段，即將於九月內召開全體會議。此屆全體會議除討論全國人民政治協商會議組織法、[illegible]外，並將制定中華人民共和國中央人民政府組織法，[illegible]




中國共產黨中央委員會

[illegible]

毛澤東

1949-يىل 8-ئاينىڭ 18- كۈ-
نى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلە-
ھەت كېڭەشى يىغىنىغا تەييارلىق
كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ماۋ
زېدۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ
رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىغا خەت
يېزىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىل ئە-
ۋەتىپ، يېڭى سىياسىي مەسلىھەت
كېڭەشى يىغىنىغا قاتناشتۇرۇشىنى
ئۈمىد قىلغان ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىغا: ”سىلەرنىڭ كۆپ يىللا-
ردىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرىشىڭ-
لار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىمىزنىڭ دې-
موكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ
بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ“
دەپ ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن.

# ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خەرىتىسى
(1946-يىلى 6-ئاي)




ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىداش، يەر كۆلىمى 280 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك كېلىدۇ. 1946-يىلىدىكى نوپۇسى 700 مىڭدىن ئاشاتتى، تەۋەسىدە 25 ناھىيە بار ئىدى.

# مۇندەرىجە

سۆز بېشى ............................................ (1)

بىرىنچى باب ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ...... (1)

بىرىنچى پاراگراف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب ............................................ (1)

1. شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى .................... (1)

2. روسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قاراتقان سىياسىتى ۋە كۆرسەتكەن تەسىرى .................... (19)

3. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تەسىرى كۈنسايىن كېڭىيىپ باردى ............................................ (29)

ئىككىنچى پاراگراف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ...... (36)

1. ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى ............................ (36)

2. نىلقا قوزغىلىڭى — ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەسمىي پارتلىغانلىقى ........................... (55)

3. غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە قىلىشى ............................................... (65)

ئىككىنچى باب ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۇچ ۋىلايەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى ................................................ (74)

بىرىنچى پاراگراف ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئازاد بولۇشى ..................................................... (74)

1. ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ......................................................... (74)

2. ئىلى تەۋەسىنىڭ پۈتۈنلەي ئازاد قىلىنىشى ......................................................... (84)

ئىككىنچى پاراگراف قوراللىق كۈرەشنىڭ غەلىبىلىك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىلى، تاباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى .......... (112)

1. ئىلى پۈتۈنلەي ئازاد بولغاندىن كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قوللانغان تەدبىرلەر.................. (112)

2. مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە «ئۇچ يۆنىلىش بويىچە ئۇرۇش قىلىش» ھەربىي پىلانىنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى .................. (118)

3. قوراللىق كۈرەشنىڭ غەلىبىلىك تەرەققىي قىلىشى ............................................ (133)

4. تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەنلىكى ...................... (158)

**ئۈچىنچى باب ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تىنچلىق سۆھبىتى** ............................ (168)

بىرىنچى پاراگراف تىنچلىق سۆھبەت پەيتىنىڭ يېتىپ كېلىشى ............................................ (168)

1. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت ................................................ (168)

2. تىنچلىق سۆھبىتى توغرىسىدا غۇلغۇلا ................................................ (176)

ئىككىنچى پاراگراف تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ جەريانى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ............ (187)

1. تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ................................................ (187)

2. تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى ................................................ (213)

3. تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ............... (221)

**تۆتىنچى باب شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يىمىرىلىشى** .................... (239)

بىرىنچى پاراگراف شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۈچ ۋىلايەت خىزمەتلىرىنىڭ راۋاج تېپىشى ...................... (239)

1. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى ........................ (239)
2. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسىمدا قوللىنىلغان سىياسىي، ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ........................................ (267)
ئىككىنچى پاراگراف شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە ئىككى تەرەپ ئېلىپ بارغان كۆرەشلەر ........................................ (274)
1. قوراللىق كۆرەشتىن سىياسىي كۆرەشكە ئۆتۈش........................................ (274)
2. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ يىمىرىلىشى ........................................ (305)
بەشىنچى باب ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي خىزمىتى ........................ (322)
بىرىنچى پاراگراف ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ........................................ (322)
1. ئوسمان، چوجاپ، قالىبېكلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئارقا-ئارقىدىن توپىلاڭ كۆتۈرۈشى ........................................ (322)
2. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈرىشى ........................................ (326)
ئىككىنچى پاراگراف ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسىمىدىكى ئىدىيىنى تەرتىپكە سېلىشى ........................................ (335)
1. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىق ئۈستىدە

ئويلىنىپ ۋە ئۇنى تۈزىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە توغرا مىللەت قارىشى بىلەن تەربىيە بېرىش ...................................................... (336)
2. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ...................... (341)
3. بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇپ، خىزمەت ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇش، خىيانەتچىلىك - چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ھۆكۈمەتسىزلىككە قارشى تۇرۇپ، تەشكىلىي ئىنتىزامنى كۈچەيتىش ...................................................... (346)
ئۈچىنچى پاراگراف ئۈچ ۋىلايەتتە ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچەيتىلىشى .................................. (351)
1. ئۈچ ۋىلايەتتە ئىنقىلابىي تەشكىلاتنى بەرپا قىلىش ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى .................................. (351)
2. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئېھتىياجى ۋە ئۇنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ..................... (353)
3. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتى قۇرۇلۇشى .................................. (364)
تۆتىنچى پاراگراف ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتى ...... (374)
1. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت دۇچ كەلگەن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق.................................. (374)
2. گومىنداڭنىڭ ئىقتىسادىي كاشىلىسىنى تۈگىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىي تەرتىپىنى تۈزىش.................................. (376)

3. ئۇچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ قۇرۇلۇشى خىزمىتى…… (379)
ئالتىنچى باب جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تاشقىنىغا قوشۇلۇپ كېتىشى …………………… (391)
بىرىنچى پاراگراف شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىقىنىڭ تاڭ نۇرى …………………………………… (391)
1. 1949-يىلىدىكى ئىچكى ۋەزىيەت ……… (391)
2. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى …… (398)
3. ئۇچ ۋىلايەتنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ، تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشنى كۈتۈۋېلىشى …… (406)
ئىككىنچى پاراگراف شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى، ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تاشقىنىغا قوشۇلۇپ كېتىشى …………………………………… (429)
1. ئۇچ ۋىلايەتنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى …………………………………………………… (429)
2. ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تاشقىنىغا قوشۇلدى …………………………………………………… (448)

ئاخىرقى سۆز  ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى، ئەھمىيىتى ۋە تارىخىنىڭ ئىلھامى ........................ (478)

1. ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى ............................................................ (478)

2. ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھمىيىتى ............................................................ (491)

3. ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي ئىلھامى ............................................................ (495)

(1) ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە زېمىننىڭ پۈتۈنلۈكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر قانداق مۇستەقىللىق ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش لازىم ............................................................ (495)

(2) مىللەتلەر باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقانداق مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش لازىم ................................... (498)

(3) ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرغاندىلا، رەڭگا رەڭ خاتا ئىدىيىلەرنى پەرقلەندۈرگىلى، توسۇغىلى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولىدۇ .................. (506)

(4) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆزۈل-كېسىل ئازادلىققا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ ........................ (509)

خاتىمە ............................................................ (513)

# سۆز بېشى

1944-يىلى كۈزدە، شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ شىدىڭ شىڭ شىسەي، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، مىللىي ئازادلىقنى ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كەڭ كۆلەملىك قوراللىق كۈرىشى پارتلىدى، بۇ كۈرەش يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۈچ ۋىلايەتتە پارتلىغاچقا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇنى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جاھانگىرلارنىڭ كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، 300 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن كېلىدىغان زېمىندا ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇردى ھەمدە 14 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇن تەشكىل قىلدى، بۇلار كۈرەشنى پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى پۈتۈن مەملىكەت خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا، خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا غەلىبە قازىنىشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. شۇڭا، ماۋ زېدۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى «پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دەپ كۆرسەتتى.

شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئىلگىرى-كېيىن بەش يىل داۋام قىلىپ، ئاساسەن قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلاش ۋە قوراللىق كۈرەش

تەرەققىي قىلىش (1944-يىل 4-ئايدىن 1945-يىل 9-ئايغىچە)؛
گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆت-
كۈزۈش (1945-يىل 10-ئايدىن 1946-يىل 6-ئايغىچە)؛ شىن-
جاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يىمىرىلى-
شى (1946-يىل 7-ئايدىن 1947-يىل 8-ئايغىچە)؛ ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىچكى قىسمىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنى-
شى (1947-يىل 8-ئايدىن 1949-يىل 8-ئايغىچە)؛ شىنجاڭ-
نىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ،
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى پۈتۈن مەم-
لىكەت خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تاشقىنىغا قوشۇلۇش
(1949-يىل 8-ئايدىن 1949-يىل 12-ئايغىچە) قاتارلىق بىر-
قانچە باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەسمىي پارتلاشتىن ئىلگىرى، ئال-
تاي ۋىلايىتىدىكى قازاق مىللىتى ۋە باشقا مىللەتلەر كۆپ قېتىم
زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئېلىپ باردى، باشقا جايلاردىمۇ
مەخپىي تەشكىلاتلار ۋە بەزى پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللىنىپ،
قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ كۈرەشلەر
ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىققا تۈرلۈك دەرىجىدە زەربە بەردى،
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىل-
ھام بەردى. 1944-يىل 8-ئاينىڭ 17-كۈنىدىكى نىلقا قوزغى-
لىڭى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەسمىي پارتلىغانلىقىدىن دې-
رەك بەردى. نىلقا قوزغىلىڭى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن،
غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى دەرھال ھەر مىللەت ئاممىسىغا چا-
قىرىق قىلىپ، 11-ئاينىڭ 7-كۈنى غۇلجىدا قوراللىق قوزغى-
لاڭ كۆتۈردى، شۇ جايدىكى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆ-
كۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇ-
رىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.
غۇلجا شەھىرىدىكى قالدۇق دۈشمەنلەرنى داۋاملىق تازىلاش
بىلەن بىرگە، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ غۇلجىغا ياردەم بېرىش
پىلانىنى تارمار قىلىپ، پۈتكۈل ئىلى ۋىلايىتىنى ناھايىتى
تېز ئازاد قىلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت پارتىزانلار ئەترىتى
ئاساسىدا بىر قەدەر مۇنتىزىم بولغان مىللىي ئارمىيىنى

قوزغىلىپ چىقتى ھەمدە قوراللىق كۈرەشنى تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگىچە كېڭەيتتى، 1945-يىل 9-ئايغا قەدەر ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى پۈتۈنلەي ئازاد بولدى، مىللىي ئارمىيە ئۈرۈمچىگە 150 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان ماناس دەرياسى بويىغىچە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئالاقزادە بولۇپ ساراسىمىگە چۈشتى. دۇنيانىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى ۋە جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ دەردىنى تويغۇچە تارتقان دۇنيا ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ۋە جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىقنى تەلەپ قىلدى. جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرى گۇرۇھى خەلقنىڭ بېسىمىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرىدا كېلىشتۈرۈشى ۋە تۈرتكىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللەر ئۆمىكى جاڭ جىجوڭ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن ئازلا كەم سەككىز ئايلىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپتىن سەككىز كىشى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىشنى چۆرىدەپ گومىنداڭ دائىرىلىرىگە قارشى كۈرەشنى يەنىلا داۋاملاشتۇردى، كۈرەش بەزىدە ناھايىتى كەسكىن بولدى، گومىنداڭ قوزغىغان كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتى تىنچلىق بىتىمىدىن يىراقلىشىشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم سىياسىي ۋەقە يۈز بەردى، 1947-يىل 8-ئايدا ئۈچ ۋىلايەت

ۋەكىللىرى نائىلاج ئۈچ ۋىلايەتكە ئارقا-ئارقىدىن قايتىپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت نامدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈچ ۋىلايەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىچكى قىسمىنى تىرىشىپ تەرتىپكە سېلىپ، تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى ۋەزىيىتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى ۋە تونۇشتۇردى. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى خاتالىقلار تەدرىجىي تۈزىتىلدى ھەمدە ئوسمان ئىسلام قاتارلىقلارنىڭ توپىلىڭى تارمار قىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىرلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرى مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1949-يىل 4-ئاينىڭ 21-كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مىليون كىشىلىك زور قوشۇنى چاڭجىياڭ دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ نەنجىڭنى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ گۇمران بولغانلىقى جاكارلاندى. پۈتۈن مەملىكەت ئىنقىلابىدا چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ئازادلىق ئۇرۇشى تېزدىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئازاد قىلىنمىغان جايلارغا يۆتكەلدى. غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئارقا-ئارقىدىن شىئەن، لەنجۇنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، يۈمېنگە كېلىپ، شىنجاڭغا بېسىم بولدى. شىنجاڭنى ئازاد قىلىشتەك ھالقىلىق پەيتتە دېڭ لىچۈننى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىلىق سالاھىيىتى بىلەن غۇلجىغا ئەۋەتتى، ئۇ غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە بولغان غەمخورلۇقىنى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى يەتكۈزدى، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنى مەملىكەتلىك يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا قاتنىشىپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي

كومىتېتىنىڭ قارار، يولىيورۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە پائال ماسلىشىپ، سىياسىي، ھەربىي جەھەتتە شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئوبدان تەييارلىق كۆردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تاشقىنىغا پۈتۈنلەي قوشۇلۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ۋە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىدا زور قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىدى.

[illegible]

# بىرىنچى باب
# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى

## بىرىنچى پاراگراف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب

### 1. شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۇۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ تەخمىنەن پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ، مەملىكىتىمىز بويىچە يەر مەيدانى ئەڭ چوڭ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقىچە موڭغۇلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى (ھازىرقى روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان)، ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر

بىلەن چېگرىداش.

شىنجاڭ — ئۇيغۇر مىللىتى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. شىنجاڭدا ئازادلىققا قەدەر ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ياشاپ كېلىۋاتقان 13 مىللەت بار ئىدى، ئۇلار؛ ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك، شىبە، مانجۇ، ئۆزبېك، رۇس، داغۇر، تاتارلاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان، ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان؛ خەنزۇلار پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان؛ قازاقلار ئاساسلىقى شىمالىي شىنجاڭ ۋە تىيانشان تېغىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق يەتتە مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاساس قىلىناتتى، سانائەت تولىمۇ تەرەققىي قىلمىغان، زامانىۋى سانائەت يوق دېيەرلىك ئىدى. شەھەر، يېزىلاردا كاپىتالىستىك ئىگىلىك ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، فېئودال ئىگىلىك ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى، پومېشچىك، چارۋا ئىگىلىرى سىنىپىي فېئودال كۈچلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى بولۇپ، بۇرۇن ئۆتكەن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتلەرنىڭ قوللىشى ۋە قانات ئاستىغا ئېلىشى ئارقىسىدا كەڭ دېھقان-چارۋىچىلارنى ۋەھشىيانە، دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ ۋە ئېزىپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيە، روسىيە جاھانگىرلىرى تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ، تۈرلۈك جىنايى ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى تالان-تاراج قىلىپ كەلگەچكە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى بەك ئاستا ئىدى.

مىنگو دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەينىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن تارتىپ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقانغا قەدەر، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قاتتىق

ئۇچراپ، تارتمىغان نامراتلىق ۋە قالاقلىقنىڭ ئازابلىرى قالمىغانىدى، بولۇپمۇ شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى زۇلمەت ئىچىدە قالغانىدى.

1911-يىلى سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، ھەرقايسى ئۆلكىلەر بۇنىڭغا بەس - بەستە ئاۋاز قوشتى. شىنجاڭدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى ۋە غۇلجا قوزغىلىڭى پارتلىدى. غۇلجا قوزغىلىڭى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى. لېكىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش شىنجاڭدىمۇ ئىنقىلابچىلار ئاجىز بولغاچقا ۋە مۇرەسسە قىلغاچقا، بۇرژۇئازىيە دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىدى ھەم ئورۇندىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كونا ئىجتىمائىي تۈزۈم يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى؛ ھاكىمىيەت خېلى ھۆكۈمرانلىق تەجرىبىسىگە ئىگە بيۇروكرات تۇتۇقبېگى ياڭ زېڭشىننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتە ئىستىبداتلىق قىلدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى قوغدىدى؛ مەدەنىيەت جەھەتتە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، جېنىنىڭ بارىچە شىنجاڭنى فېئوداللىق، قالاق، دۇنيادىن بىخەۋەر ھالەتتە قالدۇرۇشقا ئۇرۇندى. 1928 - يىلى 7 - ئايدا ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر - بىرىنى چەتكە قېقىش، ھوقۇق تالىشىشتا ياڭ زېڭشىن ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى.

جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن ئاساسەن ياڭ زېڭشىننىڭ بىر يۈرۈش سىياسەت ۋە تۈزۈملىرىنى داۋاملاشتۇردى، خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە

قىلىش، ئېزىش جەھەتتە ئالدىنقىلاردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە* شىنجاڭدا نۇرغۇن ئېغىر ئىجتىمائىي زىددىيەت ساقلانغانىدى، جىن شۇرېن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، سىياسىي جەھەتتە كۈنسايىن چىرىكلىشىش، مىللىي زۇلۇم كۈچىيىش، ھەربىي قوشۇننى كۆپەيتىش، باج-سېلىقنى كۆپەيتىش، قالايمىقان قەغەز پۇل تارقىتىش، مال باھاسى ئۆرلەپ كېتىش قاتارلىق مەسىلىلەر تۇپەيلىدىن، نۇرغۇن ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى، خەلق ئاممىسى قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى، كەڭ دېھقانلار قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدى. ئاخىرى 1931-يىلى قۇمۇل دېھقانلىرى جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش، قۇمۇل ۋاڭ مەھكىمىسى باشقۇرۇشىدىكى تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش كۈرىشىنى قوزغىدى. ئارقىدىنلا ئۈچ يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان چوڭ مالىمانچىلىق يۈز بەردى، گەنسۇدىكى مىلىتارىست ماجۇڭيىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربكە يۈرۈش قىلدى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئۆز غالچىسى مۇھەممەتئىمىن ۋە سابىت داموللىنى جەنۇبىي شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك، مالىمانچىلىق ئېلىپ بېرىشقا كۈشكۈرتتى، ئۇلار 1933-يىل 11-ئايدا، قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇپ، «ياقۇپبەگ خانلىقى» قۇرۇش خام خىيالىدا بولدى. ھەر مىللەت خەلقى كۆپ يىللىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەت تارتىپ، جاھانگىرلار ۋە فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ سۈيىقەستىنى تونۇپ يېتىپ، جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلدى، شۇڭا بۇ قورچاق «دۆلەت» ئۈچ ئاي داۋاملاشايلا بەربات بولدى. بۇ قېتىمقى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيگەن كەڭ كۆلەملىك قوراللىق مالىمانچىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى تېخىمۇ شىددەتلىك كۈرەشنى قانات يادۇرۇشىغا ئىلھام بېرىپلا قالماي، بەلكى ھۆكۈمران گۇرۇھ ئىچىدىكى زىددىيەتنى كۈنسايىن كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقە، يەنى 1933-يىل

4-ئاينىڭ 12-كۈنى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «12-ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشتە جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. مىلىتارىست شېڭ شىسەي ئارمىيە-مەمۇرىيەت چوڭ ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا 11 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان مىلىتارىست شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى باشلاندى.

شېڭ شىسەي تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە سىياسىي ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇردى. جاڭ پېيۈەن، ما جۇڭيىڭ ئەسكەر توپلاپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇردى. يولۋاس، خوجىنىيازمۇ مەلۇم دائىرىنى ئىگىلەپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، ھەرىكەت قىلىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇردى؛ شېڭ شىسەي ئىدارە قىلالايدىغان رايون ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى بىرقانچە ناھىيىلا ئىدى. شېڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن يۆلەنچۈك تېپىشى، يانتاياقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ ئۆزىنى كۈچەيتىشى، ئۆزىگە يات كۈچلەرنى پارچىلىشى، يوقىتىشى كېرەك ئىدى.

شېڭ شىسەينىڭ نەنجىڭغا تايانغۇسى بار ئىدى. لېكىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ، خۇاڭ مۇسۇڭ (مۇئاۋىن سەنمۇجاڭ)، لو ۋېنگەن (ئەدلىيە مەمۇرىيىتى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى) نى ئارقا-ئارقىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ئۆز كۈچلىرىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنى كونترول قىلىپ، شىنجاڭنى گومىنداڭنىڭ تولۇق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالماقچى بولدى. بۇنداق ئەھۋالدا، شېڭ شىسەي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئۆزىگە يۆلەنچۈك قىلسا، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلىش سۈيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىغا تاجاۋۇز قىلىش مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن، ھەدەپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، شىنجاڭدا ئۆز گۇماشتىسىنى تېپىپ، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىشقا ھەمدە شىنجاڭنى سوۋېت

ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش بازىسىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. شېڭ شىسەي ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بولغاچقا، ئۆزىنى ياپونىيە قوينىغا ئاتسا، دەل ياپونلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولاتتى. لېكىن، سىياسىي پۇرسەتپەرەسلىك قىلىشقا ماھىر بولغان شېڭ شىسەي پايدا-زىياننى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن ئۇنداق قىلمىدى. بىرىنچىدىن، شېڭ شىسەي شىنجاڭغا سەرسان بولۇپ كەلگەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى شەرقىي شىمال پىدائىيلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن تەختكە چىققان، شېڭ شىسەي ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى شەرقىي شىمال پىدائىيلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بىلەن تىل بىرىكتۈرسە، دەرھال ئۇلارنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم قالاتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىشىمۇ مۇمكىن ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ شىنجاڭنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ۋە ئۆزىگە قارشى بازىغا ئايلىنىپ، چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈشىنى خالىمايتتى ھەمدە ئۇنىڭغا يول قويمايتتى؛ ئۈچىنچىدىن، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ جۇڭگونى ئۆز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتى پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. شەرقىي شىمالدا، شىمالىي جۇڭگودا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئوتى لاۋۇلداپ ياندى، بۇنداق پەيتتە دۈشمەن قوينىغا ئۆزىنى ئاتسا، يامان ئاقىۋەتكە قېلىپ، كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە قالاتتى. شۇڭا شېڭ شىسەينىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتىكى بىردىنبىر تاللىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىش ئىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايانغاندىلا، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلالايتتى، بولۇپمۇ جاڭ پېييۈەن بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ بىرلىشىپ شېڭ شىسەي قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان ئەھۋالدا، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايانغاندىلا، ئاندىن مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىشتەك جىددىي ئەھۋالدىن قۇتۇلالايتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدا مۇقىم ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ بولۇش-بولماسلىقى ئۇنىڭ

بىۋاسىتە پايدا-زىيىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئىزچىل تۈردە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك دائىرىلىرىنىڭ ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق جاھانگىرلىك كېڭەيمىچى كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇشىنى قوللاپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئالاقە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈپ، شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن ھاكىمىيەت قۇرۇشقا تىرىشىپ تۇرتكىلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭ بىلەن چېگرىداش بولغان 3000 نەچچە يۈز كىلومېتىر چېگرىسىنى تىنچ قىلماقچى ھەمدە سىياسىي، ئىقتىسادىي قاتارلىق جەھەتلەردە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپ نەپكە ئېرىشمەكچى بولدى. ئۇنداقتا كىمنى ئۆزىنىڭ قوللاش ئوبيېكتى قىلىش كېرەك؟ ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا بەلگىلىك كۈچكە ئىگە يەرلىك كۈچلەردىن قارىغاندا، جاڭ پېيۈەن گومىنداڭغا يېقىن بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىدى؛ ما جۇڭيىڭ چوڭ قارا نىيەتچى يەرلىك مىلىتارىست ئىدى؛ باشقا بىرقانچە ئاز سانلىق مىللەت سەردارلىرىدا ئازدۇر-كۆپتۇر پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم خاھىشى بار بولۇپ، ئۇلار كوممۇنىزمدىن قورقاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلاتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلىرىگە پايدىسىز سىياسىي تەسىر يەتكۈزەتتى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى پىلانلاپ قۇرغان ۋە قوللىغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يۇقىرىقى شەخسلەرنى قوللىمايتتى، ئۇلارغا تايانمايتتى، ئەلۋەتتە. تۈرلۈك كۈچلەرنى سېلىشتۇرغاندا، شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىم قىلالايدىغان، پايدىلانغىلى بولىدىغان مۇۋاپىق ئوبيېكتى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارىشىچە، بىرىنچى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى رەسمىي تەستىقلىغان قانۇنلۇق ھۆكۈمەت ئىدى، شېڭ شىسەينى قوللىغاندا، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى نۇرغۇن ئاۋارىگەرچىلىكتىن ساقلانغىلى بولاتتى؛ ئىككىنچى، تېخىمۇ مۇھىمى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، موسكۋاغا ئالاقە قىلىش ئۈچۈن ئادەم

ئەۋەتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ ماركسىزمچى ئىكەنلىكىنى، شارائىت پىشىپ يېتىلسە، شىنجاڭدىمۇ كوممۇنىزمنى يولغا قويسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى؛ ئۈچىنچى، شېڭ شىسەي قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ ئىچىدە قېلىپ، چىددىي ھالدا تايانچ تېپىپ، ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئىتتانىدى؛ بۇ چاغدا مۇۋاپىق ياردەم بەرسىلا، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا بولغان كونتروللۇق كۈچىنى ئاشۇرۇپ، شېڭ شىسەينى ئۆز قويىنىغا تارتالايتتى ھەمدە شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى كونترول قىلالايتتى. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينى قوللاش ئوبيېكتى قىلىپ تاللىدى.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى 1933-يىل 12-ئايدا ۋە 1934-يىل 1-ئايدا شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭغا قوشۇن ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جاڭ پېيىۋەن، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزدى، بۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى مۇقىملىققا ئېرىشتى. ئارقىدىنلا شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى قاتارلىق تەرەپلەردىن ياردەم بەردى، بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىس، تېخنىك خادىم، كادىر، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى (بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگولۇق ئەزالىرى) نى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى تۈزۈشىگە كونكرېت ياردەم بەردى.

«ئالتە بۈيۈك سىياسەت» دېگىنىمىز، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش قىلىش» نى كۆرسىتىدۇ. بۇ سىياسەتلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى ۋە ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۇردى، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. شۇڭا، ئۇ ئىلغار

سىياسەت ئىدى. لېكىن، شېڭ شىسەي ماھىيەت جەھەتتە ئەكسىيەتچىل بولغاچقا، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نىڭ ئىلغارلىق ئەھمىيىتى چەكلىك، قىسقا ۋاقىتلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئەستايىدىل يولغا قويۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شېڭ شىسەي بۇ سىياسەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى پەردازلاپ، ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنى يوشۇرماقچى ۋە ئۇنى يات كۈچلەرنى يوقىتىشتىكى قورالغا ئايلاندۇرماقچى بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. يېزا ئىگىلىكىنى ئالىدىغان بولساق، 1933-يىلى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن ئىلگىرىكى يېرىمىدىن ئارتۇق ئازىيىپ كېتىپ، 4 مىليون 630 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر قالغانىدى، 1937-يىلىغا كەلگەندە 5 مىليون 270 نەچچە مىڭ موغا كۆپەيدى. زامانىۋى دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانى، كېۋەز تەجرىبە مەيدانى، دېھقانچىلىق تەتقىقات ئورنى، ئۈجمە كۆچەتزارلىقى، ئۆلگىلىك پىلە بېقىش ئۆيى قاتارلىقلار بارلىققا كېلىپ، دېھقانچىلىق تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. چارۋىچىلىقتا نەسلىنى ياخشىلاش، ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىش، كېسەللىك-زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قاتارلىق خىزمەتلەر ئىشلەندى، چارۋا سانى ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىرقەدەر زور ھەجىمدە كۆپەيدى. سانائەت-قاتناش جەھەتتە زاۋۇتلار قۇرۇلۇپ، كانلار ئېچىلدى، ئۈرۈمچىدە ئېلېكتر ئىستانسىسى، ماي چىقىرىش زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئالتايدا ئالتۇن كېنى ئېچىلىپ، 1937-يىلىغا كەلگەندە يىللىق ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1500 سەرگە يەتتى. 1936-يىلى مايتاغدا نېفىت قۇدۇقى قېزىلدى، 1939-يىلىغا كەلگەندە، كۈندىلىك نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 110 توننىغا يەتتى. شىڭشىڭشيادىن قۇمۇل، ئۈرۈمچى، ئىلى ئارقىلىق قورغاسقىچە تاشيول ياسىلىپ، شىنجاڭنىڭ قاتناش ئەھۋالى ئىلگىرىكىدىن بىر ئاز ياخشىلاندى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئالدىنقى سېپىگە يەتكۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. مەدەنىيەت،

ماڭارىپ ئىشلىرىمۇ بىرقەدەر زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. نۇرغۇن مەكتەپلەر ئېچىلدى، 1937-يىلى مەكتەپلەر تېز كۆپىيىپ 1515 كە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 112 مىڭغا يېتىپ، جىن شۇرېن دەۋرىدىكىدىن ئون نەچچە ھەسسە كۆپەيدى. 1934-يىلىدىن 1936-يىلىغىچە ھەر مىللەتتىن بولغان 300 نەچچە ياش سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، بىر تۈركۈم كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشتۈرۈلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەيدەكچىلىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئاممىۋى سىياسىي تەشكىلات «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. شىڭ شىسەينىڭ بىر تۈركۈم يۇرتداشلىرى، ساۋاقداشلىرى يۆتكىۋېتىلىپ، تارماقلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئۈستىگە ئېلىپ، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» نىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى ئىگىلىدى. ئۇلار بۇنى بازا قىلىپ تۇرۇپ كادىر يېتىشتۈردى، ئىنقىلاب نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلدى، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇتەئەررىزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ قانات يېيىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە جامائەت خەۋپسىزلىكى، چېگرا مۇداپىئەسى ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ، ئاخبارات خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، شىنجاڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ بىخەتەر، مۇقىم بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

شىڭ شىسەي كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمىدە بىر مەھەل ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى قىسمەن يولغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت-سائادەت يارىتىش ئەمەس، بەلكى ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزلەش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىڭ شىسەي «جاھانگىرلىككە قارشى

تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش» تەك ئىلغارلىق نىقابىغا ئورىنىۋېلىپ، ئاستىرتىن كوممۇنىستىك پارتىيىگە، خەلققە قارشى تۇرۇش جىنايى قىلمىشلار بىلەن كۆپلەپ شۇغۇللاندى، ئىشپىيونلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويۇپ، يات كۈچلەرگە ھەدەپ زەربە بەردى، ئۇلارنى باستۇردى، كۆپ قېتىم ئاتالمىش «توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىدە بولۇش دېلوسى» پەيدا قىلىپ، قىيىن-قىستاق بىلەن مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇپ، گۇناھسىز كىشىلەرنى چېتىۋېلىپ، زور بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار، ئىلغار ئامما، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى شەرقىي شىمال پىدائىيلىرىدىن شىنجاڭغا كەلگەنلىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنى يوقىلاڭ بەتنام بىلەن قولغا ئالدى، ئۆلتۈردى؛ ئۆزىنىڭ سىياسىي قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەتتا ئۆزى تايانغان يېقىنلىرىغا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشتىنمۇ باش تارتمىدى، ئۇنىڭ ۋاستىسى شۇ قەدەر قەبىھ، رەھىمسىز، زەھەرلىك بولدىكى، بۇنداق ئەھۋال ئىلگىرىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلاردىمۇ ئاز ئۇچرايتتى. ئۇ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاخىرقى مەزگىلدە شىنجاڭ كىشىلىك دۇنيادىكى مىسلىسىز دوزاخقا ئايلاندى. «قولغا ئېلىنىپ نەزەربەند قىلىنغانلار 120 — 130 نەچچە مىڭغا يەتتى. تۈرمىدە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەر ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەنلەر 60 نەچچە مىڭغا يەتتى.»① ئۇۋال قىلىنغان دېلولار ھەممە يەردە بولىدىغان، ھەممە ئادەم تەشۋىشكە چۈشىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەچكە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قاتتىق تېررورلۇق ئىچىدە ياشىدى. شېڭ شىسەي ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى تالان-تاراج قىلدى. چۇڭچىڭغا يۆتكەلگەندە، «ھەربىي ئايروپىلاننى ئىشقا سېلىپ قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئۈچ قېتىم يۆتكىگەندىن باشقا، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى، شېرىكلىرى شىنجاڭدىن

① جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدا بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىل»، لەنشى نەشرىيات چەكلىك شىركىتى 1982-يىل 3-ئايدىكى خەنزۇچە نەشرى 10-توم 6057-بەت.

ئايرىلغاندا، 180 ئاپتوموبىل بىلەن نەرسە يۆتكەپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى.»① خەلقنىڭ قان-تەرىنى قانچىلىك خىيانەت قىلىپ ئالان-تاراج قىلغانلىقىنى ھېسابلاپ چىققىلى بولمايدۇ.

شېڭ شىسەي «مىللەتلەر باراۋەر بولۇش» دېگەن نىقاب بىلەن مىللىي زۇلۇمنى يولغا قويدى. شېڭ شىسەي تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، جايلاردىكى ئابرۇيلۇق، ئەمەلىي كۈچى بار ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرىنى ھۆكۈمەت ئورگىنىغا كىرگۈزۈپ، چوڭ-كىچىك مەنسەپلەرگە تەيىنلەپ، مىللەتلەر ئىناق ئۆتۈۋاتىدۇ، دېگەن ساختا كۆرۈنۈش پەيدا قىلغانىدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي نۇرغۇن بىگۇناھ ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرىنى ئاتالمىش «توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۈيىقەستىدە بولۇش دېلوسى»غا چېتىپ، قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى ياكى ئۆلتۈردى، ھايات قالغانلار ساناقلىقلا ئىدى. 1937-يىل كۈزدە شېڭ شىسەي ما خۇشەننىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا تازىلاش ۋە زىيانكەشلىك قىلىشنى ئېلىپ باردى، نۇرغۇن گۇناھسىز ئاممىغا «توپىلاڭچىلار بىلەن ئالاقىسى بار» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ، قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر قۇرۇلتىيىدىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى «شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرغۇچى»لارنىڭ ئەدىبىنى بېرىش ۋە ئۇلارنى تازىلاش، شېڭ شىسەينىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى باستۇرۇشتىكى بىر خىل ۋاستىسى ئىدى. ھەر قېتىملىق يىغىنغا قاتناشقۇچىلاردىن ئۆز يۇرتىغا قايتقىنى كۆپ بولغاندا يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ يېرىمىگە يېتەتتى، كۆپىنچىسى يىغىن مەزگىلىدە ئارقا-ئارقىدىن تۈرمىگە تاشلىناتتى. مەسىلەن، 1939-يىل 9-ئايدا موڭغۇل، قازاق، قىرغىز مىللەتلىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا، قازاق

---

① جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدا بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىل»، لەنشى نەشرىيات چەكلىك شىركىتى 1982-يىل 3-ئايدىكى خەنزۇچە نەشرى 10-توم 6064-بەت.

مىللىتىدىن يۇقىرى تەبىقە زاتى ئەلەن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى شارىپقان قاتارلىق نۇرغۇن يۇقىرى تەبىقە زاتلىرى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى، شۇ يىلى يەنە ئالتاي ۋىلايىتىدىكى دىنىي زات، شائىر ئەخمەت ھاجى قولغا ئېلىندى، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى چارۋىچىلار بۇنىڭدىن چۆچۈدى ۋە غەزەپلەندى. شۇ يىلى 12-ئايدا شېڭ شىسەي ئالتاي ۋىلايىتىدە قورال-ياراغ ئېنقلاش كومىتېتى قۇرۇپ، چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلارنى ۋە ئۆزىنى قوغداشقا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان قورال-ياراغلىرىنى مەجبۇرىي يىغىۋالدى، چارۋىچىلار زادىلا چىداشقا بولمايدىغان ئەھۋالدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

شېڭ شىسەي ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنى ۋەھشىيلەرچە بوزەك قىلىپ، قىرىپ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ھاياتلىق ئۈچۈن قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ماركسىزم، لېنىنىزم تەربىيىسىگە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى، سىنىپىي جەمئىيەتتە ھەر مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەزگۈچى سىنىپ بىلەن ئېزىلگۈچى سىنىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ھامان بىر مىللەتنى ئومۇمىي گەۋدە دەپ قارايتتى، شۇڭا، شېڭ شىسەيدىن ئىبارەت بۇ ئېزىلگۈچى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان خەنزۇ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى پۈتكۈل خەنزۇلارنىڭ گۇناھى دەپ قارىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، كېيىنكى چاغلاردىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىققا قارشى كۆرەشتە خەنزۇ خەلقى شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قۇربانى بولدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلىدى.

قىسقىسى، شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى دېڭ فا ئېيتقاندەك «شېڭ شىسەي كېلىپ چىقىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قارائىيەت مىلىتارىست، ئىدىيىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەرلىك پادىشاھ، ھەرىكىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۆرە نەسىللىك توڭگۇز» (ھەم ۋەھشىي، ھەم دۆت) ئىدى. بۇ ھەقىقەتەن شېڭ

شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنىڭ چوڭقۇر يىغىنچاقلىنىشى.

شېڭ شىسەي جياڭ جيېشى بىلەن ئاشكارا تىل بىرىكتۈرگەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى كەلدى. گومىنداڭ ئالدى بىلەن سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتلەردە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى. 1943-يىل 1-ئايدا، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنى قايتا تەشكىللەپ چىقىپ، گومىنداڭغا پائال ئەزا قوبۇل قىلدى. بوجا تۈزۈمىنى ئورناتتى ۋە كۈچەيتتى، «ئۈچ مەسلەك» ۋە «جۇڭگونىڭ تەقدىرى». جياڭ جيېشىنىڭ سۆز-ماقالىلىرى قاتارلىق ئەكسىيەتچىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ نەشر قىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنى خەنزۇلارنىڭ «نەسىلداش تارمىقى» دېگەندەك ھەر خىل ئەكسىيەتچىل سەپسەتىلەرنى تەرغىب قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە كىتاب، گېزىت، كىنو قاتارلىقلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئىلغار كىتاب - ژۇرناللارنى مۇسادىرە قىلدى؛ ھەر مىللەت ياش ئوقۇغۇچىلىرىغا ئەكسىيەتچىل پىرقە تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇش، «پىرقە — دۆلەت» كە، «داھىي» غا سادىق بولۇپ، ۋاپادارلىق قىلىشتەك فېئودالىزملىق، كومپرادور فاشىزملىق سەپسەتىلەرنى سىڭدۈردى. شۇ ئارقىلىق «چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى» نى چەكلەپ، شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىدىيىسىگە «مەسلەك» نى (جياڭ جيېشىنىڭ فاشىزمىنى كۆرسىتىدۇ — نەقىل كەلتۈرگۈچى) يەنىمۇ سىڭدۈرۈپ، تەربىيە ئارقىلىق ھەرىكىتىنى تۈيدۈرماي ئۆزگەرتىپ، بۇ ئىدىيىنى سىڭدۈرۈش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئىشىنى بىلىندۈرمەي ئېلىپ بارماقچى بولدى.»①

ھەربىي جەھەتتە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەي بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن دەسلەپكى مەزگىلدىلا شىنجاڭغا قوشۇن كىرگۈزۈش

---

① چېن شىخاۋ: «شىنجاڭنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە ۋە جەمئىيەت ئەھۋالى» دېگەن كىتابنىڭ خەنزۇچە نەشرى 54-بەت، جۇڭچۇڭ كىتابخانىسى جۇڭخۇا مىنگونىڭ 36-يىلى نەشر قىلغان.

تەييارلىقىنى پائال ئىشلىدى. ئالدى بىلەن خېشى كارىدورىدىكى ۋۇۋېيدا 29-جىتۇەنجۈن باش قوماندانلىق شتابىنى قۇردى، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇپ بىرىنچى قاراردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن لى تېجۈننى باش قوماندانلىققا تەيىنلىدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا يېڭى 2-جۈن ۋە 42-جۈن تەسىس قىلىندى، بۇ ئىككى جۈن تەشكىللەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇردى. 1943-يىل 9-ئاينىڭ باشلىرىدا 46-شىنىڭ ما پىڭلىن قوماندانلىقىدىكى تۇەنى قۇمۇلغا كىردى، 45-شىنىڭ تيەن زىمبي قوماندانلىقىدىكى تۇەنى بارىكۆلگە كىردى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى جۈن ئارقا-ئارقىدىن شىنجاڭغا كىرىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئۆلكىلىك قوشۇنىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلدى، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى باستۇردى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. تۈرلۈك ئالۋان-ياساقلار نەچچە ئون خىلغا يەتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1945-يىلى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ مالىيە كىرىمى 2 مىليارد 200 مىليون شىنجاڭ پۇلى بولغان (گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان قەغەز پۇلغا سۇندۇرغاندا 11 مىليارد يۈەنگە توغرا كېلىدۇ)، نورما سىرتىدىكى تۈرلۈك سېلىقلارنى ھېسابلاش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار مالىيىدىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش، ئەمگەكچى خەلقنى تېخىمۇ تالان-تاراج قىلىش ئۈچۈن، كۆپلەپ قەغەز پۇل باسقان. 1944-يىل 10-ئايغىچە شىنجاڭ قەغەز پۇلىدىن 3 مىليارد يۈەن تارقىتىلغان (گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان قەغەز پۇلغا سۇندۇرغاندا 15 مىليارد يۈەنگە توغرا كېلىدۇ). لېكىن ئالتۇن زاپىسى ئاران 50 مىڭ سەر بولغاچقا، پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىقىپ، مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتكەن. 1944-يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مال باھاسى 1944-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكىدىن ئون نەچچە ھەسسە ئۆرلەپ كەتكەن، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى قاقتى-سوقتى قىلىپ، خىيانەتچىلىك قىلىپ، چىرىكلىشىپ كەتكەن، مەنسەپ-مەرتىۋە سېتىش قويۇنى ئەۋج

ئالغان، يېزا باشلىقلىقى 200 — 300 سەر يۇەنگە سېتىلغان. ئۇلار مەنسەپ قولغا كەلگەن هامان، ئۆز هوقۇقىدىن پايدىلىنىپ چۆنتىكىنى تولدۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئۈزۈلۈپ قالدى. بىر تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى سېتىلماي قالغاچقا، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى كەڭ خەلقنىڭ جان-بېقىش ۋاستىسى بولغان چارۋىچىلىقتا قوي يۇڭى قىرقىلمايدىغان، ئۇچەي ئىتقا تاشلاپ بېرىلىدىغان هالغا چۈشۈپ قالدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆندىلىك سانائەت تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىمپورت قىلغىلى بولمىغاچقا، ماددىي ئەشيا قىس بولۇپ كەتتى، كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى تۇگەپ كەتتى، مال باهاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتتى، سودا-سانائەت كارخانىلىرى تاقىلىپ قالدى، ئەمگەكچىلەر ئارقا-ئارقىدىن ئىشسىز قېلىشقا باشلىدى. خەلق تۇرمۇشى ناهايىتى قىيىن ئەهۋالدا قالدى.

گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ ساتقۇنلۇق، تەسلىمچىلىك سىياسىتى جاهانگىرلار، بولۇپمۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. ئۇلار ئېكىسپېدىتسىيە قىلىش، ئاسارئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش، سودا قىلىش نامى بىلەن ئىشپىيون، جاسۇسلارنى ئەۋەتتى، يەر تۈزۈلۈشى خەرىتىسىنى سىزدى، مۇهىم هەربىي مەخپىيەتلىكلەرنى رازۋېدكا قىلدى، قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈردى، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلايدىغان، شىنجاڭ بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ گۆش بىلەن قاندەك يېقىن مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان سەپسەتىلەرنى پەيدا قىلدى هەمدە دىن ۋە مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش قاتارلىق ئالدامچىلىق شوئارلىرىدىن پايدىلىنىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئىناقسىزلىق پەيدا قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا پاراكەندىچىلىك سېلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى قوترىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىش سۇيىقەستلىك هەرىكەتلىرىنى ئېلىپ

بېرىپ، شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش ۋە شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش بازىسى قۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، 1933-يىلى 11-ئايدا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى سابىت داموللا قاتارلىقلارنى قۇترىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇردى. «18-سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، ياپون جاھانگىرلىكى ھەددىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، شىنجاڭغا بولغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى توپلاپ «بۈيۈك ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرماقچى بولدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىمۇ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى شىنجاڭغا كېڭەيتىپ، بولۇپمۇ پۈتۈن مەملىكەت ئازادلىقىنىڭ ھارپىسىدا ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بۈيۈك غەربىي شىمال رايونىنى ئازاد قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، مىلىتارىست ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، گەنسۇ—چىڭخەي—نىڭشيا—شىنجاڭدا ما بۇفاڭ باشچىلىقىدىكى «ئىسلام دۆلىتى» قۇرماقچى بولدى. ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بارلىق ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئازاد بولۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەتنى پىلانلايدىغان قوماندانلىق شتابىغا ئايلاندى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كونا مىلىتارىستلار، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ۋە جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى يېقىنقى زامان شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ئىشلىرىنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا پۈتلىكاشاڭ بولغان ئاساسلىق توسۇق ئىدى.

يېقىنقى زامان شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ئىشلىرىنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا پۈتلىكاشاڭ بولغان يەنە بىر ئاساسلىق توسۇق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى فېئودال كۈچلەردىن ئىبارەت.

شىنجاڭ ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، پومېشچىكلار سىنىپى پۈتۈن شىنجاڭ ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ %72.6نى ئىگىلىگەن، تېرىلغۇ يەرنىڭ بولسا %40نى ئىگىلىگەن، يەر ئىگىلەش ئەڭ مەركەزلەشكەن ئايرىم جايلاردا %89.3كە يەتكەن، لېكىن ئائىلىنىڭ %55.4نى ئىگىلەيدىغان كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقانلار يەر بولماسلىق، يەر ئاز بولۇش تۈپەيلىدىن پومېشچىكلارنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا چىداشقا مەجبۇر بولۇپ كەلگەن. كۆپ قىسىم جايلاردا ئىجارە ھەققى ئومۇمىي ھوسۇلنىڭ 50 — 75 پىرسەنتىنى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 90 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەقسىز ئىشلىتىش، يەرنى خالىغانچە تارتىۋېلىش، پومېشچىكلار دېھقانلارنى مەجبۇرىي ئۆزىگە بوزيەر ئاچقۇزۇش، ئىجارە ھەققىنى خالىغانچە كۆپەيتىش، سوۋغا تەقدىم قىلىشقا مەجبۇرلاش ئۇسۇلى بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجارە ھەققى ھەمىشە جازانە بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، ئۆسۈمى ئومۇمەن 100 — 150 پىرسەنت بولغان. ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 400 پىرسەنتكە يەتكەن. پومېشچىكلار ئىجارە ھەققى ۋە قەرزنى قىستاپ ئېلىش ئۈچۈن، قورۇقتا دېھقانلارنى ئۇرىدىغان قورال ۋە قامايدىغان سولاقخانىلارنى تەسىس قىلغان. بىر مۇنچە زومىگەر پومېشچىكلارنىڭ قولى دېھقانلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغان. شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى بولغان سۇ ئىنشائاتى پومېشچىك، سۇ زومىگەرىنىڭ قولىدا بولغان. پومېشچىكلار سىنىپى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئىجارىگە بېرىش، سېلىقنى باشقىلارغا يۈكلەپ قويۇش شەكلى ئارقىلىق دېھقانلارنى شىلىۋالغان. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى كۆپ مىقداردىكى چارۋا، ئوتلاقنى ئىگىلىۋېلىش ئارقىلىق كەلگ نامرات چارۋىچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دېھقان، چارۋىچىلار يەنە ھەر يىلى مەسچىتكە پۈتۈن يىللىق ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى ئۆشرە، ئاشلىقى قىلىپ تاپشۇرغان. تاۋار ۋە نەق پۇل كىرىمىنىڭ قىرىقتىن بىرىنى زاكات قىلىپ تاپشۇرغان، تۈرلۈك نامدىكى دىنىي

سىلىقلار دېھقانلارنىڭ يۈكىنى زور دەرىجىدە ئېغىرلىتىۋەتكەن. كەڭ دېھقانلار ئىنتايىن نامرات بولۇپ، نۇرغۇن ئۆيغۇر نامرات دېھقانلار ئۈجمە، گۈلە، شاپتۇل قېقى، ئۇماچ بىلەن قورساق تويدۇراتتى. ئەمەلدارلار، يومبىشچىكلار هوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، كىشىلەرنى بوزەك قىلغاچقا، نۇرغۇن دېھقان-چارۋىچىلار يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇپ، هايۋاندىن بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

قىشتا كىيەر نامراتلار يازلىق كىيىم،
يازدا كىيگىنى جۇل-جۇل جەندە كىيىم؛
بالا-چاقىلار ئىگرار ئاچلىقتىن،
نامراتلار بولدى دۇمچەك ئېغىر ئازابتىن.

مانا بۇ كەڭ دېھقان-چارۋىچىلار تۇرمۇشىنىڭ ئەمەلىي سۈرەتلىنىشى.

هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى فېئودال كۈچلەر بىلەن جاھانگىرلار، مىلىتارىستلار، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر - بىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزئارا ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ، هەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنى ئورتاق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى ۋە ئەزدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ تەلىپىگە ئايلاندى، شۇنداقلا بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىدىكى تۈپ سەۋەب بولدى.

## 2. روسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قاراتقان سىياسىتى ۋە كۆرسەتكەن تەسىرى

1917-يىلى روسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، مىللەت ئەھۋالى ۋە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭ ئىزچىل تۈردە سوۋېت

ئىتتىپاقى ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان جاي بولۇپ كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ رايونى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن چېگرا بار، شىنجاڭ مول بايلىققا ئىگە، شىنجاڭدىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مىللەتلىرى بىلەن تىل-يېزىقى، ئۆرپ-ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى ئوخشىشىپ كېتىدۇ ياكى يېقىن كېلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى كاپىتالىستىك دۇنيانىڭ دۈشمەنلىك قىلىشى ۋە قامال قىلىشىنى تارمار قىلىپ، يېتىم ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئەتراپىدىكى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاشنى ناھايىتى ئۈمىد قىلاتتى. شىنجاڭ رايونىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن يەرلىك ھاكىمىيەت بولسا، سىياسىي جەھەتتىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن، ھەربىي جەھەتتىن بولسۇن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تولىمۇ پايدىلىق بولاتتى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن كۈچلەرنى پائال يۆلەپ، قوللاپ، شىنجاڭدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈچلەرگە زەربە بېرىپ، قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈش غەرىزىدە بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەسىرى ۋە كونتروللۇقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن ھاكىمىيەت ئورنىتىشنى قوللايتتى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىزچىل تۈردە تۈرلۈك ئامىللار بىلەن يەتمەكچى بولغان نىشانى، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قاراتقان ئاساسىي سىياسىتى.

روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن تارتىپ شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلگىچە، شىنجاڭدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىر خىل ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى، بەزىدە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە زىت كېلىدىغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى جايلار بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق، قاتنىشى قولايسىز، خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرى قالاق بولغاچقا، ئىقتىسادىي ئالاقىسى قويۇق ئەمەس ئىدى. فېئوداللىق بۆلۈنمە ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان شىنجاڭدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكىرى جايلاردىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن بولغان ئالاقىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان

ئالاقىسىدەك قولاي ئەمەس ئىدى، بولۇپمۇ كۆندىلىك بۇيۇملار تەمىناتىدا ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ كەلگەچكە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يىرىكلىشىپ قالغاندا، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئۆزىگە تولىمۇ پايدىسىز ئىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ بۆلۈنمە ۋەزىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن، مەركەزنىڭ بۇيرۇقىنى تولۇق ئاڭلاپ كەتمەيتتى، بەلكى ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل بولۇش ياكى ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش سىياسىتىنى قوللىناتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىزمىنىڭ «تاجاۋۇزى ۋە تەھدىتى»دىن قورقاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆزئارا پايدىلىق بولغان دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى كۈچىنىڭ بارىچە ساقلايتتى. مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭغا نىسبەتەن ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشنى خالىمىسىمۇ، بىراق ئارىلىق يىراق بولغاچقا، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان بولماي، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسىگە ئامالسىز ئىدى. 1920-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرىپ، ياڭ زېڭشىنغا ياردەملىشىپ، شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن روسىيىنىڭ ئاقلار ئارمىيىسىنى يوقاتتى. جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى رەسمىي دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى ئورنىتىشتىن ئىلگىرى، ياڭ زېڭشىن 1920-يىل 5-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى ئىمزالىدى، كېيىن شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزئارا كونسۇلخانا قۇردى. 1929-يىل 7-ئايدا جۇڭگو شەرقىي شىمال تۆمۈريولى[①] ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى جىن شۇرېنغا شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق بەش كونسۇلنى قايتۇرۇپ كېلىشىنى تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق قىلدى، جىن شۇرېن تېلېگرامما بىلەن جاۋاب بېرىپ، شىنجاڭنىڭ

---

① جۇڭگو شەرقىي شىمال رايونىدىكى خاربىندىن غەربكە مانجۇلىغا، شەرققە سۈيفېنخېغا، جەنۇبقا دالىيەنگە تۇتىشىدىغان تۆمۈريولنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ جۇڭگو چاڭچۇن تۆمۈريولى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئەھۋالى ئالاھىدە دەپ، ئەسلىدىكى ھالەتنى ساقلاپ قالدى. 1931-يىل 10-ئايدا جىن شۇرېن يەنە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن يوشۇرۇن ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «شىنجاڭ-سوۋېت ئىتتىپاقى سودا ئالاقىسى قىلىش ۋاقىتلىق كېلىشىمى» ئىمزالىدى.

شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتى راۋاجلىنىپ مىسلىسىز دەرىجىگە يەتتى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىشىنى ئاشكارا بىلدۈرگەچكە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەكرەك ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشتى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلاشقان مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، 1934-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىۋاسىتە قوشۇن ئەۋەتىپ شېڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ، ما جۇڭيىڭ، جاڭ پېيۈەن قىسىملىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمدىلا قۇرۇلغان ھاكىمىيىتىنى مۇقىملاشتۇردى. 1935-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە زور تۈركۈمدىكى خادىملارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ھەرقايسى جەھەتتىن شېڭ شىسەينىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەملەشتى ۋە مەدەت بەردى. سىياسىي جەھەتتە، شېڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى تۈزۈشىگە، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىشىگە، ھەرىكەت تايانچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشىگە ياردەم بەردى ھەمدە جاھانگىرلار ۋە گومىنداڭنىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، جامائەت خەۋپسىزلىكى، چېگرا ئىشلىرى ئورگانلىرىنى قۇرۇپ بەردى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، شېڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ بىرىنچى ئۈچ يىللىق پىلانىنى تۈزدى، مالىيىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاساسلىق ئىقتىسادىي تارماقلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنى سەپلىدى. ھەربىي ئىشلار جەھەتتە، دۆبەن مەھكىمىسىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىنى سەپلىدى، ھەربىي مەكتەپكە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى قويدى، ھەربىي قوشۇننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ھەربىي

مەشىق ئىشلىرىنى ھەربىي مەسلىھەتچىلەر تەكشۈرۈپ بېكىتەتتى، ھەربىي قوشۇننىڭ قورال-ياراغلىرىنىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەمىنلەپ بەردى. 1938-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بىر ماشىنىلاشقان تۈەنى (يەنى قىزىل ئارمىيە 8-تۈەنى) قۇمۇل ۋە باركۆل ئەتراپىغا جايلىشىپ، ئىچكىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش ئېغىزىنى ساقلىدى، بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ قوشۇنىنى يېنىكلىك بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلالمايدىغان قىلىپ قويدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتلەردىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرى شۇنىڭ بىلەن تەرەققىي قىلدى. شىنجاڭ جەمئىيىتىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشىنى خالايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالدى. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، بىرمۇنچە جۇڭگولۇق سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ ماركسىزم، لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلدى. ئۇلار گېزىت - ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلدى، مەكتەپلەردە ماركسىزم - لېنىنىزم دەرسى تەسىس قىلدى، كىتابخانىلاردا ماركس-لېنىن ئەسەرلىرىنى ۋە ئىلغار كىتابلارنى تارقاتتى، بۇنىڭ بىلەن كونا، قالاق، قاتمال ئىدىيە ساھەسىگە بىرمۇنچە ساپ ھاۋا كىرگۈزۈلدى. ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي بازىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئەركىن ئۆگىنىدىغان، تەشۋىق قىلىدىغان بۇنداق جاي يوق ئىدى. قىسقىسى، شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا قاراتقان سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى، بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ چېگرا تىنچلىقىغا ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلىرىغا ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ،

ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىر كۈچى ۋە كونترول قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىپ (مەسىلەن، خەلقئارا قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئاسرالغانلىقى، جۇڭگو ئىشچى-دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈرۈش قوشۇنىنىڭ قالدۇق قىسمىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكى، شىنجاڭ رايونىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى، ۋەھاكازالار) ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەلپۈنۈشىنى ۋە ئىدىيىۋى ئېگىلىك ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1941-يىل 6-ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى - گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىدى، گېرمانىيە قوشۇنى چاقماق تېزلىكىدە ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلىپ، موسكۋا شەھىرىگە قىستاپ كەلدى، ئۇرۇش ۋەزىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ناھايىتى پايدىسىز ئىدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدا گومىنداڭ جاھىللىرى كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى توختىماي سۈركىلىش پەيدا قىلدى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بازىغا بولغان يوقىتىش ھۇجۇمىنى جىددىيلەشتۈردى. دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ئازادلىق رايون ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. مۇشۇنداق ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتە، شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشەنچسىز بولۇپ قالدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ قاتمۇقات قىيىنچىلىققا بوغۇلۇپ ئۆز غېمىنى قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى دەپ قاراپ، 1942-يىلىدىن باشلاپ ئاشكارا ھالدا گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ باردى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىمزالىغان كېلىشىملەرنى يىرتىپ تاشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوماندا تۇرۇشلۇق قىزىل ئارمىيە 8-تۇەنىنى، شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى، مەسلىھەتچىلىرى، ھەربىي

ئوقۇتقۇچىلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى، دوختۇرلىرى قاتارلىق خادىملىرىنى ئاچىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى مەنپەئەتى ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا قول تىقىپ، ئاكتىپلىق بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى تەسىس قىلدى. ھەمدە ئىلىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بازا قۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئۆز كۈچلىرىنى ھەدەپ شىنجاڭغا سىڭدۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز چېگرىسى يېنىدا ئۆزىگە قارشى بازىنىڭ بولۇشىغا يول قويمايتتى، ئەلۋەتتە. سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە فاشىزمىغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ياخشىلىنىش بولغاندىن كېيىن، دەرھال شېڭ شىسەينى قوللاشتىن تېزدىن بۇرۇلۇپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ شېڭ شىسەينىڭ، گومىنداڭنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قوللاشقا ئۆتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلىپ شېڭ شىسەيگە، گومىنداڭغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قوللاشتا قوللانغان ئاساسلىق ئۇسۇلى مۇنداق بولدى:

بىرىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا چىقىپ دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق شېڭ شىسەي، گومىنداڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىدى، شېڭ شىسەينى ۋەزىيەتسىدىن قالدۇرۇپ، ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1944-يىل 4-ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پەن يۇشىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سۇڭ كېيغا، يېقىندا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن چوڭ-كىچىك بىر قاتار ئىشلار جۇڭگودا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىياتنىڭ كۈنسايىن قويۇقلىشىۋاتقانلىقىنىڭ پاكىتى، دەپ بىلدۈردى. 5-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەن يۇشىن چاقىرتىقا بىنائەن دۆلىتىگە قايتىش ئالدىدا جياڭ جيېشىنى زىيارەت قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەتلىرىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەپ بىلدۈردى. 6-ئاينىڭ باشلىرىدا، ستالىن

ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خاررىتماننى قوبۇل قىلغاندا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ۋەزىپىلىرىنى ئېلىپ تاشلىشى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ كۆرسەتتى. ستالىن ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ۋاللېس خېنرى بىلەن كۆرۈشكەندە، شېڭ شىسەي جۇڭگو-موڭغۇلىيە چېگرا توقۇنۇشىنى پەيدا قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى. شېڭ شىسەينى شىنجاڭدىن يۆتكەپ كېتىش جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشتىكى ئاكتىپ تەدبىر، دەپ يەنە بىر قېتىم بىلدۈردى. ۋاللېس خېنرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭ ئارقىلىق چۇڭچىڭغا يېتىپ كېلىپ، ستالىن بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنىنى جياڭ جيېشىغا يەتكۈزدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى جەھەتتىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئۈزلۈكسىز بېسىم ئىشلەتتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىرغىن قىلغان جاللات شېڭ شىسەينى يۆتكەپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى.

ئىككىنچى، جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلدى. ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەر بىرقەدەر ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان مىللەت، دىن شوئارىدىن پايدىلىنىپ ئاممىنى قوزغىدى. 1943-يىلىدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالمۇتا، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا «شەرققە ياردەم بېرىش كومىتېتى»نى قۇردى، «قازاق ئېلى» ۋە «شەرق ھەقىقىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارنى نەشر قىلىپ، جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىش سۇيىقەستى، شېڭ شىسەي، گومىنداڭنىڭ مىللىي زۇلۇم سېلىش جىنايىتىنى ئەيىبلىدى، مىللەتچىلىكنى تەشۋىق قىلىپ، مىللىي ئاڭنى يېتىشتۈردى (ئۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنىڭ تارىخى ئۆزگەرتىلگەن، بۇرمىلانغان، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان، مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزىدىغان، خەنزۇلارغا قارشى تۇرىدىغان، خەنزۇلارنى چەتكە قاقىدىغان نۇرغۇن خاتا سۆزلەرمۇ بار)، بېسىپ تەييارلىغان بېلەت، تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق

شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ، تۈرلۈك يۇرسەت، ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، كەلگۈلەمدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنى سىياسىي، ئىدىيە جەھەتلەردىن سەپەرۋەر قىلدى.

ئۈچىنچى، مەخپىي تەشكىلات قۇرۇشقا، تايانچىلارنى يېتىشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاشتىن ئىلگىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى يەر ئاستى خىزمەتچىلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىدىكى خادىملار فېئودال دىنىي يۇقىرى تەبىقە زاتلار ۋە زىيالىي ياشلار قاتارلىق ھەرقايسى قاتلام ئاممىسى ئارىسىدا خىزمەت ئىشلەپ، مەخپىي تەشكىلات قۇردى. ئالايلۇق، غۇلجىدىكى ئابدۇكېرىم ئابباسوپلار قۇرغان «ئازادلىق تەشكىلاتى»، چۆچەكتىكى «جەڭگىۋار گۇرۇپپا» قاتارلىق شىڭ شىسەيگە، گومىنداڭغا قارشى مەخپىي تەشكىلاتلار سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ پىلانلىشى، قوللىشى، ياردەم بېرىشى ئاستىدا قۇرۇلغان. بۇ تەشكىلاتلار قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئامما ئارىسىدا شىڭ شىسەيگە، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ھەرىكەتنى قانات يايدۇردى. بەزى ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى ۋە باشقا خادىملار سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ياكى تەربىيىلەنگەن، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا بەزى ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى ۋە ھەربىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ دۆلىتىمىزگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاممىنى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا تەشكىللىدى ۋە سەپەرۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز جايىدىكى ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنى چېگرىدىن مەخپىي ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەربىيىلىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى قورال-ياراغ بىلەن تەمىنلەپ، شىنجاڭنىڭ چېگرا رايونىغا يوشۇرۇن قايتىپ كېلىپ، قوراللىق توپىلاڭغا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى.

تۆتىنچى، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە قورال - ياراغ ياردەم قىلدى، ھەربىي مەسلىھەتچى ئەۋەتىپ ئۇرۇش پىلانى تۈزۈپ بەردى، ھەتتا قوشۇن ئەۋەتىپ بىۋاسىتە ئۇرۇشقا قاتناشتۇردى. ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرى دەسلەپتە ھەرىكەت باشلىغاندا ئىشلەتكەن قوراللارنىڭ ئاز سانىدىكىسى

گومىنداڭ ئارمىيە، ساقچىلىرى قولىدىن قولغا چۈشۈرگەن قورال بولغاندىن باشقا، كۆپىنچىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم قىلغان قوراللار. 1944-يىل 6-ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىپباي قاتارلىق 12 نەپەر ھەربىي مەسلىھەتچىنى ئەۋەتتى، ئۇلار موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى ئارقىلىق چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ بولغۇن دەرياسى بويىدىكى ئالتاي پارتىزانلىرى تۇرۇشلۇق جايغا كېلىپ، ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە قوماندانلىق قىلىشقا قاتناشتى. 8-ئاينىڭ باشلىرىدا نىلقا ناھىيىسىدىكى قازاق چارۋىچى ئەكبەر، سېيىت قاتارلىقلار فاتىخ موسلىموۋنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئاتقا قورال-ياراغ، تۇغ-دورا تېگىشىپ نىلقا ناھىيىسىگە قايتىپ كېلىپ، ئاممىنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە پائال قوزغىدى ۋە تەشكىللىدى.

بەشىنچى، چېگرىنى ئېچىۋېتىپ، شىڭ شىسەي، گومىنداڭغا قارشى تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ بارغان خادىملارنى قوغداپ قالدى. 1944-يىل 6-ئايدا چۆچەكتىكى قاسىمئاخۇن ئىسمايىلوپ قاتارلىق كىشىلەر چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا، چېگرا سودىسى قىلىش نامى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە ئېمىل قوماندانلىق شتابىنى قۇرۇپ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى شىڭ شىسەيگە، گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەتلەرگە قوماندانلىق قىلدى، 7-ئايدا ئىسھاقبېك مونونوپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ياردىمىدە، نائىلاج سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ بارغان بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى يىغىپ، ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قىسىم قوراللىق خادىملارنى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىن ئۆتۈپ تاشقورغان ناھىيىسىگە ئەۋەتتى. ئۇلار كىچىك كۆلەملىك قوراللىق كۆرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسى، ساقچىلىرىغا توختىماي تۇيۇقسىز زەربە بەردى.

قىسقىسى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى ئاز

سانلىق مىللەتلەرنى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا تەشۋىق قىلىش، تەشكىللەش، يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىدىكى مۇھىم خەلقئارا ئامىل.

**3. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تەسىرى كۈنسايىن كېڭىيىپ باردى**

ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى، ئەزگۈچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغۇچى بارلىق ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەكسىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ مىللىي مەسىلىنى جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى مۇھىم مەسىلىلەر ئىچىگە كىرگۈزدى. پارتىيە مەملىكەتلىك 2-قۇرۇلتىيىنىڭ خىتابنامىسىدە جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇن پروگراممىسىدا پارتىيىنىڭ مىللەتلەر پروگراممىسى ۋە سىياسىتى ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى. 1934-يىل 1-ئايدا ماۋ زېدۇڭ مەملىكەتلىك 2-قېتىملىق سوۋېتلەر رايونى قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا تۇنجى قېتىم شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەت — ئۇيغۇرلارنى تىلغا ئالدى. ئۇ ئۇلار «جاھانگىرلار ۋە جۇڭگونىڭ تارىختىكى فېئودال پادىشاھلىرى، فېئودال مىلىتارىستلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ئۇچراپ كەلدى»، «سوۋېت رايونى ھۆكۈمىتى بارلىق جاھانگىرلار ۋە گومىنداڭ مىلىتارىستلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ۋە ئۇلارنى تالان-تاراج قىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ»[1] دەپ كۆرسىتىپ،

[1] «پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىگە دائىر ھۆججەت-ماتېرىياللاردىن تاللانما»، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى نەشرىياتى 1991-يىل 12-ئاي 1-نەشرى خەنزۇچە 210-بەت.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، مىللىي ئازادلىق يولىدا كۈرەش قىلىشتەك ئىنقىلابىي مەيدانىنى بىلدۈردى. 1935-يىل 6-ئاينىڭ 16-كۈنى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ قىزىل ئارمىيە 4-يۈنىلىش ئارمىيىسىگە بەرگەن بۇيرۇقىدا شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش 4-يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانى قىلىپ كۆرسىتىلدى. 1935-يىل 9-ئاينىڭ 12-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىچۈەننىڭ شىمالىدىكى ئېلو دېگەن جايدا ئاچقان سىياسىي بيۇرو كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا، ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئۈمىد باغلاپ، «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسىغىچە جەڭ قىلىپ بېرىش فاڭجېنى ھازىرقى تۈپ فاڭجېن.» « بىز ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسىدا بازا قۇرۇپ، ئاندىن شەرققە قاراپ تەرەققىي قىلىشىمىز كېرەك»[1] دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. 1936-يىل 5-ئايدا ماۋ زېدۇڭ «جۇڭخۇا سوۋېت رايونى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ خۇيزۇ خەلقىگە قاراتقان خىتابنامىسى» نى ئىمزالىدى. ئۇنىڭدا ياپون جاھانگىرلىكى «ھازىر سۈييۈەن، نىڭشيا، گەنسۇ، شىنجاڭغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە، سىلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتىڭلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ھەرقايسى مىللەتلەرنى يوقىتىدىغان بالايىئاپەت بېشىڭلارغا كېلىپ قالدى. . . . . . بۇنداق ھايات-ماماتلىق جىددىي پەيتتە قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز! » «سىلەر ئازاد بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنى، تاشقى موڭغۇل. . . . . . ۋە ئازادلىققا ئىنتىلىۋاتقان جۇڭخۇا سوۋېت رايونىدىكى قىزىل ئارمىيە ئارىسىدا تۇرۇۋاتىسىلەر، سىلەر ئويغىنىپ تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغانلا بولساڭلار، غەلىبە جەزمەن سىلەرگە مەنسۇپ»[2] دەپ كۆرسىتىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قوزغىلىپ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى

---

① «كۆزنەك» ژۇرنىلىنىڭ 1986-يىل 25-سانى.

② «پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىگە دائىر ھۆججەت-ماتېرىياللاردىن تاللانما»، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى نەشرىياتى 1991-يىل 12-ئاي 1-نەشرى خەنزۇچە 366-بەت.

تۇرۇشقا چاقىرىلدى. پارتىيە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى، سىرتقا قارىتا جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش، جۇڭگودا مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئازادلىقىنى؛ ئىچكى قىسىمدا مىللىي زۇلۇم، مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك باراۋەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش — پارتىيىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى توپ سىياسىتى، دەپ جاكارلىدى. ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «كوممۇنىستلار ئاز سانلىق مىللەتلەر كەڭ خەلق ئاممىسىغا، جۈملىدىن ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان بارلىق داھىي شەخسلەرگە، ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئازادلىق ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان ئۆز قوشۇنلىرىنى قۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى لازىم. ئۇلارنىڭ تىلى، يېزىقى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى ھۆرمەتلىنىشى كېرەك.»① 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەزاسى، جۇڭگو سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى شۇجىسى يۈ شيۇسۇڭ (شىنجاڭدا ئىسمىنى ۋاڭ شوچىڭغا ئۆزگەرتكەن، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى بولغان) ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا خىزمەت ئىشلەشكە كېلىپ، ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەتلىرىنى، پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپكە دائىر فاڭجېنلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇتەئەررىزلىكتىن قوغداش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش يېڭى ۋەزىيىتى

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3-توم، ئۇيغۇرچە 434 — 435-بەتلەر.

بارلىققا كەلدى.

1937-يىل 5-ئايدا، جۇڭگو ئىشچى-دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسىنىڭ غەربىي يۈنىلىش قوشۇنىنىڭ سول قانات تارماق ئەترىتىدىكى 400 نەچچە نەپەر كوماندىر-جەڭچى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىلى چېن يۈن، تېڭ دەيۈەنلەرنىڭ كۈتۈۋېلىشى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، شېڭ شىسەي بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالىرى شىنجاڭ ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە توشۇپ كېلىندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن ئالاقە قىلىشتىمۇ ئاساسلىقى شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ خەلقئارا يولدىن پايدىلاندى. شىنجاڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئورتاق قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش، خەلقئارا يولنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ زېدۇڭ شىنجاڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ھەمدە ۋەكىل ئەۋەتىپ شىنجاڭدىكى 8-ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنى قۇرۇش ئۈستىدە شېڭ شىسەي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

1937-يىل 10-ئاينىڭ ئاخىرىدا، 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىسى قۇرۇلدى، شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە بىنائەن، 1937-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1939-يىلىغىچە پارتىيىمىز يەنئەن، غەربىي يۈنىلىش قوشۇنىنىڭ سول قانات تارماق ئەترىتىدىن چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن باشچىلىقىدىكى 100 نەچچە كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسىنى تاللاپ شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ئۇلارنى شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلىرى، ئارمىيە؛ ئاخبارات، مەدەنىيەت-مائارىپ، ئاممىۋى تەشكىلات قاتارلىق تارماقلىرىدا خىزمەت قىلىشقا بەلگىلىدى. ئۇلار مالىيە-ئىقتىساد ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى، سانائەت كارخانىلىرىنى قۇردى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى قانات يايدۇردى. بۇنىڭ بىلەن

شىنجاڭنىڭ مالىيە-ئىقتىساد ئەھۋالى تەدرىجىي ياخشىلاندى؛ خەلققە زۇلۇم سالىدىغان شاڭيو-كۆكبېشى تۈزۈمى بىكار قىلىندى؛ خەلق سايلىمى بىلەن قۇرۇلىدىغان يېزا تەشكىلاتى تۈزۈمى ئورنىتىلدى؛ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىمۇ ئىسلاھ قىلىندى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشى مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئۇلار پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، پاك-دىيانەتلىك بولۇپ، ياخشى ئىشلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يامانلىقنى جازالاپ، ئومۇم ئۈچۈن قىلچە شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەي، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان-دىلى بىلەن خىزمەت قىلدى. بۇ، كونا ھاكىمىيەتتىكى خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك، بيۇروكراتلىق ياماۋل ئىستىلى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالدى، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تۇرغۇزۇپ، چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. ئۇلار يەنە «شىنجاڭ گېزىتى» ، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش سېپى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللار ئارقىلىق ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرى ۋە پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتىنى، 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرغانلىقى ۋە قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ غەلىبىلىرىنى تەشۋىق قىلدى، گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئاكتىپ قارشى تۇرغانلىقىدەك سۇيىقەستىنى پاش قىلدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ بەزى مۇھىم ئەسەرلىرى، ئالايلۇق «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» ۋە «يېڭى باسقۇچ توغرىسىدا» (ھەربىرى 8000 نۇسخا بېسىلدى)، «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» (20 مىڭ نۇسخا بېسىلدى) كىتابچە قىلىپ بېسىلىپ كەڭ تارقىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتى كەڭ تەشۋىق قىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي ئېڭى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى ھەمدە ھەر مىللەتتىن بولغان بىر تۈركۈم ئىلغار

ياشلار يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىققا قارشى تۇرىدىغان ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، دۇبېك، چياۋ گورېن قاتارلىق قەيسەر ئىنقىلابىي جەڭچىلەر بارلىققا كەلدى. 1942-يىلى شېڭ شىسەي گومىنداڭ بىلەن ئاشكارا تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلار ۋەھشىيانە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆرلۈكى ۋە بەختى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى تەسىرىنى مەڭگۈ تۈگەتكىلى بولمايتتى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەت دولقۇنىنىڭ ئۆرلىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىققا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش ئىرادىسىگە ۋە ئىشەنچىسىگە ئىلھام بەردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى، ئىنقىلاب ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى ئالغان زىيالىيلار بەزى مەخپىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئامما ئارىسىدا تەشۋىق قىلىش ۋە تەشكىللەش خىزمىتىنى ئىشلىدى ھەمدە قوراللىق كۈرەشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە تۇتۇش قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق كۈرىشىگە تەسىر كۆرسىتىشى ۋە ئۇنى قوللىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىدىكى مۇھىم ئىچكى ئامىل بولدى.

قىسقىسى، 40-يىللارنىڭ باشلىرىدا پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت ئىدى، بۇ جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەت جاھانگىرلار بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، فېئوداليزم بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىدى. جاھانگىرلىك ۋە فېئوداللىقنىڭ جۇڭگو خەلقىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ تەلىپى ئىدى. شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات

سەۋىيىسى تېخىمۇ ئارقىدا بولغاچقا، كاپىتالىزم ئامىلى ناھايىتى ئاجىز، فېئودالىزم كۈچلىرى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىش سىياسىتىنى يولغا قويغاچقا، ئاز سانلىق مىللەت خەلقى جاھانگىرلىكنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا ۋە فېئودال كۈچلەرنىڭ سىنىپىي زۇلۇمىغا ئۇچرىغاندىن باشقا، يەنە گومىنداڭنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا ئۇچرىدى، بۇ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ نارازىلىقى ۋە غەزىپىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈردى. بۇ زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىش دەرىجىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى فېئودال كۈچلەر بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەتتىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى؛ ھالبۇكى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئېكسپىلاتاتورلار سىنىپى ۋە مىللەتچىلەر دائىم ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي زىددىيەتنى يوشۇرۇپ ۋە ئىنكار قىلىپ، مىللەت مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى بولۇۋالدى ھەمدە خەنزۇ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپ بىلەن ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۆپتۈرۈپ، پۈتكۈل خەنزۇلار بىلەن پۈتكۈل ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قىلىپ كۆرسىتىپ، زىددىيەتنىڭ تىغ ئۇچىنى پۈتكۈل خەنزۇلارغا قاراتتى؛ جاھانگىرلار، مىللىي بۆلگۈنچىلەر، پانئىسلامىزمچىلار ۋە پانتۈركىزمچىلەر جىبىنىڭ بارىچە يۇقىرىقى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، بۆلۈپ باشقۇرۇش ۋە پۈتۈنلۈكىنى پارچىلاش، ئۆز جايىنى مۇستەقىل قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. بۇ ھال زىددىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە كۈرەشنىڭ مۇشەققەتلىكلىكىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتتى، ئىنقىلابچى بولغان كىشى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرىنى ۋە ئاساسلىق زىددىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، ئۆز سېپى

بىلەن دۈشمەن سېپىنى ئېتىق ئايرىپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب باش لۇشيەنى (يەنى پرولېتارىيات سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئامممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى تۇرۇش ئىنقىلابى) نىڭ يېتەكچىلىكىدە مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

يۇقىرىدىكى باياندىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، جاھانگىرلىك، فېئودالىزم، بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي زۇلۇم سىياستى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى تۈپ سەۋەب، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياستى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ماددىي جەھەتلەردىن قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى خەلقئارا ئامىل، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى، قوللىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلق ئىنقىلابى ھەرىكىتى دولقۇنىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئىچكى ئامىل.

## ئىككىنچى پاراگراف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى

### 1. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى

(1) ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قازاق خەلقىنىڭ قوراللىق كۈرىشى

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشىدە ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قازاق

خەلقى ئەڭ بالدۇر قوراللىق كۈرەش ئېلىپ باردى. قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قىلغان شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىقى ۋە دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى، بىۋاستە سەۋەب شېڭ شىسەينىڭ قازاق مىللىتىنىڭ يۇقىرى تەبىقە شەخسلىرى، ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرىنى كۆپلەپ قولغا ئېلىشى ۋە تۈرمىگە تاشلىشى، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشى ۋە قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋېلىشى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاتالمىش «ئات تەقدىم قىلدۇرۇش پائالىيىتى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1933-يىلى «4.12-ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دە شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشتەك ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويغان ئىلغارلىق تەرىپى بولسىمۇ، لېكىن، ھەر مىللەت خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، ئېزىش ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشتەك تەرىپىمۇ بار ئىدى. شۇڭا، شېڭ شىسەي ئاتالمىش «قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش سۈيىقەستى دېلوسى» نى قايتا-قايتا پەيدا قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن سىياسىي دۈشمەنلىرىگە زەربە بېرىپ، ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولدى. بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر تەرەپ شۇكى، ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى يۇقىرى تەبىقىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان شەخسلەرنى ۋە ئىلغار زاتلارنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. 1937-يىلى ئۇ «قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش سۈيىقەستى دېلوسى» نامى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەمرات نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، قازاق مىللىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان شەخس بايان موللانى قولغا ئالدى. 1938-يىل 8-ئايدا يەنە ئالتاي ۋىلايىتى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى ماڭكەي مامىيىپ، خالىل تەيجى قاتارلىق 30 نەچچە قازاق زاتنى قولغا ئالدى. 1939-يىل 9-ئايدا شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان موڭغۇل، قازاق، قىرغىز قۇرۇلتىيىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باشچىلىرىدىن خەلق ئارىسىدىكى مىلتىقلارنى دوكلات قىلىشنى ھەمدە تاپشۇرۇلۇشنى تەلەپ قىلدى، مىلتىق ھەر مىللەت چارۋىچىلىرىنىڭ ئۆۋچىلىق قىلىش، چارۋا

قورۇللىرىنى قوغداش، باندىتلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن مۇداپىئەلىنىشتە كەم بولسا بولمايدىغان قورال ئىدى، مىلتىقلارنى يىغىۋېلىش ھەر مىللەت چارۋىچىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. كېيىن شېڭ شىسەي يەنە، كۆكتوقايدا قازاق چارۋىچىلارنىڭ توپىلىڭى يۈز بەردى، دېگەننى باھانە قىلىپ، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بارلىق قازاق ۋەكىللىرىنى قاماققا تاشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى شارىپقان يەنە ئەلىن ۋاڭ، بۇقات بېيزى، تەببىن بېيزى، جانىمقان تەيجى، دەلىلقان سۇگۇربايوپ تەيجى، مۇقاش قاتارلىقلار بار ئىدى. 1939-يىل 11-ئايدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇجاڭى جۇ جېڭمىيەن باشچىلىقىدا ئالتاي ۋىلايىتىدە قورالنى ئېنىقلاش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش كومىتېتى تەشكىللىنىپ، سارسۈمبە (بۇگۈنكى ئالتاي شەھىرى) دە قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن 600 كىشى قاتناشقان يىغىن چاقىردى. يىغىندا جۇ جېڭمىيەن ئۇلارنى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە مىلتىقلارنى تاپشۇرۇپ بولۇشقا بۇيرۇدى. ھەمدە ئالتايدىكى قازاق خەلقى ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە 77 ياشلىق قاراغۇل زالىڭنى ۋە ئۇنىڭ تەيجىنى قولغا ئالدى (كېيىن تۈرمىدە قىيناپ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەن). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە چىڭگىل ناھىيىسىدىن ئۈرۈمچىدىكى موڭغۇل، قازاق، قىرغىز قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىشقا بارمىغان بايانباي ئۈكىرتاي، بايقادام ئۈكىرتاي، بۆكەيخان زالىڭ، ساقايباي ئۈكىرتاي، جاقىسباي بى، دۆنەن زالىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئالدى. 12-ئاينىڭ 24-كۈنى ئالتاي ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى يەنە كۆكتوقايغا ئادەم ئەۋەتىپ ئاتاقلىق دىنىي زات، ئاقىن (قوشاقچى) ئاخمەت ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قالىماننى قولغا ئالدى، بارلىق ئائىلە مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى ھەمدە بارلىق قول يازمىلىرى، ئەسەرلىرى ۋە ساقلاپ كېلىۋاتقان «قۇرئان كەرىم» نىڭ قىممەتلىك نەشرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. شېڭ شىسەينىڭ بۇ ئەكسىيەتچىل تەدبىرلىرى چارۋىچىلار ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىدى.

1940-يىل 1-ئايدا كۆكتوقاي مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

شۇئېرلىنىڭ ئادەم باشلاپ ئۆندۈرقارا رايونىغا قورال ئېنىقلىغىلى چىقتى. 2-ئاينىڭ 2-كۈنى چاغىستاي سارتېرەكتىكى ئوقان زەڭگىنىڭ ئۆيىدە شۇ جايدىكى قازاق چارۋىچىلار شۇئېرلىنىڭ ۋە ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قورالنى ئېنىقلاش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ مىڭگې قاتارلىق يەتتە كىشىنى ئۆلتۈردى ھەمدە 2-ئاينىڭ 20-كۈنى كۆكتوقاي مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن قازاق ئامما مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلالمىدى، كېيىن چىڭگىل مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تۇرۇشلۇق سارتوقاي رايونىغا چېكىنىپ كېلىپ، شېڭ شىسەي ئەۋەتكەن باستۇرغۇچى قوشۇن بىلەن كەسكىن جەڭ قىلدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن چارۋىچىلار شۇ جايدىكى قازاق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان يەر تۈزۈلۈشىدىن پايدىلىنىپ، جانلىق بولغان ئاتلىق پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنىنى كۆپ قېتىم ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى، شېڭ شىسەي نائىلاج ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى چيۇ زۇڭجۈن (شېڭ شىسەينىڭ قېيناتىسى) نى ۋەكىل قىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاممىنىڭ ۋەكىلى ئىرسقان بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاممىنىڭ ۋەكىلى بەش تۈرلۈك شەرتنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) ئىلگىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرمەسلىك؛ (2) ھۆكۈمەت تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئالتايلىق بارلىق كىشىلەرنى قويۇپ بېرىش (ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ بېرىش)؛ (3) كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىسى (كۆكتوقاي، چىڭگىل ئىككى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى) تەۋەسىدىكى مەمۇرىي باشلىقلارنى قازاق خەلقى ئۆزى سايلاپ چىقىش؛ (4) كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ساقچى تارمىقى تەسىس قىلماسلىق، ئىشپىيونلارنى قويماسلىق؛ (5) ھۆكۈمەت سەرگەردان چارۋىچىلارغا قۇتقۇزۇش ياردىمى بېرىش. 1940-يىل 9-ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بارلىق شەرتنى قوبۇل قىلىپ، ئۇرۇمچى تۇرمىسىدە

تۆتۈپ تۇرۇلۇۋاتقان بوقات بېيزى، جانىمخان تەيجى، دەلىلقان سۇگۇربايوپ تەيجى قاتارلىق كىشىلەرنى قويۇپ بەردى. تۈرمىدە ئۆلگەن ماڭكەي قاتارلىق كىشىلەرنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ بەردى. بوقات بېيزىنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. بىرىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

بىرىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي هۆكۈمىتى 1940-يىل 9-ئايدا ئالتايدىكى قازاق قوزغىلاڭچى ئاما ۋەكىللىرى بىلەن پۈتۈشكەن شەرتلەرنى تولۇق نەقلەشتۈرمىدى، قولغا ئالغان ئالتايدىكى قازاق قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرىنى تولۇق قويۇپ بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى ناھىيىلەردە داۋاملىق ساقچى ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، خەلق ئارىسىغا ئىشپىيون ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆكتوقاي ناھىيىسى (1941-يىل 1-ئايدا كۆكتوقاي مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ كۆكتوقاي ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن) دە قوشۇن تۇپلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاما هۆكۈمەت 1941-يىل 4-ئايدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېئولوگىيە قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسى چېگرىسى ئىچىگە كىرىپ گۆھەر كانى ئېچىشىغا يول قويغانلىقىدىن نارازى بولدى. شۇ سەۋەبتىن 1941-يىل 6-ئايدا كۆكتوقاي ناھىيىسىدە يەنە بىر قېتىم قازاق چارۋىچى ئاما قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كان ئېچىۋاتقان قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرىغا هۇجۇم قىلدى، ئالار يايلىقىدا كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭچى قوشۇن تەشكىللىدى. ئالتاي قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ قوزغىلاڭ ئۇتىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي جىياڭ يۇفېن باش قوماندانلىقى، ليۇ جېڭشىن سارسۇنبە شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىقى، ياۋ شيۇڭ ئالدىنقى سەپ باش قوماندانلىقىدىكى 7000 نەچچە يۈز ئادەمنى تۇپلاپ، مىلتىق، برونېۋىك، ئايروپىلان بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن چارۋىچىلارغا شىددەتلىك هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ بولدى. قوزغىلاڭچى چارۋىچىلار ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان جۇغراپىيىلىك مۇھىتتىن پايدىلىنىپ، شېڭ شىسەي قوشۇنىغا قاتتىق زەربە بەردى، ئۆلكە قوشۇنى

نەچچە قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، 1941-يىل 8-ئاينىڭ ئاخىرىدا شېڭ شىسەي يەنە زور تۈركۈم قوشۇننى كۆكتوقاي، چىڭگىلدىكى قوشۇنغا ياردەم بېرىشكە يۆتكەدى ھەمدە ئايروپىلان بىلەن بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئاران ئوڭشىدى. 9-ئايدا كۆكتوقاينىڭ تاغلىق رايونىدا ئۇدا قاتتىق قار ياغدى، مۇھاسىرىدە قالغان قوزغىلاڭچى چارۋىچىلار ئاچلىق، يالىڭاچلىق تۈپەيلىدىن، قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ ئۆلكە قوشۇنىغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئالتاي چارۋىچىلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى سۇلايمەن ئۇرۇشتا باتۇرلارچە قۇربان بولدى. باشقا رەھبەرلىرىدىن راقات، قالمان، شارىپ، زەينەل، ئىسمىقان قاتارلىق 12 كىشى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىلىپ تۈرمىگە تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن ھەمراھ بولۇپ ئۈرۈمچىگە بارغان ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بوقات بېيىزى يەنە بىر قېتىم شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى.

ئالتايدىكى قازاق ئاممىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كۆكتوقاي ناھىيىسى مولقا قەبىلىسىدىكى چارۋىچى ئوسمان ئىسلام خالىل تەيجىنىڭ قالدۇق قىسمىنى باشلاپ كۆكتوقاي، چىڭگىل ئەتراپىدىكى ئورمانلارغا كىرىپ قوراللىق كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. 1942-يىلنىڭ ئاخىرىدا ئادەم سانى كۆپىيىپ 80 نەچچە ئادەمگە يەتتى ھەمدە شۇ جايدىكى ساقچى ئىدارىسىگە ۋە قورشاپ يوقىتىشقا كەلگەن شېڭ شىسەي قوشۇنىغا كۆپ قېتىم ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. 1943-يىل 5-ئايدا ئوسمان ئىسلام سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى سوۋغا قىلغان قورال-ياراغ، ئوق ۋە رەختنى قوبۇل قىلدى. 7-ئايدا يەنە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىلى دوپدون بىلەن كۆرۈشۈپ ئالاقە ئورناتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ئوسمان ئىسلام قىسمىنىڭ كۈچى تەدرىجىي كۈچەيدى، 1943-يىل 12-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوسمان ئىسلام بۇلغۇن دەرياسى بويىدىكى بازىدا «ئالتاي قازاق مىللىي ئازارتىش كومىتېتى»نى قۇردى.

ئوسمان ئىسلام مۇدىرلىقىغا سايلاندى. كومىتېت قارمىقىدا باش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى، سولتۇباي باش قوماندانلىققا تەيىنلەندى. يەنە 400 ئەسكەر ئېلىپ، ئەسلىدە بار ئەسكەر بىلەن قوشۇپ ئون چوڭ ئەترەت قۇردى. تەشكىلات، تەشۋىقات، خەلق ئىشلىرى بۆلۈملىرىنى تەسىس قىلدى ھەمدە چارۋىچىلارغا ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ، سەككىز ماددىلىق تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«بىرىنچى، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، قازاق مىللىتىنى كىرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇش؛

ئىككىنچى، ئالتاينىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ناھىيىلەرنى قازاق خەلقى ئۆزلىرى باشقۇرۇش، ئۆزى ھۆكۈمەت تەشكىللەش؛

ئۈچىنچى، ئالتاي ۋىلايىتىدە قازاق قوشۇنى تەشكىللەش؛

تۆتىنچى، قولغا ئالغان كىشىلەرنى قويۇپ بېرىش؛

بەشىنچى، ھۆكۈمەتنىڭ چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلىرىنى خالىغانچە ئىشلىتىشىنى چەكلەش؛

ئالتىنچى، ئالۋان-ياساقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛

يەتتىنچى، ئالتايدا خەنزۇلارنىڭ ئولتۇرۇشىنى ۋە خەنزۇ قوشۇنىنى تۇرغۇزۇشنى چەكلەش؛

سەككىزىنچى، ئىلگىرى دوستانىلىك قىلغان قوشنا دۆلەتلەردىن يەرلىك مەھسۇلاتقا رىغبەت ئالماشتۇرۇپ، تېزدىن ئۆز جايىغا ئەكېلىش ھەمدە سودىگەرلەرنىڭ سودا قىلىشىغا يول قويۇش.»①

بۇ سەككىز ماددىلىق تەشەببۇسنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى شىڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، قازاق مىللىتىنى ئەركىنلىككە ۋە ئاپتونومىيىگە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە يەتتىنچى ماددىدىكى «ئالتايدا خەنزۇلارنىڭ ئولتۇرۇشىنى چەكلەش» دېگەن خاتا تەشەببۇس، ئەينى ۋاقىتتىكى مىللىي ئاقارتىش كومىتېتىنىڭ شىڭ

① ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە تارىخى، يەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى تۈزگەن «ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ئىنقىلابىي كۈرەشكە دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» دىن ئېلىندى.

شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى بىلەن خەنزۇ خەلق ئاممىسىنى پەرقلەندۈرمەي، تومتاق ھالدا خەنزۇلارغا قارشى تۇرغانلىقى، خەنزۇلارنى چەتكە قاققانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

قازاق مىللىي ئاقارتىش كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتكۈل ئالتاي ۋىلايىتىدە قازاق خەلقىنى شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى، ئۇنىڭ داغدۇغىسى بارغانسېرى چوڭ بولدى.

1944-يىل 4-ئاينىڭ ئاخىرىدا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى چويبالسان قاتارلىق ئارمىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى چېگرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش نامى بىلەن جۇڭگو-موڭغۇلىيە چېگرىسىدا ئوسمان ئىسلام، سۇلتۇباي قاتارلىق ئالتاي قازاق مىللىي ئاقارتىش كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىنى قوبۇل قىلدى. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى قورال-ياراغ، ئوق-دورا، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە مەسلىھەتچى خادىم قاتارلىق جەھەتلەردىن ئوسمان ئىسلام قىسىملىرىغا زور ياردەم بەردى. 1944-يىل 4-ئاينىڭ 5-كۈنى ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى ياغاچئوبا دېگەن يەرگە ھۇجۇم قىلىپ، شىڭ شىسەي قوشۇنىنىڭ بىر تۈەننى يوقاتتى. 4-ئاينىڭ 13-كۈنى گومىنداڭ چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى تاۋ بېيچۈەن چىڭگىل ناھىيىسىنى تاشلاپ كۆچۈڭگە قاراپ قاچقاندا، قازاق قوراللىق كۈچلىرى ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، چىڭگىل ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىن كۆپ قېتىم كۆكتوقاي ناھىيە بازىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. 6-ئاينىڭ باشلىرىدا تۆمۈرخان قاتارلىق بىر تۈركۈم سوۋېت ئىتتىپاقلىق مەسلىھەتچىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ پاناھلىنىۋاتقان ۋە ئوقۇۋاتقان دەلىلقان سۇگۇربايوپ (دەلىلقان سۇگۇربايوپ، قازاق، 1906-يىلى قوبدۇ رايونىدا تۇغۇلغان، چەرۇچى قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى. 1937-يىلى ئالتاي قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1939-يىل 9-ئايدا شىڭ شىسەي ئۇنى ئۈرۈمچىدە تۈرمىگە سولىغان. 1940-يىل 9-ئايدا شىڭ شىسەي نائىلاج ئالتاي قازاق قوزغىلاڭچىلىرى ۋەكىللىرىنىڭ شەرتىنى قوبۇل

قىلىپ، دەلىلقان سۈگۈرباييوپنى قويۇپ بەرگەن. ئۇ 1940-يىلى سارسۇمبە
ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان، 1941-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ئالمۇتا شەھىرىگە بېرىپ يوشۇرۇن پاناھلانغان، ئوقۇغان، سىياسىي،
ھەربىي تەلىم ئالغان) بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن موڭغۇلىيە
خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارقىلىق چىڭگىلنىڭ سەنداۋخېزىسىدىكى قازاق
مىللىي قوراللىق كۈچلىرى بازىسىغا يېتىپ كېلىپ، ئوسمان ئىسلام بىلەن
بىرلەشكەندىن كېيىن، قازاق مىللىي ئاقارتىش كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك
خىزمىتىگە قاتناشتى. ھەمدە شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل
ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشنى سارسۇمبە، بۇرچىن، بۇرۇلتوقاي
ناھىيىلىرىگە كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. ئارقىدىنلا پارتىزانلار چوڭ
ئەترىتىنىڭ قوماندانى قۇۋانشباينى 400 نەچچە قوراللىق خادىمنى باشلاپ،
تەشۋىقات ئەترىتى بولۇپ تەشكىللىنىپ، موڭغۇلىيىدىكى قوبدۇ،
بايەنئۆلگەي ئارقىلىق سارسۇمبە، بۇرچىن ناھىيىلىرىنىڭ شىمالىدىكى
تاغلىق يايلاققا كېلىپ كەڭ ئاممىنى چىڭگىل ناھىيىسىگە بېرىپ مىللىي
ئاقارتىش كومىتېتىغا قاتنىشىشقا تەشۋىق، سەپەرۋەر قىلىشقا ھەمدە
تەشكىللەشكە ئەۋەتتى. 7-ئايدا قابىينى 80 نەچچە پارتىزاننى باشلاپ قابا
ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى يايلاققا بېرىپ، چارۋىچىلار ئاممىسىغا تەشۋىق
ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىزانلار چوڭ
ئەترىتىنىڭ قوماندانى ھەيدەر، تەسكىنباي، مۇقايلار ۋە سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئارىپقان، قۇرماشلارنىڭ باشچىلىقىدىكى
250 قوراللىق خادىمنى جىمىنەي ناھىيىسىگە ئەۋەتتى. جىمىنەي
ناھىيىسىنىڭ قاراغايتى يايلىقىدىكى چارۋىچىلار ئۇلارنى قىزغىن قارشى
ئالدى، جىمىنەي ناھىيىسى ۋە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ قوبۇقسار ناھىيىسى،
دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى قازاق، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى
يىغىن ئېچىپ، بۇ جايلاردا پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەپ، قوراللىق
كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جىمىنەي
ناھىيىسىدىكى پارتىزانلار تېزدىن كۆپىيىپ 500 نەچچىگە يەتتى.
ئالتاي قازاق مىللىي قوراللىق كۈچى تېز تەرەققىي قىلدى، قوراللىق

كۆرەشنىڭ داغىرىسى كۆنسايىن كېڭەيدى. 7-ئاينىڭ باشلىرىدا سارسۈمبە ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئۆلۈڭگۈر مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى (1941-يىلى 10-ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سارتوقايدا ئۆلۈڭگۈر مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغانىدى) غا قاراشلىق ئارمانت تېغىدىكى ئالتە ئاغاچ دېگەن يەردە گوچوڭدىن ئالتايغا تەمىنات بويۇملىرى توشۇپ كېتىۋاتقان شېڭ شىسەي قوشۇنىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ زەربە بەردى. 7-ئاينىڭ 10-كۈنى جىمىنەي پارتىزانلىرى جىمىنەي ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. 7-ئاينىڭ 30-كۈنى ئالتاي قازاق قوراللىق قىسمى قابا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. 9-ئاينىڭ 22-كۈنى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تورغات (قازاق قەبرىستانلىقى) نىڭ جەنۇبىدا گوچوڭدىن ئالتايغا تەمىنات بويۇمى توشۇپ كېتىۋاتقان شېڭ شىسەي قوشۇنىغا ئۇشتۇمتۇت زەربە بەردى. كۆرەشنى گوچوڭ، جىمسار، فۇكاڭ، سانجى ۋە بارىكۆللەرگىچە كېڭەيتتى.

قوراللىق كۆرەشنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا رامازان باشچىلىقىدىكى جىمىنەي پارتىزانلىرى، جاپپار قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى قابا پارتىزانلىرى، نوركەي قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى بۇرۇلتوقاي پارتىزانلىرى ۋە تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى قوبۇقسار پارتىزانلىرى قىزىل ئادىردا پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابى ۋە ئازادلىق تەشكىلاتىنى قۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ بۇلغۇن ئۆزەن بازىرىدا ئالتاي ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ئوسمان ئىسلام، دەلىلقان سۇگۇربايوپ، لاتىپ مۇستاپا، رامازان بولىم، موللائىسلام ئىسمايىلوپ قاتارلىق 12 كىشى ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا سايلاندى. ئوسمان ئىسلام ھۆكۈمەت باشلىقى، دەلىلقان سۇگۇربايوپ ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە ھەربىي باش قوماندان بولدى. قازاق مىللىي قوراللىق كۈچى توققۇز چوڭ ئەترەتكە ئايرىلدى.

ئالتاي قازاق خەلقىنىڭ قوراللىق كۆرىشى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە

مونغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا تېز تەرەققىي قىلىپ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ دائىرىلىرىنى چۆچۈتتى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ۋە ئىچكىرىدىن زور تۈركۈمدىكى ئەسكىرىي كۈچنى ئالتايغا بېرىپ قازاق قوراللىق كۈچلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا يۆتكىدى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1943-يىل 9-، 10-ئايلاردا شېڭ شىسەي قوشۇنىنىڭ سارسۈمبە، بۇرچىن، قابا، جىمىنەي ناھىيىلىرىدە بىر تۈمەندىن ئەسكىرىي كۈچى تۇراتتى، سارسۈمبە، بۇرچىندا يەنە ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتىدىن ئۈچنى قۇردى. كۆكتوقاي، چىڭگىلدىمۇ بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچنى توپلىغانىدى. 1944-يىل 4-ئايدا جۇ شاۋليالىڭ ئۆزى ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئېلىپ باردى: گومىنداڭنىڭ 18-ئارىلاشما لۈيىنى يېڭى 48-شى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، قۇمۇلدىن گۇچۇڭغا يۆتكىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1-تۈمەنى سارتوقايغا، 2-تۈمەنى دۆپسۈنگە ئورۇنلاشتۇردى، يېڭى 46-شىنى بارىكۆل ۋە قۇمۇلغا يۆتكەپ كەلدى؛ زاپاس 7-شىنىڭ ئىككى تۈمەنى (19-تۈمەن، 20-تۈمەن) نى ئۇرۇمچى لومەنچىڭغا ئورۇنلاشتۇردى، بىر تۈمەن (21-تۈمەن) نى جىڭدا تۇرۇشقا يۆتكىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلى قوزغىلىڭىدىن ئىلگىرى ئالتاي قازاق قوراللىق قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى 10 مىڭغا يەتتى. ئەمما ئىلىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم تەخمىنەن 2500 كىشى ئەتراپىدا ئىدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئاساسىي زېھنىنى ۋە زور تۈركۈمدىكى ئەسكىرىي كۈچنى ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قازاق مىللىي قوراللىق قىسىمنى قورشاپ يوقىتىشقا ۋە باستۇرۇشقا قارىتىپ، ئىلى ۋىلايىتىدە ئېھتىيات قىلىشنى نىسبىي ھالدا بوشاشتۇرۇپ قويدى. بۇ پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا نىلقا قوزغىلىڭى ۋە غۇلجا قوزغىلىڭىنى ئويۇشتۇردى.

ئالتاي ۋىلايىتىدە شېڭ شىسەي، گومىنداڭغا قارشى قوراللىق كۈرەش كۆپ يىل داۋام قىلغان، كۆلىمىمۇ تەدرىجىي كېڭىيىپ بېرىپ،

ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا بەلگىلىك زەربە بەرگەن، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، غۇلجا قوزغىلىڭىنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەن بولسىمۇ، لېكىن چەت-يىراق جايغا جايلاشقان، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچى چەكلىك بولغاچقا؛ بولۇپمۇ توغرا رەھبەرلىك كۈچى ۋە سىياسەت، تاكتىكا كەمچىل بولغاچقا، ئۇنىڭ سىياسىي تەسىرى ئانچە چوڭ بولمىدى. كۈرەش ئاساسلىقى ئالتاي ۋىلايىتى بىلەنلا چەكلىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىيالمىدى.

(2) تاشقورغان ناھىيىسى (ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى) دىكى تاجىك، قىرغىز خەلقىنىڭ قوراللىق كۈرىشى

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشىدە شىمالىي شىنجاڭ ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قازاق خەلقى ئەلىڭ بالدۇر قانات يايدۇرغان خېلى كۆلەمگە ئىگە قوراللىق كۈرەشتىن باشقا، جەنۇبىي شىنجاڭ تاشقورغان ناھىيىسىدىكى قىرغىز، تاجىك ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقلىرىمۇ تەشكىللىك ھالدا خېلى بۇرۇن قوراللىق كۈرەشنى باشلىدى.

تاشقورغان — ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، داڭلىق پامىر ئېگىزلىكىدە قۇرۇلغان قەدىمىي تاغلىق شەھەر. ئەتراپىدا بولۇتقا تاقىشىدىغان مۇزلۇق، قارلىق تاغلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن يۇقىرى. ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا مۇزتاغ ئاتا دەپ ئاتالغان گوڭگۇر چوققىسى بار. بىر سۈزۈك دەريا بازارنى ئايلىنىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى داڭلىق يەكەن دەرياسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ئاددىي-ساددا، باتۇر، ئەمگەكچان تاجىك، قىرغىز، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەت خەلقى ياشايدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، دېھقانچىلىق ۋە سودىگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاز ساندىكى باشقا مىللەت خەلقىمۇ بار ئىدى. 40-يىللاردا 13 مىڭ نەچچە يۈز نوپۇسى بار بولۇپ، يەكەن ۋىلايىتىگە قارايتتى.

تاشقورغان — سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، ئافغانىستان، پاكىستان،

ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداش بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە بارىدىغان قاتناش تۈگۈنى. شۇڭا، ئۇ يېقىنقى زاماندىن بۇيان ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن چاررۇسىيە ئۆزئارا كەسكىن تالىشىدىغان مۇھىم جاي بولۇپ كەلدى.

1938-يىل قىشتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىشچى-دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈنىلىش قوشۇنىنىڭ كادىرى خۇ جيەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن ئۇرۇمچىدىكى «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» دىن تاشقورغانغا بېرىپ، چېگرا ئېغىزىدىكى چوڭ ئەترەتتە جۇڭشياۋ دەرىجىلىك ئەترەت باشلىقى بولغانىدى. خۇ جيەن تاشقورغاندا ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، شۇ جايدىكى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە تەشكىللەپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئاغدۇرمىچىلىقىغا قارشى تۇرۇش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، شۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى.

بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى فېئودال كۈچلەر بىلەن شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە ئېزىشى ئاستىدا ناھايىتى نامرات تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلار كاززاپ سودىگەرلەرنىڭ شىلىنىۋېلىشىغا ئۇچرىغاندىن سىرت، يەنە چېگرا مۇداپىئەسى قاراۋۇلىدىكى ئەسكەرلەرنى ئاشلىق، گۆش قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇنى توشۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالاتتى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1937-يىلىدىن 1940-يىلىغىچە تاشقورغاندا 200 مىڭ تۇياق قوي بار ئىدى، 1944-يىلىغا كەلگەندە، ئاران 30 مىڭ تۇياقلا قوي قالغان. شۇڭا، تاشقورغاندىكى ئىلغار زىيالىيلار ۋە خەلق ئاممىسى خېلى بۇرۇنلا قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشنى غۇلغۇلا قىلىپ كېلىۋاتاتتى. تاشقورغان خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىدە ئىسھاقبېك مونونوپ باشتىن-ئاخىر مۇھىم تەشكىللەش ۋە رەھبەرلىك قىلىش رولىنى ئويناپ كەلدى. ئىسھاقبېك مونونوپ 1902-يىلى شىنجاڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسى يېغىن يېزىسى سىمخانا كەنتىدە تۇغۇلغان، قىرغىز.

1925-يىلى چېگرا قاراۋۇللار چولڭ ئەترىتىدە ئەسكەر بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي ھاياتىنى باشلىغان. 1928-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فرونزى شەھىرى (ھازىرقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىشكەك شەھىرى) گە ئوقۇغىلى بېرىپ، تەرەققىيپەرۋەر نەزەرىيىدىن تەربىيە ئالغاندىن كېيىن، ئىدىيىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، سوۋېتپەرەس تەرەققىيپەرۋەر زىيالىي ۋە ھەربىي بولۇپ قالغان. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چېگرا قاراۋۇللار چولڭ ئەترىتىگە قايتىپ كېلىپ كاتىپ بولغان. ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلار ئىقتىدارى ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارى بىرقەدەر ياخشى بولغاچقا، 1935-يىلى شېڭ شىسەي ئۇنى لۈيجاڭلىققا تەيىنلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاقسۇدىن تاشقورغانغىچە بولغان چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلغان. 1937-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ، قەشقەر، خوتەنلەردە ما خۇشەن، ماخۇت قىسىملىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش ھەربىي ھەرىكىتىگە قاتناشقان. كېيىن ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچ ھوقۇقى بولغانلىقى، ئۇرۇشتىكى تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، شېڭ شىسەينىڭ ئۇنىڭغا ھەسەتخورلۇقى كېلىپ، 1940-يىلىنىڭ باشلىرىدا شېڭ شىسەي ئۇنىڭ لۈيجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنى ئىلى ۋىلايىتى قازاق-قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. 1942-يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئىسھاقبېكنىڭ قازاق، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئېلىپ تاشلىدى. ئىسھاقبېك شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ بارغان. 1942-يىل 8-ئايدا، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئوچۇق قارشى چىقىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدىكى ۋەكىللىككە ئىگە زاتلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارغا تېخىمۇ ۋەھشىيانە زىيانكەشلىك قىلغان. بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان نۇرغۇن تەرەققىيپەرۋەر زاتلار سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىگە قېچىپ بېرىپ پاناھلانغان. سوۋېت ئىتتىپاقى

ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، ئىسھاقبېك 200 نەچچە ئادەمنى ئىككى چوڭ ئەترەت قىلىپ تەشكىللەپ، ھەربىي ۋە سىياسىي تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، تاشقورغاندا قوراللىق كۆرەش ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق كۆرگەن.

1943-يىل 5-، 6-ئايلاردا، ئىسھاقبېك بىر بۆلۈك قوراللىق خادىملارنى باشلاپ، شىنجاڭنىڭ ئاقچى ناھىيىسىدىكى قۇلانتاغ ئەتراپىغا كىرىپ، بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى ئىگىلەپ، رازۋېدكا قىلىپ، ئۇلۇغچات، ئاقچى قاتارلىق جايلارنى قوراللىق تارتىۋېلىش ئۈچۈن تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەنىدى. كېيىن ئارىدىن خائىن چىقىپ مەخپىيەتلىكنى پاش قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭ قوشۇنى ئۇلۇغچات ئەتراپىدىكى ھەربىي مۇداپىئەنى كۈچەيتكەن، ئىسھاقبېك شۇ زامانلا ھەربىي پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، تاشقورغاننى قوراللىق كۆرەشنى قانات يايدۇرىدىغان ئاساسلىق جاي قىلغان. 1943-يىل 9-ئايدا، ئىسھاقبېك بىر قىسىم قوراللىق خادىمنى باشلاپ تاشقورغانغا كېلىپ، شۇ جايدىكى تەرەققىيپەرۋەرلەردىن كارۋانشاھ، غوپۇر قاسىم، مادايوپ شېرنىبېك، مەھەممەت ئەيسا قاتارلىقلار بىلەن تاشقورغان ئازادلىق تەشكىلاتى قۇرۇپ، شۇ جايدىكى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەشۋىقات، تەشكىلات خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. 1943-يىلدىن 1944-يىلغىچە ئىسھاقبېك مونونوپ قوراللىق خادىملىرىنى ئون نەچچە قېتىم تاشقورغانغا كىرگۈزگەن. 1944-يىل 6-ئايدا، شۇ جايدا 120 نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان تاجىك پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىللىگەنىدى. 6-ئاينىڭ 20-كۈنى پارتىزانلار تاشقورغانغا ئاشلىق توشۇپ كېلىۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنىغا ئۇشتۇمتۇت زەربە بەردى. 9-ئايدا تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتى توگورمىتى ۋە سۇباش چېگرا قاراۋۇللىرىدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنىنى يوقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسھاقبېك قوماندانلىق قىلغان پارتىزانلار ئەترىتى تاشقورغان، ئۇلۇغچاتلار ئەتراپىدىكى تاجىك، قىرغىز، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى

قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

1944-يىل 11-ئاينىڭ 7-كۈنى، غۇلجا قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، ئىسھاقبېك كارۋانشاھ، غوپۇر قاسىم، شېرىنبېك قاتارلىقلارنى تاشقورغان، ئۇلۇغچاتلاردىكى قوراللىق كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى بىر يىلڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدىن غۇلجىغا كىرىپ، غۇلجا ناھىيىسىدىكى ھەرەمباغ تايانچ پونكىتىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتناشتى.

(3) ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر پائالىيەتلىرى

غۇلجا قوزغىلىڭى پارتلاشتىن ئىلگىرى، ئالتاي ۋە تاشقورغاندا قوراللىق كۈرەشلەر يۈز بەرگەندىن سىرت، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدىمۇ بىر قىسىم خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان تەرەققىيپەرۋەر ياش زىيالىيلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، تەرەققىيپەرۋەر پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. بۇ بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى 1933-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كىرگەن شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىدىكى تۆۋەن قاتلام خادىملار ياكى ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى، يەنە بەزىلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، ئۆلكىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ، قىزلار 1-مەكتىپى، سىفەن مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئاز بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ ۋە گومىنداڭنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق نارازى بولغانلىقتىن، تەشكىلات قۇرۇش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئىنتىلىشتەك تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىسىنىڭ بىخىنى چىقارغانىدى.

1944-يىل 10-ئايدا، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان بەزى تەرەققىيپەرۋەر ياشلار ئۆزئارا كېڭىشىپ، كوممۇنىزمغا ئېتىقاد

قىلىدىغان ياشلارنى تەشكىللەش ھەمدە ئىمكانقەدەر ئامال قىلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنى قارار قىلدى. 11-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۇلار تۈرمىدە «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» نى مەخپىي قۇردى. كېيىن، بۇلارنىڭ بەزىلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئۈچۈن ئىچكىرى جايلارغا باردى. يەنە بەزىلىرى كېڭىشىش ئارقىلىق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتىنى تېپىشتىن بۇرۇن، گومىنداڭغا قارشى كۈرەشنى ئاۋۋال ئۆزى قانات يايدۇرۇپ تۇرۇش قارارىغا كەلدى. بۇ ئىتتىپاق كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئالاقە ئورناتتى. 1947-يىل 2-ئايدا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىر قىسىم مەسئۇل كادىرلىرى ئۈرۈمچىدە مەخپىي بىرلىشىپ دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى قۇردى. كېيىن، دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ لى تېيىۋ، چېن شىخۇا قاتارلىق بىر قىسىم رەھبەرلىرى ئىلىغا بېرىپ خىزمەتكە قاتناشتى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە قالغان ئەزالىرى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىدىيىۋى، سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شاپىگىرافتا بېسىلغان «كۈرەش» ژۇرنىلىنى نەشر قىلدى. بۇ تەشكىلات شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلەر تەرىپىدىن «كۈرەش تەھرىراتى» دەپ ئاتىلىپ تاكى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر ساقلىنىپ كەلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان بەزى ياش زىيالىيلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىدە مەخپىي ھالدا ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

ئىلقا قوزغىلىشى پارتلاشتىن ئىلگىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىمۇ تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلاتلار قۇرۇلغان ھەمدە قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلغانىدى. تارباغاتاي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش بولۇپ، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەت ئالاقىسىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولغاچقا، سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغان. بۇ جايدىكى تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلاتلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاستە ياردىمىدە قۇرۇلغان دېيىشكە بولىدۇ.

1944-يىل 5-ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئابلىمىت ھاجىيوپ ۋە مەتنىيازقارى، ئابلىز راخمانوپ قاتارلىق كىشىلەر چۆچەك ناھىيىسىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۈچ جەڭگىۋار گۇرۇپپا قۇرۇپ، شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى يەر ئاستى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمىدە، دۆبېك، چالغىنبايوپ، بالقاش ئالىمغازى قاتارلىق ياش قازاق زىيالىيلىرىمۇ چۆچەك ناھىيىسىدە قازاق ياشلىرىنى ئاساس قىلغان جەڭگىۋار گۇرۇپپىلارنى قۇرۇپ، مەخپىي ھالدا تەرەققىيپەرۋەر پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

6-ئاينىڭ 8-كۈنى، تارباغاتايدا سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان قاسىمئاخۇن ئىسمايىلوپ قاتارلىق كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدىكى باقتۇ كەنتىگە كىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئابدۇللا رامزانوپ (يەنى 1935-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلىپ كۆپ يىل خىزمەت ئىشلىگەن مەنسۇر روزى ئەپەندى) نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، چېگرا سودىسى قىلىشنى باھانە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە ئېمىل قوماندانلىق شتابى قۇردى. 6-ئاينىڭ 14-كۈنى ئېمىل قوماندانلىق شتابى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ئاتاقلىق زاتلار ۋە ئۈچ جەڭگىۋار گۇرۇپپىنىڭ رەھبەرلىرىگە خەت يېزىپ، تارباغاتايدىكى ئاتاقلىق زاتلارنى گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى ھەمدە تارباغاتايدىكى ئۈچ جەڭگىۋار گۇرۇپپىنىڭ بىرلىشىشىنى تەلەپ قىلدى.

7-ئاينىڭ 10-كۈنى، ئابدۇللا رامزانوپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، تارباغاتايدىكى ئۈچ جەڭگىۋار گۇرۇپپا ئابلىمىت ھاجىيوپنىڭ باشچىلىقىدا بىرلىشىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى جەڭگىۋار تەشكىلات بولۇپ

تەشكىللەندى، بۇ قىسقارتىلىپ «مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تەشكىلاتى» دەپ ئاتالدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: تارباغاتايدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە زىيالىيلارنى تەشكىللەپ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ئىمىل قوماندانلىق شتابى ئۈچۈن ئاخبارات توپلاپ، 1943-يىل 9-ئايدا چۆچەكنىڭ شىمالىدىكى قىزىمبىيت تېغىدا قۇرۇلغان رىپابوپ قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى.

«مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تەشكىلاتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، تارباغاتايدا تۈرلۈك تەشۋىقات، تەشكىلات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى ھەمدە قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق كۆردى. 1944-يىل 7-ئايدا، تارباغاتايدىكى رىپوپ پارتىزانلار ئەترىتى ئالتايدىكى جېمنەي پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ساۋۇر تېغى (جېمنەي ناھىيىسى بىلەن قوبۇقسار ناھىيىسى چېگرىلىنىدىغان جاي) دا ئۇچرىشىپ، جېمنەي پارتىزانلىرىنىڭ قورال-ياراغ، ئوق-دورا ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلىنىشىگە ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تارباغاتاي ۋىلايىتىدە كىچىك دائىرىدە قوراللىق كۈرەش ئېلىپ باردى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىمۇ ياش ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشچىلىقىدا «ياش ئوقۇغۇچىلار ئىتتىپاقى» ناملىق تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلات قۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەشۋىقات، تەشكىلات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

قىسقىسى، 1944-يىل كۈزدە، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، ئالتاي، تاشقورغان قاتارلىق جايلاردا كۆلىمى ئوخشاش بولمىغان قوراللىق كۈرەشلەر پارتلىغانىدى، ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىمۇ مەخپىي ئىلغار تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەيگە ۋە گومىنداڭغا قارشى تەرەققىيپەرۋەر پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلغانىدى. بۇ كۈرەشلەر غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ پارتلايدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەنىدى.

## 2. نىلقا قوزغىلىڭى — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەسمىي پارتلىغانلىقى

نىلقا ناھىيىسى تەڭرىتېغىنىڭ قۇچىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىدا پولۇكنۇ تېغى بار، شەرقىدە ئاۋرال تېغى، ئوتتۇرىسىدا قاش دەرياسى شەرقتىن غەربكە قاراپ ئېقىپ ئىلى دەرياسىغا قوشۇلىدۇ، شىمال تەرەپتە ئاچال تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ جىڭ ناھىيىسىگە بارغىلى بولىدۇ، شەرق تەرىپى كۈنەسكە تۇتىشىدۇ، نارات يايلىقىدىن بايىنبۇلاق (يۇلتۇز دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە خېجىڭ قاتارلىق جايلارغىمۇ بارغىلى بولىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى خەتەرلىك بولۇپ، ساقلىماق ئاسان، ھۇجۇم قىلىپ ئېلىش تەس. بۇ يەرنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قازاقلار، ئۇنىڭدىن قالسا دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئۆزبېك، تاتار، رۇس قاتارلىق مىللەتلەر بولۇپ، 1944-يىلىدىكى نوپۇسى 45 مىڭدىن كۆپرەك ئىدى.

شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زالىم ھۆكۈمرانلىقى ۋە دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇمى، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى فېئودال سىنىپلارنىڭ ۋەھشىيانە ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلۇمى تۈپەيلىدىن، ھەر مىللەت خەلقى نامراتلىق ۋە قالاقلىق ئىچىدە ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى. 1943-يىل 3-ئايدا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت خەلقىنى 10 مىڭ تۇياق ھەربىي ئات ئىئانە قىلىشقا زورلىدى. ئات ئىئانە قىلىشقا قۇربى يەتمىگەنلەر بازار نەرخىدىن بىر ھەسسە كۆپ نەق پۇل تاپشۇرۇشقا توغرا كېلەتتى، ئۇنداق قىلمىسا، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، تاكى نەق پۇلنى تولۇق تاپشۇرغاندا، ئاندىن قويۇپ بېرىلەتتى. بۇ سېلىق ئاساسلىقى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكتىن، بۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى كەڭ دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك نارازىلىقىنى

قوزغىدى.
1944-يىل 4-ئايدا، غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا تەشۋىقات ۋە سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق كۆردى. 7-ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۇۋ مىلتىقىنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، نىلقا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن قامالغان ئاكا-ئۇكا قازاق چارۋىچى ئەكبەر بىلەن سېيىت تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۆزئارا كېڭىشىپ، بەزى كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قوراللىق قارشى تۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار 8-ئاينىڭ باشلىرىدا قورال-ياراغ تېپىپ كېلىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، جۇڭگو-سوۋېت چېگرىسىدە سابىق نىلقا ناھىيىلىك يەرلىك مەسئۇلاتلار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى فاتىخ موسلىموپ بىلەن ئۇچراشتى. موسلىموپ قاتارلىقلار 1943-يىل يازدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتا قاتارلىق جايلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ھەربىي ۋە سىياسىي تەلىم-تەربىيە ئالغان، تەلىم-تەربىيە ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 1944-يىل 8-ئايدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن نىلقا ناھىيىسىگە ئەۋەتىلگەن. ئەكبەر قاتارلىقلار فاتىخ موسلىموپ بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، قورال-ياراغ، ئوق-دورىلارنى ئېلىپ قورغاس ناھىيىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا جايلاشقان باش كۆنچى ئېگىز تاغ يايلىقى ئارقىلىق چېگرىدىن يوشۇرۇنچە ئۆتۈپ، داشگۇنىڭ شىمالىدىكى تاغلاردىن ئېشىپ غۇلجا ناھىيىسىدىكى جېلىلىيۇزىگە كېلىپ، يەنە ئۇ يەردىن كۆكساي ئارقىلىق نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي تاغلىق رايونىغا كېلىپ پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىللىدى. پارتىزانلار ئەترىتى دەسلەپتە فاتىخ موسلىموپ ئەكەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىللە تەربىيىلەنگەن رەپىق بايچۇرىن، خەمىت موسلىموپ، قۇربان بۇرھان، ئوسمان ئىبراھىم، نۇرۇم ئوبۇل، ھوشۇر مامۇت ۋە ئەكبەر، سېيىت، غېنى ئابدۇللا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقانىدى، كېيىن

پارتىزانلار ئەترىتى جالىنغول، جارتۇغان، كۆكساي قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، تەشۋىقات ئېلىپ باردى، شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر مىللەت ئاممىسىغا زۇلۇم سالغان، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان ۋە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىدەك جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش ئارقىلىق خەلقنى قوزغىلىپ قورallىق كۆرەش ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلدى، شۇ جايدىكى ئابرۇيلۇق زاتلار ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرىنى، نامرات چارۋىچىلارنى شۇنىڭدەك گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنماقچى بولغانلارنى پارتىزانلار ئەترىتىگە قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پارتىزانلار ئەترىتى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى ھەمدە ئادەم ئەۋەتىپ نىلقا ناھىيىسىدىن مازارغا تۇتىشىدىغان توك سىمىنى ئۈزۈۋەتتى، كۆۋرۈك، يوللارنى بۇزۇۋەتتى، گومىنداڭنىڭ ھەربىي، ساقچىلىرىغا ئۇشتۇمتۇت زەربە بەردى.

8-ئاينىڭ 17-كۈنى فاتىخ قاتارلىق كىشىلەر ئۇلاستايدا ئاممىنى قوزغاپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. نىلقا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى فىلىڭ ۋېيجۇن 50 نەپچە ساقچىنى باشلاپ كېلىپ توسۇماقچى بولدى، قايتىش يولىدا ئۇلاستاي پارتىزانلىرىنىڭ يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى، ئەتراپىدىكى ئامما قوللىرىغا تۇرلۇك قوراللارنى ئېلىپ جەڭگە قاتناشتى، خېلى كۆپ ساقچىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى. بەزى قورال-ياراغلارنى ئولجا ئالدى. مانا بۇ — نىلقا قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىشى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلاستاي پارتىزانلىرىنىڭ ھەيۋىسى ئېشىپ كەتتى، كېيىن يەنە گومىنداڭ ئارمىيىسى ۋە ساقچىلىرىغا بىرنەچچە قېتىم ئۇشتۇمتۇت زەربە بەردى، گومىنداڭ ئارمىيىسى ۋە ساقچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇردى.

ئۇلاستاي پارتىزانلىرىنىڭ ھەرىكىتى گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكىلىك ساقچى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىڭدېنى ئەھۋال ئىگىلەش، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن غۇلجىغا ئەۋەتتى. ليۇ بىڭدې غۇلجىلىق خوجىزۇ بولۇپ، ئۇ غۇلجىنىڭ ئادەملىرى،

جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى بىلەن تونۇشلۇق بولۇش ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى بىلىشتەك قولايلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىلىدىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسىنى بالدۇرراق تەيىنلەش (ئەينى ۋاقىتتا ۋالىي چياۋ گېن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىگە تاشلانغانىدى)، قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىلىغا قوشۇن يۆتكەش، ئات ئەپئانە قىلىشنى توختىتىش، يەرلىك ئاتاقلىق زاتلارنى تەسەللىي بېرىشكە ئەۋەتىش ھەققىدە تەكلىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ساقچى، ئىشپىيونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئامانلىق ساقلاشنى كۈچەيتتى، بىرمۇنچە ئىنقىلابىي ئاما ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى قولغا ئالدى، بۇنىڭ بىلەن غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەتلىرىگە مۇئەييەن قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرغانىدى. لېكىن ئەينى چاغ شىڭ شىسەي چۇڭچىڭغا بېرىپ مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرى بولۇشقا تەييارلىنىۋاتقان، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن تېخى ۋەزىپىگە ئولتۇرمىغان پەيت بولغاچقا، ئۇلاستاي پارتىزانلىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ليۇ بىڭدېنىڭ پىلانى گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىيالمىدى. پەقەت 9-ئاينىڭ 2-كۈنى، زاپاس 7-شىسىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى دۇ دېفۇنى ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا كېلىپ ئىلى ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق بارلىق قىسىملار ۋە ئامانلىقنى ساقلاش تۈمەن-دۈيلىرىگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش ۋە قوزغىلاڭچى ئامىمنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئەينى چاغدا، گومىنداڭنىڭ ئىلىدا ئاران 2500دىن كۆپرەك ئەسكىرىي كۈچى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار ئاساسلىقى شىڭ شىسەيدىن قالغان كونا ئۆلكە ئارمىيىسى بولۇپ، جەڭگىۋارلىقى ئاجىز ئىدى، بۇ ئىلقا قوزغىلىڭنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مۇۋەققەت ۋالىيسى قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ

باش قوماندانى گاۋ ۋېي ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ جۇڭمىڭ قاتارلىقلارنى 128-شىنىڭ 3-يىڭىدىن بىر لىيەن ئەسكەر ۋە بىر قىسىم ساقچىنى باشلاپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۇلاستايغا ئەۋەتتى. 9-ئاينىڭ 20-كۈنى، 300 نەچچە ھەربىي-ساقچى جاۋ جۇڭمىڭنىڭ قوماندانلىقىدا ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ئۇلاستاي پارتىزانلىرىنى «يوقاتماقچى» بولدى. 21-كۈنى ئۇلاستاينىڭ جەنۇبىدىكى يۇمىلاق تاغقا ھۇجۇم قىلغان گومىنداڭنىڭ ھەربىي، ساقچىلىرى پارتىزانلار ۋە ئاممىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، خېلى كۆپ ئادىمى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى، 9-ئاينىڭ 24-كۈنى مازار جىلغىسىدىن ئاچال ئېغىزىغا كىرىپ، پارتىزانلارنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىشىنى توسماقچى بولغان گومىنداڭنىڭ يەنە بىر يول ھەربىي، ساقچى قوشۇنىمۇ پارتىزانلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچراپ، خېلى كۆپ چىقىم تارتتى. ئارقىدىنلا پارتىزانلار مازار جىلغىسىنى ئىشغال قىلىپ، غۇلجا ناھىيە بازىرىدىن نىلقا ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاينى كونترول قىلدى ھەمدە نىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى.

10-ئاينىڭ 5-كۈنى، پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باش قوماندانى فاتىخ مۇسلىموپ ئۇلاستايدىكى باش شتابىدا نىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى ۋە پىلانىنى جاكارلىدى، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، پارتىزانلار ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، نىلقا ناھىيە بازىرىغا يۈرۈش قىلدى. 10-ئاينىڭ 6-كۈنى سەھەردە، ئەكبەرنىڭ باش قوماندانلىقىدا، سىبىست باشچىلىقىدىكى 1-چولۇڭ ئەترەت شەرق تەرەپتىن، غېنى، ئوسمان باشچىلىقىدىكى 2-چولۇڭ ئەترەت جەنۇب تەرەپتىن، بايچۇرىن، شوتۇپ ئىۋان باشچىلىقىدىكى 3-چولۇڭ ئەترەت غەرب تەرەپتىن ناھىيە بازىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. ناھىيە بازىرىنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن پارتىزانلارغا ماسلاشتى. كەسكىن جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە، ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ ھەربىي-ساقچىلىرىدىن 200 نەچچە ئادەم يوقىتىلدى، 7-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ناھىيە بازىرى ئىشغال قىلىندى، ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ

جۇڭخۇانىڭ قاتارلىقلار ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى، چوبان قەبىلىسىدىن بولغان ئوسمان نىلقا ناھىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇلى بولۇپ تەيىنلەندى.

10-ئاينىڭ 9-كۈنى، ئۆلامتاي پارتىزانلىرى نىلقا ناھىيىسىدە ئىككىنچى قېتىم تەرتىپكە سېلىندى. ئەكبەر بىلەن سېيىت ئاساسلىقى قازاقلاردىن تەركىب تاپقان 1-چولڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى بولدى؛ غېنى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان 2-چولڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى بولدى؛ شۇتوپ ئىۋان ئاساسلىقى رۇسلاردىن تەركىب تاپقان 3-چولڭ ئەترەتنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. پارتىزانلارنىڭ ئومۇمىي ئادەم سانى تەخمىنەن 800 نەچچە كىشىگە يەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ ئەترەت رەسمىي رەۋىشتە نىلقا پارتىزانلىرى دەپ ئاتالدى. نىلقا پارتىزانلىرى مازار جىلغىسى، سوپىتاي، قاراسۇ قاتارلىق جايلاردا كۆپ قېتىم گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. پارتىزانلارنىڭ كۈچى تېز زورىيىپ، تەسىرى تېز سۈرئەتتە كۈنەس، توققۇزتارا، تېكەس، غۇلجا قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيدى. غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتىمۇ ھەرىكىتىنى تېزلەتتى، غۇلجىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق كۆردى.

نىلقا قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. 1944-يىل 10-ئاينىڭ 4-كۈنى ۋۇ جۇڭشىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىنى قولىغا ئالدى. 10-ئاينىڭ 6-كۈنى، ھەرقايسى نازارەت، كومىتېتلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنى چاقىرىپ، جايلاردىكى خەلق قوزغىلاڭچى كۈچلىرىگە «قورشاپ يوقىتىش بىلەن تەسەللى بېرىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش» فاڭجېنىنى قوللىنىش، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر ۋىلايەت، ناھىيىلەردە «قوغدىنىش ئەترىتى» قۇرۇپ، ھەربىي قىسىملار ۋە ساقچىلارنىڭ باستۇرۇش ھەرىكىتىگە يېقىندىن ماسلىشىشنى بەلگىلىدى. سىياسىي جەھەتتە، شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قامالغان ھەر مىللەتتىن بولغان ئابرۇيلۇق زاتلاردىن 270 كىشىنى قويۇپ بېرىش، كېيىن يەنە نەچچە يۈز ئادەمنى

ئارقا-ئارقىدىن قويۇپ بېرىشنى قارار قىلدى. قاماقتا تۇرۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىككە ئىگە زاتلىرى، مەسىلەن، بۇرھان شەھىدى، ئالتايدىن ئەلەن ۋاڭ، شىبەدىن گۇاڭ لۇ قاتارلىقلارنى ۋۇ جۇڭشىن ئىسمىنى ئاتاپ قويۇپ بەردى، ئۇلار بىلەن شەخسەن ئۆزى دىدار كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى مۇھىم ۋەزىپىگە قويدى، بەزىلىرىنى پۇل بېرىپ يۇرتىغا ئاپىرىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن تەسەللى بەردى.

نىلقا ناھىيە بازىرىنى پارتىزانلار ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋەزىيەت تەرەققىياتى كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، 10-ئاينىڭ 9-كۈنى زاپاس 7-شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى دۇ دېفۇ غۇلجىدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، جۇ شاۋلياڭ (بۇ چاغدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى ئىدى) غا ئىلىنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى ھەمدە ئەسكەر كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 10-ئاينىڭ 12-كۈنى، جۇ شاۋلياڭ زاپاس 7-شى 19-تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى پېڭ جۇنيىغا ئەسكەر تارتىپ ئىلىغا ياردەم بېرىش ھەمدە ئىلى ۋىلايىتىدە (جىڭ، بورتالا، ئارشاڭ ناھىيىلىرىدىن باشقا) تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنى ۋە ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. پېڭ جۇنيى قوشۇن تارتىپ، ئاپتوموبىل بىلەن 10-ئاينىڭ 16-كۈنى كەچتە غۇلجىغا يېتىپ كەلدى. 10-ئاينىڭ 18-كۈنى، جۇ شاۋلياڭ پىلاننى ئۆزگەرتىپ، زاپاس 7-شىنىڭ سەنمۇجاڭى ساۋ رىلىڭنى ۋاقىتىنچە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇۋەققەت تىنچىتىش قوماندانلىقىغا بەلگىلەپ، ئىلىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار ۋە ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىپ، نىلقا پارتىزانلىرىغا ھەربىي ھۇجۇم قوزغاشقا ئەۋەتتى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پۈتۈن شىنجاڭغا، بولۇپمۇ ئىلى ۋىلايىتىگە سىياسىي جەھەتتىن تەسەللى بېرىش ئىشىنى تېزلەتتى. 10-ئاينىڭ 21-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى دېڭ شياڭخەي باشچىلىقىدىكى، گۇاڭ لۇ، ساراچۇن

قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان «ئىلى جارچى-سىلاۋچىلىق ئۆمىكى» غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ، ھاكىمبەگ غوجا قاتارلىق ھەر مىللەتتىن بولغان ئابرۇيلۇق زاتلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى زىيارەت قىلدى ھەمدە ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ: «ئىلىغا ۋەقەسى شىڭ شىسەي قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەت، بىز ئۇنى داۋالىماقچى»① دەپ خۇپسەنلىك قىلدى ھەمدە «مەھبۇسلار»نى قويۇپ بېرىش، ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى ۋە مۇسادىرە قىلىنغان مال-مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپ، خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش غەزىپىنى بېسىقتۇرۇشقا ئۇرۇندى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا دىپلوماتىيە جەھەتتىمۇ تەشەببۇسكار ھەرىكەت قوللاندى. 10-ئاينىڭ 26-كۈنى، ۋۇ جۇڭشىن جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئىشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدە تۇرۇشلۇق ۋەكالەتچىلىك ئىشخانىسى لىۋ زېرۇڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئورنىغا جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ خادىمى، ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، رۇسچىنى پىششىق بىلىدىغان لىۋ زېرۇڭنى تېزرەك ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. 10-ئاينىڭ 28-كۈنى، ۋۇ جۇڭشىن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋالىيلىرىغا تېلېگرامما يوللاپ: «سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ بىلەن چېگرىداش، بىز بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن بولغان ئىناق قوشنا دۆلەت، بۇ ھەقتە مەركەز ئېنىق يوليورۇق بەردى، جايلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ بۇ روھنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، جايلاردىكى كونسۇلخانا خادىملىرى ۋە بارلىق مۇھاجىرلارغا ئالاھىدە ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىپ، ئىشتا ھەمكارلىشىپ، يېقىن، ئىناق قوشنىدارچىلىق ئورنىتىش ئارقىلىق دىپلوماتىيە

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 34-بەت.

مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەت بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن»① دېدى. بۇنىڭدىن مەقسەت سوۋېت ئىتتىپاقىغا دوستانە دىپلوماتىيە ۋاسىتىسى قوللىنىش بەدىلىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوراللىق كۆرىشىنى قوللىشىنى توختىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قوللانغان بۇ تەدبىرلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بارغانسېرى ئۈلغىيىۋاتقان ئىنقىلابىي كۆرەش ئوتىنى ئۆچۈرەلمىدى ھەم ئۆچۈرەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

10-ئاينىڭ 19-كۈنى، ساۋ رىلىڭ ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، «نىلقا ئەتراپىدىكى باندىتلارنى تازىلاش پىلانى»غا تۈزىتىش كىرگۈزدى، ئۇنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇنداق: (1) زاپاس 7-شى 19-تۈەننىڭ 1-يىڭى مازاردىن يولغا چىقىپ قاراسۇ ئارقىلىق نىلقىغا ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىش؛ (2) 19-تۈەننىڭ 2-يىڭى توققۇزتارادىن يولغا چىقىپ نىلقىغا ياندىن ھۇجۇم قىلىش؛ (3) 19-تۈەننىڭ 2-لىيەنى ۋە 128-شى 383-تۈەننىڭ 3-يىڭى ياماتۇدىن يولغا چىقىپ بالاشىق داۋىنى ئارقىلىق نىلقىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىش؛ (4) 19-تۈەننىڭ 6-لىيەنى كۈنەستىن يولغا چىقىپ نىلقىغا كەينى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش؛ (5) زاپاس 7-شى 21-تۈەننىڭ 3-يىڭى ئاچالدىن يولغا چىقىپ، سۇپتاي ئارقىلىق نىلقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىش. ساۋ رىلىڭ يەنە كۈچادا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر 4-تۈەنگە مۇزات داۋانىدىن ئېشىپ تېكەس ناھىيىسىگە كېلىپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ «قورشاپ يوقىتىش»قا ئۆتۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش 11-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق، زاپاس 7-شى 19-تۈەننىڭ 2-يىڭى 11-ئاينىڭ 2-كۈنى نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا، پارتىزانلار قاراسۇدا دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 35-بەت.

تۇسۇش جېڭىدە، ئەكبەر ئىبغىر يارىلىنىپ، 11-ئاينىڭ 10-كۈنى قۇربان بولدى. 11-ئاينىڭ 3-كۈنى پارتىزانلار جالىڭغۇلدا ئۈلاستايغا ھۇجۇم قىلىشقا كەلگەن گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلدى، قايتۇرما زەربىگە ئۇچرىغان گومىنداڭ قوشۇنى قاراسۇ ئارقىلىق مازار جىلغىسىغا چېكىندى. نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ ئاساسلىق كۈچىمۇ پۈتۈنلەي ئۈلاستاي تاغلىق رايونىغا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا نىلقا ئەتراپىدا پارتىزانلار تەرىپىدىن ئىسكەنجىگە ئېلىنغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئادەم سانى 1600 گە يېقىنلىشىپ قالغانىدى، ئەمما گومىنداڭنىڭ غۇلجىدا قالدۇرۇلغان ھەربىي-ساقچىلىرى 1000 غا يەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە مۇھىم تايانچ بازىلارغا بۆلۈۋېتىلگەنىدى. زاپاس 7-شى 19-تۇەن 1-يىڭىنىڭ 1-ليەنى ۋالىي مەھكىمىسىنى؛ 19-تۇەننىڭ 1-يىڭى (1-ليەن بىلەن 2-ليەن كەم) ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنى؛ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ يېڭى ئەسكەرلەر بىلەن تولۇقلانغان مۇستەقىل يىڭى بىلەن ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش تۇەندىكى قىسمەن ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر سانائەت شىركىتى ۋە ھەربىي قوماندانلىق شتابى، ھاۋا ئارمىيە جىياۋداۋدۇيى قاتارلىق جايلارنى ساقلاشقا قويۇلغانىدى. بۇ يەردە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئاجىز، قورال-ياراغلىرى بىرقەدەر ناچار بولغانلىقى ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ، غۇلجا شەھرىنى ئىگىلەشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» ئارقىلىق غۇلجا شەھرى ئىچىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە جىددىي تەييارلىق كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، 11-ئاينىڭ 4-كۈنى ئۈلاستاي تاغلىق رايونىغا ئادەم ئەۋەتىپ نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ مازار جىلغىسى ئەتراپىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، باشقا يول بىلەن غۇلجىغا ھۇجۇم قوزغىشىنى تەلەپ قىلدى.

## 3. غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە قىلىشى

غۇلجا ناھىيىسى ئىلى دەريا ۋادىسىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، ئۈرۈمچىدىن قالسىلا شىمالىي شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر، شۇنداقلا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى. غۇلجىنىڭ شەرق، جەنۇب تەرىپىگە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان قازاق، قىرغىز مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نىلقا، توققۇزتارا، كۈنەس، تېكەس، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرى جايلاشقان. جەنۇب تەرىپىگە دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان شىبە مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چاپچال ناھىيىسى جايلاشقان. غەرب تەرىپىگە ئەينى چاغدىكى ئىلى سانغۇن مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي — كۈرە قەلئەسى ۋە سۈيدۈڭ، قورغاس ناھىيىلىرى جايلاشقان. بۇ ناھىيىلەردە دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودىگەرچىلىكنى ئاساس قىلىدىغان ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۆزبېك، تاتار ۋە رۇسلار ئولتۇراقلاشقان. بۇ يەردە جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا تۇتىشىدىغان تاشيول بار. تەڭرىتېغىنىڭ شىمال تەرىپىدە ئارىشاڭ، بورتالا ۋە جىڭ ناھىيىلىرى بار بولۇپ، ئەينى چاغدا بۇ ناھىيىلەرمۇ ئىلى ۋىلايىتىگە قارايتتى. بۇ ئۈچ ناھىيىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان موڭغۇل، قازاقلار ئولتۇراقلاشقان، ناھىيە بازىرى ۋە تۈزلەڭلىكلەردە دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان، تەڭرىتېغىدىن باشلانغان قاش دەرياسى، كۈنەس دەرياسى، تېكەس دەرياسى غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ياماتۇ دېگەن يەردە بىرلىشىپ ئىلى دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ دەريا شەرقتىن غەربكە ئېقىپ ئىلى دەرياسى ۋادىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەينى چاغدىكى غۇلجا شەھىرىدە تەخمىنەن 100 مىڭ نوپۇس بار ئىدى. گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ

تاشلاش ئىلى ۋىلايىتىگە ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

ئىلى ۋىلايىتى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ باياشات رايون، يەنە كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قوشنا بولغاچقا، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىن بىۋاستە غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىگە تۇتىشىدىغان تاشيول ياساتقانىدى، شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ رايونغا ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بولۇپمۇ شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى چىققاندىن كېيىن، گومىنداڭ كۈچلىرى شىنجاڭغا كىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالغانىدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا مۇقىم بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن ھاكىمىيەتنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشىنى ئىمكانقەدەر ئاكتىپ قوللاپ كەلدى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى تۈرلۈك ھەرىكەتلىرىنى تېزلەتتى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئاخبارات توپلاش، مەخپىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇش، سىياسىي، ھەربىي تايانچىلارنى يېتىشتۈرۈش، تەشۋىقات بازىسى قۇرۇش، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا دائىر تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللاندى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئاساسلىق پائالىيەت رايونى قىلغانىدى.

1943-يىلىدىن 1944-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى تاباشىن، مۇئاۋىن كونسۇلى پولىپسوپنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىلىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى ئارىسىدا تۈرلۈك مەخپىي تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتلارغا تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلاردىن ئابدۇكېرىم ئابباسوپ (ئۇيغۇر، ئاتۇش ناھىيىسىدىن، 1921-يىل 9-ئايدا تۇغۇلغان. 1927-يىلى ئاپىسى بىلەن ئىلىغا كەلگەن. 1936-يىلى

ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ ئىنقىلابىي تەربىيىسىنى ئالغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان. 1939-يىلى شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشقان، كېيىن شىڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ساۋەن ناھىيىسىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1942-يىلى ئىلى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قوشۇمچە ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىدە تەرجىمانلىق قىلىپ، مەخپىي ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى باشلىغان) قاتارلىقلار قوبۇل قىلىندى؛ ھەر مىللەت يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىدىن سابىق ئىلى ۋالىي ھاكىمبەگ غوجا قاتارلىقلار قوبۇل قىلىندى؛ دىنىي ساھەدىكى زاتلاردىن ئابدۇلمۇتالىپ خەلىپە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىلىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئۆزبېك چولڭ ئاخۇن ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار قوبۇل قىلىندى؛ گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر ۋە روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىلى رايونىغا كىرگەن روسىيىلىكلەر ئىچىدىمۇ تەشكىللەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئىچىدە 1944-يىل 4-ئاينىڭ 9-كۈنى غۇلجا ناھىيىسىدە مەخپىي قۇرۇلغان «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» بىر قەدەر مۇھىم تەشكىلات ھېسابلىناتتى. بۇ تەشكىلاتقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى تاباشىن، مۇئاۋىن كونسۇلى پولىسوپ بىۋاستە رەھبەرلىك قىلاتتى. ئەينى چاغدا بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى ئىچىدە يۇقىرى تەبىقە دىنىي زات ئېلىخان تۆرە، ئابدۇمۇتالى خەلپەت قاتارلىقلار بار ئىدى؛ پومبىشچىك، چارۋىدار، سودىگەرلەرنىڭ ۋەكىللىك شەخسلىرىدىن سالىجانباي باباجان، رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلار بار ئىدى؛ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىقلارغا[1] ئوخشاش ئاز ساندىكى تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارمۇ بار ئىدى. بۇ تەشكىلاتقا ئېلىخان تۆرە رەئىس بولدى. غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق

ۋەزىپىسى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىغا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ ۋە ئۇلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىلى ۋىلايىتىدە قوراللىق قوزغىلاڭ ئېلىپ بېرىش ھەمدە پۈتۈن شىنجاڭدىكى شېڭ شىسەيگە ۋە گومىنداڭغا قارشى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ تەشكىلات قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاش ۋە تەشۋىق قىلىش، ھەرىكەتلەندۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇلار دىنىي شەكىل، دىنىي پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى ئارىسىدا تەشۋىقات-تەرغىبات ئېلىپ باردى. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى فېئودال كۈچلەرنىڭ ۋەھشىيانە ئېكسپلاتاتسىيىسى ۋە زۇلۇمى تۈپەيلىدىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بارلىق كۈلپەتلەرنى «كاپىرلار» يەنى «خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى» كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەپ قاراشتىن ئىبارەت. شۇڭا، كىشىلەرنى خەنزۇلارغا قارشى تۇرىدىغان ۋە خەنزۇلارنى چەتكە قاقىدىغان «غازات» ئېچىپ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا چاقىردى. يۇقىرى تەبىقە زاتلار ۋە زىيالىيلار، ياش ئوقۇغۇچىلار، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئەسكەرلەر ئارىسىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى.

يۇقىرىقىدەك نۇرغۇن پائالىيەتلەر ئارقىلىق، غۇلجىدا ئىنقىلابىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ شارائىتى ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرلاندى. 1944-يىل 11-ئاينىڭ باشلىرىدا، غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ زور بىر تۈركۈمى ئالتاي ۋىلايىتىدە ئىسكەنجىگە ئېلىنغانلىقى، ئىلى ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق

قوشۇنلىرىنىڭ يېرىمىدەكى نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىغا جەلپ قىلىنغانلىقى، غۇلجىدىكى مۇداپىئە كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقىدەك ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، پات ئارىدا غۇلجىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈلدى:

بىرىنچى، غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى قوزغىلاڭ توغرىسىدىكى تەشۋىقات ۋە تەشكىلىي تەييارلىق خىزمىتى، بولۇپمۇ دىن ۋە مىللەتچىلىكتىن پايدىلىنىپ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى تېزلەتتى. 11-ئاينىڭ 5-كۈنى غۇلجىنىڭ كوچا-كوچىلىرىدا «يوقالسۇن خەلقنى ئەزگەن ھۆكۈمەت»، «مۇسۇلمانلار بىرلىشىپ خىتايلارنى، شەرقىي شىماللىقلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرايلى»، «ياشىسۇن ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى» دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇندىكى پلاكات ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىن مەخپىي يۆتكەپ كېلىنگەن قورال-ياراغ ۋە قوراللىق خادىملار غۇلجىغا كىرىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننى مەخپىي تەشكىللەش خىزمىتى تېزلىتىلدى.

ئىككىنچى، فاتىي ئىۋانوۋىچ لېسكىن كەڭسايدا تەشكىللىگەن پارتىزانلار ئەترىتى 11-ئاينىڭ 6-كۈنى لوسىگوڭ پەيچۇسوسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، گومىنداڭنىڭ رايون باشلىقىنى، پەيچۇسونىڭ سوجاڭىنى ۋە نەچچە ئون ساقچىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، 53 مىلتىقنى ئولجا ئالدى، لوسىگوڭ رايونىنى ئىشغال قىلدى. بۇ پارتىزانلار ئەترىتى ناھايىتى تېزلا 300 نەچچە ئادەمگە كۆپەيدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى غۇلجىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى ئىلىغا بارىدىغان بىردىنبىر تاشيول — ئۈرۈمچى-ئىلى تاشيولىنىڭ كەڭساي بۆلىكىنى ئۈزۈپ تاشلاشتىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، 11-ئاينىڭ 4-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ماسلىشىپ، ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن بىرلىشىپ، غۇلجىنى

ئىشغال قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۇلاستاي رايونىغا ئادەم ئەۋەتىپ، نىلقا پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. 11-ئاينىڭ 5-كۈنى نىلقا پارتىزانلىرى مازارغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، ئاز بىر قىسىم ئەسكىري كۈچىنى مازار جىلغا ئېغىزىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئەتىسى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى ئۈچ يولغا بۆلۈپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تايانچ نۇقتىلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تاغ ئارىسىدىكى چىغىر يوللار بىلەن غۇلجىغا قاراپ ئاتلاندى.

تۆتىنچى، 11-ئاينىڭ 6-كۈنى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندروۋ 60 نەچچە كىشىلىك قوراللىق قوشۇننى باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورغاسنىڭ چېگرىسىدىكى يېڭىتال ئارقىلىق يوشۇرۇن ھالدا غۇلجىغا كىردى. شۇ كۈنى كەچتە غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن ئۇچرىشىپ، 11-ئاينىڭ 7-كۈنى، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى خاتىرىلەش كۈنى غۇلجىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى بېكىتتى ھەمدە نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئالېكساندروۋنى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ مەسئۇلى قىلىشنى قارار قىلدى.

11-ئاينىڭ 7-كۈنى سەھەردە، غۇلجا قوراللىق قوزغىلىڭى رەسمىي باشلاندى. نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ 1-چولاق ئەترىتى سەيتىنىڭ باشچىلىقىدا، غۇلجىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى دۆڭمەھەللىدىن، 2-چولاق ئەترىتى غېنىنىڭ باشچىلىقىدا غۇلجىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قارادۆڭدىن، 3-چولاق ئەترىتى شۇتۇپ ئىۋان ۋە بايچۇرىنىڭ باشچىلىقىدا غۇلجىنىڭ شىمالىدىكى ئايرودرومدىن غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قوزغىدى. غۇلجا قوزغىلاڭچىلار زاپاس چولاق ئەترىتى (ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ۋە ئالېكساندروۋ باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى) غۇلجىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى ئالتىشوئار مەھەللىسىدىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىمۇ قولىغا تۈرلۈك قوراللارنى ئېلىپ قوزغىلاڭغا قاتناشتى. بىر كۈن كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، ئىلگىرى-كېيىن

بولۇپ سايىۋىى، ئالتىنشوئار مەھەللىسى، سۇلتانكۆۋرۈك، تېلېفون ئىدارىسىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە سايىۋىى كۆۋرۈكنى تىزگىنلەپ، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ساقچى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىگدېنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى ھەربىي-ساقچىلىرى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قوماندانلىق شتابى، سانائەت شىركىتى (يەنى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى) ۋە ۋالىي مەھكىمىسى قاتارلىق تايانچ نۇقتىلارنى جاھىللىق بىلەن ساقلىدى.

گومىنداڭنىڭ زاپاس 7-شىسىنىڭ سەنمۇجاڭى ساۋ رىلىڭ ئاچال ئېغىزى ۋە جىڭدا تۇرۇشلۇق 21-تۇەنگە غۇلجىغا كېلىپ ياردەم بېرىش ھەققىدە جىددىي تېلېگراممىا بەردى. 11-ئاينىڭ 8-كۈنى، پارتىزانلار بىلەن قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئاممىا يۇقىرىدا ئېيتىلغان جايلاردا گومىنداڭنىڭ ھەربىي - ساقچىلىرى بىلەن داۋاملىق كەسكىن جەڭ قىلدى. 11-ئاينىڭ 9-كۈنى، 21-تۇەننىڭ تۇەنجاڭى جياڭ شۇەنچۈەن تۇەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئەترەت، 1-يىڭ ۋە 3-يىڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرنى باشلاپ، مازار جىلغىسىدىن ئۆتۈپ غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى لەڭشاڭ بوتخانىسىنى ساقلاپ ياتتى. ئىلقا ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىلقا ناھىيە بازىرىنى تاشلاپ، غۇلجىغا ياردەمگە كەلدى. پارتىزانلار ۋە قوزغىلاڭچى ئاممىا يۇقىرىقى تايانچ نۇقتىلاردا گومىنداڭ ھەربىي-ساقچىلىرى بىلەن كەسكىن ئېلىشىش بىلەن بىرگە، 11-ئاينىڭ 9-كۈنى لىيسكىن باشچىلىقىدىكى لوسىگوڭ پارتىزانلىرى كەڭساي تاشىيولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، كەڭساي بىلەن لوسىگوڭلارنى كونترول قىلدى.

غۇلجا قوزغىلىڭى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلىرىنى قاتتىق چۆچۈتتى. جۇ شاۋليائڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىن جىددىي يىغىن چاقىرىپ ئىلى ۋەزىيىتى توغرىسىدا كېڭەشكەندىن كېيىن، زاپاس 7-شى 19-تۇەن 3-يىڭىغا غۇلجىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا؛ جىڭدىكى داخىيەنزىدە تۇرۇشلۇق 21-تۇەنگە بىر قىسىم ئەسكەرنى تەلكە ئېغىزىغا

ئەۋەتىپ، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بارىدىغان تاشيولنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىلىدا تۇرۇشلۇق قىسىملار بىلەن بولغان ئالاقىنى داۋاملىق ساقلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشنى جاكارلىدى ھەمدە ئەسكەر يۆتكەپ ئۈرۈمچى، شىخو قاتارلىق جايلارنىڭ مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى.

11-ئاينىڭ 10-كۈنى سەھەردە، نىلقا پارتىزانلىرى غۇلجا شەھىرىدىكى قوزغىلاڭچى قوراللىق كۈچلەر بىلەن ماسلىشىپ شەھەرنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. پارتىزانلار ئىككى يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ، 1-يۆنىلىشتىكى پارتىزانلار سىبىتىنىڭ باشچىلىقىدا 10-كۈنى ھەربىي قوماندانلىق شتابىنى ئىشغال قىلدى. سىبىت كەسكىن جەڭدە ئېغىر يارىلىنىپ، شۇ كۈنى كەچتە قۇربان بولغانلىقتىن، پارتىزانلار شۇتۇپ ئېۋان بىلەن ماناپقاننىڭ قوماندانلىقىدا 12-كۈنىگىچە جەڭ قىلىپ، غۇلجا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلدى. يەنە بىر يۆنىلىش پارتىزانلار غېنىنىڭ باشچىلىقىدا كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، 12-كۈنى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن سانائەت شىركىتىنى ئىشغال قىلدى. ئۇرۇش تازا كەسكىن بولۇۋاتقاندا، ئىلگىرى شىڭ شىسەينىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولغان پالىنوپ (ئاق رۇس) 60 نەپەر قوراللىق خادىم (ھەممىسى رۇسلار) نى باشلاپ ئىككى ئاپتوموبىل بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غۇلجىغا كىرىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى.

11-ئاينىڭ 7-كۈنى سەھەردىن باشلاپ ئالتە كۈن كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق 11-ئاينىڭ 12-كۈنى كەچ سائەت 8 گىچە، گومىنداڭ ھەربىي-ساقچىلىرىنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى بارلىق تايانچ نۇقتىلىرى پۈتۈنلەي پارتىزانلار ۋە قوزغىلاڭچى ئامما تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ ۋېي ئاز ساندىكى ھەربىي-ساقچىلارنى باشلاپ چاپچال ناھىيىسىگە قاراپ قاچتى، كېيىن يەنە كۆرەڭگە قېچىپ بېرىۋالدى. گومىنداڭنىڭ قالغان ھەربىي-ساقچىلىرى،

ھەرقايسى جايلاردىن قىچىپ كەلگەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرى، شۇنىڭدەك بىر قىسىم خەنزۇ ئاممىسى بولۇپ 8000دىن كۆپرەك ئادەم شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ھەرەمباغ ئېگىزلىكىگە چېكىنىپ، ئايرودروم، ھاۋا ئارمىيىسى جياۋداۋدۈي ۋە لەڭشاڭ بۇتخانىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تايانچ نۇقتىنى مۇستەھكەم ساقلاپ ياردەم كۈتۈپ ياتتى. شۇنىڭ بىلەن غۇلجا قوزغىلىڭى دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبىگە ئېرىشتى.

# ئىككىنچى باب
# ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى

## بىرىنچى پاراگراف ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئازاد بولۇشى

### 1. ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى

قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى غۇلجا شەھرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىگەندىن كېيىن، دەرھال يېڭى ھاكىمىيەت تەشكىللەشكە تۇتۇش قىلدى. 1944-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى ئېلىخان تۆرە، ھاكىمبەگ خوجا، ئابدۇرۇپ مەخسۇم، رەھىمجان

سابىرھاجى، مۇھەممەتجان مەخسۇم، ئابدۇكېرىم ئاببباسوپ، خەبىپ يۇنىچىپ، ئەنۋەر مۇسابايوپ، پاۋىل پاپولوۋىچ موسكالىيوپ، ئوبۇلخەيرى تۆرە، پوجە ئامبال، جانى يولداش، سالىجانباي باباجان، ئابدۇلمۇتالى خەلپەت، پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندۇروپ، غېنى قاتارلىق 16 كىشىدىن تەركىب تاپتى. ئىلىخان تۆرە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە، ھاكىمبەگ خوجا مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، ئابدۇرۇپ مەخسۇم باش كاتىپلىققا سايلاندى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە بۆلۈك ئادەملەردىن تەركىب تاپتى: بىرىنچى بۆلۈكتىكىلەر ئابدۇكېرىم ئاببباسوپ قاتارلىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە سوۋېت ئىنتىپاقى ئىنقىلابىي ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى ئالغان تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار، ئۇلار ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتە ناھايىتى ئاز ساندا بولۇپ، چوڭ رول ئوينىشى قىيىن ئىدى؛ ئىككىنچى بۆلۈكتىكىلەر ئىلىخان تۆرە، ئابدۇلمۇتالى خەلپەت قاتارلىق ئىسلام دىنى يۇقىرى تەبىقە دىنىي زاتلىرى ۋە ھاكىمبەگ خوجا، ئوبۇلخەيرى تۆرە، جانى يولداش قاتارلىق ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى پومېشچىك، چارۋىدار، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپىدىكى يۇقىرى تەبىقە زاتلار؛ ئۈچىنچى بۆلۈكتىكىلەر رەھىمجان سابىرھاجى، ئەنۋەر مۇسابايوپ، ئابدۇرۇپ مەخسۇم، مۇھەممەتجان مەخسۇم قاتارلىق بۇرژۇئازىيە ئىدىيىۋى خاھىشى بار سودا-سانائەتچىلەر ئىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىك تەركىبىدىكىلەرنىڭ زور بىر قىسمى فېئودال ئېكسپىلاتاتورلار سىنىپى ۋە دىنىي يۇقىرى تەبىقە زاتلار بولغاچقا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت «دۆلەت بايرىقى»نىڭ تېگى يېشىل، ئوتتۇرىسى سېرىق ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇزلۇق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى، بۇ روشەن ئىسلام دىنى بەلگىسىگە ئىگە بايراق ئىدى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى مۇنداق بېكىتتى:

(1) شەھەر، يېزىلارنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە ۋە جايلاردا ئۇرۇش قىلىدىغان قوراللىق كۈچلەرگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىپ، پارتىزانلار

ئەترىتىنىڭ ھەربىي تەمىناتى ۋە ماددىي ئەشيالىرىنى بىر تۇتاش ھەل قىلىش؛

(2) گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۇلارنى يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مال-مۈلكى قىلىپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە ئاساسىنى تۇرغۇزۇش؛

(3) شەھەرلەرنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى يەنە پارتىزانلار ئەترىتى باش قوماندانلىق شتابى قۇرۇشنى، پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندروۋنى ئۇنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى. گومىنداڭ ئارمىيىسى ھەرەمباغ قاتارلىق جايلارنى مۇستەھكەم ساقلاپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ياردەم كۈتۈپ تۇرغانلىقى، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قورغاس، سۈيدۈڭ، كۈرە قاتارلىق جايلار يەنىلا گومىنداڭ ھەربىي-ساقچىلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، باش قوماندانلىق شتابى تۆۋەندىكىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

(1) گومىنداڭ ئارمىيىسىنى بۆلۈپ قورشاۋغا ئېلىپ، يىل ئاخىرىغىچە گومىنداڭنىڭ ئىلى رايونىدىكى قوراللىق كۈچلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل تازىلاش؛

(2) ئاچال، كەڭساي ۋە گومىنداڭ ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىش ئېھتىمالى بولغان جايلاردا مۇداپىئە خىزمىتىنى كۈچەيتىش؛

(3) جايلاردا چېچىلىپ تۇرۇۋاتقان پارتىزانلار ئەترەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، تەرتىپكە سېلىش؛

(4) گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى جايلارغا رازۋېدكا قىسمىنى ئەۋەتىپ، كىچىك كۆلەمدىكى پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەپ، شۇ جايدىكى خەلقنى گومىنداڭغا قارشى چىقىشقا قوزغاپ، گومىنداڭنى ئىلىغا ياردەمگە ئەۋەتىدىغان قوشۇننى كۆپەيتەلمەيدىغان قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھۇجۇمنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئىلى ۋىلايىتىدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنى يوقىتىش.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى فۇنكسىيىلىك ئاپپاراتلار، تارماقلار

ۋە نازارەت، ئىدارىلەر قەدەممۇ قەدەم قۇرۇلغان. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قارمىقىدا نازارەت، ئىدارە قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش توغرىسىدىكى 1-نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، خەبىب يۇنىچىپنىڭ مائارىپ نازارىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە مەسئۇل بولۇشىنى؛ ئەنۋەر مۇسابايوپنىڭ مالىيە نازارىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە مەسئۇل بولۇشىنى؛ ئوبۇلخەيرى تۆرىنىڭ چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە مەسئۇل بولۇشىنى؛ سالىجانباي باباجاننىڭ دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق-سۇچىلىق ئىدارىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە مەسئۇل بولۇشىنى؛ ئابدۇلمۇتالى خەلپەتنىڭ دىنىي ساھەدىكى مۆتىۋەر زاتلاردىن تەركىب تاپقان دىنىي ئىشلار نازارىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە مەسئۇل بولۇشىنى؛ مۇھەممەتجان مەخسۇمنىڭ ئالىي سوت مەھكىمىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە مەسئۇل بولۇشىنى قارار قىلدى.

ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ بىرىنچى قول مەسئۇللۇقىنى ئاساسىي جەھەتتىن يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى يۇقىرى تەبىقە زاتلار ئۈستىگە ئالدى، مۇئاۋىنلىقىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن ئادەملەر ئۈستىگە ئېلىپ، ئەمەلىي ھوقۇقنى قولىغا ئالدى. ھەرقايسى ئاپپاراتلار قۇرۇلۇپلا دەرھال خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى.

11-ئاينىڭ 17-كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتى «ئازاد شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» گېزىتخانىسى قۇرۇلدى. خەبىب يونىچىپ گېزىتخانىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. شۇ كۈنى مەزكۇر گېزىتنىڭ ئۇيغۇرچە، قازاقچە، رۇسچە، خەنزۇچە (گېزىتنىڭ خەنزۇچە نامى «ئەركىن شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» دەپ ئاتالدى) تۆت خىل يېزىقتىكى نەشرى غۇلجىدا رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

11-ئاينىڭ 18-كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ نازارىتى رەسمىي قۇرۇلدى، خەبىب يونىچىپ نازىرلىققا، سەيپىدىن ئەزىزى مۇئاۋىن نازىرلىققا تەيىنلەندى.

11-ئاينىڭ 20-كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەۋقۇلئاددە ھەربىي سوت قۇرۇپ، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش قاتارلىق خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەمدە نورمال تۇرمۇشىغا خەۋپ يەتكۈزگەن دېلولارنى بىر ياقلىق قىلىشقا مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ سوت 1945-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى كۈرەگە باستۇرۇپ كىرىپ، بىر مۇنچە بىگۇناھ خەنزۇ ئاممىسىنى ئۆلتۈرگەن لاتىپقا ئۆلۈم جازاسى بەردى.

11-ئاينىڭ ئاخىرى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىچكى ئىشلار نازارىتى قۇرۇپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپنى نازىرلىققا تەيىنلىدى. ئىچكى ئىشلار نازارىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئاببباسوپ بەزى جايلاردا ئۆزلۈكسىز كۆرۈلگەن خەنزۇ ئەسىرلەرنى ۋە ئاممىسىنى ئۆلتۈرۈش، خەنزۇ ئاممىسىنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاش، خەنزۇ ئاياللىرىنىڭ نومۇسىغا تېگىش ۋەقەلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىچكى ئىشلار نازارىتىدىكى خىزمەتچىلەرگە تەدبىر قوللىنىپ، بۇ خىل ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى تېزرەك چەكلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى؛ ئىچكى ئىشلار نازارىتى نامىدىن غۇلجا، قورغاس، چىڭسىخوزا، لوسىگۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى خەنزۇ ئاممىسىغا قوغدىنىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى؛ بەزى خەنزۇ ئاممىسىنى ئىسمىنى ئاتاپ قويۇپ بەردى، بەزى خەنزۇ زاتلارنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ قوغدىدى. بەزى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ خەنزۇ ئاممىسىنى قوغدىدى.

بۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە دىنىيە نازارىتى قۇرۇلدى، ئابدۇلمۇتالى خەلپەت نازىرلىققا، جاپپار ھاجى مۇئاۋىن نازىرلىققا تەيىنلەندى، مۇھەممەتجان مەخسۇم ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، زىرىپ قارى ھاجى ئالىي مەھكىمە شەرئىيە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى ھەمدە ئازاد قىلىنغان ھەرقايسى ناھىيىلەردە مەھكىمە شەرئىيىلەر ئارقا-ئارقىدىن تەشكىللەندى. ئابدۇكېرىم ئاببباسوپ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، قاسىمجان قەمبىرى سەھىيە

نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەندى؛ ئوبۇلخەيرى تۆرە چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى؛ ھۈسەيىن تارانوپ دۆلەت بانكىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى؛ ئەنۋەر مۇسابايوپ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، فاتىخ ئاللايار بىلەن ئوسمان كىبىروپ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلەندى. مالىيە نازارىتىنىڭ قارمىقىدىكى ئىشخانا، مالىيە، پۇل-مۇئامىلە ئىدارىسى، ھەربىي لاۋازىمەت ئارقا سەپ تەمىنات ئىدارىسى، ئىچكى - تاشقى باش باج ئىدارىسى، دۆلەت مال - مۈلكى ۋە ماددىي ئەشياسىنى ستاتىستىكا قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى، دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق-سۇچىلىق ئىدارىسى، سودا-سانائەت ئىدارىسى، پوچتا-تېلېگراف، خەۋەرلىشىش ئىدارىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى ھەمدە ئىچكى-تاشقى باش باج ئىدارىسىنىڭ 10-كۈنىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشىدىغانلىقى ھەمدە ھەرقايسى ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرىنى، مۇۋاپىق جايلاردا رايون دەرىجىلىك باج پونكىتلىرىنى تېزرەك قۇرۇپ چىقىدىغانلىقى، يېڭى باج نىزامىنى تۈزۈپ چىققۇچە بۇرۇنقى باج يىغىش ئۇسۇلى بويىچە باج يىغىدىغانلىقى، ھەر كۈنلۈك باج كىرىمىنى شۇ كۈنى دۆلەت بانكىسىغا تاپشۇرىدىغانلىقى؛ شۇنىڭدەك ئىچكى-تاشقى سودىغا دائىر باج يىغىش ئۇسۇلى، دائىرىسى ۋە باج سوممىسىنى تۈزۈپ چىقىدىغانلىقى قارار قىلىندى.

1945-يىل 1-ئاينىڭ 7-كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى 5-نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، باش قوماندانلىق شتابىنى ھەربىي ئىشلار نازارىتىگە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى، پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندروۋنى نازىرلىقىغا، رەھىمجان سابىرھاجىنى مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتىنى قۇرۇپ، جانى يولداشنى مۇدىرلىقىغا، ۋاققاس ھاجى مىرشانوپ، زۇنۇن تېيىپوپنى مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. ئەسلىدە مالىيە نازارىتىگە قاراشلىق دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق-سۇچىلىق ئىدارىسىنى ئايرىپ چىقىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق يەر-سۇ نازارىتىنى قۇردى، سالىجانباي باباجاننى نازىرلىقىغا، مەخمۇت نىيازنى مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلىدى.

3-ئاينىڭ 13-كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم قارار ماقۇللىدى، يەنى ۋاققاس ھاجى مىرشانوپنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاپ كىرگۈزۈش؛ خەبىپ يونىچىپ ۋاپات بولغانلىقتىن، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى سەيپىدىن ئەزىزى ئۈستىگە ئېلىش؛ ھۈسىيىن ناسىروپنى «ئازاد شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەش؛ زۇنۇن تېيىپوپنى ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش؛ ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى رەھىمجان سابىرھاجى ئۈستىگە ئېلىش، موسكاليوپ بىلەن نەبىجاننى مۇئاۋىن نازىرلىققا تەيىنلەشنى قارار قىلدى ھەمدە مىللىي ئارمىيىنىڭ رەھبەرلىرىنى تەيىنلىدى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ تارماقلىرى، نازارەتلىرىدە مەسلىھەتچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، مۇھسىننى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە، گرىپكىننى مالىيە نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە، ئەلىنى ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە، سۇلايمان روزىبىيوپنى ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە، ئابدۇللايوپنى مائارىپ نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە، زەپەر داموللىنى دىنىيە نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە، ئۆمەرنى دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق-سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلىدى. 11-ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋلادىمىر كوزلوپ ۋە ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ باشچىلىقىدىكى ئىككى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنى غۇلجىغا كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ، 1-نومۇرلۇق ئۆي ۋە 2-نومۇرلۇق ئۆي دېگەن مەخپىي نام بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ-چوڭ سىياسىي، ھەربىي تەدبىرلىرىنى بېكىتىشكە ۋە ئىجرا قىلىشقا قاتناشتۇردى.

بۇنىڭ بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى فۇنكسىيىلىك

ئاپپاراتلار ئاساسەن قۇرۇلۇپ بولدى.

ھەربىي كۈرەشنىڭ غەلىبىلىك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتمۇ پارتىزانلار ئالغان جايلاردا ئارقا-ئارقىدىن ناھىيە دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى تەسىس قىلدى، دەسلەپتە ھاكىم مەھكىمىسى دەپ ئاتىغاندى، كېيىن ھاكىم مەھكىمىسىنىڭ نامىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئۆزگەرتىش، ھاكىمنى ناھىيە باشلىقى دەپ ئاتاشنى قارار قىلدى.

1944-يىل 11-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تېيىپئاخۇن غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، چاڭ دېشەن چاپچال ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ئوسمان چوبان نىلقا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا (ئۇزۇن ئۆتمەي فاتىخ موسلىموپ نىلقا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى)، توق خوجا تېكەس ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ئىچىر ئامبال موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، يىرىبېك كۈنەس ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، مۇھەممەت ھاجى قورغاس ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، جانپولات سورت توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ئابدۇللا ھاجى سۈيدۈڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ھاشىم ئوسمان بورتالا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، بۇدۇجاپ بۇجا ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى. 1945-يىل 8-ئايدا چياڭ زىدې يۇلتۇز (بۇگۇنكى بايىنبۇلاق) ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى. 9-ئايدا ئابدۇللا ۋەلى جىڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەردە ناھىيە دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلەر پۈتۈنلەي قۇرۇلۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

1945-يىل 1-ئاينىڭ 5-كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى 4-سانلىق يىغىنىدا توققۇز تۈرلۈك خىتابنامىنى ماقۇللىدى:

«(1) شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا جۇڭگونىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى تۈپ يىلتىزىدىن ئۈزۈل-كېسىل قومۇرۇپ تاشلاش؛

(2) شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى باپباراۋەر

بولۇش ئاساسىدا ھەقىقىي ئەركىن، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش؛

(3) شەرقىي تۈركىستاننى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە خۇسۇسىي سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش؛

(4) شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغانلىقتىن، بۇ دىننى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا دىنلارغىمۇ ئەركىنلىك بېرىش ۋە ئۇلارنى قوغداش؛

(5) مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ساقلىقنى ساقلاش، سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش؛

(6) دۇنيادىكى ھەرقايسى دېموكراتىك ئەللەر، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ قوشنىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالاقىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش؛

(7) شەرقىي تۈركىستاننىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىدىن ئەسكەر ئېلىپ قۇدرەتلىك ھەربىي قوشۇن تەشكىللەش؛

(8) بانكا، پوچتا، تېلېفون، تېلېگراف، ئورمان ھەمدە بارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش؛

(9) دۆلەت ئورگان خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا شەخسىيەتچىلىك، بيۇروكراتلىق، مىللەتچىلىك ۋە خىيانەت قىلىپ چىرىكلىشىشتەك ناچار ئىللەتلەرنى تۈگىتىش.»①

بۇ خىتابنامە ئەمەلىيەتتە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 67 — 68-بەتلەر.

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئىلى خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى باشلىنىش بىلەنلا شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇم سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئىنقىلابىي كۈرەش بولدى، مانا بۇ — ئىلى خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىدىكى ئاساسلىق تەرەپ. لېكىن، ئەينى چاغدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئاساسلىقى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى فېئودال ئېكسپىلاتاتورلار سىنىپى ۋە دىنىي يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنىڭ قولىدا بولغانلىقى، بۇلارنىڭ بەزىلىرى پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ۋە مىللىي بۆلگۈنچى ياكى يات مىللەتنى چەتكە قېقىش ئىدىيىۋى كەيپىياتى كۈچلۈك بولغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا يېقىنقى زاماندىن بۇيان، شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى مىللەتلەرنى ئېزىشتەك ئەكسىيەتچىل سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ھەر مىللەت ئارىسىدا چوڭقۇر ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىلى ئىنقىلابى باشلانغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالغان ئاز ساندىكى پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر خەلقنىڭ شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىدىن كۈچلۈك نارازى بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئازادلىقنى ئۇلغايتىپ، مىللىي قارشىلىشىش ھەتتا ئاداۋەت بىلەن ئۆزئارا قىرىشىشنى پەيدا قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇپ، شىنجاڭنى ۋەتەندىن ئايرىپ چىقىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ئادەتتىكى ئامما ماركسىزم-لېنىنىزملىق سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىنى تەتبىق قىلىپ، خەنزۇلار ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلارنى كەڭ خەنزۇ ئاممىسىدىن پەرقلەندۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەددەپ مىللەتچىلىكتىن پايدىلىنىپ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرەش قوزغىدى. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلىپىدە بىرقانچە چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردە پرىنسىپال خاتالىق سادىر بولدى.

بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىپ، شىنجاڭدىكى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇپ، شىنجاڭنى ۋەتەندىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇندى.

ئىككىنچى، پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى ھەدەپ تەرغىب قىلىپ، مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى قوزغىتىپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ ۋە ئۇلارنى چەتكە قېقىپ، ئىلى قاتارلىق جايلاردا بىگۇناھ خەنزۇ خەلقىنى قىرىش، بۇلاش ۋە خەنزۇ ئاياللىرىنىڭ نومۇسىغا تېگىشتەك ئېغىر ۋەقەلەرنى پەيدا قىلدى.

ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ سىياسىي زۇلۇمى ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيىسىگە ئۇچراش ئەھۋالىنى ماھىيەت جەھەتتىن يەڭگىللىتەلمىدى ۋە ياخشىلىيالمىدى، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى يەنىلا ئۆز مىللىتىدىن بولغان فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسى ۋە زۇلۇمىدىن قۇتۇلالمىدى.

بۇ خىل ئېغىر خاتالىقلار ئىنقىلابنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك تەركىبىدە ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن، تەدرىجىي تۈزىتىلىشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىلەرنىڭ تۈپتىن ھەل قىلىنىشى يەنىلا تاكى 1949 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئىشقا ئاشتى.

## 2. ئىلى تەۋەسىنىڭ پۈتۈنلەي ئازاد قىلىنىشى

(1) «قورشاپ يوقىتىش» بىلەن «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش

1944-يىل 11-ئاينىڭ 14-كۈنى، گومىنداڭ 29-جىتۈەنجۈنىنىڭ باش قوماندانى قوشۇمچە يېڭى 2-جۈننىڭ جۈنجاڭى لى تيېجۈن قومۇلدىن

ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئىلىدىكى «توپىلاڭچىلارنى تازىلاش» ئىشىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى. شۇ كۈنى 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ باش قوماندانى جۇ شاۋلياڭ ئۈرۈمچىدە جىددىي ھەربىي ئىشلار يىغىنى ئېچىپ، بەش يولغا بۆلۈنۈپ غۇلجىغا يۈرۈش قىلىپ، ھەرەمباغ ئېگىزلىكىدىكى قورشاۋدا قالغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىپ، غۇلجىنى قايتۇرۇۋېلىشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ پىلانى مۇنداق ئىدى: بىرىنچى يول: يېڭى 45-شىدىكى تۈەنجاڭ خۇ ۋېنسى ئۆزىگە قاراشلىق كۈچەيتىلگەن بەش ليەن ئەسكەرنى باشلاپ ئۈرۈمچى-ئىلى تاشيولىنى بويلاپ كەڭسايغا كىرىپ، كەڭساي تاغ ئېغىزى بىلەن تەلكە ئېغىزىنى ساقلاۋاتقان ئىككى كۈچەيتىلگەن يىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، سۈيدۈڭگە يۈرۈش قىلىپ، سۈيدۈڭنى ساقلاۋاتقان قىسىملار بىلەن بىرلىكتە غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش. ئىككىنچى يول: كۈچەيتىلگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر يېڭى شىخو-جىڭ تاشيولى بىلەن ئاچال تاغ ئېغىزىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋاتقان قىسىملار بىلەن بىرلىكتە غۇلجىغا شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش. ئۈچىنچى يول: كۈچەيتىلگەن ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر ليەنى قاراشەھەردىن يولغا چىقىپ، نارات داۋىنىدىن ئۆتۈپ، غەربىي جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، توققۇزتارا ئارقىلىق غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش. تۆتىنچى يول: كۈچەيتىلگەن بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر يېڭى ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ مۇزات داۋىنىدىن ئۆتۈپ، موڭغۇلكۈرەنى ئىشغال قىلىپ، جەنۇب تەرەپتىن غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش؛ بەشىنچى يول: كۈچەيتىلگەن بىر يىڭ ئارىشاڭدىن يولغا چىقىپ، ئاقسۇ داۋىنىدىن ئېشىپ داشكۆلگە بېرىپ، قورغاس ناھىيە بازىرىدا تۇرۇۋاتقان قىسىملار بىلەن ئۇچرىشىپ، غەربىي شىمال تەرەپتىن غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش. شۇ چاغدا زىمىستان قىش مەزگىل يېتىپ كىرگەن بولۇپ، تاغ يوللىرى قار-مۇز بىلەن توسۇلۇپ كەتكەچكە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاراشەھەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن تەڭرىتاغنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئىلى ۋىلايىتىگە كىرىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، پەقەت جىڭ ۋە بورتالا، ئارىشاڭ قاتارلىق جايلاردىن تەڭرىتاغنى ئاتلاپ بارىدىغان بىرىنچى، ئىككىنچى، بەشىنچى يول پىلانىنىلا يولغا قويغىلى

بولاتتى. 15-كۈنى جۇ شاۋلياڭ زاپاس 7-شى شتابى بىلەن بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىم ھەمدە يېڭى 45-شى 3-تۇەنى (بىر يىڭ كەم) گە جەڭ ماشىنىلىرى كالونى ۋە ئۇدۇل ئېتىلىدىغان ئىككى زەمبىرەك بىلەن شىجاڭ لى يۇشياڭنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىدا ئۈرۈمچىدىن ئاپتوموبىللىغا ئولتۇرۇپ، ئاۋۋال جىڭخا بېرىپ، ئاندىن ئىككى ئەترەتكە بۆلۈنۈپ پىيادە داخېيەنزە ئارقىلىق ئاچالدىن ئۆتۈپ غۇلجىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 16-كۈنى 8-ئۇرۇش رايونى قوماندانلىق شتابى ئۆز قارمىقىدىكى ھاۋا ئارمىيىسى باش پونكىتىغا جىڭدا ئايرودروم ياساپ، قۇرۇقلۇقتىكى قىسىملارنىڭ غۇلجىغا ياردەم بېرىش ئۇرۇش ھەرىكىتىگە ماسلىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 22-كۈنى جۇ شاۋلياڭ زاپاس 7-شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى دۇ دېفۇنى يەنە بىر قېتىم ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا ئەۋەتتى، دۇ دېفۇ غۇلجا ئايرودرومىدا ساۋ رىلىڭ، پېڭ جۇنيې، جياڭ شەنچۈەن قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشمە ھەربىي قوماندانلىق شتابى تەشكىللەپ، غۇلجىدىكى ھەرەمباغ ئېگىزلىكىدە تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ھەربىي-ساقچىلىرىنىڭ پارتىزانلار ۋە قوزغىلاڭچى ئاممىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلدى، ئەسكىرىي كۈچلەرنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇپ، قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ، ياردەم كۈتتى ھەمدە ياردەمچى قوشۇننىڭ غۇلجىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ماسلاشماقچى بولدى.

گومىنداڭ دائىرىلىرى ھەربىي ئىشلار جەھەتتە «قورشاپ يوقىتىش» نى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسىي جەھەتتە تەسەللى بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مۇقىملاشتۇرماقچى بولدى. 11-ئاينىڭ 17-كۈنى، ۋۇ جۇڭشىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 71-سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش، شىنجاڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى دېڭ شياۋخەي مۇدىرلىقىدا، ئەلەن ۋاڭ، نەزىر، لولىبېۋلارنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدا، خۇ تىڭۋېينىڭ باش كاتىپلىقىدا «جارچى-سىلاۋچىلىق ھەيئىتى» قۇرۇپ، شەرقىي يول، غەربىي يول،

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قاراشەھەردىن ئىبارەت ئالتە چوڭ ئەترەتكە بۆلۈنۈپ جايلارغا بېرىپ جارچى-سىلاۋچىلىق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش قارار قىلىندى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دىپلوماتىيە جەھەتتە 11-ئاينىڭ 11-كۈنى ۋۇ جۇڭشىن بىلەن جۇ شاۋلياڭ بىرلىكتە جياڭ جيېشىغا تېلېگراممىدا يوللىدى. تېلېگراممىدا: ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۆزۈل-كېسىل تەڭشەشنىڭ ئامالىنى قىلمىساق، ئىلى ۋەقەسىدەك ۋەقەلەر كەينى-كەينىدىن چىقىپ تۇرىدۇ-دە، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ۋەزىيىتىمۇ مۇقەررەر ئوساللىشىپ كېتىدۇ، دېيىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى دۆلەت چېگرىسىنىڭ بۇرۇنقىدەك تىنچ بولۇشى توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە دەپ قويۇشنى ۋاشىنگتون تەرەپكە ھاۋالە قىلىشنى تەكلىپ قىلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى بىلەن ھەقىقىي يوسۇندا كېڭىشىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئادەتتە يېقىن بولۇپ كېلىۋاتقان خادىملارنى تېزرەك شىنجاڭغا ئەۋەتىشنى ئۆتۈندى.① 14-كۈنى جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىنغا تېلېگراممىدا قايتۇرۇپ، ليۇ زېرۇڭنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى قىلىپ تەيىنلەشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 12-ئاينىڭ 20-كۈنى ليۇ زېرۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان دىپلوماتىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

ئىلى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، گومىنداڭنىڭ ھەربىي ئىشلار پىلانى بىلەن سىياسىي جەھەتتە جارچى-سىلاۋچىلىق ئۇسۇلىغا قارىتا

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 44-بەت.

مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللاندى:

بىرىنچى، غۇلجا شەھىرىدە ئىككى پارتىزانلار چولق ئەترىتى (بۇنىڭ بىرى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەترىتى) قۇرۇش، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھەرەمباغ ئېگىزلىكىدىكى قورشاۋدا قالغان گومىنداڭ قالدۇق كۈچلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىپ، دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ ھاۋادىن ياردەم بېرىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، دۈشمەننىڭ قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىشىدىن ساقلىنىپ، قورشاۋنى تەدرىجىي كىچىكلىتىپ، دۈشمەننى قاتتىق چارچىتىپ ئاندىن يوقىتىش.

ئىككىنچى، بىر پارتىزانلار چولق ئەترىتى (بۇنىڭ يېرىمى ئاتلىق ئەسكەر) تەشكىللەپ، سۈيدۈڭ ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارتىزانلارغا ياردەم بېرىش. بۇنىڭ ۋەزىپىسى: ئاۋۋال قورغاس، سۈيدۈڭ، كۈرەدىن ئىبارەت ئۈچ تايانچ پونكىتنى ساقلاپ ياتقان دۈشمەننى پارچىلاپ قورشاۋغا ئېلىپ، ئاندىن بىر-بىرلەپ يوقىتىش. شەھەر بازارلىرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، يېڭى ئەرتەينى ساقلاۋاتقان قوراللىق كۈچلەرنىڭ جەڭ قىلىشىغا ماسلىشىپ، كەڭساي تاشيولىنى قاتتىق ساقلاش؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان تاشيول قاتناش لىنىيىسىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىدىغان ياردەمنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش.

ئۈچىنچى، بىر چولق ئەترەت قۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇم نىشانى بولۇپ تۇرۇۋاتقان تەلكە داۋىنىدىكى پارتىزانلارغا ياردەم بېرىش. ئاساسلىق ۋەزىپىسى: تەلكە داۋىنىنى قاتتىق ساقلاپ ھەمدە ئاقسۇ داۋىنىنى ئىگىلەپ، ئارشاڭ بىلەن بورتالا ناھىيە بازارلىرىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش.

تۆتىنچى، بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر چوڭ ئەترىتى تەشكىللەپ ئاچال ئېغىزىنى ساقلاپ تۇرغان پارتىزانلارغا ياردەم بېرىش، بۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: ئاچال ئېغىزىنى مەركەز قىلىپ، قوشئەمچەك، كۆكۈرچىن داۋىنىنى قامال قىلىپ ھەمدە كۈچ تەشكىللەپ، جىڭ، داخىيەنزە قاتارلىق جايلاردا پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش.

بەشىنچى، كۈنەس، تېكەس، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق جايلاردىكى خەلقنى مۆزات داۋىنىنى ساقلاشقا، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئىلگىرى قىلىشىدىن ساقلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىش.

ئالتىنچى، ئازاد رايونلاردا ئامىنى ئارمىيىگە قاتنىشىش ۋە ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىش. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى، ئۈرۈمچى، ماناس، شىخو قاتارلىق جايلاردا پارتىزانلىق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ھەمدە تارباغاتاي، ئالتاي، تاشقورغان قاتارلىق جايلاردىكى پارتىزانلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلاردا پارتىزانلىق پائالىيىتىنى ئىرىشىپ قانات يايدۇرۇش ۋەھاكازالار.

قىسقىسى، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسلىق ھەربىي ئىشلار ھەرىكەتلىرى پائال كۈچ تەشكىللەپ، ھەرەمباغ ئېگىزلىكىنى قاتتىق مۇداپىئە بىلەن قوغداۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش؛ كەڭساي تاشيولىنى ھەمدە شىمالدا جەڭگە تۇتىشىدىغان ھەرقايسى تاغ ئېغىزلىرىنى زور كۈچ بىلەن قامال قىلىپ، ئىلىغا ياردەمگە كېلىدىغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ يولىنى توسۇش؛ قورغاس، سۈيدۈڭ، كۈرەنى ساقلاپ ياتقان گومىنداڭ ھەربىي-ساقچىلىرىنى تېزلىكتە يوقىتىشتىن ئىبارەت.

(2) قورغاس، سۈيدۈڭ، كۈرەلەرنى ئىشغال قىلىش جەڭلىرى

قورغاس، سۈيدۈڭ، كۈرە قاتارلىق شەھەر - بازارلارنى ساقلاپ ياتقان گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 1-شىسىنىڭ بىر تۈەنى، ئامانلىق ساقلاش 4-تۈەنىنىڭ سەككىز ليەنى ۋە بىر ليەن ساقچىغا تۈەنجاڭ چېن يۈلياڭ بىلەن ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ ۋېي قاتارلىقلار قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ئەسكىرىي كۈچى ھەرەمباغ ئېگىزلىكىگە قارىغاندا ئاجىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ تايانچ پونكىتتا يەكke-يېگانە قورشاۋدا قالغانىدى. ئەگەر بۇ ئۈچ تايانچ پونكىتتىكى دۈشمەن يوقىتىلمىسا، شىمال تەرەپتە كەڭساي تاشيولىدىكى توسۇپ زەربە بېرىشكە پايدىسىز بولۇپلا

قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غۇلجىغا تۇتىشىدىغان تاشيولنىڭ ئۈزۈپ تاشلىنىشى مۇمكىن ئىدى، بۇنداق بولغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىدىغان ھەربىي ياردەم ئوڭۇشلۇق يېتىپ كېلەلمەيدۇ-دە، ئىلىنىڭ پۈتكۈل ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، 11-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باش قوماندانلىق شتابى لوسىگوڭدا شۆبە قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، غۇلجىدىن بىر پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىنى ئەۋەتىپ، لوسىگوڭ پارتىزانلىرى ئەترىتى، سۈيدۈڭ پارتىزانلىرى ئەترىتى، خۇيزۇ پارتىزانلىرى ئەترىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۆت چوڭ ئەترەت قىلىپ تەشكىللەش، ھەربىر چوڭ ئەترەتتە 400 چە ئادەم بولۇشنى، بۇ ئەترەتكە ئايرىم-ئايرىم ھالدا موگۇتنوپ، مەنسۇر لومىيوپ، مەخپىرتوللا ۋە پالتىيوپ باشلىق بولۇشنى قارار قىلدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئاۋۋال قورغاس ناھىيە بازىرى، سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرى، كۈرە بازىرىدىكى گومىنداڭ قوشۇنىنى پارچىلاپ قورشاۋغا ئېلىپ، دۈشمەننى ئۆز ئارا ياردەم بېرەلمەيدىغان قىلىپ قويۇش.

11-ئاينىڭ 20-كۈنى تاڭ سەھەردە، سوۋېت ئىتتىپاقلىق ھەربىي مەسلىھەتچى گېنېرال كوزلوپ قوماندانلىقىدا موگۇتنوپ پارتىزانلار چوڭ ئەترىتى قورغاس ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. تۆت سائەت كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، مۇداپىئەدىكى دۈشمەن قوشۇنىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، قورغاس ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا پارتىزانلار ئۈچ يولغا بۆلۈندى. بىرىنچى يول كەڭساي تاشيولىنى قامال قىلىۋاتقان پارتىزانلارغا ياردەمگە ماڭدى، ئىككىنچى يول غۇلجىغا بېرىپ ئايرودرومغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى، ئۈچىنچى يول موگۇتنوپنىڭ باشچىلىقىدا سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى.

سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىنى گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 1-شىسىدىكى ئىككى لىيەن بىلەن ئامانلىق ساقلاش 4-تۈەنىدىكى بىر لىيەن ئەسكەر قوغداۋاتاتتى. غۇلجا قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئۇلار دەرھال شەھەر مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، بىرقەدەر تولۇق مۇداپىئە تەييارلىقى

كۆردى. 11-ئاينىڭ 19-كۈنى مەنسۇر لومىيوپىنىڭ خۇيزۇ پارتىزانلار چوڭ ئەترىتى سۈيدۇڭ ناھىيە بازىرىنى قورشىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. 11-ئاينىڭ 20-كۈنى موگۇتنوپ پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىنىڭ بىر قىسمى سۈيدۇڭگە كېلىپ، خۇيزۇ پارتىزانلار بىلەن ئۇچرىشىپ، 12-ئاينىڭ 3-كۈنى ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. سۈيدۇڭ بازىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپمۇ شەھەرنى ئالغىلى بولمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىسى كوزلوپ ھەربىي ئىشلار يىغىنى ئېچىپ، يەر ئاستى يولى بىلەن پارتلاتقۇ دورا قويۇپ شەھەر سېپىلىنى پارتلىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق شەھەرنى ئېلىشنى قارار قىلدى. 12-ئاينىڭ 25-كۈنى پارتىزانلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇش قىسمىنىڭ ياردىمىدە شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن يەر ئاستى يول كولاپ، پارتلاتقۇچ دورىسىنى شەھەر سېپىلىنىڭ تېگىگە كۆمۈپ، شەھەر سېپىلىنى پارتلىتىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى. شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنلىكى، جەڭ ئىنتايىن كەسكىن بولغانلىقى ئۈچۈن، پارتىزانلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، بىر مۇنچە ئەسىرلەرنى ۋە خەنزۇ ئاممىسىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىلاندۇردى. سۈيدۇڭنى ئالغاندىن كېيىن، پارتىزانلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، بىر يول يېڭى ئەرتەيدىكى مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، كەڭسايغا قاراپ يولغا چىقتى. يەنە بىر يول كۈرە بازىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىغا قاتناشتى.

غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان كۈرە قەدىمىي شەھىرى ئەسلىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا تەسىس قىلىنغان ئىلى سانغۇن مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ، شەھەر سېپىلى ئېگىز ھەم قېلىن، ساقلاش ئاسان، ھۇجۇم قىلىش تەس ئىدى. كۈرەنى گومىنداڭنىڭ ئامانلىق ساقلاش 4-تۈەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئەترەت، ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى، بىر زەمبىرەكچىلەر لىيەنى ۋە قىسمەن ساقچىلار ساقلاۋاتاتتى. بۇنىڭغا

ئامانلىق ساقلاش 4-تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى چېن بولياڭ بىلەن غۇلجا، چاپچال تەرەپتىن قېچىپ كەلگەن ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ ۋېي قاتارلىقلار بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزۈن مۇددەت قورشاۋدا قالغانلىقتىن، ئوزۇق-تۈلۈكتىن ئىنتايىن قىيىنلىغانىدى. پارتىزانلار ئۇلارنى 12 سائەت ئىچىدە تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇدى، بۇنىڭ بىلەن شەھەرنى ساقلاپ ياتقان گومىنداڭ ھەربىي - ساقچىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەۋرىنىش بولدى. 12-ئاينىڭ 31-كۈنى دۈشمەن تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىسھاقبېك مونونوپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن قوشۇنلار ۋە زەمبىرەكچىلەرنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق شەھەرنى ئالدى. چېن بولياڭ، گاۋ ۋېيلار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. مۇداپىئەدىكى قوشۇن ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان 100 نەچچە ئەسكەر پارتىزانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندىن سىرت، قالغان ئەسىرلەر ۋە خەنزۇ ئاممىسىنىڭ كۆپ قىسمى ۋۆلتۈرۈلدى.

شۇنداق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىن غۇلجىغا بارىدىغان شىيول بويىدىكى ئۈچ مۇھىم شەھەر-بازار پارتىزانلار تەرىپىدىن ئىگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىلىغا ياردەمگە كېلىدىغان ھەربىي خادىملار ۋە ماددىي ئەشيالارنىڭ راۋان توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىر بۆلۈك ئەسكىرىي كۈچنى ئاجرىتىپ، شىمالدىكى كەڭساي، كۆچمىچى، ئاچال قاتارلىق تاغ ئېغىزلىرىدىكى مۇداپىئە كۈچلىرىنى كۈچەيتىپ، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ غۇلجىغا ياردەم بېرىش ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت ھازىرلاندى.

(3) گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ غۇلجىغا قىلغان ھۇجۇمىنى تارمار قىلىش

غۇلجا شەھەر رايونى پارتىزانلار ۋە قوزغىلاڭچى ئامما تەرىپىدىن ئىگىلەنگەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي - مەمۇرىي

دائىرىلىرى ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن ئىلىغا ياردەم بېرىش پىلانىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، جۇ شاۋلياڭ جياڭ جىېشىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچلىرىنى يىغىۋاشتىن ئورۇنلاشتۇردى. 29-جىتۇەنجۇنگە پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچنى غەربكە يۆتكەشكە بۇيرۇق بەردى، ئۇنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇنداق: بىرىنچى، يېڭى 2-جۇن شتابى ئۈرۈمچىدىن غەربكە قاراپ شىخوغا يۆتكىلىش، 29-جىتۇەنجۈن باش شتابى قۇمۇلدىن غەربكە قاراپ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىش، 42-جۇن شتابى جيۇچۇەندىن غەربكە قاراپ قۇمۇلغا يۆتكىلىش. ئىككىنچى، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېينى ساقلاپ ياتقان ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن 56-شىدىكى ئىككى تۇەنى شىنجاڭغا كىرىپ ئۈرۈمچىگە ياردەم بېرىش. ئۈچىنچى، لى تيېجۈن ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىش، شى يىڭنىڭ قوشۇن باشلاپ غۇلجىغا ياردەم بېرىش، غۇلجىغا ياردەم بەرگۈچى قوشۇنلار توپلىنىپ تەييار بولۇشتىن ئىلگىرى زاپاس 7-شىنىڭ شىجاڭى لى يۈشياڭ ئالدىن ئەۋەتىلگەن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ئىلىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بارىدىغان يوللارنى راۋانلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش.

1944-يىل 11-ئاينىڭ 15-كۈنى، جۇ شاۋلياڭ تۆۋەندىكى بۇيرۇقلارنى چۈشۈردى. «(1) زاپاس 7-شى شتابى بىلەن بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملار ھەمدە يېڭى 45-شى 3-تۇەنى (تۇەنجاڭ خۇ ۋېنسى) (بىر يىڭ كەم) بىلەن جەڭ ماشىنىلىرى چوڭ ئەترىتى ۋە ئۇدۇل ئېتىلىدىغان ئىككى زەمبىرەك شىجاڭ لى يۈشياڭنىڭ قوماندانلىقىدا بولىدۇ. (2) ھەرقايسى قىسىملار ئۈرۈمچىدىن ئايرىم-ئايرىم ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئاۋۋال جىڭغا بېرىپ، ئاندىن ئىككى ئەترەتكە بۆلۈنۈپ پىيادە داخىيەنزە، ئاچالدىن ئۆتۈپ ئىلىغا ياردەم بېرىدۇ. (3) ئىلىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىنكى ھۇجۇم ئورۇنلاشتۇرۇشنى شىجاڭ لى يۈشياڭ بېكىتىدۇ.»①

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى، پارتىزانلار ۋە ئاز

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 49 — 50 - بەتلەر.

سانلىق مىللەت ئامممىسىنى گومىنداڭنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن غۇلجىغا ياردەم بېرىش پىلانىنى تارمار قىلىش يولىدا قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

بىرىنچىسى، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ كەڭسايدىن ئۆتۈپ غۇلجىغا ياردەم بېرىشىنى تارمار قىلىش ئورۇشى. ئىلى دەريا ۋادىسى شەرق، جەنۇب، شىمال ئۈچ تەرەپتىن تاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ، بۇ يەردە ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە بارىدىغان بىرلا تاشيول بار، يەنى جىڭدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا، تەبىئىي خەتەرلىك جاي كەڭساي تاغ ئېغىزى، ئەرتەي داۋىنى ۋە يېڭى ئەرتەي داۋىنىدىن ئۆتۈپ كەڭساي ئارقىلىق چىڭسىخوزىغا بارىدىغان يول بولىدۇ، چىڭسىخوزىدىن غەربكە ماڭغاندا، قورغاس ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرگىلى بولىدۇ. چىڭسىخوزىدىن شەرققە ماڭغاندا، سۇيدۇڭ ئارقىلىق غۇلجىغا كىرگىلى بولىدۇ. كەڭساي تاغ ئېغىزى ۋە تەلكە داۋىنى غۇلجا ناھىيە بازىرىغا 120 كىلومېتىر بولۇپ، ئىلى دەريا ۋادىسىغا كىرىش-چىقىشتىكى ئىشىك بولۇپ، ئىككى تەرەپ تالىشىدىغان مۇھىم جاي ئىدى.

غۇلجا قوزغىلىڭى پارتلاشتىن بۇرۇن، گومىنداڭ قوشۇنلىرى تەلكە داۋىنىدا پوتەي قۇرغان، قوراللىق ساقچىدىن 30 نەپچە ئادەمنى تۇرغۇزۇپ، تاشيولنىڭ شىمال تەرىپىنى كونترول قىلغانىدى. كەڭسايدىن چىقىش ئېغىزىغا جايلاشقان لوسىگوڭ رايونىدا پەيچۇسو تەسىس قىلىپ، تاشيولنىڭ جەنۇب تەرىپىنى كونترول قىلغانىدى. 1944-يىل 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سابىق كەڭساي تاشيول ئاسراش ئۇچاستىكىسىنىڭ باشلىقى فاتى ئىۋانوۋىچ لىبىكىن (رۇس) كەڭساي ئەتراپىدا مەخپىي ھالدا پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللىدى. 11-ئاينىڭ 6-كۈنى لىبىكىن پارتىزانلارنى باشلاپ لوسىگوڭ رايونلۇق پەيچۇسوغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، موگوتنوپ بىلەن لىبىكىن باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەندى. 11-ئاينىڭ 9-كۈنى، پارتىزانلار كەڭسايىنى قامال قىلىپ، ئۈرۈمچى-ئىلى تاشيولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. لىبىكىننىڭ قوماندانلىقىدا 11-ئاينىڭ 12-كۈنى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يېڭى ئەرتەي، ئەرتەي داۋىنى

ۋە كەڭساي تاغ ئېغىزىدىن ئىبارەت ھەربىي جەھەتتىكى مۇھىم جاينى ئىگىلەپ، دەرەخ شېخى، توپا-تاشلار بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش ئاكوپى ياساپ، تار بولغان كەڭساي تاشيولىنى توسۇۋەتتى. گومىنداڭ زاپاس 7-شى 21-تۈەنى 1-يىڭى (بىر ليەن كەم) ئىككى برونېۋىك بىلەن 11-ئاينىڭ 13-كۈنى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ كەڭساي تاغ ئېغىزىنى قايتۇرۇۋالدى؛ 14-كۈنى يەنە ئەرتەي داۋىنىنى قايتۇرۇۋالدى؛ 15-كۈنى گومىنداڭ قوشۇنلىرى يىڭى ئەرتەيگە ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولدى، برونېۋىكى پاچاقلاپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئەرتەي داۋىنىنى تاشلاپ، كەڭساي تاغ ئېغىزىنى ساقلاشقا چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن لوسىگوڭ پارتىزانلىرى كەڭساي تاشيولىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئۆتەڭنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

11-ئاينىڭ 29-كۈنى، زاپاس 7-شىنىڭ شىجاڭى لى يۈشياڭ قىسىملىرىنى باشلاپ جىڭخا يېتىپ كەلدى ھەمدە كەڭسايدىن ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشتەك غۇلجىغا ياردەم بېرىش ھەربىي پىلانىنى تۈزدى. 12-ئاينىڭ 1-كۈنى كەچتە سەنتەيدىن يىڭى 45-شى 3-تۈەن 3-يىڭ 8-ليەنى يىڭى ئەرتەينىڭ ئولڭ ئارقا تەرىپىگە ئايلىنىپ، ئۇدۇل تەرەپتىن ئەرتەي داۋىنىغا ھۇجۇم قىلغۇچى قوشۇنغا ماسلاشتى. ئۇدۇل تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان زاپاس 7-شى 21-تۈەن 1-يىڭى 12-ئاينىڭ 2-كۈنى تاڭ سەھەردە ئەرتەي داۋىنىغا ھۇجۇم باشلىدى، كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق شۇ كۈنى سائەت 11دە ئەرتەي داۋىنىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 2دە يىڭى ئەرتەيگە ھۇجۇم قوزغاپ، پارتىزانلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى، بىر برونېۋىك پاچاقلاپ تاشلاندى، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ يىڭى ئەرتەيگە قىلغان ھۇجۇمى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. 12-ئاينىڭ 4-كۈنى زاپاس 7-شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى خۇ شىڭياڭ بىلەن يىڭى 45-شى 3-تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى خۇ ۋېنسى بىۋاسىتە كەڭساي تاغ ئېغىزىغا كېلىپ، يىڭى ئەرتەيگە قارىتىلغان ھۇجۇمغا قوماندانلىق قىلدى. سەھەر سائەت 7 دىن 9 غىچە، گومىنداڭ قوشۇنلىرى يىڭى ئەرتەينى تارتىۋېلىشنى نىشان قىلىپ، پارتىزانلار بىلەن كەسكىن ئېلىشتى، پارتىزانلار تەبىئىي

توسۇقتىن پايدىلىنىپ، قەيسەرلىك بىلەن توسۇپ زەربە بەردى. شۇ چاغدا ھاۋا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 30 گرادۇس ئەتراپىغا تۆۋەنلەپ، قار-شىۋىرغان تاغلارنى قاپلاپ، ئادەمنىڭ تىزىغا كەلگۈدەك قېلىن قار يېغىپ كەتكەن، كۆزنىمۇ ئاچقىلى بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىق، ئوق-دورا يېتىشمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن بەزىلىرى توڭلاپ ئاچلىقتىن ئۆلدى، بەزىلىرى قار بىلەن قاپلانغان چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى، يەنە بەزىلىرى قارغا پېتىپ قېلىپ ھەرىكەت قىلالمىدى، شۇڭا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان گومىنداڭ قوشۇنى كەڭساي تاغ ئېغىزىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. زاپاس 7-شىنىڭ قوماندانلىق شتابى ئامالسىزلىقتىن 12-ئاينىڭ 12-كۈنى سەنتەيگە، 15-كۈنى جىڭخا چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن يېرىم ئاي داۋام قىلغان كەڭساي تاشيولىنى راۋانلاشتۇرۇپ ئىلىغا ياردەم بېرىش ئۇرۇش پىلانى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى.

ئىككىنچىسى، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بورتالا، ئارشاڭدىن يولغا چىقىپ، ئاقسۇ داۋىنىدىن ئۆتۈپ، غۇلجىغا ياردەم بېرىش ئۇرۇش پىلانىنى تارمار قىلىش ئۇرۇشى.

بورتالا، ئارشاڭ، جىڭ ناھىيىلىرى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. گومىنداڭ بورتالا، ئارشاڭلار ئەتراپىدا ئاز مىقداردا قوشۇن تۇرغۇزغانىدى. گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ كەڭسايدىن ئۆتۈپ ئىلىغا ياردەم بېرىش ھەرىبى ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بورتالا، ئارشاڭلاردىن يولغا چىقىپ ئاقسۇ داۋىنى ۋە داشىگۇدىن ئۆتۈپ قورغاسنى ئىگىلەپ ئىلىغا ياردەم بېرىش پىلانى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالغانىدى، ئارشاڭنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن، 1944-يىل 12-ئاينىڭ 18-كۈنى، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى باش قوماندانلىق شتابى ئاقسۇ داۋىنىنى ئىگىلىگەن غېنى باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتىنى بورتالا تاغلىرىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئېردەنى باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئارشاڭ ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا ئەۋەتتى. 19-كۈنى ئارشاڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم باشلاندى، ناھىيە بازىرىدىكى ئامىنىڭ ماسلىشىشى

ئارقىسىدا، ئىككى كۈن كەسكىن جەڭ قىلغاندىن كېيىن، 20-كۈنى ئارىشاڭ ناھىيە بازىرىنى ئالدى، مۇداپىئەدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 70 نەچچە ئادىمىنى يوقاتتى.

ئارىشاڭ ناھىيە بازىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئاقسۇ داۋىنىدىن ئىلىغا ياردەمگە بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1944-يىل 12-ئاينىڭ 28-كۈنى زاپاس 7-شىنىڭ شىجاڭى لى يۈشياڭ مۇئاۋىن شىجاڭ خۇ شېڭياڭنى بورتالاغا ئىبەرىپ، مۇشۇ سەپتىكى ئۇرۇش ئىشلىرىغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. 1945-يىل 1-ئاينىڭ 11-كۈنى بىر يىلىك ئەسكىرىي كۈچنى بورتالاغا كىرىش ھەمدە ئارىشاڭغا قاراپ ئىلگىرىلەپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق 12-كۈنى شياۋيىڭپەننى، 14-كۈنى لاۋشاۋفاڭنى ئىشغال قىلىپ، 16-كۈنى قارابۇقىغا ئىلگىرىلەپ باردى، 17-كۈنى قارابۇقىدا پارتىزانلارنىڭ شىددەتلىك توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، شاۋيىڭپەنگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، گومىنداڭ قوشۇنى قارابۇقا ئەتراپىدا توسۇلۇپ، زادىلا ئىلگىرىلىيەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن، بۇ يولدىكى ئىلىغا ياردەم بېرىش ھەربىي پىلانىمۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى.

ئۈچىنچىسى، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ كۆكۈرچىن، ئاچال قاتارلىق تاغ ئېغىزلىرىدىن چىقىپ ئىلىغا ياردەم بېرىش پىلانىنى تارمار قىلىش ئۇرۇشى.

تەبىئىي خەتەرلىك ئەرتەي داۋىنىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى تەخمىنەن 120 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان جاي يىل بويى قار-مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان، دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىر يۇقىرى كېلىدىغان كۆكەرچىن داۋىنى، توغراسۇ داۋىنى، كۈرچىن داۋىنى ۋە ئاچال داۋىنى بولۇپ، ئوتتۇرىدا تار ھەم ئۇزۇن كەتكەن قوشئەمچەك يايلىقى بار ئىدى، مۇشۇ بىرنەچچە داۋاندىن ئۆتۈپ قوشئەمچەك يايلىقى ئارقىلىقمۇ غۇلجىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە بارغىلى بولاتتى. گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ كەڭسايدىن ئىلىغا ياردەم بېرىش ھەربىي پىلانى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇھىم نۇقتىنى جىڭنىڭ جەنۇبىدىن كۆكۈرچىن داۋىنى ئارقىلىق ئىلى

دەرياسى ۋادىسىغا كىرىش ھەربىي ھەرىكەتلىرىگە قاراتتى.

1944-يىل 12-ئاينىڭ 26-كۈنى، زاپاس 7-شىنىڭ شىجاڭى لى يۇشيالڭ ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى جۇ شاۋلياڭ تۈزگەن ئىلىغا ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ يېڭى لايىھىسىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ، قوشنەمچەكتىكى پارتىزانلارغا ئاچال ۋە داخىيەنزىدىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشقا بىر لىيەن ئەسكەر ئەۋەتتى. ئۇلار بەش كۈن كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق قوشنەمچەكنى ئىشغال قىلدى، لېكىن چېكىنىپ ئاچالنىڭ شىمالىدىكى داۋاننى ساقلاۋاتقان پارتىزانلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئىلىغا ياردەم بېرىش سۈرئىتى شۇنىڭ بىلەن ئارقىغا سۈرۈلدى.

ئاچال قاتارلىق تاغ ئېغىزلىرى ئارقىلىق ئىلىغا ياردەم بېرىش ئۇرۇش پىلانىنى تېزدىن يولغا قويۇش ئۈچۈن، جۇ شاۋلياڭ 29-جىتۇەنجۈننىڭ باش قوماندانى لى تيېجۈننى جەڭگە ئەۋەتىپ ئىلىغا ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل قىلدى. 1945-يىل 1-ئاينىڭ 8-كۈنى، لى تيېجۈن جەڭگە يېتىپ كېلىپ، دەرھال يېڭى 45-شىنىڭ شىجاڭى شيې يىفېڭ، زاپاس 7-شىنىڭ شىجاڭى لى يۇشيالڭ، يېڭى 45-شى 3-تۇەننىڭ تۇەنجاڭى خۇ ۋېنسى، زاپاس 7-شى 19-تۇەننىڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭى پەن يۇرېن، 29-جىتۇەنجۈن ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى زېڭ شىنسۇن، ھاۋا ئارمىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى شۇ يەنمۇ قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان يېڭى 2-جۈن ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئورنى تەشكىللىدى. لى تيېجۈن يەنە مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن غۇلجا ھاۋا بوشلۇقىغا بېرىپ، جياڭ جيېشىنىڭ «ستالىنگراد روھىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان روھ بىلەن ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇڭلار» دېگەن تېلېگراممىسا بۇيرۇقنى ھەرەمباغ ئېگىزلىكى قاتارلىق تايانچ پونكىتلارنى ساقلاپ ياتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا يەتكۈزدى. 1-ئاينىڭ 9-كۈنى، لى تيېجۈن داخىيەنزىدە ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى: «(1) مۇشۇ ئاينىڭ 11-كۈنى ئومۇمىي ھۇجۇمنى باشلاش. (2) شيې يىفېڭ داخىيەنزە ئەترابىغا توپلانغان قىسىملارنى باشلاپ كۆكورچىن داۋىنى ئارقىلىق غۇلجىغا يۈرۈش

قىلىش، يەنە بىر قىسىم توغراسۇ داۋىنىغا ھۇجۇم قىلىش. (3) پەن يۈرىن قوشۇن باشلاپ گۈرساي ئېغىزى ئارقىلىق غۇلجىغا يۈرۈش قىلىش. (4) لى يۈشياڭ جىڭنىڭ غەربىدىكى جايلار ۋە تاشيولنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، ئارشاڭ بىلەن بورتالا ناھىيىلىرىدىكى توپىلاڭچىلارنى ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىشقا مەسئۇل بولۇش. (5) خۇ ۋېنسى يېڭى ئەرتەيگە يالغاندىن ھۇجۇم قىلىپ، پارتىزانلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشقا مەسئۇل بولۇش. (6) ئومۇمىي ھۇجۇم مەزگىلىدە ھاۋا ئارمىيىسى ھەر كۈنى ھەربىر ئايروپىلاننىڭ كۆپ قېتىم ئۇچۇشى ئارقىلىق قۇرۇقلۇقتىكى قىسىملارغا ماسلىشىش.»① بۇ ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈشتىكى ئاساسلىق غەرەز خۇ ۋېنسى كەڭساي تاشيولىدا يالغاندىن ھۇجۇم قىلىپ، يېڭى ئەرتەيدىكى پارتىزانلار ئەترىتىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش؛ ئاساسلىق ھۇجۇم قىلغۇچى قوشۇنلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، بىر يولغا شيې يىفېڭ بىۋاسىتە باشچىلىق قىلىپ، قوشتامچاك ۋە كۆكۈرچىن داۋىنى ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، يەنە بىر يولغا پەن يۈرىن قوماندانلىق قىلىپ، گۈرساي ئېغىزى ئارقىلىق جەنۇبىي ۋە شىمالىي قار داۋاندىن ئۆتۈپ مازار جىلغىسىغا يېتىپ بېرىپ، ئاندىن غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى پەنجىمدە ئۇچرىشىپ، ھەرەمباغ ئېگىزلىكىدە قورشاۋ ئىچىدە قالغان دۇ دېفۇ قىسمى بىلەن ماسلىشىپ، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىپ، غۇلجا شەھىرىنى ئىشغال قىلىش.

ئەينى ۋاقىتتا ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى يېڭى ئەرتەيدە ئەسكىرىي كۈچىنى كۆپەيتىپ، كەڭسايدىن ئىبارەت تەبىئىي توسۇقتىن پايدىلىنىپ، يېڭى ئەرتەينى قاتتىق ساقلاپ، ئاساسلىق ئەسكىرىي كۈچنى ھەرەمباغ قاتارلىق مۇھىم تايانچ پونكىتلارنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا قاراتقانىدى. شۇڭا، شىمالىي تاغ ئەتراپىدىكى ئەسكىرىي كۈچى ئاجىزراق ئىدى. گۈرساينى بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر چولڭ

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چولڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 71 — 72-بەتلەر.

ئەترىتى بىلەن ئىلقا پارتىزانلار ئەترىتى ساقلاۋاتاتتى؛ قوشئەمچەكنى بىر قىسىم پارتىزانلار ساقلاۋاتاتتى؛ كۆكۇرچىن داۋىنىدا ئاز ساندىكى چارلىغۇچى ئەسكەردىن باشقا ئەسكىرىي كۈچى يوق ئىدى.

1945-يىل 1-ئاينىڭ 11-كۈنى، لى تيېجۇن ئۆز قولى بىلەن تۈزۈپ چىققان ئىلىغا ياردەم بېرىش ھەربىي ئىشلار پىلانى يولىغا قويۇلۇشقا باشلىدى. كەڭساي تاغ ئېغىزىدا تۇرۇشلۇق يېڭى 45-شى 3-تۇەننىڭ ئىككى يىڭ ئەسكىرى تۇەنجاڭ خۇ ۋېنسىننىڭ قوماندانلىقىدا ئەرتەيدىكى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئىستىھكامىنى كېچە-كۈندۈزلەپ شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇپ، يېڭى ئەرتەيگە يالغاندىن ھۇجۇم قىلىپ، پارتىزانلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئالدى. زاپاس 7-شى 19-تۇەننىڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭى پەن يۈرېن 3-يىڭنىڭ ئىككى لىيەننى، 21-تۇەننىڭ 5-، 6-لىيەننى، زاپاس 7-شىغا بىۋاستە قاراشلىق قىسىم ۋە قورۇلۇش ئەسكەرلىرى لىيەننى باشلاپ گۆرساي ئېغىزىدىن قار داۋىنىنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم قىلدى. شيې يىفېڭ يېڭى 45-شى 1-تۇەن، 3-تۇەن 2-يىڭنى تايانچ قوشۇن قىلىپ باشلاپ قوشئەمچەكتىن يولغا چىقىپ كۆكەرچىن داۋىنىغا يۈرۈش قىلدى. گەنسۇ دۇنخۇاڭدا تۇرۇشلۇق 191-شىنىڭ جۇ يۈجې تۇەننى يۆتكەپ كېلىپ، ئىلىغا ياردەم بېرىشتىكى باش زاپاس قوشۇن قىلىپ، ھېلىقى قوشۇنلار كەينىدىن يۈرۈش قىلدۇردى، بۇنىڭ بىلەن ھۇجۇمدا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، تايانچ قوشۇن شيې يىفېڭ قىسىملىرى بىلەن شەرقتىكى تارماق قوشۇن پەن يۈرېن قىسىملىرى غۇلجىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى پەنجىمدە بىرلەشمەكچى بولدى.

گومىنداڭنىڭ ئىلىغا ياردەم بېرىش قوشۇنلىرى نۆلدىن تۆۋەن 40 سېلسىيە گرادۇس سوغۇقتا، قار-مۇز قاپلاپ كەتكەن ئېگىز تاغلار، جىلغىلار، تەبىئىي ئورمان ۋە يايلاق، چۆللۈكلەردە ئۇرۇش قىلىش داۋامىدا، ئوزۇق-تۈلۈكى، ئوق-دورىسى يېتىشمىگەچكە، يەر شارائىتىنى پىششىق بىلمىگەچكە، يەنە كېلىپ پارتىزانلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن تاقابىل تۇرۇشىغا ئۇچرىغاچقا، ناھايىتى ئاستا ئىلگىرىلىدى. شەرقىي يولدىكى پەن يۈرېن تارماق ئەترىتى 1-ئاينىڭ

12-كۈنى قار داۋاننىڭ شىمالىنى ئالدى، 18-كۈنى قار داۋاننىڭ جەنۇبىنى ئىگىلىدى. 19-كۈنى مازار جىلغىسىغا كىرگەندىن كېيىن، پارتىزانلار ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ تۇسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى. شىي يىفېڭ تايانچ قوشۇننى باشلاپ، 11-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ھۇجۇم قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، چۈشتىن كېيىن كۆكۈرچىن داۋىنىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى ئىگىلىدى. 12-كۈنى ئەتىگەن يولغا چىقىپ، چۈشتە توغراسۇ داۋىنىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىنى ئىگىلىدى، كەچ سائەت 8 دە كۆكۈرچىن داۋىنىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى ئىگىلىدى. 13-كۈنى ئەتىگەن ھۇجۇم قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى، 14-كۈنى چۈشتە توغراسۇ داۋىنىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە پارتىزانلار بىلەن كەسكىن تۇتۇشقاندىن كېيىن، پارتىزانلار چېكىندى، شىي يىفېڭ قىسمى ئالغا ئىلگىرىلىدى. 15-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شىي يىفېڭ قىسمى توغراسۇ داۋىنىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئارىلىقىدا يەنە نەچچە يۈز پارتىزاننىڭ باتۇرلۇق بىلەن تۇسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى، شىي يىفېڭ قىسمى پارتىزانلارنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، شۇ كۈنى ئاخشىمى غۇلجىنىڭ شىمالىغا 35 كىلومېتىر كېلىدىغان دۆڭلۈككە كەلدى. 16-كۈنى پەنجىمنىڭ شىمالىدىكى پىلىچى جىلغىسىغا يېتىپ كەلدى، بۇ جاي غۇلجىنىڭ شىمالىدىكى ئايرودرومغا 20 نەچچە كىلومېتىرلا كېلەتتى.

بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى. غۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى ھەرەمباغ ئېگىزلىكى ئۇزۇنغىچە ئېلىنماي كېلىۋاتاتتى. شىي يىفېڭ گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىنى باشلاپ پەنجىم ئەتراپىغا كېلىپ، غۇلجا شەھىرىگە يېقىنلاپ قالغانىدى. بۇنداق ئېغىر ۋەزىيەت ئاستىدا، پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانى ئالېكساندروپ ئۇلجا ئالغان نەرسە-كېرەكلەرنى ئاپتوموبىلغا قاچىلاپ، قورغاس چېكوا ئېغىزى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتمەكچى بولدى. ئىلى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئالېكساندروپنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى دەرھال ئېلىپ تاشلاپ، پالىنوۋنى باش قوماندانلىققا تەيىنلىدى، ئىسھاقبېك ئاچال

تەرەپتىكى پەن يۈرىنىڭ تارماق قوشۇنىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلدى. ھەرەمباغ ئېگىزلىكىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىدىغان ئاتلىق ئەسكەرلەر چوڭ ئەترىتى ئاجرىتىلدى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى قوللىرىغا قورال ئېلىپ، پەنجىم ۋە مازار جىلغىسىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا جىددىي سەپەرۋەر قىلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىمۇ دەرھال بىر قىسىم ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ۋە توپچى قىسمىنى يۆتكەپ كېلىپ جەڭگە قاتناشتۇردى. 18-كۈنىدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى ۋە پارتىزانلار ئەترىتى دۈشمەننى مىناميوت بىلەن شىددەتلىك توپقا تۇتتى، ئاتلىق ئەسكەرلەر نۆۋەتلىشىپ ھۇجۇم قوزغىدى. قورشاۋ ئىچىدە قالغان شيې يىفېڭ قىسمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى چىقىم بولدى، تۇەنجاڭ شيا گوشۇەنىنىڭ ئىككى قولى مىناميوتنىڭ ئوقىدا ئۈزۈۋېتىلگەچكە ئۆلدى. 19-كۈنى كەچ سائەت 8دە، شيې يىفېڭ قىسمى قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، 20-كۈنى توغراسۇ داۋىنىنىڭ جەنۇبىغا چېكىندى. شيې يىفېڭ قىسمىغا ئەگىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان، ئىلىغا ياردەم بېرىشتىكى باش زاپاس ئەترەت قىلىنغان 191-شى 571-تۇەنى 2-يىڭى پىلچى جىلغىسىغا قاپلىشىپ قالغاچقا، پارتىزانلار ئەترىتى ئۇلارنى ئۈزۈل-كېسىل يوقاتتى. شەرقىي تارماق ئەترىتى پەن يۈرىن قىسمىنىڭ 400 دىن كۆپرەك ئادىمىنى پارتىزانلار ئەترىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى مازار جىلغىسىدا ئوڭ-سول ئىككى تەرەپتىن قورشىۋالدى، ئۇلار جاپالىق ئېلىشىش ئارقىلىق 21-كۈنى كەچتە قار داۋىنىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونىغا چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن، گومىنداڭنىڭ ئىلىغا ياردەم بېرىشتىكى يېڭى ھەربىي ئۇرۇش قىلىش ھەرىكىتى يەنە مەغلۇپ بولدى. بۇ ئۇرۇشتا پارتىزانلار گومىنداڭ قوشۇنىدىن 1300دىن كۆپرەك ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، يارىلاندۇردى، 161 ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى ھەمدە بىرمۇنچە قورال-ياراغ، ئوق-دورا ۋە ماددىي ئەشيالارنى غەنىيمەت ئالدى.

ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ كەڭساي تاشيولى، بورتالا، ئارىشاڭ ۋە كۆكۇرچىن داۋىنى، گۆرساي ئېغىزى قاتارلىق ئۈچ

يول ئارقىلىق ئىلىغا ياردەم بېرىش ھەربىي پىلانىنى ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلغاندىن كېيىن، كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھەرەمباغ ئېگىزلىكىدە قورشاۋ ئىچىدە قالغان گومىنداڭنىڭ قالدۇق ھەربىي كۈچلىرىنى يوقىتالايدىغان بولدى.

(4) ھەرەمباغ قاتارلىق تايانچ نۇقتىلارنى ئېلىش جېڭى ۋە ئىلىنىڭ (جەڭدىن باشقا) پۈتۈنلەي ئازاد قىلىنىشى

1944-يىل 11-ئاينىڭ 22-كۈنى، جۇ شاۋلياڭ زاپاس 7-شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى دۇ دېفۇنى ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا بېرىپ، ھەرەمباغ ئېگىزلىكىدە قورشاۋ ئىچىدە قالغان زاپاس 7-شىنىڭ سەنمۇجاڭى ساۋرىلىڭ، 19-تۇەننىڭ تۇەنجاڭى پېڭ جۇنيې، 21-تۇەننىڭ تۇەنجاڭى جياڭ شۇەنچۇەن، 128-شى 383-تۇەن 3-يىڭنىڭ يىڭجاڭى لى چى قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى قۇرۇشقا ئەۋەتىپ، مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەڭشىدى: پېڭ جۇنيې 19-تۇەن 1-، 2-يىڭى ۋە مۇستەقىل يىڭنى باشلاپ ھاۋا ئارمىيىسى تەلىم-تەربىيە ئەترىتىنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى ساقلاش؛ جياڭ شۇەنچۇەن 21-تۇەن 2-يىڭ 4-لىيەننى ۋە 3-يىڭنى باشلاپ لەڭشاڭ بۇتخانىسىنى ساقلاپ، سول قانات تايانچ نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرۈش؛ 128-شى 383 - تۇەن 3 - يىڭى ئايرودرومنى ساقلاپ، ئوڭ قانات تايانچ نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرۈش. پارتىزانلار ئەترىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ قورشاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان بۇ ئۈچ تايانچ پونكىتتىكى گومىنداڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە خەنزۇ ئاممىسىنىڭ تۇرار جايى كۈنسېرى كىچىكلەپ، ئوزۇق-تۈلۈكى، قورال-ياراغ، دورىلارنى ئايروپىلاندا توشۇپ بېرىشكە توغرا كەلگەچكە، ئۇلار بارغانسېرى قىيىن ئەھۋالدا قالدى، لېكىن باشقا چىقىش يولى بولمىغاچقا، جان تىكىپ تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، پارتىزانلار ئەترىتى قايتا-قايتا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ بۇ ئۈچ پونكىتنى ئۈزۈنغىچە ئالالمىدى.

11-ئاينىڭ 25-كۈنى، پارتىزانلار ئايرودرومنىڭ سىمسىز تېلېگراما

ئىستانسىسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، مىنامىيوت بىلەن ئايرودرومنى شىددەتلىك توپقا تۇتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گومىنداڭنىڭ ئايروپىلانلىرى قونالمايدىغان، ئۇچالمايدىغان بولدى. ئايروپىلان بىلەن توشۇلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى هاۋادىن تاشلاشقا ئۆزگەرتتى. پارتىزانلار هاۋا بوشلۇقىنى ئوت كۈچى بىلەن قاتتىق قامال قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇهاسىرە چەمبىرىكىنى بارغانسېرى تارايتقانلىقتىن، هاۋادىن تاشلانغان ماددىي ئەشيالارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پارتىزانلارنىڭ پوزىتسىيىسىگە چۈشتى. 12-ئاينىڭ 13-كۈنى گومىنداڭ ئايروپىلانى 12 پاراشوت بىلەن هاۋادىن تاشلىغان ماددىي ئەشيانىڭ 11ى پارتىزانلارنىڭ قولىغا چۈشتى، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئاشلىق، قورال-ياراغ، دورا تەمىناتى بارغانسېرى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

1944-يىل 12-ئايدا، گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قوشۇنى غۇلجىغا يېقىنلاپ كەلدى، ئىلى پارتىزانلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ياردەم بېرىشى ئاستىدا هەرەمباغ قاتارلىق تايانچ پونكىتلارنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا شىددەت بىلەن هۇجۇم قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى غۇلجىغا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ قىسىم گومىنداڭ هەربىي-ساقچىلىرىنى يوقىتىشقا تىرىشتى. 12-ئاينىڭ 12-كۈنى دۇدېفۇ تېلېگراما ئارقىلىق جۇ شاۋلياڭغا مۇنۇلارنى دوكلات قىلدى: «خېلى كۈنلەردىن بۇيان پارتىزانلار مىنامىيوت ۋە ئېغىر-يېنىك پىلىموتلار بىلەن هەرەمباغ، ئايرودروم، لەڭشاڭ بۇتخانىسىدىكى تايانچ بازىلىرىمىزغا توختىماي شىددەتلىك هۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، كۈنىگە ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقى 1000 پايدىن ئاشىدۇ، ئىستىهكام ۋە ئۆي-ئىمارەتلەر ئاساسىي جەهەتتىن ۋەيران بولدى، بۇ يەرنى قوغدىغۇچى قوشۇنلار ئوق-دورا ۋە ئاشلىق تۈگىگەنلىكتىن، ئات-ئۇلاغلارنى سويۇپ جان بېقىشقا باشلىدى.»① 13-كۈنى كەچتە، پارتىزانلار هاۋا ئارمىيىسى تەلىم-تەربىيە ئەترىتىگە ۋە

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چولڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 61 — 62-بەتلەر.

لەڭشاڭ بۇتخانىسىغا ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى ھەمدە تراكتوردىن ئۆزگەرتىلگەن تانكا ئارقىلىق زەربە بەردى. 12-ئاينىڭ 28-، 29-، 31-كۈنلىرى، پارتىزانلار ھەرەمباغ ئىبگىزلىكىگە ئۈدا بەش قېتىم كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلدى، ھەربىر قېتىمقىسى بىر - بىرىدىن شىددەتلىك بولدى.

1945-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن كېيىن، پارتىزانلار مىناميوت بىلەن ھەرەمباغ ئىبگىزلىكىنى شىددەتلىك توپقا تۇتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پىيادە ئەسكەر، ئاتلىق ئەسكەرلەرمۇ قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى. 1-ئاينىڭ 14-كۈنى، دۇ دېفۇ جۇ شاۋلياڭغا مۇنداق دەپ تېلېگرامما بەردى: «قوشۇنىمىز مۇھاسىرە ئىچىدە قالغىنىغا ئىككى ئاي بولدى، ئوق-دورا تۈگەپ، ئوزۇق-تۈلۈكىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلىرىمىز ۋە جەڭچىلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى يارىلاندى، ئۆلدى، باندىتلار ھەربىر قېتىم ھۇجۇم قىلغاندا ئاتقان يېنىك-ئېغىر مىناميوت، گراناتوميوت ئوقلىرى ۋە مىلتىق بىلەن تاشلىغان بومبىلىرى بىزنىڭ مىلتىق، پىلىموتلىرىمىزدىن چىققان ئوقنىڭ سانىدىنمۇ كۆپ، ھازىر ھاياتىمىز قىل ئۈستىدە تۇرماقتا. . .»①

1-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن باشلاپ، پارتىزانلار پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ ھەرەمباغ قاتارلىق تايانچ پونكىتلىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. 28-كۈنى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى، كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق شۇ كۈنى چۈش ۋاقتى سائەت 3تە لەڭشاڭ بۇتخانىسىنى ئېلىپ، تۇەنجاڭ جياڭ شۈەنچۈەننى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئارقىدىنلا داۋاملىق ھاۋا ئارمىيىسى تەلىم-تەربىيە ئەترىتى ۋە ئايرودرومغا قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى، كەچ سائەت 22دە، ھاۋا ئارمىيىسى تەلىم-تەربىيە ئەترىتى مۇداپىئە قىلغان جاينى ئالدى، تۇەنجاڭ پېڭ جۈنيې قاتارلىقلار ئايرودرومغا قېچىپ كېلىپ، داۋاملىق جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى.

---

① گومىنداڭ زاپاس 7-شىنىڭ ھەربىي ئارخىپىدىن ئېلىندى.

1-ئاينىڭ 30-كۈنى چۈشتىن كېيىن، لى تيېجۈن جۇ شاۋلياڭنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، دۇ دېفۇغا قىسمىنى باشلاپ، قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش توغرىسىدا تېلېگراممىا ئارقىلىق بۇيرۇق بەردى. كەچ سائەت 8دە، دۇ دېفۇ، ساۋ رېنلېڭلار 1000دىن كۆپرەك قالدۇق ئەسكەرلىرى ۋە 3000دىن كۆپرەك خەنزۇ ئاممىسىنى باشلاپ، قار-شۇۋرغانغا قارىماي ئايرودرومدىن مۇھاسىرىنى بۆزۈپ جەنۇبقا قاراپ ماڭدى. 31-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا، پىلىچى جىلغىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا يېتىپ كەلگەندە، پارتىزانلار تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىندى، 2-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە قاتتىق جەڭ بولۇپ، دۇ دېفۇ مېڭىسىگە ئوق تېگىپ ئۆلدى، ساۋ رېنلېڭ، پېڭ جۇنيې قاتارلىقلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، ھايات قالغانلار پۈتۈنلەي ئەسىرگە ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ھەرەمباغ قاتارلىق تايانچ پونكىتلارغا ھۇجۇم قىلىش جېڭى ئاخىرلاشتى.

پارتىزانلار ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەننى يوقىتىش جېڭىدە بۇ جاينى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ 1500دىن كۆپرەك ئەسكىرىنى يوقاتتى، 3700دىن كۆپرەك ئادەم (بۇنىڭ كۆپىنچىسى گومىنداڭ قوشۇندىكىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە خەنزۇ ئاممىا) نى ئەسىرگە ئالدى، مىلتىقتىن 2100نەچچىنى، مىناميوتتىن بەشنى، ئېغىر-يېنىك پىلىموتتىن 98نى، ئايروپىلاندىن 54 (شۇ جاينى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى بۇزۇۋەتكەن) نى، ئاپتوموبىلدىن 16نى، راتسىيىدىن سەككىزنى ۋە باشقا ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى غەنىيمەت ئالدى.

ھەرەمباغ ئېگىزلىكىدىكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى قالدۇق ھەربىي، مەمۇرىي كۈچلىرىنىڭ ھەممىسى تازىلىنىۋېتىلدى. 1945-يىل 2-ئاينىڭ 20-كۈنى، بورتالانى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ ئارمىيىسى پارتىزانلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ چېكىندى، پارتىزانلار بورتالا ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى، جەڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى داخىيەنزىدە ھەر ئىككى تەرەپ تىركىشىپ قالدى. ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت جەڭدىن باشقا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەممە يېرىنى بىرلىككە كەلتۈردى.

قىسقىسى، 1944-يىل 8-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىلقا قوزغىلىڭغا پارتلاپ تاكى 1945-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە ھەرەمباغ قاتارلىق تايانچ پونكىتلىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ، ئىلىنىڭ پۈتۈن دائىرىسىنى (جىڭدىن باشقا) ئازاد قىلغانغا قەدەر، ئىلى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار جەھەتتە بىر قاتار غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە ھەربىي كونترول قىلىش رايونلىرىدا ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇردى. ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بۇنداق غايەت زور غەلىبىگە ئېرىشەلەشتە كۆپ تەرەپتىكى سەۋەبلەر بار:

بىرىنچىدىن، غۇلجا قوزغىلىڭى پايدىلىق جاي ۋە پۇرسەتنى تاللىغان. ئىلى دەرياسى ۋادىسى شىنجاڭدىكى ئەڭ باي، ئاۋات رايون، ئۇنىڭ شىمالىي، شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىسمىنى تەڭرىتاغنىڭ ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز تاغ، ھەيۋەتلىك چوققىلىرى ئوراپ تۇرىدۇ، يىل بويى قار قاپلاپ تۇرغاچقا، قىش پەسلىدە ئۇ يەرلەردىن ئۆتكىلى بولمايدۇ، پەقەت غەربىي تەرىپىلا تۈزلەڭلىك بولۇپ، تاشيول ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدىن قورغاسقا كېلىپ غۇلجىغا كىرگىلى بولىدۇ. بۇ يەر تۈزۈلۈشى مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئىلىغا ھۇجۇم قىلىشى ئىنتايىن قىيىن، لېكىن ئىلى تەرەپ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق ھاۋارايى ۋە يەر تۈزۈلۈشى شارائىتى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭ قىلىشقا قولايلىق يارىتىپ بەردى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئىشلار، ماددىي ئەشيا جەھەتلەردىكى ياردىمىگە بىۋاستە ئېرىشىشىمۇ ئىنتايىن قولايلىق بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىخ، مىللەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىلىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى بىر قەدەر قويۇق بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغانىدى. شۇڭا، ئىلى ۋىلايىتى ئىنقىلابى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تاللىنىشتا جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە ئىجتىمائىي شارائىت جەھەتتىن بىر قەدەر كۆڭۈلدىكىدەك جاي ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقتتا، غۇلجا قوزغىلىڭىمۇ بىر قەدەر ياخشى پەيتتە پارتلىدى. ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيە

خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالتايدىكى قازاق مىللىتىنىڭ ۋە تاشقورغاندىكى قىرغىز، تاجىك مىللەتلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشىنى قوللاپ كەلدى. ئىلى كۆرۈنۈشتە بىرقەدەر تىنچ ئىدى. گومىنداڭ تەرەپ دىققەت - ئېتىبارىنى ئالدى بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىگە، ئۇنىڭدىن قالسا جەنۇبىي شىنجاڭغا مەركەزلەشتۈرگەن بولۇپ، ئىلى ۋىلايىتىگە بولغان مۇداپىئەگە سەل قاراپ، ئەسكىرىي كۈچىنى ئاز ئورۇنلاشتۇرغانىدى. نىلقا قوزغىلىڭى پارتلىغاندا دەل ۋۇ جۇڭشىن بىلەن شېڭ شىسەي ئورۇن ئالماشتۇرۇش مەزگىلى بولغانلىقتىن، ئۇلار ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇقلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە تەڭشەش بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، بارلىق كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئىنقىلاب قوزغىلىڭىنىڭ لاۋۇلداپ يانغان يالقۇنىنى ئۆچۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. غۇلجا قوزغىلىڭى غەلىبىگە ئېرىشكەندە، گومىنداڭ ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھال ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەپ باستۇرماقچى بولسىمۇ، كېچىككەنىدى.

ئىككىنچىدىن، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىرقەدەر توغرا ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا قوللاندى. نىلقا قوزغىلىڭى پارتلاشتىن ئىلگىرى گومىنداڭ قوشۇنلىرى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئالتاي قازاق خەلقىنىڭ قوراللىق كۈرىشىنى باستۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، ئىلىدا ئەسكەر كۈچى بىرقەدەر ئاجىز ئىدى. نىلقا قوزغىلىڭى گومىنداڭنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كۆپ قىسىم ھەربىي-ساقچىلىرىنى نىلقا ئەتراپىغا جەلپ قىلدى، غۇلجا شەھىرى ئىچىدە ئەسكىرىي كۈچى ئانچە قالمىدى، ئىنقىلابىي ئاما پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بىر يوللا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. غۇلجا قوزغىلىڭى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى گومىنداڭنىڭ ئىلىغا ھۇجۇم قىلىش ھەربىي ھەرىكىتىگە قارىتا توغرا ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى، يەنى بىر قىسىم ئەسكەر كۈچىنى توپلاپ، تەبىئىي توسۇقتىن پايدىلىنىپ، يېڭى ئەرتەي داۋىنىنى قاتتىق ساقلاپ، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ كەڭسايغا تاشيولى ئارقىلىق ئىلىغا ياردەم بېرىشىنى توسۇش؛ چېكىنىپ ھەرەمباغ ئېگىزلىكىنى ساقلاۋاتقان

گومىنداڭ قوشۇنىنى تەرەپ-تەرەپتىن قورشاپ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئۆز ئارا ماسلىشالمايدىغان، ياردەم بېرەلمەيدىغان دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئوق-دورا، ئوزۇق-تۈلۈكىنى ئۈزۈپ، جەڭگىۋارلىقتىن مەھرۇم قىلغاندىن كېيىن ئاندىن يوقىتىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسلىق كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاۋۋال بۆلەكلەرگە بۆلۈپ قورشاپ، غۇلجا سىرتىدىكى قورغاس، سۈيدۈڭ، كۆرەلەردە تۇرۇشلۇق دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غۇلجىغا بارىدىغان تاشيول قاتناش لىنىيىسىنىڭ راۋان بولۇشىغا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنىڭ تېز ۋە ئوڭۇشلۇق يېتىپ كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش. بۇنى سېلىشتۇرغاندا، گومىنداڭ ھەربىي ئىشلارغا قوماندانلىق قىلىش جەھەتتە ئېغىر سەۋەنلىك سادىر قىلىپ، پاسسىپ، تاياق يېيىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

ئۈچىنچىدىن، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ تۇرلۇك ئاجىزلىقلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇردى. گومىنداڭ قوشۇنى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورال بولغاچقا، خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت بولسا كەلگ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. گومىنداڭ قوشۇنىدىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنگەچكە، شىنجاڭلىقلارنىڭ مىجەز-خۇلقى ۋە ئۆرپ-ئادىتىنى بىلمەيتتى، كىيىم-كېچەكلىرى يالاڭ بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ زىمىستان سوغۇقلىرىغا ئۈيغۇنلىشالمىدى؛ پارتىزانلار ئەترىتىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى شۇ جاينىڭ ئۆزىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىدىن بولغان بولۇپ، ئادەم ۋە يەرلەر بىلەن تونۇش، جابدۇقلىرى ۋە يېمەك-ئىچمەكلىرى ئېگىز تاغ، قەھرىتان سوغۇقلارغا ماس كېلەتتى. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ، قاتنىشى قۇلايسىز، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق كۈچى پىيادە ئەسكەرلەر (ئاز قىسمى ئاتلىق ئەسكەرلەر بولۇپ، شىڭ شىسەيدىن قېپقالغان كونا ئۆلكە ئارمىيىسى ئىدى)، قاتناش قوراللىرى كەمچىل.

ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا ئاران 150 ئاپتوموبىل بار بولۇپ، ئۇنىڭ 50ى كونىراپ، رېمونتسىز قالغاچقا، ھەيدىگىلى بولمايتتى، لېكىن شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنى ئۈچۈن ئاز دېگەندە 500 ئاپتوموبىل بولسا نورمال ھەرىكەت قىلالايتتى. شۇڭا، قوشۇننىڭ ئۇرۇش قىلىشتىكى ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك ئەمەس، ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر ئۇزۇن يول يۈرگەچكە ھالسىراپ كەتكەن، ئاشلىق، جابدۇق قاتارلىق ھەربىي ھازىرلىقلارنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىشكە مۇمكىنچىلىك بولمىغان. ئەكسىچە، پارتىزانلار ئەترىتى ئاساسلىقى ئاتلىق ئەسكەرلەر بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كوماندىر-جەڭچىلىرى كىچىكىدىن تارتىپلا ئات ئۈستىدە چوڭ بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات ئۈستىدە قارىغا ئېتىشقا ماھىر، ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك. ئۇلار ئوزۇق-تۈلۈك، يەم-بوغۇزلارنى ئاساسەن شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن ھەل قىلالايتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئۇلارغا ئوق-دورا، ماددىي ئەشيا جەھەتلەردىن ياردەم بېرەتتى. گومىنداڭ قوشۇننىڭ ئەسكىرىي كۈچى كەمچىل، تارقاق بولۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇقتىملىق بۆسۈش ھاسىل قىلغىلى بولمايتتى، پارتىزانلار جانلىق، ھەرىكەتچان بولۇپ، چەكلىك ئەسكىرىي كۈچنى ئاساسلىق ياكى ئاساسلىق ئەمەسلىككە قاراپ ئىلگىرى-كېيىن، مەركەزلىك ھالدا بىرەر جەڭ مەيدانىغا ئىشلىتىپ، بىر-بىرلەپ تارمار قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى.

تۆتىنچىدىن، پارتىزانلار ئەترىتىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ جاسارىتى ئۈستۈن بولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. ھەممە ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى، بۇ قوراللىق ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشتىكى مۇھىم سەۋەبتۇر. غۇلجا قوزغىلىڭى ۋە گومىنداڭنىڭ ئىلىغا ياردەم بېرىش ھەربىي ئىشلار ھەرىكىتىنى تارمار قىلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئەرتەي داۋىنىدىكى توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە پارتىزانلار نۆلدىن تۆۋەن 35 گرادۇس ئەتراپىدىكى قەھرىتان سوغۇققا قارىماي، باغاچ-تاشلار بىلەن مۇداپىئە سېپى ياساپ، كەڭساي تاشيولىنى ئېتىپ، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان

گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قەيسەرلىك بىلەن توسۇپ زەربە بەردى، دۈشمەنلەر برونېۋىكنىڭ قوغدىشى ئاستىدا يېڭى ئەرتەي داۋىنىغا ھۇجۇم قوزغىغان چېغدىكى ئەھۋالدا، 18 ياشلىق بىر پارتىزان برونېۋىكنى گرانات بىلەن پارتلىتىپ، ئىستىھكامنى قاتتىق ساقلاپ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى كېچىكتۈرۈپ، ئاخىرىدا ئۆزىمۇ شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. دۈشمەنلەر ھۇجۇمىنى غۇلجا شەھىرىگە ئەڭ يېقىن بولغان پەنجىم ئەتراپىدىكى پىلىچى جىلغىسى ۋە مازار جىلغىسىغا كېلىپ، داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكچى بولغان ئىنتايىن خەۋپلىك پەيتتە ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى دەرھال ئەسكەر يۆتكىدى ھەمدە خەلق ئاممىسىنى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردىكى خەلق ئاممىسى قوللىرىغا توقماق، كەتمەنلەر ئېلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بۇ قېتىمقى ئەڭ چوڭ كۆلەملىك ئىلىغا ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى تارمار قىلىپ، غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە مېۋىلىرىنى قوغداپ قالدى.

بەشىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي قاتارلىق جەھەتلەردىن بىۋاسىتە قوللىشى ھالقىلىق رول ئوينىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى پىلانلىغان ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈلگەن مەزگىلدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كۆپ تەرەپتىن قوللىدى. نىلقا قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە ئىلىغا ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ۋە زور تۈركۈم ھەربىي خادىملارنى ئەۋەتىپ، ھەربىي ئىشلارغا قوماندانلىق قىلىشقا ۋە جەڭ قىلىشقا بىۋاسىتە قاتناشتۇردى ھەمدە پارتىزانلارنى نۇرغۇنلىغان قورال-ياراغ، ئوق-دورا قاتارلىق ھەربىي جابدۇقلار بىلەن تەمىنلىدى. بولۇپمۇ گومىنداڭ قوشۇنى پەنجىم ئەتراپىغا يېقىن كەلگەندە، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى خەۋپ ئىچىدە قالغاندى، سوۋېت ئىتتىپاقى تېزدىن قۇراللىق قوشۇن ئەۋەتىپ، جەڭگە بىۋاسىتە قاتناشتۇرۇپ، پارتىزانلار ئەترىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىغا غايەت زور ياردەم بېرىپ، ئىلى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

## ئىككىنچى پاراگراف قوراللىق كۈرەشنىڭ غەلىبىلىك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى

### 1. ئىلى پۈتۈنلەي ئازاد بولغاندىن كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قوللانغان تەدبىرلەر

1945-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنى، ئىلى پارتىزانلىرى ھەرەمباغ قاتارلىق تايانچ پونكىتلىرىنى ئىگىلەپ، ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى، بۇ ئىلى ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

بىرىنچىدىن، ئىلى ۋىلايىتى پۈتۈنلەي (جىڭ ناھىيىسىدىن باشقا) بىرلىككە كەلدى، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت قارمىقىدا نازارەت، ئىدارىلەرنى قۇرۇپلا قالماي، يەنە ناھىيىلەردە ھاكىمىيەت قۇرۇپ، پۈتكۈل ئىلى ۋىلايىتىدە مەمۇرىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. گومىنداڭنىڭ كونا ھاكىمىيىتى، كونا تۈزۈمى، كونا تەرتىپى ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، يېڭى تۈزۈم، يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەچكە، جەمئىيەت تەرتىپى بىرقەدەر قالايمىقان، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تېخى خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئەمدىلا قۇرۇلغان ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئالدىغا تۆرلۈك ئاپپاراتلارنى تېزدىن ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپە قويۇلدى.

ئىككىنچىدىن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئاستىدا پۈتۈن ئىلىنى ئازاد قىلغان، ھەربىي جەھەتتە ناھايىتى زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىلىغا قوشنا باشقا ۋىلايەتلەرنى يەنىلا گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىگىلەپ تۇراتتى، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ھەر ۋاقىت ئىلىغا ھۇجۇم قىلىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئىلىدا يوقىتىلغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى پەقەت گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ ئاز قىسمىلا بولۇپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا يەنىلا خېلى ئەمەلىي كۈچى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكىرىدىن ياردەمچى قوشۇن يۆتكەپ كېلەلەيتتى. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت گومىنداڭنىڭ ھەربىي بېسىمىغا يەنىلا ئۇچرايتتى، ئۇلار ھەربىي كۈچىنى داۋاملىق زورايتىپ، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

ئۈچىنچىدىن، ئىلى ۋىلايىتى شىنجاڭ بويىچە ئەلڭ باياشات رايون بولۇپ، بايلىقى مول، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودىلىشىشتا قولايلىق شارائىتقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن، شېڭ شىسەي، گومىنداڭنىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە قىلغان ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى دەستىدىن ئىشلەپچىقىرىش ئاقساپ، خەلق گادايلىشىپ، خەزىنە قۇرۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇشنىڭ ۋەيرانچىلىقى تۇپەيلىدىن، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مالىيە، ئىقتىساد جەھەتتە ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنىدى، شۇڭا ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ھەمدە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئىمكانقەدەر ياخشىلاشقا توغرا كېلەتتى.

ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى يۇقىرىقى ئەمەلىي ئەھۋاللارنى چىقىش قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇردى، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىدى.

بىرىنچى، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە، گومىنداڭ قوشۇنىنى يوقىتىش
قوراللىق كۈرىشى يەنىلا نۆۋەتتىكى ئاساسلىق ۋەزىپە بولغاچقا، قوراللىق
كۈچلەرنى ئىمكانقەدەر زورايتىش كېرەك. شۇڭا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت
مىللىي ئارمىيە تەشكىللەپ، پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابىنى مىللىي
ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى.
ھەربىي خىزمەت قانۇنى ئېلان قىلىپ، 20 ياشتىن 22 ياشقىچە بولغانلىكى
پۇقرالارنى ئەسكەرلىككە چاقىرىش، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ
يىل بولۇش؛ ھازىر ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك قىلىش مەزگىلى بولغاچقا،
23 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان پۇقرالارمۇ ئەسكەر بولۇپ ھەربىي خىزمەت
ئۆتەش؛ مەيلى ئوفىتسېر ياكى ئەسكەر بولسۇن، ھەربىي تەرەپ ئۇلارنى
كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلىگەندىن باشقا، يەرلىك
ھۆكۈمەتلەر ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە جان سانىغا قاراپ قوشۇمچە ياردەم
بېرىشنى بەلگىلىدى. يەنە ئىلىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەردىن 500 ئەسكەر
ئېلىشنى، ھەربىي ماددىي ئەشيا تەمىناتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش
مەقسىتىدە ھەرقايسى ناھىيىلەردىن 1300 تۇياق ھەربىي ئات ئېلىشنى
ھەمدە شەخسلەردىن ئاپتوموبىل، ماي ماتېرىياللىرى ۋە زاپچاسلارنى ئېلىپ
ئىشلىتىشنى، يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغانلارنى ھەربىي قانۇن بويىچە جازالاشنى،
ھەربىي كۈچنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي
ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى يىغىۋالغان 1944-يىللىق ئۆشرە ۋە زاكاتنى
پۈتۈنلەي ھەربىي راسخوت قىلىشنى بەلگىلىدى.

ئىككىنچى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈش جەھەتتىمۇ بىرمۇنچە تەدبىرلەرنى قوللاندى. 1944-يىل
11-ئاينىڭ 20-كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئېلان چىقىرىپ مۇنداق دەپ
كۆرسەتتى: جەمئىيەتتە بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق،
پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقانلىقتىن،
ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەر مىللەت ئابرۇيلۇق زاتلىرىدىن تەركىب تاپقان
پەۋقۇلئاددە ھەربىي سوت قۇرۇپ، خەلقنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا خەۋپ
يەتكۈزگەن بارلىق دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىشقا ۋە يامان

ئادەملەرنى جازالاشقا مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە خەنزۇ ئاممىسىنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىش، باسقۇنچىلىق قىلىشتەك جىنايى قىلمىشلارنى قاتتىق جازالاشنى ھەمدە قىلمىشى ئېغىر جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى قارار قىلدى. جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن ئىگە-چاقىسىز خەنزۇ يېتىم باللارغا قارىتا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت دارىلئېتام قۇرۇپ مەخسۇس خەنزۇ يېتىم باللارنى يىغىۋېلىپ بېقىشنى، خىراجەتنى مالىيە نازارىتى ئاجرىتىپ بېرىشنى، باشقۇرۇشقا مائارىپ نازارىتى مەسئۇل بولۇشنى بەلگىلىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت «جىنايى ئىشلار دەۋاسى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى، جىنايى ئىشلار دەۋاسى تەرتىپى ۋە سىياسىي جىنايەت، ئوغرىلىق جىنايىتى، مەسئۇلىيەتسىزلىك جىنايىتى، باسقۇنچىلىق جىنايىتى قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە ناھىيە، رايون، يېزا، كەنتلەرنى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىشتا بىردەك بۇرۇنقى ھالەت ساقلاپ قېلىنىدۇ، ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يەنىلا ئەسلىدىكى تەۋەلىك دائىرىسى بويىچە باج ئالىدۇ ۋە ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ، دەپ بەلگىلىدى.

ئۈچىنچى، مالىيە، ئىقتىساد جەھەتتە، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مۇنداق قارار چىقاردى: خەلقنىڭ قولىدىكى شىنجاڭ ئۆلكە پۇلى ۋە گومىنداڭنىڭ مەركىزىي بانكىسى تارقاتقان قەغەز پۇلنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تامامەن ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە قوغدايدۇ، بۇ پۇللارنىڭ قىممىتى ئۆزگەرمەيدۇ، ئەگەر پۇلنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرۈپ، مال باھاسىنى ئۆستۈرگۈچىلەر بولىدىكەن، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگە زىيان سالغۇچىلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. 1945-يىل 1-ئايدا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارىنى ئىمكانقەدەر تىرىشىپ كونترول قىلىش، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پۇلى ۋە گومىنداڭنىڭ قەغەز پۇلنى ئوبوروت قىلىشقا يول قويغاندىن باشقا، ئۆز ئالدىغا قەغەز پۇل، يەنى قەرەللىك چەك تارقاتتى، ئۇ 100 سوملۇق، 300 سوملۇق،

500 سومluq، 1000 سومluq تۆت خىل پۇل بولۇپ، ئاساسلىقى ئىلى ۋىلايىتىدە ئوبوروت قىلىندى، كېيىن تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىمۇ ئوبوروت قىلىندى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، جايلارغا مال سېتىۋالغىلى بارىدىغان ۋە تۈرلۈك تاۋارلارنى ساتىدىغان سودىگەرلەرنىڭ سودىگەرلەر بىرلەشمىسىدىن ئىجازەتنامە ئېلىشى ھەمدە بەلگىلىمە بويىچە باج تاپشۇرۇشى كېرەكلىكىنى، چارۋىچىلىق ئىشلىرىدىنمۇ باج ئېلىش كېرەكلىكىنى، باج ئىدارىسى ئوت-چۆپ بېجى ئېلىش، قويدىن بەش پىرسەنت، ئات، كالىدىن ئۈچ پىرسەنت باج ئېلىش كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى.

تۆتىنچى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىشلەپچىقىرىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەتكە تەئەللۇق چوڭ-كىچىك زاۋۇتلار، كارخانىلار، دۇكان، ماگىزىنلارنى سودا-سانائەت ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، سودا-سانائەت ئىدارىسى شەخسلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئىجارىگە بېرىش ياكى سېتىپ بېرىشكە مەسئۇل بولۇشنى بەلگىلىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قارىتا 1945-يىل 2-ئاينىڭ 15-كۈنى چىقارغان قارارىدا: «بۇ يىللىق ئاساسلىق ۋەزىپە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ خىزمىتىنى ئىمكانقەدەر ئوبدان ئىشلەپ، ئىلى ۋىلايىتىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە زىرائەت تېرىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەتىيازلىق تېرىلغۇ خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى، مەسىلەن، مالىيە نازارىتى 1000 ئات ۋە 1500 پۇت بۇغداي ئۇرۇقىنى ئاجرىتىپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئۇرۇقى يېتىشمەيدىغان دېھقانلارغا تارقىتىپ بەردى. 4-ئاينىڭ 2-كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە دېھقانلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن 16 مىڭ پۇت بۇغداي ئۇرۇقى، 1200 پۇت قوناق ئۇرۇقى، 4000 پۇت شال ئۇرۇقى كۆپەيتىپ ئاجرىتىپ بېرىشنى ھەمدە پۇل ئاجرىتىپ مەخسۇس چوڭ، كىچىك ئاق ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىش، ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى

ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا ئىشلىتىشنى قارار قىلدى.

بەشىنچى، پوچتا-تېلېگراف خەۋەرلىشىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە، ئۇرۇش داۋامىدا ئۈزۈلۈپ قالغان خەۋەرلىشىش ئالاقىلىرىنى ئىمكانقەدەر تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتى بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، پوچتا-تېلېگراف، خەۋەرلىشىش-قاتناش ئىدارىسىنىڭ تېزدىن غۇلجا، سۈيدۈڭ، قورغاس، نىلقا، توققۇزتارا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە، كۈنەس، چاپچال قاتارلىق ناھىيە بازارلىرىدا پوچتا مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش، غۇلجا بىلەن ھەرقايسى ناھىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تېلېفون ئارقىلىق خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ھەمدە تېلېگرامما، ئاددىي خەت، زاكاز خەت، پۇل پېرېۋوت قىلىش قاتارلىق كەسىپلىرىنى يولغا قويۇشنى، سابىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭخۇا پوچتا ماركىسى، پۇل پېرېۋوت ماركىسى ۋە باج ماركىسى ئۈستىگە رومبا شەكىللىك تامغا بېسىپ، ئۇنى ھەم پوچتا ماركىسى، ھەم باج ماركىسى قىلىپ ئىشلىتىشنى قارار قىلدى.

ئالتىنچى، مائارىپ جەھەتتە، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنى داۋاملىق ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتىدىن ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشنى، ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلاردا ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلاردىن نازىر، بۆلۈم باشلىقى بولغانلىرىدىن باشقا خادىملارنى مەكتەپكە ئىشلەشكە قايتۇرۇش، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى تاشلاپ سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن مەكتەپكە قايتىمىسا، ئۇلارنى ئۇرۇش مەزگىلىدە دۆلەتنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشنى رەت قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە بارلىق مەكتەپلەردە ئىسلام دىنى دەرسى تەسىس قىلىشنى بەلگىلىدى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇ تەدبىرلىرى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىللىي ئارمىيىگە كۈچلۈك ياردەم بېرىپ، مىللىي ئارمىيىنى

جايلاردا ئېلىپ بارغان قوراللىق كۆرەشتە داۋاملىق غەلىبە قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

## 2. مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە «ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ئورۇش قىلىش» ھەربىي پىلانىنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى

### (1) مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشكىللىنىشى

1945-يىل 4-ئاينىڭ 8-كۈنى، غۇلجا شەھىرىدىكى غەربىي باغچىدىكى مەيداندا، تەنتەنىلىك ھالدا مىللىي ئارمىيە قۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى. مىللىي ئارمىيىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش جەريانى بار ئىدى، ئۇ — نۇرغۇن تارماق پارتىزانلار ئەترىتى ئاساسىدا قۇرۇلغان مۇنتىزىم قوشۇن.

1944-يىل 8-ئايدا قۇرۇلغان ئۆلاستاي پارتىزانلار ئەترىتى نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن تەرتىپكە سېلىپ تەشكىللەنگەن نىلقا پارتىزانلار ئەترىتى بولۇپ، ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان قوراللىق كۈچ، شۇنداقلا غۇلجا قوزغىلىڭىدا شەھەر سىرتىدىن شەھەر رايونىغا ھۇجۇم قىلغان ئاساسلىق ھەربىي كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ ھارپىسىدا (11-ئاينىڭ 6-كۈنى) ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن ئالېكساندۇروپ باشلامچىلىق قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە رەتكە سېلىنىپ مەشىقلەندۈرۈلگەندىن كېيىن، يوشۇرۇن ھالدا غۇلجىغا كىرگەن پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئادەم سانى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما قوراللىرى بىرقەدەر ياخشى، جەڭگىۋارلىقى خېلى كۈچلۈك ئىدى. غۇلجا قوزغىلىڭىنى قوزغاپ، شەھەر رايونىنى ئېلىپ، گومىنداڭ ھەربىي-ساقچىلىرىنى شەھەر سىرتىدىكى ھەرەمباغ ئېگىزلىكىگە قوغلىۋەتكەنلەر ئاساسلىقى مۇشۇ ئىككى پارتىزانلار ئەترىتى ۋە قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشقان ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر ئاساسلىق ھەربىي كۈچ بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ غۇلجا قوزغىلىڭىدىن

ئىلگىرى قۇرۇلغان، غۇلجا قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن دەرھال كەڭساي تاشيولىنى ئۈزۈۋېتىپ، تەبىئىي توسۇق ئەرتەي داۋىنىنى ئىگىلەپ، گومىنداڭنىڭ ئىلىغا ياردەم بەرگۈچى قوشۇنىغا توسۇپ زەربە بەرگەن لوسكولۇڭ پارتىزانلىرى ئىدى. بۇ پارتىزانلار ئاساسلىقى سۈيدۈڭ ناھىيىسىدىكى يەرلىك رۇسلاردىن تەركىب تاپقان، ئاساسلىق رەھبەرلىرى لېسكىن بىلەن موگۇتنوپ ئىدى. غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بۇ ئۈچ پارتىزانلار ئەترىتى مۇھىم رول ئوينىدى. 11-ئاينىڭ 6-كۈنى كەچتە قۇرۇلغان، ئالېكساندۇروپ مەسئۇل بولغان، ھەربىي ئىشلار ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابى غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھەربىي ئىشلار قوماندانلىق شتابى ئىدى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن باش قوماندانلىق شتابىنى تەشكىللەشنى قارار قىلدى، ئالېكساندۇروپ باش قوماندان بولۇپ، جايلاردىكى پارتىزانلار ۋە قوراللىق كۈچلەرگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ھەرەمباغ قاتارلىق تايانچ پونكىتلىرىغا چېكىنىپ، ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان ھەربىي-ساقچىلىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشنى تېزلەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىيلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئالغان شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت قوراللىق خادىملىرى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىلىغا كېلىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. 1944-يىل 11-ئاينىڭ 16-كۈنى، ئالېكساندىر (تەخەللۇسى ئىسكەندەر)، ئىۋان ياكوۋلىۋىچ پالىنوپ بىلەن ئىسھاقبېك مونونوپ قاتارلىقلار بىر يىلدىن ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ غۇلجىدىكى ئۇرۇشقا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە تەكلىپكە بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ جۇڭجياڭى كوزلوپ، شاۋجياڭى ۋېكتور گولىبىنىك قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ، ھەربىي قوماندانلىق ئىشلىرىغا قاتناشتۇردى. قوراللىق كۈرەشنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ كۈچى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورايدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى يېتەكچىلىك قىلغاچقا ۋە ياردەم

بەرگەچكە، مۇنتىزىم قوراللىق كۈچ بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئاساس سېلىنىدى.

1945-يىل 1-ئاينىڭ 5-كۈنى ۋاقىتلىق هۆكۈمەت ئېلان قىلغان خىتابنامىنىڭ 7-ماددىسىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىدىن ئەسكەر ئېلىپ، قۇدرەتلىك ھەربىي قوشۇن تەشكىللەش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى. ئارقىدىنلا، ۋاقىتلىق هۆكۈمەت ھەربىي ئىشلار نازارىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى، نازىرلىقىنى ئالېكساندروۋپ ئۈستىگە ئالدى ھەمدە ئۇ ھەربىي ئىشلار نازارىتىنى تەشكىللەش لايىھىسى ۋە تۈرلۈك ھەربىي ئىشلار تۈزۈمىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىشقا مەسئۇل بولدى، يەنە مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇپ، ھەربىي ئۇنۋان تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ھەربىي ئۇنۋانىنى ئەسكەر، ۋىيگۇن (تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر)، شياۋگۇن (ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېر)، جياڭجۈن (يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېر) دىن ئىبارەت تۆت دەرىجىگە ئايرىش، پاگون ۋە ھەربىي فورمىنى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭكىگە تەقلىد قىلىپ ئىشلەش، پاگون جىيەكىدىكى كۆك، قىزىل، ئاق رەڭلەر ئارقىلىق ئاتلىق ئەسكەر، پىيادە ئەسكەر، توپچى ئەسكەرنى پەرقلەندۈرۈش؛ كاكارنى تۆمۈردىن ياساش، ئوتتۇرىسىنىڭ چەمبىرىكىنى ھاۋارەڭ قىلىش، مەركىزىگە قىزغۇچ سېرىق رەڭدە ھىلال ئاي ۋە بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇز سۈرىتىنى ئېلىش بەلگىلەندى.

مۇنتىزىم قوشۇننى ئىمكانقەدەر تېز قۇرۇش ئۈچۈن، 1945-يىل 1-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ۋاقىتلىق هۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر تۈركۈم ھەربىي خادىملارنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، قورغاستا ئوفىتسېرلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچتى، ھەربىر قارارلىق كۇرسنىڭ ۋاقتى ئۈچ ئاي بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە باياندايدا ئۈچ قارار كۇرس ئېچىپ، جەمئىي 450 كۇرسانتنى تەربىيىلىدى، كۇرسانتلار كۇرسنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، پارتىزانلار ئەترەتلىرىگە تەقسىم قىلىنىپ ھەربىي كوماندىر قىلىپ تەيىنلەندى.

3-ئاينىڭ 6-كۈنى، ۋاقىتلىق هۆكۈمەت مىللىي ئارمىيە قۇرۇپ، پارتىزانلار باش قوماندانلىق شتابىنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق

شتابىغا ئۆزگەرتىش؛ مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى قارمىقىدا ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى، سىياسىي بۆلۈم، ھەربىي سوت مەھكىمىسى، ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى، رازۋېدكا باشقارمىسى، جەڭ قىلىش باشقارمىسى، كادىرلار باشقارمىسى، خوجىلىق باشقارمىسى قاتارلىق ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىشنى، زۇنۇن تېيىپوپنى ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پالىنوپنى مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەش، ۋارسانوپ مىخايلوۋىچ ماژاروپنى مەنمۇجاڭلىققا، رۇسۇلوپ پەخىردىن خوجانى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئابدۇكېرىم ئاباسوپنى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا، غېنىنى ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئابدۇغوپۇر سابىرھاجىنى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە تەيىنلەشنى، رازىيوپ دامولانى مىللىي ئارمىيىنىڭ دىنىي ئىشلار مەسئۇلى قىلىشنى قارار قىلدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆز قارمىقىدىكى پارتىزانلار ئەترەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە تەشكىللەپ چىقتى.

1945-يىل 4-ئاينىڭ 8-كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن غۇلجىدا تەنتەنىلىك ھالدا يىغىن ئۆتكۈزدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە قاتارلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە قىسىم مەسئۇللىرى شۇنىڭدەك ھەر مىللەتتىن بولغان 10 مىڭدىن كۆپرەك ئاممە يىغىنغا قاتناشتى. ئېلىخان تۆرە يىغىندا پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك مەزمۇنىنى ئالغان قۇترانقۇلۇق خاراكتېرلىك نۇتۇق سۆزلىدى ھەمدە قىسىملارغا ئىسلام دىنىنىڭ يۇلتۇز، ئاي بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئالغا» دېگەن خەت يېزىلغان بايراق ۋە ئايەت يېزىلغان ئاق رەڭلىك ئىسلام دىنى بايرىقىنى تەقدىم قىلدى. بايراق تەقدىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ھەربىي كۆرەك ئۆتكۈزۈلۈپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

ئەينى ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى تەخمىنەن 15 مىڭ ئادەم بولۇپ، ئاساسلىقى پىيادە ئەسكەر ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىدى. يەنە ئاز مىقداردا توپچى ئەسكەرلەرمۇ بار ئىدى. غۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى ھەرەمباغ ئېگىزلىكىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتناشقان پارتىزانلار ئەترىتى ئىلى پىيادە ئەسكەرلەر 2-تۈمەنى، زاپاس 4-تۈمەن، تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 1-تۈمەنى، تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 2-تۈمەنى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى؛ قورغاس، سۈيدۈڭ قاتارلىق جايلاردىكى جەڭگە قاتناشقان پارتىزانلار ئەترىتى سۈيدۈڭ پىيادە ئەسكەرلەر 1-تۈمەنى ۋە خۇيزۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر مۇستەقىل يېڭى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى؛ كەڭساي، ئەرتەي داۋىنىدا توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىگە قاتناشقان پارتىزانلار ئەترىتى يېڭى ئەرتەي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3-تۈمەنى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى؛ ئارشاڭ، بورتالادا جەڭ قىلغان پارتىزانلار ئەترىتى موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر يېڭى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. سۇمۇل ناھىيىسىدە شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى قۇرۇلدى. يەنە يېڭىدىن توققۇزتارا ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمەنى، توپچى ئەسكەرلەر يېڭى، مۇھاپىزەتچىلەر يېڭى قاتارلىق قىسىملار قۇرۇلدى.

پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ تۈزۈلۈشى مۇنداق بولدى: بىر تۈمەننىڭ قارمىقىدا ئىككى يېڭ، بىر يېڭنىڭ قارمىقىدا ئۈچ لىيەن، بىر لىيەننىڭ قارمىقىدا ئۈچ پەي، بىر پەينىڭ قارمىقىدا تۆت بەن بار بولۇپ، بىر تۈمەندە 2500 ئادەم بار ئىدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمەنىنىڭ تۈزۈلۈشى پىيادە ئەسكەرلەر تۈمەنىنىڭكىگە سەل ئوخشىمايتتى، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمەنىنىڭ قارمىقىدا تۆت ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى، بىر پىلىموتچىلار لىيەنى بار بولۇپ، بىر تۈمەندە مىڭدەك ئادەم بار ئىدى. تۈمەندە شتاب، سىياسىي باشقارما، ئارقا سەپ تەمىناتى باشقارمىسى تەسىس قىلىنغان. ھەربىر تۈمەندە تۈمەنجاڭ، ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن تۈمەنجاڭ، سىياسىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن تۈمەنجاڭ، دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن تۈمەنجاڭ قويۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىگە ئوخشاش بىر باشلىقلىق تۈزۈم يولغا قويۇلغانىدى.

مىللىي ئارمىيە مۇنتىزىم ئۇرۇش ۋە ئاتاكا ئۇرۇشىنى ئاساسلىق ئۇرۇش شەكلى قىلىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى شۇنىڭغا ماسلاشتۇراتتى. ئۇلارنىڭ قورال-ياراغلىرىنىڭ بىر قىسمى گومىنداڭ قوشۇنىدىن ئولجا ئېلىنغان مىلتىق، زەمبىرەكلەر ئىدى، يەنە بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم بەرگەن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋالغان قورال-ياراغلار ئىدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەر مىللەت دېھقان-چارۋىچىلىرىدىن كېلىپ چىققان. ئەمما ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ مەلۇم ساندىكىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى فېئودال يۇقىرى قاتلام زاتلىرىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ پانئىسلامىزم، پانتۇركىزم ئىدىيىۋى كەيپىياتى بىرقەدەر ئېغىر ئىدى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى رۇسلار ئىدى، بۇلار ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەنلەرمۇ، مۇھاجىر بولۇپ شۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارمۇ بار ئىدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەسكەر مەنبەسى ئاساسلىقى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنىغا ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئېلىنىدى. ئارمىيىنىڭ تەمىناتى ئاساسلىقى تۈرلۈك باجلاردىن، جايلاردىن يۆتكەپ كېلىنگەن ماددىي ئەشيالاردىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە ئەمەلدارلىرىدىن مۇسادىرە قىلىنغان مال-مۈلۈكتىن ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدىن كېلەتتى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر مۇنتىزىم قوشۇنغا ئىگە بولۇپ، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئىلگىرىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى ئاساس قىلىشتىن مۇنتىزىم ئۇرۇشنى ئاساس قىلىش، مۇداپىئەنى ئاساس قىلىشتىن ھۇجۇم قىلىشنى ئاساس قىلىش باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

### (2) «ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ئۇرۇش قىلىش» ھەربىي پىلانىنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى

1945-يىل 1-ئاينىڭ ئاخىرى، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئىلىغا ياردەم

بېرىش ئۇرۇش پىلانى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ھەرەمباغ قاتارلىق تايانچ پونكىتلىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنى يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق كۈرەش ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى.

جياڭ جيېشى شىنجاڭدىكى ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، 2-ئاينىڭ 8-كۈنى جۇ شياۋلياڭغا تېلېفون بېرىپ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قارىغاندا، چىڭخەيدىكى ئىككى شى ئاتلىق ئەسكەرنىڭ كىرگىنى مۇۋاپىق.»① 2-ئاينىڭ 11-كۈنى جۇ شياۋلياڭغا يەنە مۇنداق بۇيرۇق بەردى: «ئومۇمەن جىڭخېنىڭ غەربىدىكى قىسىملارنى ئەڭ مۇۋاپىق چارە قوللىنىپ، ئاۋۋال جىڭ ۋە شىخو قاتارلىق بىخەتەر رايونلارغا چېكىندۈرۈڭلار، ئاندىن بىمالال ھالدا مۇداپىئە كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پېقىر ئالدىن بەلگىلىگەن فاڭجېنغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىڭلار. مۇشۇ كۈنلەردە شىنجاڭغا قارىتىلغان پىلاندا كېيىنچە ھەممە زېمىننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ بازىسى قىلىش ئۈچۈن مۇھىم تايانچ بازىلارنى چىڭ ساقلاپ قولدىن بېرىپ قويماسلىققا كاپالەتلىك قىلىڭلار. ئەگەر ھەممە يەرنى زورمۇزور ساقلاپ قېلىشقا زورۇققاندا، پۈتۈن شىنجاڭ قولدىن كېتىدۇ-دە، ئۇنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ... قانداقلا بولمىسۇن جىڭخېنىڭ غەربىدىكى قىسىملارنى مۇۋاپىق تۈردە تېز سۈرئەت بىلەن چېكىندۈرگەن تۈزۈك.»②

چىڭخەيدىن شىنجاڭغا ئىككى شى ئاتلىق ئەسكەر يۆتكەش گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مىلىتارىست ما بۇفاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەلۋەتتە تېپىلماس پۇرسەت ئىدى. چۈنكى ما بۇفاڭ ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى شىنجاڭغا كېڭەيتىپ، كەلگۈسىدە

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 82-بەت.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 82-بەت.

چىڭخەي، گەنسۇ، شىنجاڭ ئۆلكىلىرىنى كونترول قىلىپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق «غەربىي شىمال پادشاھى» بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، شىنجاڭغا كېلىش ئۈچۈن گەنسۇدىن ئۆتكەندە، ما بۇفاڭغا شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزۈش تەلىپىنى قويغانىدى، شۇڭا، ئۇ ما بۇفاڭ قىسمىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئالاتتى. لېكىن، چىڭخەيدىن شىنجاڭنىڭ شىمالىغا ئاتلىق ئەسكەر يۆتكەش ئۈچۈن، ئادەمزات ئاياغ باسمىغان، سۇ ۋە ئوت-چۆپ قىس بولغان كۆز يەتكۈسىز چۆللۈك ۋە قۇملۇقتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، ئوزۇق-تۈلۈك، يەم-خەشەك، كىيىم-كېچەك تەييارلاش ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك ئىدى، شۇڭا بۇ پىلاننى ئورۇنداش ئۈچۈن، ھېچبولمىغاندا يېرىم يىل ۋاقىت كېتەتتى. جياڭ جيېشىنىڭ بۇ قارارىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە 2-ئاينىڭ 12-كۈنى چىڭخەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ما بۇفاڭغا خەت يېزىپ مۇنداق دېدى:

«ھۆرمەتلىك ما بۇفاڭ ئالىيلىرى:

ھەممىمىزگە مەلۇم، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىسلام دىنىمىزغا بوزغۇنچىلىق قىلىشقا ئورۇنۇۋاتىدۇ، مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان باي سودىگەر ۋە ئاخۇنلىرىمىزنى ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈردى، بىز مۇسۇلمانلار خۇدانىڭ تەلىمى بويىچە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن جەڭ قىلدۇق. خۇدانىڭ تەلىمى ئىسپاتلاندى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى، ئىسلام دىنى ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. بىز ئىسلامنىڭ مۇقەددەس بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈردۇق، خۇددى پەيغەمبىرىمىز ئېيتقاندەك: مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلاشتۇق. بۇ ئۇرۇشلاردا خۇيزۇ قېرىنداشلىرىمىز ناھايىتى باتۇرلۇق كۆرسەتتى. بىز سىزنىڭ ئىسلام بايرىقىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغدىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. سىز بىزدىن خېلى يىراقتا بولسىڭىزمۇ، ياردىمىڭىزگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈمىدىمىز بار، چۈنكى بىزنىڭ ئېتىقادىمىز بىر....... ئىسلام بايرىقىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش — بىز مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس

بۇرچى. ئىسلام ئۈممەتلىرى ئۆزئارا ئۇرۇشسا، ئىسلام قائىدىسىگە خىلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىشتىن، بىز مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا قارمۇ قارشى قىلىپ قويۇشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. بۇنىڭدىن چوقۇم ھوشيار بولۇش كېرەك. ئەگەر بىر-بىرىمىزنى ئۆلتۈرسەك، ئۇ ئالەمگە بارغاندا خۇدا ئالدىدا نېمە دەيمىز؟ مەن مەككە، بۇخارادا ئون يىل ئوقۇدۇم، ھازىر 58 ياشقا كىردىم. مەن مۇقەددەس كىتابلارنى تەرجىمە قىلدىم، بۇلار بىلىمىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئاللا ۋە مۇھەممەتنىڭ سۆزلىرى. مەن پەقەت بۇلارنى سىزگە يەتكۈزۈپلا قويدۇم. شۇڭا، بىز خىتايلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەيلى. ئەگەر ئۇلار سىلەرنى بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا زورلىسا، قوراللىرىڭلارنى كۆتۈرۈپ بۇ يەرگە قېچىپ كېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز دۈشمەنلەرنى تەلتۆكۈس يوقاتقاندىن كېيىن، ئاندىن سىلەرگە ياردەم بېرىمىز. بىز ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، سىزنى ئىسلام دىنىمىزنىڭ بۇزرۇكۋارلىقىغا كۆرسىتىمەن.

ئىسلام دىنىغا ئەگەشكۈچىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ:

جەڭچىلەر ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە.»①

ئېلىخان تۆرە ئېتىقادىمىز بىر، ھەممىمىز ئىسلام دىنى ئۈممەتلىرى دېگەن دىنىي مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، ما بۇفاڭ گورۇھىنى ئۆزىگە تارتماقچى بولدى. لېكىن ئېلىخان تۆرىنىڭ بۇ خىل غەرىزىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كەتمىنىنى چېپىشقا ئۆلىسىمۇ نىيىتىدىن يانمايدىغان قارا نىيەتچى، مىلىتارىست ما بۇفاڭ ئۈچۈن ئۈنۈمى بولمىدى. 1945-يىل 9-ئايدا، ما بۇفاڭنىڭ جىيەنى ما چېڭشياڭ شىجاڭ بولغان ئاتلىق ئەسكەرلەر 1-شىسى (ئەسلىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 5-جۈنى) نىڭ يول باشلىغۇچى قىسمى ئۈرۈمچىگە كىردى، ئۇنىڭ بىر قىسمى گۇچۇڭغا

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 83-بەت.

ئورۇنلىشىپ، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى كۈچەيتتى.

ۋۇ جۇڭشىن جياڭ جيېشىنىڭ جىڭنىڭ غەربىدىكى قىسىملارنى چېكىندۈرۈش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىغا قارىتا باشقىچە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2-ئاينىڭ 19-كۈنى ۋۇ جۇڭشىن جياڭ جيېشىگە مۇنداق تېلېگرامما يوللىدى: «شىنجاڭدا ھازىر بار قاتناش، ئاشلىق، قورال-ياراغ، ئەسكەر كۈچى بىلەن تايانچ بازىلارنى ساقلىماق تەس. ئەگەر جىڭنىڭ غەربىدىكى تاغ ئېغىزلىرى قولدىن كەتسە، جىڭنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ-دە، پۈتۈن شىنجاڭدا چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، شەرقىي شىمالدىكىگە ئوخشاش ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. مەسىلىنى دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق ئۇنۇملۇك ھەل قىلغاندىلا، ئاندىن ھازىرقى ۋەزىيەتنى ئوڭشىغىلى بولىدۇ.»① شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى جايلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، ئۈرۈمچى بىلەن ئالتاي، تارباغاتايلار ئارىلىقىدا توسۇپ ئايرىپ تۇرىدىغان ئېگىز تاغلار يوق، پەقەت ئىلى بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدىلا توغرىسىغا كېسىلگەن دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى تەڭرىتاغ تىزمىلىرى بار. ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىغا كىرىپ-چىقىشتا، جىڭنىڭ غەربىدىكى كەڭساي تاشيولى بىردىنبىر ئاپتوموبىل قاتنىيالايدىغان ۋە زور قوشۇنلار ئۆتەلەيدىغان يول ئىدى. شۇڭا، گومىنداڭ قوشۇنى جىڭنىڭ غەربىدىكى تاغ ئېغىزلىرىدىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، جىڭ، شىخولار ئەتراپىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە ساقلانغۇدەك تەبىئىي توسۇقلار قالمىدى، بۇنداق يەر تۈزۈلۈشى مىللىي ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇم قوزغىشىغا ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ ھەربىي قوماندانلىق جەھەتتىكى بۇ چوڭ سەۋەنلىكى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئۇدا مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، گومىنداڭ

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 85-بەت.

قوشۇنى پارتىزانلار ئەترىتى تېخى ئىگىلىمىگەن جىڭنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تاغ ئېغىزلىرىدىن چېكىندى، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى ئەرتەي پارتىزانلىرىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى كۆچەيتىپ، ئەرتەي، كەڭساي تاغ ئېغىزى، سەنتەي، سىتەي، ۋۇتەي ۋە ئارشاڭ، بورتالا قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، جىڭنىڭ غەربىدىكى مۇھىم ھەربىي بازىلارنى قايتۇرۇۋالدى.

2-ئاينىڭ 10-كۈنى، يېڭى ئەرتەي پارتىزانلىرى فاتىي ئىۋانوۋىچ لىبسكىننىڭ قوماندانلىق قىلىشى ئاستىدا، ھۇجۇم قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، 2-ئاينىڭ 15-كۈنى، تەلكە داۋىنىنى ئىگىلىدى. 2-ئاينىڭ 16-كۈنى سايرام كۆلى ئارقىلىق توغراسۇ داۋىنىدىن ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، سەنتەينى قاتتىق ساقلاۋاتقان دۈشمەن 3-تۈەنى بىلەن ۋۇتەي، داخىيەنزىلەرنى قوغداۋاتقان دۈشمەن 2-تۈەنىنى قاق بەلدىن بۆلۈۋەتتى. 2-ئاينىڭ 17-كۈنى، ئىلى پارتىزانلىرى سەنتەينى ساقلاۋاتقان دۈشمەنلەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى، جەڭ ئىنتايىن كەسكىن بولدى. 2-ئاينىڭ 18-كۈنى، جۇ شياۋلياڭ سەنتەينى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا جەنۇبقا چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلدى؛ سەنتەيگە ياردەمگە كېتىۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىمۇ لۈەنشەنزىگىچە بېرىپ، شۇ كۈنى كەچتە داخىيەنزىگە چېكىنىپ كەلدى. لىبسكىن پارتىزانلىرى ئىز قوغلاپ زەربە بېرىپ، 2-ئاينىڭ 19-كۈنى سەنتەينى ئالدى. دۈشمەن 2-تۈەنى ئالاقزادە بولۇپ ئارقىسىغا چېكىندى، ئىلى پارتىزانلىرى غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بېرىپ، سىتەي، ۋۇتەيلەرنى ئېلىپ، داخىيەنزىگە قىستاپ كەلدى. ئىلى پارتىزانلىرى كەڭساي تاغ ئېغىزى، سەنتەيلەرنى ئىشغال قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭ زاپاس 7-شىسىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى خۇ شىڭياڭ بورتالانى ساقلاۋاتقان قوشۇنغا جەنۇبقا چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلدى. 2-ئاينىڭ 21-كۈنى، ئىبرەينى موڭغۇل پارتىزانلىرىنى باشلاپ، بورتالا ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى. ئاندىن، غېنى قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن بىرلىشىپ، 2-ئاينىڭ

30-كۈنى ئامبال جاڭزىسى (موڭغۇللار ۋاڭىنىڭ ئوردىسى) غا يېتىپ كېلىپ، ئامبال جاڭزىسىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. 3-ئاينىڭ 3-كۈنى دۈشمەنلەر ئامبال جاڭزىسىنى تاشلاپ، شىمالدىكى مۇزداۋان ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا قېچىپ كىرىپ قوراللىرىنى تاپشۇردى، پارتىزانلار ئامبال جاڭزىسىنى ئالدى.

3-ئاينىڭ باشلىرىدا ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى پارتىزانلىرى ئەرتەي، سەنتەي، سىتەي، ۋۇتەي ۋە ئارىشاڭ، بورتالالارنى پۈتۈنلەي ئىگىلىدى، گومىنداڭ قوشۇنى جىڭغا چېكىندى. ئىككى تەرەپ جىڭنىڭ غەربىدىكى داخىيەنزىنى چېگرا قىلىپ تىركىشىپ تۇردى.

4-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جۇ شياۋلياڭ شىخونى پۇختا ساقلاشنى مەركەز قىلىپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىش، ئىلى ھەربىي كۈچلىرىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنى توسۇش، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي قوراللىق كۈچلىرىنىڭ بىرلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەڭشىدى. شىخو ناھىيە بازىرى شەرقتىن ئۈرۈمچىگە 260 نەچچە كىلومېتىر بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى قاتناش تۈگۈنى ئىدى. ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايلارغا بېرىش ئۈچۈن چەزمەن شىخودىن ئۆتۈش كېرەك ئىدى، تاشيولى ھەممە تەرەپكە تۇتىشىپ كەتكەنىدى. جەنۇب تەرەپتە يەنە بىر تاغ يولى بار بولۇپ، تەلەمەت داۋىنىدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاراشەھەر ۋە كۇچاغا بارغىلى بولاتتى؛ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىمۇ تاغ يولى بار بولۇپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئىلقا قاتارلىق جايلارغا بارغىلى بولاتتى. بۇ جاينىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئورنىمۇ مۇھىم ئىدى، شىخونىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 20 كىلومېتىر كېلىدىغان مايتاغدىن نېفىت كۆپ چىقاتتى. شۇڭا بۇ جاي ئەزەلدىنلا ھەممە ھەربىي ئالىملار تالىشىدىغان جاي بولۇپ قالغانىدى. جىڭ شەرقتىن شىخوغا 150 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ، ئەتراپى تۈپتۈز چوڭ چۆللۈك بولۇپ، ساقلىغۇدەك تەبىئىي توسۇقلار يوق ئىدى. غەربىي جەنۇب تەرىپى يىل بويى قار بىلەن قاپلانغان تەڭرىتاغ تىزمىلىرى بولۇپ، تاشيول

ئارقىلىق غۇلجا، بورتالا، ئارىشاڭ قاتارلىق جايلارغا بارغىلى بولاتتى. شەرقى شىمال تەرىپى شىنجاڭدىكى داڭلىق تۇز چىقىدىغان يەر — خۇڭيەنچى (تۇز كۆلى) ئىدى. شىخونى مەركەز قىلىپ مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىلى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ شەرققە تەرەققىي قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، چوقۇم جىڭنى ئالدىنقى سەپ ئىستىھكامى قىلىش كېرەك ئىدى. شۇڭا جۇ شاۋلياڭ 29-جىتۈەنجۈن باش قوماندانلىق شتابى بىلەن يېڭى 2-جۈن شتابىنى ئۈرۈمچىدىن شىخو ناھىيىسى بازىرىغا يۆتكەش، ئەسلى شىخو ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق يېڭى 45-شى 1 - تۈەننى جىڭغا يۆتكەش، ئاتلىق ئەسكەرلەر 1-شى شتابى داۋاملىق شىخودا تۇرۇش، لېكىن ئۇنىڭ 1-تۈەننى چېپەيزە، گەنجاخۇ، بەشبۇلاق قاتارلىق جايلارغا يۆتكەش، زاپاس 7-شى شتابىنى كونا شىخودا تۇرۇشقا يۆتكەش، ۋاقىتلىق 2-شىنىڭ 2 - تۈەننى مايتاغ، گۇرتۇ، چىكشور قاتارلىق جايلارغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش، يېڭى 2-جۈننىڭ جۇنجاڭى شيې يىفېڭنى 29-جىتۈەنجۈننىڭ باش قوماندانى لى تيېجۈنگە ھەمكارلىشىپ شىخودا تۇرۇپ، شىخو ۋە جىڭدىكى ئورۇنلارغا قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. يەنە يېڭى 45-شى شتابىنى جىڭ ناھىيە بازىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، شىجاڭ گو چىنى جىڭ ئالدىنقى سەپنىڭ قوماندانى قىلىپ، جىڭ ناھىيە بازىرى، باجاخۇ قاتارلىق جايلارغا ۋە جىڭنىڭ جەنۇبىي تاغلىق رايونلىرىغا ئورۇنلاشقان تۆت تۈەنگە قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. گومىنداڭنىڭ شىخو، جىڭلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى تەخمىنەن 10 مىڭ كىشىدىن كۆپرەككە يېتەتتى. ئۇلار مىللىي ئارمىيىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈن، مۇستەھكەم مۇداپىئە ئاكوپلىرىنى قۇردى.

شىخو بىلەن جىڭلاردىن باشقا گومىنداڭنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ئىككى تۈەندىن كۆپرەك ئەسكەر كۈچى؛ ئالتاي ۋىلايىتىدە تۆت تۈەندىن كۆپرەك ئەسكەر كۈچى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا توققۇز تۈەنگە يېقىن ئەسكەر كۈچى بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ تەخمىنەن 90 مىڭ ئەسكىرى بار بولۇپ، تۆت ئاتلىق ئەسكەرلەر شىسى

(تەخمىنەن 22 مىڭ كىشى) دىن باشقا ھەممىسى پىيادە ئەسكەرلەر ئىدى. جۇ شاۋلياڭ ئىچكىرىدىن كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنىنى ئاساسلىقى شىخو، جىڭخا مەركەزلەشتۈردى؛ ئالتاي ۋىلايىتى، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىمۇ ئىچكىرىدىن كەلگەن بىرقىسىم گومىنداڭ قوشۇنلىرى بار ئىدى، لېكىن كۆپ قىسمى شېڭ شىسەيدىن قېپقالغان كونا ئۆلكە قوشۇنى ئىدى؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى قوشۇننىڭ ھەممىسى شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى كونا ئۆلكە قوشۇنى ئىدى. ئىچكىرىدىن كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قورال - ياراغ، جابدۇقلىرى ياخشى، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئاساسەن ھەممىسى دېگۈدەك پىيادە ئەسكەرلەر ئىدى؛ شېڭ شىسەيدىن قېپقالغان كونا ئۆلكە قوشۇنىنىڭ قورال-يارا جابدۇقلىرى ناچار، جەڭگىۋارلىقى ئاجىز بولسىمۇ، ئەمما ئاتلـ ئەسكەرلەر كۆپرەك ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى كونترول قىلغان ئىلى ۋىلايىتىدىن باشقا، ئالتاي ۋىلايىتىدە ئوسمان ۋە دەلىلقان پارتىزانلىرى چىڭگىل، كۆكتوقاي ناھىيە بازىرى ۋە قارا تۇڭكې، ئۇلۇڭگۇر مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئەرتەي، داربۇسۇن قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىدى. جىمىنەي ناھىيىسىدە موللائىسلام پارتىزانلىرى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدە دياپوپ، رامازانوپ قاتارلىق بىرقانچە پارتىزانلار ئەترىتى كىچىك تىپتىكى قوراللىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغانىدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تاشقورغان ناھىيىسىدە ئىسھاقبېك تەشكىللىگەن پارتىزانلار ئەترىتى ئىزچىل تۈردە قوراللىق كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. قىسقىسى، ئىلى ئىنقىلابى غەلىبىسىنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بەس-بەستە قوزغىلىپ، تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرەشنى قانات يايدۇردى.

بۇنداق ۋەزىيەتتە، 1945-يىل 4-ئاينىڭ 8-كۈنى مىللىي ئارمىيە رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىنلا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار

مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئۇرۇش پىلانى تۈزۈشكە تۇتۇش قىلدى. 6. ئاينىڭ باشلىرىدا، جەنۇب، شىمال ۋە ئوتتۇرا بولۇپ ئۈچ سەپ بويىچە ئۇرۇش قىلىش ھەربىي پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى.

بىرىنچى، شىمالىي سەپتە جەڭ قىلىشتا كەڭسىي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3. تۈەنى شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىش، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بورتالانىڭ شىمالى ئارقىلىق شىخو بىلەن تارباغاتاي، ئالتايلار ئوتتۇرىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، شىخونىڭ تارباغاتاي، ئالتايلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، شۇ جايدىكى پارتىزانلار بىلەن بىرلىشىپ، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئىگىلەش.

ئىككىنچى، ئوتتۇرا سەپتە جەڭ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىلى پىيادە ئەسكەرلەر 2. تۈەنى، تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 1. تۈەنى، ئىلى زاپاس 4. تۈەنى، خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭى، مىناميوت يىڭى، شىبە ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى قاتارلىق قىسىملار ئۈستىگە ئېلىپ، غەربىي تەرەپتىن جىڭغا ھۇجۇم قىلىش. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇيدۇڭ پىيادە ئەسكەرلەر 1. تۈەنى، توپچى ئەسكەرلەر لىيەنى شىخوغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلىش.

ئۈچىنچى، جەنۇبىي سەپتە جەڭ قىلىدىغانلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى قوزغىلىپ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ قويۇش، بۇ ئارقىلىق ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە شىمالىي سەپ، ئوتتۇرا سەپتىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش. كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى ۋە سوپاخۇن سوپىروپلار بىر ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ، باي، ئاقسۇ كونىشەھەر ئارقىلىق ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش؛ يەنە قۇربانوپنى بىر پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا ئىچى ئارقىلىق تاشقورغانغا كىرىپ، تاشقورغان پارتىزانلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىش.

ناھايىتى روشەنكى، شىمالىي، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي سەپ بولۇپ ئۈچ

يۆنىلىشتە ئۇرۇش قىلىش ھەربىي پىلانى ئىلى ئىنقىلابىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قوراللىق كۈرەشنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تارباغاتاي، ئالتاي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭەيتىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئىجابىي ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشتۇر.

## 3. قوراللىق كۈرەشنىڭ غەلىبىلىك تەرەققىي قىلىشى

### (1) شىمالىي سەپ — تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئىشغال قىلىش جېڭى

1945-يىل 2-ئايدا، گومىنداڭ قوشۇنلىرى جىڭنىڭ غەربىدىكى تا ئېغىزلىرىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، شىخو، جىڭدىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم تايانچ بازىنى يىرىك ھەربىي كۈچلەر بىلەن نۇقتىلىق ساقلىدى. مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، ۋاقىتنچە قىسمەن ئەسكىرىي كۈچى ئارقىلىق جىڭ، شىخولاردىكى دۈشمەنلەرنى كۆزىتىش، ئىسكەنجىگە ئېلىش ۋە ئۇلارغا پاراكەندىچىلىك سېلىشنى، يەنە بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچى ئارقىلىق ئاۋۋال تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، تارباغاتاي، ئالتايلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتىن جىڭ بىلەن شىخوغا ئومۇمىي ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ قارمىقىدا چۆچەك، دۆربىلجىن، چاغانتوقاي، قوبۇقسار، ساۋەن، شىخو قاتارلىق ئالتە ناھىيە بار ئىدى. نوپۇسى 170 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلارنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 100 مىڭ ئىدى، بۇنىڭدىن قالسا ئۇيغۇر، موڭغۇل، خەنزۇ، تاتار ۋە رۇس قاتارلىق مىللەتلەر بار ئىدى. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى، ئۇنىڭدىن قالسا دېھقانچىلىق ئىدى. تارباغاتاينىڭ غەربىي قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش بولۇپ، شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان

ئاساسلىق سودا يولىدىن بىرى ئىدى. شەرقىي شىمال تەرىپى ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن قوشنا، غەربىي جەنۇب تەرىپى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بورتالا، جىڭ ناھىيىلىرى بىلەن قوشنا، شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە قۇربانتۇڭغۇت چوڭ قۇملۇقى بار ئىدى.

گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئاساسلىق ئەسكىرىي كۈچىنى شىخوغا ئورۇنلاشتۇرغاچقا، تارباغاتاينىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئەسكەر كۈچى ئاجىز ئىدى، چۆچەكتە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3-تۈەنى، ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن 3-شى 7-تۈەنىنىڭ بىر لىيەنى بار ئىدى، دۆربىلجىندە 7-تۈەنىنىڭ شتابى بىلەن بىر پىلىموتچىلار لىيەنى، يەنە ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن 3-شى 9-تۈەنىنىڭ ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر لىيەنى ۋە ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش تۈەنى مۇھاپىزەت يىڭىنىنىڭ ئىككى لىيەنى بار ئىدى. چاغانتوقاي ناھىيىسىدە ئاتلىق ئەسكەرلەر 3-تۈەنىنىڭ بىر پەيى بار ئىدى. شامالئۆتەڭدە مۇھاپىزەتچىلەر يىڭىنىنىڭ بىر لىيەنى بار ئىدى. ئۈزۈنبۇلاقتا 7-تۈەنىنىڭ بىر لىيەنى، تولىدا 7-تۈەنىنىڭ بىر لىيەنى بار ئىدى. قوبۇق ۋە قوبۇقساردا ئاتلىق ئەسكەرلەر 11-شىسى 31-تۈەنىنىڭ بىر يىڭى بىلەن موڭغۇللار ۋاڭىنىڭ ئوردىسىنى توغداش ئەترىتى بار ئىدى. شىخودىن باشقا، تارباغاتاينىڭ باشقا جايلىرىدا جەمئىي ئىككى تۈەندىن كۆپرەك ئەسكەر كۈچى بار بولۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تارقاق، جەڭگىۋارلىقى ئاجىز ئىدى، بۇلارنى بىر-بىرلەپ يوقىتىش ئوڭاي ئىدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىدە مىللىي ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئالتايدىكى جىمىنەي پارتىزانلىرى بىلەن ماسلىشىپ، ئاللىبۇرۇن كىچىك كۆلەمدىكى قوراللىق كۈرەشلەر ئېلىپ بېرىلغانىدى. 1945-يىل 2-ئايدا، پارتىزانلار ئارىشاڭ، بورتالالارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ۋە جەنۇبىي تاغلىق رايونلىرىدىكى قازاق، موڭغۇل چارۋىچىلارمۇ پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللىدى. ئۇلار بورتالا موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭى باشلامچى لىيەنىنىڭ ياردىمى ئاستىدا 200 كىشىگە كۆپىيىپ، چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى ئۈزۈنبۇلاق قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز زەربە بەردى. 6-ئاينىڭ

16-كۈنى بۇ پارتىزانلار ئەترىتى كۆپىيىپ 300 نەچچە كىشىگە يېتىپ، مايلى پارتىزانلار ئەترىتى بولۇپ رەسمىي قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا نۇرساپا سېپىتجانوپ بىلەن قالى مەسئۇل بولدى. 1945-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى، مايلى پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن توختى ھەلىموپ باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى بىرلىشىپ مايلى پارتىزانلار ئەترىتىنى چوڭايتىپ قۇردى، توختى ھەلىموپ ئەترەت باشلىقى، نۇرساپا سېپىتجانوپ بىلەن قالى مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولدى. ئۇلار چاغانتوقاي، تولىلار ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىپ گومىنداڭ ھەربىي-ساقچىلىرىغا زەربە بېرىپ تۇردى.

1945-يىل 5-ئاينىڭ ئاخىرى، ساۋەننىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى شاۋگۇەي رايونىدا ئىمىنوپ، دېنسوپ بىلەن جىنسوپ قاتارلىق كىشىلەر باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى مەيدانغا كەلدى. بۇ پارتىزانلار ئەترىتى 6-ئايدا شاۋگۇەيدىكى گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسىگە تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، ئۇلجا ئالغان قورال-ياراغلىرى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇپ، 70 كىشىگە كۆپەيدى. ئۇلار ئۈرۈمچىدىن ئالتايغا بارىدىغان تاشيول لىنىيىسىنى ئۈزۈۋەتتى ھەمدە شىمالىي تەرەپتىن گومىنداڭنىڭ شىخودا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىغا تەھدىت سالدى.

بۇنىڭ ئالدى - كەينىدە، تارباغاتاينىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قىزىلبېيت دېگەن يەردە لىياۋايابوپ رەھبەرلىكىدىكى 130 نەچچە كىشىلىك پارتىزانلار ئەترىتى ۋە رامازانوپ پارتىزانلار ئەترىتى بار ئىدى؛ قوۋۇق ۋە قىرىقئوچاق دېگەن جايدا موللا ئىسلام ۋە خوجىئەخمەت باشچىلىقىدىكى جىممەي پارتىزانلار ئەترىتى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 300 نەچچە ئادىمى بار ئىدى.

قىسقىسى، مىللىي ئارمىيە تارباغاتاي ۋىلايىتىگە مۇنتىزىم قوشۇن كىرگۈزۈپ ئۇرۇش قىلىشتىن ئىلگىرى، تارباغاتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەمدە قوراللىق كۈرەش قانات يايدۇرۇلغانىدى.

1945-يىل 5-ئايدا، بورتالا، چاغانتوقاي، تولىلار ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارتىزانلار ئەترىتى غۇلجىغا ئادەم ئەۋەتىپ، مىللىي ئارمىيە

باش قوماندانلىق شتابىغا تارباغاتاي ۋىلايىتىدە قانات يايدۇرۇلغان قوراللىق كۈرەشنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى دوكلات قىلغاندىن كېيىن، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ھۇجۇم قىلىش شارائىتى پىشىپ يېتىلدى، دەپ قارىدى. 7-ئاينىڭ بېشىدا، مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى پالىنوپ لىسكىننىڭ كەڭساي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3-تۈەنى، ئىبرەدەنى مىنيانوپنىڭ موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگى ۋە مۇھاپىزەتچىلەر يىگىنى باشلاپ سەنتەي، بورتالا قاتارلىق جايلار ئارقىلىق جىگنىڭ شىمالىدىكى قىزىلتوزدىن ئۆتۈپ تارباغاتاي ۋىلايىتىگە كىردى. 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، موڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگى تولىنىڭ ئۈزۈنبۇلاق رايونىغا يېتىپ كېلىپ، مايلى پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن بىرلىشىپ، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ تارباغاتاينى ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ئىلان قىلدى ھەمدە كونكرېت ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. تارباغاتاي ۋىلايىتىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى.

مىللىي ئارمىيە بىلەن پارتىزانلار ئاۋۋال ئۈزۈنبۇلاق تاغ بېشى ۋە ئۈچسۇنى ئىگىلىدى، 7-ئاينىڭ 15-كۈنى چاغانتوقاي ناھىيىسىنى ئالدى. 18-كۈنى موڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگى بىلەن مايلى پارتىزانلار ئەترىتى تارباغاتاي-شىخو تاشيولىدىكى مۇھىم تايانچ پونكىت — ئۆتنى ئىگىلىدى. 24-كۈنى كەڭساي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3-تۈەنى جامانتوۋغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مايلى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ بىر قىسمىغا كۈلدېلىگە بېرىش، قالغان قىسىملارغا دەرھال تولىغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 25-كۈنى كەڭساي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3-تۈەنى بىلەن مايلى پارتىزانلار ئەترىتى دۆربىلجىندىن ياردەمگە ئەۋەتىلگەن دۈشمەنلەرنى تولىدا قورشىۋالدى، كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، دۈشمەننى پۈتۈنلەي تارمار قىلىپ تولىنى ئىگىلىدى، 27-كۈنى شامالئۆتكىنى ئېلىپ، دۆربىلجىنگە غەلىبىلىك ھۇجۇم قىلدى.

مىللىي ئارمىيە خەت يېزىپ شەھەرگە ئادەم كىرگۈزۈپ دۆربىلجىن ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان قوشۇننى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى، ئۇلار رەت قىلغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. شىددەتلىك

زەمبىرەك ئوقى ئاستىدا، كەڭسايى ئاتلىق ئەسكەرلەر 3-تۈەننىڭ 1-يىڭى شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن، 2-يىڭى شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن، 3-يىڭى شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، تۆت سائەت كەسكىن جەڭ قىلىپ، 29-كۈنى چۈشتىن كېيىن شەھەر سېپىلىنى پارتىلىتىپ بۇزۇۋەتكەندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىدى ھەمدە ئالتايدىن كەلگەن ئون نەچچە ھەربىي ئاپتوموبىلنى ئولجا ئالدى.

مىللىي ئارمىيە دۆربىلجىننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ چۆچەكتىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى يەككە-يېگانە، ياردەمسىز قېلىپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. 7-ئاينىڭ 29-كۈنى مىللىي ئارمىيىنىڭ باشلامچى قىسمى چۆچەكنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ باردى ھەمدە دۆربىلجىندە تەسلىم بولغان گومىنداڭنىڭ ھاكىمى جياۋ نەيچېڭ قاتارلىقلارنى شەھەردىكىلەرنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن شەھەرگە كىرگۈزدى. گومىنداڭنىڭ تارباغاتاي ۋالىيسى پېڭ رۇڭ ئادەتتە مال-دۇنيا توپلاپ ئەيش-ئىشرەت قىلىپلا يۈرەتتى، دۆربىلجىننىڭ قولدىن كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھودۇقۇپ كېتىپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ مىللىي ئارمىيە ئەۋەتكەن تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگۈچىلەرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، چۆچەكتىكى ھەربىي-مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ باشلىقلىرىنى چاقىرىپ جىددىي يىغىن ئاچتى. پىكىردە بىرلىككە كېلەلمىگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ پاناھلىق تىلەش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا ئادەم ئەۋەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ قورال-ياراغنى تاپشۇرغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرىشىگە يول قويدى. 30-كۈنى مىللىي ئارمىيە چۆچەكنى قورشىۋالدى. شۇ كۈنى كەچتە پېڭ رۇڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، شەھەرنى ساقلاۋاتقان ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر ۋە خەنزۇ ئاممىسىدىن بولۇپ 1400 نەچچە كىشىنى باشلاپ باقتۇ چېگرا ئېغىزىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى. 31-كۈنى چۆچەك شەھىرى ئازاد بولدى.

مىللىي ئارمىيە چاغانتوقاي، تولى، دۆربىلجىن، چۆچەكلەرنى ئىشغال قىلىش جەڭلىرىدە، دۈشمەننىڭ ئىككى تۈەندىن كۆپرەك ئەسكىرىي كۈچىنى يوقاتتى، ئولجا ئالغان قورال-ياراغلار بىلەن قوشۇنىنى قوراللاندۇردى ھەمدە تارباغاتايدىكى پارتىزانلار ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنى قوبۇل قىلىپ مىللىي ئارمىيىگە قاتناشتۇردى. 8-ئاينىڭ 10-كۈنى، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ كەڭسىاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3-تۈەنى، دۆربىلجىن ئاتلىق ئەسكەرلەر 4-تۈەنى ۋە مايلى پارتىزانلار ئەترىتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن چۆچەك ئاتلىق ئەسكەرلەر 6-تۈەنىنى بىرلەشتۈرۈپ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر لىۋىي قىلىپ تەشكىللىدى. ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى تەخمىنەن 2400 نەچچە كىشى بولدى، لىۋسىكىن لىۋجاڭ بولدى. ئاندىن بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچى شىخوغا يۈرۈش قىلدى، ئاساسلىق قوشۇن نەچچە يولغا بۆلۈنۈپ، قوبۇق بىلەن قوبۇقسار ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى.

قوبۇق بىلەن قوبۇقسار دۆربىلجىندىن شەرقىغە تەخمىنەن 200 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان، ئۈرۈمچىدىن ئالتايغا بارىدىغان تاشيول لىنىيىسىگە يېقىن بولۇپ، تارباغاتايدىن ئالتايغا كىرىدىغان مۇھىم تايانچ پونكىت ئىدى. قوبۇقنى گومىنداڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 11-شى 31-تۈەنىنىڭ بىر يىڭى ساقلاۋاتاتتى، مۇستەھكەم مۇداپىئە ئاكوپلىرىغا تايىنىپ، جاھىللىق بىلەن مۇداپىئە قىلىۋاتاتتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ باشلامچى قىسمى 8-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن باشلاپ قوبۇقنى قورشىۋالدى، ئارقىدىن ئەسكىرىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ، زەمبىرەك بىلەن قاتتىق توپقا تۇتقاندىن كېيىن، پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر ھۇجۇم قىلىپ تورۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، 21-كۈنى قوبۇقنى ئىشغال قىلدى. قوبۇقسار ناھىيە بازىرىنى موڭغۇللار ۋاڭىنىڭ ئوردىسىنى قوغداش ئەترىتى ساقلاۋاتاتتى. 8-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن باشلاپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسمى شۇ جايدىكى موڭغۇل، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت پارتىزانلىرى بىلەن بىرگە شەھەرنى قورشىۋالدى. 8-ئاينىڭ 11-كۈنى، مىللىي ئارمىيە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر لىۋىيدىكى 600

نەچچە كىشى سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى دوسكاينوپنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوبۇقسارغا يېتىپ كېلىپ، شەھەرنى قورشاپ تۇرغان قىسىملار بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، 14-كۈنى شەھەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەن قوشۇنى ئوق-دورىسى، ئوزۇق-تۈلۈكى تۈگەپ قىيىن ئەھۋالدا قالغاچقا، 8-ئاينىڭ 22-كۈنى قاش قارايغان چاغدا شەھەرنىڭ شىمالىدىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، جياڭجۈنگوبى چۆللۈكىنى كېسىپ ساۋەنگە قېچىپ كەتمەكچى بولدى. مىللىي ئارمىيە ئىز قوغلاپ زەربە بېرىپ دۈشمەننىڭ كۆپ قىسمىنى يوقىتىپ، قوبۇقسار ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ تارباغاتاي ئارقىلىق ئالتايغا يۈرۈش قىلىدىغان مۇھىم قاتناش يولى ئېچىلدى.

شۇنىڭ بىلەن، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شىخو ناھىيىسى بىلەن ساۋەن ناھىيىسىدىن باشقا ھەممە يېرىنى مىللىي ئارمىيە ئىگىلىدى.

مىللىي ئارمىيە تارباغاتاينى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئالتايغا كىرىپ شۇ يەردىكى قازاق قوراللىق كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلارغا ھۇجۇم قىلدى.

ئالتاي ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي شىمال تەرىپى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن، غەربىي شىمال تەرىپى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش. ئەينى ۋاقىتتا ئالتاي ۋىلايىتىگە سارسۇمبە، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل قاتارلىق ناھىيىلەر ۋە ئۇلۇڭگۇر مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قارايتتى. پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ يەر كۆلىمى 159 مىڭ 374 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 83 مىڭدىن كۆپرەك ئىدى. ئاھالىلەرنىڭ ئاساسلىقى قازاق، ئۇنىڭدىن قالسا موڭغۇل بولۇپ، ئاساسلىقى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، دېھقانچىلىق ۋە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاز ساندىكى خەنزۇلار ھەم ئۇيغۇرلارمۇ بار ئىدى. ئالتاينىڭ شىمالىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئالتاي تېغىدىن ئالتۇن، ياقۇتلار ۋە ھەر خىل ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار كۆپ چىقاتتى.

ئوسمان ۋە دەلىلقان قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ئالتاي قوراللىق

كۈچلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياردىمى ئاستىدا كۈندىن - كۈنگە زورىيىپ، ئالتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئۈزلۈكسىز زەربە بېرىپ، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرىنى 1945-يىل 2-ئاينىڭ 24-كۈنى كۆكتوقاي، ئۆلۈنگۈر مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، دابسۇن قاتارلىق جايلاردىن گۇچۇڭغا چېكىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە مەجبۇرلىدى. ئەينى ۋاقىتتا، دەل قار يېغىپ مۇز تۇتۇپ كەتكەن قەھرىتان سوغۇق پەسلى ئىدى، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمى پىيادە چېكىنىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئاشلىقى يېتىشمەي ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قازاق قوراللىق كۈچلىرى يول بويىدا توسۇپ ۋە ئىز قوغلاپ زەربە بېرىپ، گۇچۇڭغا چېكىنىۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى. كۆكتوقاي، ئۆلۈنگۈر مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، قاراتوڭگى، ئەرتەي، دابسۇن قاتارلىق جايلارنى ئالتاي قازاق پارتىزانلىرى ئىگىلىدى.

1945-يىل 2-ئاينىڭ 20-كۈنى، جېمىنەي پارتىزانلىرى جېمىنەي ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى. 6-ئاينىڭ باشلىرى گومىنداڭنىڭ بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي خادىملىرى شەھەرنى تاشلاپ بۇرچىن ناھىيىسىگە قاچتى. ئالتاي قوراللىق كۈچلىرى بۇرۇلتوقاينى ئازاد قىلدى.

6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، دەلىلقان 1200 نەچچە كىشىلىك ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ تۇنجى قېتىم سارسۇمبە ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى، شەھەرنى ساقلاۋاتقان دۈشمەنلەر جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۈدا يەتتە كېچە-كۈندۈز جەڭ قىلىپمۇ ناھىيە بازىرىنى ئالالماي، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 6-ئاينىڭ 25-كۈنى، دەلىلقان سارسۇمبە ناھىيە بازىرىغا قايتا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، ئىككى چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى نۇرقوجاي بىلەن سۇلايمان گومىنداڭ ھەربىي-مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن جەڭ باشلىنىش ئالدىدا يۈز ئۆرۈپلا، سارسۇمبىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ

قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولغانلىقتىن، ئالتاي پارتىزانلىرى چىڭگىل ناھىيىسىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

8-ئاينىڭ 5-كۈنى، ئالتاي پارتىزانلىرى سارسۈمبە ناھىيە بازىرىنى قايتا مۇھاسىرىگە ئالدى. جۇ شاۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىن ئالاھىدە ئايروپىلان ئەۋەتىپ ئەلەن ۋاڭ، جانىمقان، نۇرقوجاي، سۇلايمان قاتارلىقلارنى سارسۈمبىدىن ئۈرۈمچىگە ئەكەلدۈردى ھەمدە جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ ئالتاي، شىخو، جىڭ قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش قىلىش ياكى چېكىنىش توغرىسىدا يوليورۇق سورىدى. جياڭ جيېشى دەرھال تېلېگرامما ئەۋەتىپ: «مەيلى جىڭ ياكى ئالتاي بولسۇن قەتئىي ساقلاش كېرەك، چېكىنىشكە بولمايدۇ»① دەپ بۇيرۇق بەردى. 6-كۈنى جۇ شياۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىنلار ئالتاينى ساقلاپ قېلىش جىددىي چارىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ، مۇنۇلارنى بېكىتتى: مەركەزدىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھاۋا قاتنىشىنى كۈچەيتىشىنى ئىلتىماس قىلىش، ئوسمان ئىسلامنى تېزلىكتە تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىش، ئايروپىلاننى ئىشقا سېلىپ، دۆربىلجىننى بومباردىمان قىلىش، ساۋەننى ساقلاپ قېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش، ماناس ناھىيىسىنىڭ غەربىي تاغلىرىدىكى قالىبېك پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ھەرىكىتىنى توسۇش. 7-كۈنى دەلىلقان سۇگۇرباييوپ ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتىدىكى 1000 دىن ئارتۇق كىشى ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 50 نەچچە ھەربىي خادىمىغا قوماندانلىق قىلىپ، سارسۈمبە ناھىيە بازىرىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ۋۇ جۇڭشىن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى گاۋ بويۈگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ مۇنداق دېدى: «ئالتاي شىمالىي چېگرىدىكى توسۇق، ئۇنىڭ قانداق بولۇشى پۈتكۈل ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك. ھەربىي جەھەتتە ئۆز ئارا ماسلىشىپ، چەت جايلارنى تىنچىتىپ قوللىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.»② ئالتاي

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 123-بەت.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 124-بەت.

پارتىزانلار ئەترىتى 10-كۈنى چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ سارسۈمبە ناھىيە بازىرىنى توپقا تۇتتى، سارسۈمبىنى ساقلاۋاتقان قوشۇن ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى. پارتىزانلار سارسۈمبە ئەتراپىدىكى تايانچ پونكىتلارنى ئىگىلىدى. ئالتاينىڭ ۋالىيسى گاۋ بويۇ، ئاتلىق ئەسكەرلەر 11-شىسىنىڭ شىجاڭى ۋېن لىڭيۈنلەر جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارغا ئارقا-ئارقىدىن جىددىي تېلېگرامما ئەۋەتىپ: «سارسۈمبە خەۋپ ئىچىدە قالدى، ئوزۇق-تۈلۈك، ئوق-دورىلار تۈگىدى، دەرھال ياردەم بېرىڭلار، ئايروپىلان! ئايروپىلان! ئايروپىلان ئەۋەتىڭلار!»① دەپ قۇتقۇزۇشنى تىلىدى. 16-كۈنى گومىنداڭنىڭ ياردەمگە ئەۋەتىلگەن بىر قىسىم قوشۇنى يېتىپ كەلدى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي خادىملىرى چېكىندى. دەلىلقانمۇ ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتىنى شەھەردىن 15 — 20 كىلومېتىر يىراق جايغا چېكىندۈرۈپ ئارام ئالغاچ، مىللىي ئارمىيە چوڭچەكتىن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، سارسۈمبە ناھىيە بازىرىغا يەنە ھۇجۇم قىلىشنى كۈتتى.

8-ئاينىڭ 26-كۈنى، قابا ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى پارتىزانلار ۋە قازاق چارۋىچىلار ئامىسىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا شەھەرنى تاشلاپ سارسۈمبىگە چېكىندى، ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى قابانى ئىگىلىدى. 9-ئاينىڭ 3-كۈنى، گومىنداڭنىڭ بۇرچىن ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان ۋاقىتلىق 3-شىسىنىڭ بىر قىسمى ۋە 300 دىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان قوغدىنىش ئەترىتى چۆچەكتىن كەلگەن مىللىي ئارمىيە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر لۈيىنىڭ بىر قىسمى ۋە قوبۇقسار پارتىزانلار ئەترىتى، جىمىنەي پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا تەسلىم بولدى، مىللىي ئارمىيە بىلەن ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى بۇرچىن ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن سارسۈمبىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى.

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 125-بەت.

9-ئاينىڭ 5-كۈنى، مىللىي ئارمىيە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر لۇيىنىڭ بىر قىسمى سارسۈمبىنىڭ جەنۇبىغا 18 كىلومېتىر كېلىدىغان داشەمچەك (ھازىرقى نامى «كېمىچى») كە يۈرۈش قىلىپ، دەلىلقان باشچىلىقىدىكى ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشتى. 6-كۈنى مىللىي ئارمىيە بىلەن ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى سارسۈمبىنى يەنە مۇھاسىرىگە ئالدى ھەمدە شەھەرگە ئادەم ئەۋەتىپ تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى. گاۋبويۇ ۋە ۋەن لىڭيۈن قاتارلىقلار تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ، سارسۈمبىنى ساقلاۋاتقان قوشۇن بىلەن 3000دىن ئارتۇق خەنزۇ ئاممىسىنى باشلاپ شەھەرنى تاشلاپ شىمالغا قاراپ قېچىپ، چېگرىدىن ئۆتۈپ، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە كەتمەكچى بولدى. مىللىي ئارمىيە بىلەن ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى شۇ كۈنى كەچتە سارسۈمبە ناھىيە بازىرىغا كىرىپ، تېزدىن قوشۇن ئەۋەتىپ، شىمالغا قاچقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قوغلاپ زەربە بەردى. 9-كۈنى جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى ئۇرغات داۋىنىدا مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى قورال تاشلاپ تەسلىم بولدى. مىللىي ئارمىيە بىلەن ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى گاۋ بويۇ، ۋەن لىڭيۈن قاتارلىق 1130دىن كۆپرەك ئوفىتسېر-ئەسكەرنى ئەسىرگە ئالدى، 48 يېنىك ۋە ئېغىر تىپتىكى پىلىموت، 1000دىن ئارتۇق ھەر خىل مىلتىق، 300 مىڭ پاي ئوق ۋە باشقا نۇرغۇن ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى غەنىيمەت ئالدى.

ئالتاي ۋىلايىتى پۈتۈنلەي ئازاد بولغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي سەپ ئۇرۇشى ۋەزىپىسى شۇنىڭ بىلەن ئورۇندالدى. 9-ئاينىڭ 20-كۈنى، ئالتاي قازاق قوراللىق كۈچلىرى ئاساسىدا ئالتاي قازاق ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى قۇرۇلدى. دەلىلقان سۇگۇرباييۇپ تۈەنجاڭ، مۇھەممەتجان سىنبايېۋ سىياسىي كومىسسار بولدى.

(2) ئوتتۇرا سەپ — شىخو، جىڭلارنى ئىشغال قىلىش جېڭى

جىڭ گومىنداڭ قوشۇنى بىلەن ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قوراللىق كۈچلىرى بىۋاسىتە تىركىشىدىغان ئالدىنقى فرونت ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا جىڭدا بىر شى شتابى ۋە تۆت تۈەن ئەسكەر كۈچى بولۇپ، يەنى يېڭى

45-شىنىڭ 1-، 3-تۈەنى، 191-شىنىڭ 571-تۈەنى، زاپاس 7-شىنىڭ 21-تۈەنى بار بولۇپ، ئومۇمىي ئەسكەر كۈچى 3000 كىشىدىن كۆپرەكتە يېتەتتى، ئۇلار جىڭ ناھىيە بازىرى ۋە بازارنىڭ سىرتىدىكى ھەرقايسى مۇھىم تايانچ پونكىتلارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ساقلايتتى. 1945-يىل 4-ئاينىڭ 25-كۈنى گو چى يىڭى 45-شىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، بىر قاتار جىددىي تەدبىرلەرنى قوللاندى: بىرىنچى، جىڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمىغا ئورگان خادىملىرى ۋە خەلق ئاممىسىنى باشلاپ شىخودىن جىڭخا قايتىپ كېلىپ، ھەربىي قوشۇننىڭ جىڭ ناھىيە بازىرىدا مۇداپىئە كۆرۈشىگە ياردەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئىككىنچى، گومىنداڭ قوشۇننىڭ جىڭدىكى مۇداپىئە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، جىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى بارلىق ئىستىھكاملارنىڭ قېلىنلىقىنى ئىككى مېتىردىن ئاشۇرۇپ پۇختىلاپ، ئەتراپىغا ئۈچ مېتىر كەڭلىكتە ئايلانما خەندەك كولاپ سۇ قويۇۋېتىپ، خەندەك سىرتىغا زىچ مىنا كۆمۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

1945-يىل 4-ئاينىڭ 28-كۈنى، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىلى پىيادە ئەسكەرلەر 2-تۈەنى قاتارلىق قوشۇنلار جىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىگە 25 كىلومېتىر كېلىدىغان داخىيەنزىنى ئىگىلەپ، جىڭ ناھىيە بازىرىغا 15 كىلومېتىر كېلىدىغان پايدىلىق ئېگىزلىك ئورنى ساشەنزىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئېغىر تەھدىت سالدى. گو چى يىڭى 45-شى 1-تۈەنگە 5-ئاينىڭ 17-كۈنى كەچتە ساشەنزىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇداپىئەسى قاتتىق بولمىغاچقا، 300 نەچچە كىشى يارىلىنىپ ۋە ئۆلۈپ، ساشەنزىنى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىگىلىۋالدى. ئاندىن كېيىن، يەنە يۇڭجىخۇنىڭ سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق مىللىي ئارمىيىنى چېكىنىشكە مەجبۇرلىدى.

شىخونى گومىنداڭ يېڭى 2-جۈننىڭ جۈنجاڭى شيې يىفېڭنىڭ بىر جۈن شتابى ۋە بىر شىدىن كۆپرەك ئەسكەر كۈچى ساقلاۋاتاتتى. شىخو ناھىيە بازىرى ۋە شەھەر ئەتراپى رايونىنى يېڭى 2-جۈن شتابىغا بىۋاسىتە

قاراشلىق ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش يىغى ۋە زاپاس 7-شى 21-تۇەننىڭ بىر يىغى ساقلاۋاتاتتى؛ شىخونىڭ غەربىدىكى چىگشورنى ۋاقىتلىق 3-شىنىڭ بىر تۇەنى ساقلاۋاتاتتى. شىخونىڭ شىمالىدىكى چىپەيزىنى ئاتلىق ئەسكەرلەر 1-شىنىڭ بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى ساقلاۋاتتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، شىخونىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئەنجىخەي، مايتاغ نېفىت كېنى، بايىنگو قاتارلىق جايلاردا تەخمىنەن ئىككى يىلك ئەسكەر كۈچى بار بولۇپ، مۇداپىئە ئاكوپلىرى مۇستەھكەم ئىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ شىخوغا ھۇجۇم قىلىش قىسمىدا 4000دىن ئارتۇق كىشى بار بولۇپ، ئۇلارغا پالىنوپ قوماندانلىق قىلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم ساندىكى پىيادە ئەسكەرلىرى، توپچى ئەسكەرلىرى، برونېۋىك ۋە ئايروپىلانلىرى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلدى.

1945-يىل 4-ئايدىن باشلاپ، مىللىي ئارمىيە بىلەن گومىنداڭ قوشۇنلىرى جىڭ، شىخو سەپلىرىدە تىركىشىپ ئۇرۇش قىلدى، ھەر ئىككى تەرەپتە يېڭىش، يېڭىلىش بولدى.

6-ئايدا مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى جىڭ، شىخو ئۇرۇشى ۋەزىيىتىنىڭ تىركىشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تەڭشەپ، «ئۈچ سەپ» ئۇرۇشى پىلانىنى يولغا قويدى: بىر قىسىم ئەسكەر كۈچى ئارقىلىق جىڭ، شىخولاردىكى دۈشمەنلەرنى ئىسكەنجىگە ئېلىش، نازارەت قىلىش؛ پارتىزانلار ئەترىتىنى ئەۋەتىپ، جىڭنىڭ جەنۇبىدىكى ئاچال ئارقىلىق جىڭ، شىخو ناھىيىلىرى تەۋەسىگە كىرىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئۈزلۈكسىز زەربە بېرىش، پاراكەندىچىلىك سېلىش، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شىخو بىلەن جىڭ ئارىلىقىدىكى چىگشور كۆۋرۈكى، ساۋەن بىلەن شىخو ئارىلىقىدىكى ئەنجىخەي كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، جىڭ، شىخو، ساۋەن، ماناسلار ئارىلىقىدىكى تاشيول لىنىيىلىرى ۋە تېلېفون سىمىنى بۇزۇۋېتىپ، دۈشمەننىڭ ئەسكەر كۈچى يۆتكىشى ۋە ماددىي ئەشيا يەتكۈزۈپ بېرىشىگە ئېغىر قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇش؛ بىر قىسىم ئەسكەر كۈچى ئارقىلىق ئاۋۋال تارباغاتاي، ئالتايلارنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن جىڭ بىلەن

شىخولارغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاش، لېكىن ئالدى بىلەن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ شىخوغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، جەنۇبتىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈۋېتىش.

1945-يىل 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، مىللىي ئارمىيە شىخو بىلەن جىڭلارغا ئومۇمىي ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى باشلىۋەتتى. 8-ئاينىڭ 26-كۈنى، مىللىي ئارمىيىنىڭ 100دىن ئارتۇق ئەسكىرى شىخونىڭ شىمالىدىكى شاۋساۋخۇ كۆلىنى ئىشغال قىلىپ، شىخو شەھىرىنىڭ سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. 8-ئاينىڭ 27-كۈنى، مىللىي ئارمىيىنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى، ئاتلىق ئەسكەرلىرى، توپچى ئەسكەرلىرىدىن بولۇپ 1000دىن ئارتۇق كىشى شىخونىڭ غەربىي شىمال بۇلۇڭىغا 50 كىلومېتىر كېلىدىغان چېپەيزىنى مۇھاسىرىگە ئالدى ھەمدە چېپەيزە بىلەن شىخو ئارىلىقىدىكى قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلىدى. تەكرار ئېلىشىش ئارقىلىق، 9-ئاينىڭ 2-كۈنى كەچتە، گومىنداڭ قوشۇنلىرى چېپەيزە دەرياسىنى كۆۋرۈكنى كۆيدۈرۈۋېتىپ شىخوغا قېچىپ كەتتى، مىللىي ئارمىيە شىخونىڭ سىرتىدىكى مۇھىم تايانچ پونكىتى بولغان چېپەيزىنى ئىگىلىدى. 9-ئاينىڭ 3-كۈنى، مىللىي ئارمىيە شىخونىڭ يېقىن ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى.

9-ئاينىڭ 4-كۈنى، مىللىي ئارمىيە شىخو ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قوزغىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، سۇيدۇڭ پىيادە ئەسكەرلەر 1-تۈەنى، چۆچەك ئاتلىق ئەسكەرلەر 6-تۈەنى، موڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭى ئاساسلىق ھۇجۇمنى ئۈستىگە ئالدى، مۇھاپىزەتچى يىڭى زاپاس قوشۇن بولدى، ئۇلار غەربىي شىمال، شەرقىي شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قوزغىدى. شىددەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق، 5-كۈنى شىخونى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىرىنچى مۇداپىئە سىپىنى بۆسۈپ ئۆتتى، بەشكۆۋرۈك تايانچ پونكىتىنى ئىشغال قىلىش جەريانىدا، مىللىي ئارمىيىدە تالاپەت ناھايىتى ئېغىر بولدى. 7-كۈنى مىللىي ئارمىيە ئاساسلىق كۈچنى بۆتكەپ كېلىپ يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈرەشچى

ئايروپىلانىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئىككىنچى مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، گۆەنىيىنگى بۇتخانىسى تايانچ پونكىتىنى ئىگىلىدى. 8-كۈنى تاڭ سۈزۈلگەندە، دۈشمەننىڭ ئۈچىنچى مۇداپىئە سېپىنىمۇ بېسىپ ئۆتۈپ، شىمالىي قوۋۇققا بېسىپ كىرىپ، شىخو ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىدى. يېڭى 2-جۇڭنىڭ جۇنجاڭى شيې يىفېڭ قالدۇق قىسمىنى باشلاپ شەرققە قاراپ قاچتى. مىللىي ئارمىيە بىر تەرەپتىن ئاساسىي كۈچىنى ئەۋەتىپ توختىماي قوغلاپ قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كۇيتۇن، شىخو ئايرودرومى، مايتاغ نېفىت كېنىنى ئىگىلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە گەنجىخەي، سەنداۋ خېزىلارنى ئىگىلەپ، تاكى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغىچە كەلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن جىڭ ناھىيىسىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ شەرققە قاراپ قېچىشىنى توسۇش ئۈچۈن، موڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭى ۋە چۆچەك ئاتلىق ئەسكەرلەر 6-تۇەنىنىڭ بىر قىسمىنى جىڭ ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلىش جېڭىگە ماسلىشىپ، شىخونىڭ غەربىگە 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا مۇداپىئە قىلىشقا ئەۋەتتى.

شىخو جېڭىدە مىللىي ئارمىيە گومىنداڭنىڭ 900دىن كۆپرەك ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىلاندۇردى، 1000دىن كۆپرەك ئادىمىنى ئەسىرگە ئالدى، زور بىر تۈركۈم قورال-ياراغ، ئوق-دورا غەنىيمەت ئالدى.

مىللىي ئارمىيە شىخوغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 9-ئاينىڭ باشلىرىدا جىڭغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنىمۇ پۈتتۈردى. 9-ئاينىڭ 5-كۈنى مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى ئىسھاقبېك مونونوپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي خادىملىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، ئىلى پىيادە ئەسكەرلەر 2-تۇەنى، تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 1-تۇەنى، ئىلى زاپاس 4-تۇەنى، خۇيزۇ مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭى، شىبە ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى ۋە توپچىلار سىڭى قاتارلىقلار بولۇپ 4000دىن كۆپرەك ئادەمنى باشلاپ، جىڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قوزغىدى. شۇ كۈنى يۈگجىخۇنى

ئىگىلىدى، 7-كۈنى باجياخۇنى ئىگىلەپ، جىڭ ناھىيە بازىرىغا غەلىبىسىرى ھۇجۇم قىلدى. شىخودىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى شەرققە قېچىشقا باشلىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىڭنىڭ ئەتراپىدىكى تايانچ پونكىتلارنىمۇ مىللىي ئارمىيە ئىگىلىگەچكە، گو چى شيې يىفېڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن جىڭنى تاشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ شەرققە قاراپ قاچتى. 9-ئاينىڭ 8-كۈنى مىللىي ئارمىيە جىڭ ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىدى ھەمدە قاچقان دۈشمەنلەرگە قوغلاپ شىددەت بىلەن زەربە بەردى. يېڭى 45-شىنىڭ 1-تۇەنى ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىغە قېچىپ كەتكەندىن باشقا، قالغان ئۈچ تۇەننىڭ ھەممىسى ئاساسەن يوقىتىلدى. يېڭى 45-شىنىڭ شىجاڭى گو چىمۇ 9-ئاينىڭ 19-كۈنى ئەنجىخەي ئەتراپىدا ئەسىرگە چۈشتى.

جىڭ ئۇرۇشىدا مىللىي ئارمىيە-گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ 1000دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، زور بىر تۈركۈم قورال-ياراغ، ئوق-دورا غەنىيمەت ئالدى. شىخو، جىڭلارنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئۇرۇش. بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشتىكى سەۋەب ھەربىي ئىشلار پىلانى ۋە قوماندانلىق توغرا بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقى زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەندىن سىرت، ئەڭ مۇھىمى مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندان ۋە جەڭچىلىرى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى، قۇربان بېرىشتىن قورقمىدى. شىخونى ئىشغال قىلىش داۋامىدا گومىنداڭ زور تۈركۈمدىكى قوغدىنىغۇچى قوشۇن يۆتكەپ سۈيدۈڭ پىيادە ئەسكەرلەر 1-تۇەنىگە ئىككى قېتىم قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى، پىيادە ئەسكەرلەر 1-تۇەنى دۈشمەننىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ بازىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر بەدەل تۆلىدى. بەزى لىيەن-پەيلەردە لىيەنجاڭ، پەيجاڭلارنىڭ ھەممىسى قۇربان بولغاندىن كېيىن، خوجىلىق باشلىقى، كاتىپلار لىيەنجاڭلىق، پەيجاڭلىقنى ۋەكالىتەن ئۆتەپ، قالغان جەڭچىلەرگە قوماندانلىق قىلىپ داۋاملىق جەڭ قىلدى. جىڭنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىدا زاپاس 4-تۇەن 1-يىڭدىكى بىر بەنجاڭ بەش جەڭچىنى باشلاپ، دۈشمەن ئىستىھكامىنى پارتلىتىشنى

تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلدى. ئۇلار تەستىقنى ئالغاندىن كېيىن، ئوت ئېچىۋاتقان يوشۇرۇن ئىستېھكامغا باتۇرلۇق بىلەن يېقىنلاشتى. بىر جەڭچى قۇربان بولغان، ئۈچ جەڭچى ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ، قالغان جەڭچىلەر ئاخىرىدا دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن ئىستېھكامىنى گرانات بىلەن پارتلىتىپ، ئۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، قىسىمنىڭ داۋاملىق ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. دەل جەڭچىلەرنىڭ مۇشۇنداق خەۋپ-خەتەردىن قورقماسلىق، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىش روھى مىللىي ئارمىيىنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا ئىلھام بولدى.

شىخو، جىڭ ئۇرۇشىدا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى پۈتۈنلەي ئازاد بولدى، مىللىي ئارمىيە ئۇرۇش سېپىنى ئۈرۈمچىگە 150 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا ئىلگىرىلەتتى. مىللىي ئارمىيە شىمالىي سەپ ۋە ئوتتۇرا سەپ ئۇرۇشىدا پۈتۈنلەي غەلىبە قىلدى. ھەربىي ئىشلار جەھەتتە گۈللەپ ياشناش دەۋرىگە كىردى.

(3) جەنۇبىي سەپتە ئاقسۇ، تاشقورغان قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىش جېڭى

جەنۇبىي سەپتە ئاساسلىقى ئىككى رايوندا ئۇرۇش بولدى: بىرى ئىلىنىڭ جەنۇبىدىن تەڭرىتاغ داۋىنىنى ئاتلاپ، باي، كۇچا، ئاقسۇ كونىشەھەرلەر ئارقىلىق ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش؛ يەنە بىرى، ئىلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تاشقورغانغا ئۆتۈپ، ئاندىن شىمالىي تەرەپكە قاراپ قەشقەرگە، جەنۇبىي تەرەپكە قاراپ خوتەنگە ھۇجۇم قىلىش. ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەقسىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، شىخو، جىڭلارغا يۆتكىيەلمەيدىغان قىلىش ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە ئىنقىلابنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىغىچە كېڭەيتىش.

— بىرىنچى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئۇرۇش قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا.

ئاقسۇ — جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم ھەربىي بازا ۋە ئاشلىق ئىشلەپ

چىقىرىدىغان مۇھىم رايون، ئۇ — ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا ئىگىلىك رايونى، شۇنداقلا ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ۋە خوتەنگە بېرىشتا ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇھىم جاي. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ھەيۋەتلىك تەڭرىتېغى بولۇپ، ئىلىغا تۇتىشىدىغان نۇرغۇن تاغ يوللىرى بار، ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە دۇنياغا داڭلىق تەكلىماكان قۇملۇقى بار. غۇلجا قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىلىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ جايدىكى ھەربىي كۈچلىرىنى كۈچەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇداپىئە قىلىۋاتقانلار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2-شىسى بولۇپ، ئۇلار قاراشەھەردىن ئاقسۇغىچە بولغان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئىلىغا تۇتىشىدىغان بارلىق تاغ ئېغىزلىرىنى كونترول قىلدى. مەزكۇر شىنىڭ 4-تۇەنى كۇچانى، 4-تۇەننىڭ 3-لىيەنى تەلەمەت داۋىنىنى، 4-تۇەننىڭ 1-لىيەنى قىيىر تېغى ئېغىزىنى؛ 5-تۇەنى ئاقسۇنى، مەزكۇر تۇەننىڭ كۈچەيتىلگەن لىيەنى ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ شىمالىدىكى مۇزات داۋىنىنى ساقلاپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ تەڭرىتاغ تىزمىلىرىدىكى ھەرقايسى داۋانلاردىن ئۆتۈپ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە كىرىشىدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆردى.

1945-يىل 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى جەنۇبىي سەپتە ئۇرۇش قىلىش پىلانىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ناسىروپ قاتارلىقلارنى قوشۇننى باشلاپ كۆنەستىن باينبۇلاق ئارقىلىق بايغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاندىن كېيىن كۇچانى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىش؛ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى ۋە سوپاخۇن سوپىروپ قاتارلىقلارنى قوشۇننى باشلاپ موڭغۇلكۈرەدىن يول ئېلىپ مۇزات داۋىنى ئارقىلىق قوغان تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيە بازىرىغا، كېيىن ئاقسۇ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى.

6-ئاينىڭ 27-كۈنى، ناسىروپ مىنامىيوت ۋە يېنىك، ئېغىر تىپتىكى پىلىموتلار بىلەن قوراللانغان بىر بىگىنى باشلاپ، كۆنەستىن چىقىپ يۇلتۇزغا بېرىپ، كۇچاغا بارىدىغان مۇھىم تاغ ئېغىزى تەلەمەت داۋىنىغا

شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، گومىنداڭنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، تەلەمەت داۋىنىنى ئىشغال قىلدى. 7-ئاينىڭ باشلىرىدا، كۈچادا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىككى لىيەنى خاخىرىيار ۋە قارىغاي داۋىنىدا ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ تەلەمەت داۋىنىنى يەنە قايتۇرۇۋالدى.

7-ئاينىڭ 18-كۈنى، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى ۋە سوپاخۇن سوپىروپلارغا 150 ئاتلىق ئەسكەردىن تەركىب تاپقان پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. لېكىن ئېگىز تاغ، ھەيۋەتلىك چوققىلاردىن ئۆتۈش قىيىن بولغاچقا، نەچچە قېتىم يولنى ئۆزگەرتتى، كېيىن تېكەستىن جەنۇبقا قاراپ يول ئالدى. 8-ئاينىڭ 8-كۈنى، باي ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قىيىر تېغىنى ئىشغال قىلىپ دۈشمەننىڭ بىر لىيەنىنىڭ كۆپ قىسىم ئادىمىنى يوقاتتى. 8-ئاينىڭ 14-كۈنى كەچتە، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى ناسىروپ قىسمى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، باي ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، مۇداپىئەدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ بىر كۈچەيتىلگەن لىيەنىنى يوقىتىپ، باي ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي سەپ قىسىملىرى باينى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى پىلان بويىچە ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلدى. يەنە ناسىروپ قىسمى كۈچاغا ھۇجۇم قىلىش، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قىسمى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ غەربىي تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، ئاقسۇ كونىشەھەر ۋە ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى.

8-ئاينىڭ 21-كۈنى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قىسمى قوغانغا ھۇجۇم قىلدى، ئەمما قوغاننى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇ چاغدا كۈچادىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 20-كۈنى باي ناھىيە بازىرىنى قايتىدىن ئىگىلىۋالغانلىقى ھەمدە بايدىن قوغانغىچە بولغان يولنى قامال قىلغانلىقى، ناسىروپنىڭ كىرو جىلغىسى ئەتراپىغا چېكىنگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن

ئابدۇكېرىم ئاببasوپ قىسمى ئىمكانقەدەر تېزلىكتە قوغاننى ئېلىپ، مۇزات داۋىنىنى كونترول قىلىپ، ئىلىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. 24-كۈنى سەھەردە، ئابدۇكېرىم ئاببasوپ قوشۇنىنى باشلاپ قوغاننى ئالغاندىن كېيىن، دەرھال شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، مۇزات داۋىنىنى ساقلاۋاتقان دۈشمەننى يوقىتىپ، ئىلىدىن ئاقسۇغىچە بولغان يولنى ئاچتى. جەنۇبىي سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان قىسىملارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇربانجان تېكەس ئاتلىق ئەسكەرلەر 2-تۇەنىنىڭ بىر كۈچەيتىلگەن يىگىنى باشلاپ، جەنۇبقا قاراپ تەگرىتېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، 9-ئاينىڭ 2-كۈنى باي ناھىيە بازىرىنى يەنە بىر قېتىم ئىشغال قىلدى. ئاقسۇ كونىشەھەر ۋە ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچ باي ناھىيە بازىرىنى ساقلاپ تۇرغاندىن باشقا، قالغانلىرى تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، قوغاندا ئابدۇكېرىم ئاببasوپنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشتى. 9-ئاينىڭ 4-كۈنى، ابدۇكېرىم ئاببasوپ بىر پەي ئەسكىرىي كۈچنى قوغاننى ساقلاشقا قالدۇردى، قالغان قوشۇن 9-ئاينىڭ 6-كۈنى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى. 9-ئاينىڭ 7-كۈنى، مىللىي ئارمىيە بىلەن پارتىزانلار ئەترىتى ئاقسۇ ناھىيە بازىرىنى قورشىۋالدى. ئەتىسى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قوزغىدى، گومىنداڭنىڭ شۇ يەرنى ساقلاۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر 5-تۇەنى جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسەتتى ھەمدە ياش ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى ئىلغار تەشكىلات «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ 28 ئەزاسىنى قەتلى قىلدى. 9-ئاينىڭ 12-كۈنى كەچتە، گومىنداڭنىڭ شۇ يەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇنى ئىككى يولغا ئايرىلىپ شەھەردىن چىقىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، مىللىي ئارمىيە پارتىزانلار ئەترىتى يېتەرلىك دەرىجىدە ھوشيار بولماي، ئالمان-تالمان جەڭگە ئاتلانغاچقا ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. 9-ئاينىڭ 14-كۈنى مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزانلار ئەترىتى ئاقسۇ ۋە ئاقسۇ كونىشەھەردىن قوغان ئەتراپىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. گومىنداڭ قوشۇنى ئاقسۇ كونىشەھەر

ناھىيە بازىرىنى قايتا تارتىۋالدى.

9-ئاينىڭ 21-كۈنى، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ياردەمگە ئەۋەتكەن ئەسكەرلەر مۇزات داۋىنىدىن ئۆتۈپ، قوغان ئەتراپىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قىسىملىرى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، تۆت يولغا بۆلۈنۈپ ئاقسۇ كونىشەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. 9-ئاينىڭ 22-كۈنى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيە بازىرىنى قايتا ئىگىلىدى. 9-ئاينىڭ 23-كۈنى ئاقسۇ ناھىيە بازىرىغا يەنە بىر قېتىم قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەن قوشۇنى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىشتى. 10-ئاينىڭ 6-كۈنى سەھەردە، ئاقسۇ ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقان دۈشمەن قوشۇنلىرى يەنە بىر قېتىم ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ شەھەردىن چىقىپ ئۆشتۈمتۈت زەربە بەردى، مىللىي ئارمىيە زىيانغا ئۇچراپ قوغان ئەتراپىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. گومىنداڭ قوشۇنى يەنە ئارقا-ئارقىدىن ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيە بازىرى ۋە باي ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىۋالدى. ناسىروپنىڭ قوشۇنلىرىمۇ قاراباغ، قىيىرتاغ ئەتراپىغا چېكىندى. دەل مۇشۇ چاغدا، مىللىي ئارمىيە ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىگە گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ۋەكىل ئەۋەتتى، ھەربىي ھەرىكەتلەر توختىتىلسۇن، دېگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىقلار 10-ئاينىڭ 19-كۈنى قوغاندىن مۇزات داۋىنى ئارقىلىق ئىلىغا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئاياغلاشتى.

مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزانلار ئەترىتى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئۇرۇش قىلىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا مەلۇم زەربە بېرىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى دۈشمەن ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ شىمالغا يۆتكىلەلمەيدىغان قىلىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا سەپتىكى ئۇرۇشنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەشتۈردى. لېكىن، ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

ئىككىنچى، تاشقورغان ئەتراپىدىكى ئۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدا

1945-يىل 8-ئاينىڭ باشلىرىدا، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى قۇربانوپ باشچىلىقىدىكى قوراللىق كۈچنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئىلىدىن تاشقورغانغا ئەۋەتتى. 8-ئاينىڭ 22-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدىكى توختامىشنى بازا قىلغان تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىسى غولامخان قوقانبايوپ بىلەن قەھرىمانشاھلارنىڭ باشچىلىقىدا چۆلكۈنويدىن چېگرىدىن ئۆتۈپ، بۇلۇڭكۆل، سوبېشى، تاغارما، دەفتەر، مىڭتېكە قاتارلىق قاراۋۇل پونكىتى ۋە تاشقورغان ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىدى. 8-ئاينىڭ 27-كۈنى تاشقورغان ناھىيە بازىرىدا ئاممىۋى چوڭ يىغىن ئېچىپ، تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. تاغارمىدا تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى، غولامخان قوقانبايوپ باش قوماندان، قەھرىمانشاھ مۇئاۋىن باش قوماندان بولدى. باش قوماندانلىق شتابى قارمىقىدا قىرغىزلار تۈمەنى ۋە تاجىكلار تۈمەنى تەسىس قىلىندى. قىرغىزلار تۈمەنىگە ئىسھاقبېك غالىبىيەت تۈمەنى دەپ نام بېرىلدى، ئۇبۇلقاسىم تۈمەنجاڭ بولدى، ئەيسا سىياسىي كومىسسار بولدى. تاجىكلار تۈمەنىگە لەشكەر تۈمەنجاڭ، ئابدۇراخمان مۇئاۋىن تۈمەنجاڭ، ئابدۇللا روسولوپ سىياسىي كومىسسار بولدى. ھەربىر تۈمەننىڭ قارمىقىدا ئىككى لېيەن، ئىككى تۈمەندە تەخمىنەن 400 دەك ئادەم بولدى.

قىسىم قىسقا مۇددەتلىك تەلىم - تەربىيىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، 8-ئاينىڭ 31-كۈنى تۆربۇلۇڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنى ئىككى يولغا بۆلدى: قىرغىزلار تۈمەنى يېڭىسار ۋە قەشقەرلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولدى؛ تاجىكلار تۈمەنى قاغىلىق ۋە يەكەنگە ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولدى. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەنلەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇنلار گومىنداڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 12-شى، 1-شى بولۇپ، تەخمىنەن تۆت تۈمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى بار ئىدى.

يېڭىسارغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن قىرغىزلار تۈمەنى 9-ئاينىڭ 15-كۈنى ئاقدالا داۋىنىنى ئىگىلىدى. 16-كۈنى يېڭىسارنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىز يارنى

ئىگىلىدى. 19-كۈنى يېڭىسار ناھىيە بازىرى ئەتراپىغىچە ئىلگىرىلەپ بارغاندا، گومىنداڭنىڭ يېڭىسارنى ساقلاۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر 1-شى 2-تۇەننىڭ قاتتىق قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچرىدى، ئاخىرى قىرغىزلار تۇەنى تاغقا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان ئىككىنچى يول تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا 50 كىلومېتىر كېلىدىغان تاشمىلىققا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ قەشقەر كونىشەھەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇنىنىڭ مۇداپىئەسى قاتتىق بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىساردا ئۇرۇش ۋەزىيىتى جىددىي بولغانلىقى ئۈچۈن، دەرھال نىشاننى ئۆزگەرتىپ يېڭىسارغا يۈرۈش قىلدى ھەمدە قۇربانوپ باشچىلىقىدىكى قوراللىق كۈچ بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرگە يېڭىسار ناھىيە بازىرىغا قىستاپ كەلدى، گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قوشۇنى كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، پارتىزانلار ئەترىتى تۆربۇلۇڭ ئەتراپىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان تاجىكلار تۇەنى 9-ئاينىڭ 27-كۈنى يەكەن ناھىيىسىدىكى قوشراپ ئەتراپىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئەسكىرىي كۈچى يېتەرلىك بولمىغاچقا داۋاملىق ئىلگىرىلىيەلمىدى.

قىسقىسى، يېڭىسار، قەشقەر ۋە يەكەنلەرگە ھۇجۇم قىلغان تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى گومىنداڭنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچرىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئوڭۇشلۇق ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى. 10-ئاينىڭ 14-كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى. گومىنداڭ تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى يېۋسېيېپ بىلەن كۆرۈشۈپ تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، 10-ئاينىڭ ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقورغان ئارمىيىسى ئىچىدىكى مەسلىھەتچىلىرى ۋە ھەربىي خادىملىرى بۇيرۇققا بىنائەن ۋەتىنىگە قايتتى، تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى باش

قوماندانلىق شتابى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ، قوشۇننى تۈربولۇڭ ئەتراپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھۇجۇمنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يەكەنگە قاراتتى.

12-ئاينىڭ 6-كۈنى، تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى يەكەن تەرەپكە ھۇجۇم قىلدى. 14-كۈنى يەكەن ناھىيە بازىرىنى قورشىۋالدى ھەمدە قاغىلىق ۋە پوسكام تەرەپلەرگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. 1946-يىل 1-ئاينىڭ 2-كۈنى قاغىلىقنى، 4-كۈنى پوسكامنى ئىگىلەپ، شىمالىي تەرەپكە قاراپ يەكەنگە، جەنۇبىي تەرەپكە قاراپ گۇما ۋە خوتەنلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرى بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سۆھبەتكە كەلگەن ۋەكىللىرىگە بېسىم ئىشلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، چاقىلىق ۋە گۇما قاتارلىق جايلاردىن يەكەنگە ئەسكەر يۆتكىدى. 1-ئاينىڭ 27-كۈنى گومىنداڭنىڭ ياردەمگە كەلگەن قوشۇنى ۋە يەكەننى ساقلاۋاتقان قوشۇننىڭ قىستاپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىغان تاشقورغان ئىنقىلابىي قوشۇنى يەكەندىن پوسكامغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. گومىنداڭ قوشۇنى 1-ئاينىڭ 29-كۈنى پوسكامنى، 30-كۈنى قاغىلىقنى قايتۇرۇۋالدى.

3-ئاينىڭ باشلىرىدا، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئىسھاقبېك مونونوپنى 400 نەچچە كىشىنى باشلاپ ئىلىدىن چىقىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تاشقورغانغا بېرىپ، تاشقورغان ئىنقىلابىي قوشۇنىغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، قايتىدىن يەكەن، خوتەن ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ توسۇپ زەربە بەرگەنلىكى ۋە تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، 1946-يىل 6-ئايدا، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئىسھاقبېك مونونوپقا تاشقورغاندىكى ھەربىي پائالىيەتلەرنى توختىتىپ ئىلىغا قايتىپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ئىسھاقبېك مونونوپ قېپقالغان ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم خادىملارنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئىلىغا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ تاشقورغاندىكى ئۇرۇش ئىشلىرى تامامەن ئاياغلاشتى.

### ئۈچىنچى، بايىنبۇلاق (يۇلتۇز دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەتراپىدىكى ئۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدا

بايىنبۇلاق تەۋەلىك جەھەتتىن قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ خېجىڭ ناھىيىسىگە قارايدۇ. قاراشەھەر ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ مۇھىم دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ، بايلىق ۋە مەھسۇلاتلار ناھايىتى مول. ئاھالىلىرى ئاساسلىقى موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقان. قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى تەڭرىتاغ تىزمىلىرى توغرىسىدىن كېسىپ تۇرسىمۇ يەنىلا ئىلى ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، نۇرغۇن تاغ يوللىرى بۇ ۋىلايەتنى تېكەس، توققۇزتارا ۋە كۈنەس قاتارلىق ناھىيىلەر بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بايىنبۇلاق يايلىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بۇ يەرنى كونترول قىلسا، ھەم كۇچا ۋە قاراشەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلغىلى، ھەم ئۈرۈمچى بىلەن ئاقسۇلارنىڭ قاتناش لىنىيىسىنى ئۈزۈۋەتكىلى بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئۇ يەردىكى موڭغۇل خەلقىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق كۈرىشىگە ئىنتايىن زور ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۇنى قوللىدى.

نىلقا قوزغىلىڭى ۋە غۇلجا قوزغىلىڭى بايىنبۇلاق يايلىقىدىكى موڭغۇل چارۋىچىلارغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. 1944-يىل 12-ئايدا بايىنبۇلاق يايلىقىدىكى موڭغۇل چارۋىچى چاڭ زىدې نىلقا ناھىيىسىگە بېرىپ فاتىخ مۇسلىموۋىقا ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، بىر تۈركۈم قورال-ياراغ، ئوق-دورىلارنى ئېلىپ قايتىپ، بايىنبۇلاق پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىللەپ، بايىنبۇلاقنى ئىگىلەپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قاراشەھەردىن ئىلىغا ياردەم بېرىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

1945-يىل 3-ئايدا، خېجىڭ ۋە خوشۇتلارنىڭ ۋەزىيىتى جىددىي بولۇۋاتقان چاغدا، موڭغۇللارنىڭ كونا تورغات جەنۇبىي قەبىلىسىنىڭ ۋاڭى مانجۇكزابۇنىڭ رەپىقىسى ۋۇجىڭبېن (چوجاپ) 300 نەچچە كىشىلىك موڭغۇل قوغدىنىش ئەترىتىنى تەشكىللەپ، كىچىك يۇلتۇز، قورغۇستاي

قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بايىنبۇلاق پارتىزانلىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. 4-ئاينىڭ 9-كۈنى بايىنبۇلاق پارتىزانلىرى قورغۇستايدىكى موڭغۇل قوغدىنىش ئەترىتىگە ھۇجۇم قىلدى، مەزكۇر ئەترەتنىڭ باشلىقى بايۇشىڭ ھالقىلىق پەيتتە ھەقىقەتكە قايتتى، موڭغۇل قوغدىنىش ئەترىتى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى، 220 نەچچە كىشى ئەسىرگە ئېلىندى، ئون نەچچە ئادەملا خېجىڭ ناھىيىسىگە قېچىپ كەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بايىنبۇلاق پارتىزانلار ئەترىتى كۈنسېرى زورايدى.

1945-يىل يازدا، مىللىي ئارمىيە ئۈچ سەپتە ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، بايىنبۇلاق پارتىزانلار ئەترىتىمۇ ئىلى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا پات-پات ھۇجۇمغا ئۆتۈپ تۇردى، كۇچا، بۈگۈر، قاراشەھەردىن تارتىپ تا توقسۇنغىچە بولغان جايلاردىكى گومىنداڭنىڭ ھەربىي، ساقچىلىرىغا پاراكەندە سېلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي سەپ، ئوتتۇرا سەپ بولۇپمۇ جەنۇبىي سەپتىكى كۇچاغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە يېقىندىن ماسلاشتى. 8-ئايدا ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بايىنبۇلاق رايونىنى يۈلتۇز ئالاھىدە ناھىيىسى قىلىپ بېكىتىشنى قارار قىلدى.

قىسقىسى، قوراللىق كۈرەش غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلىگەنچە، 1945-يىل 9-ئايدا ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت بىرلىككە كەلدى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ تەۋەلىكىدىكى جايلارنىڭ كۆلىمى 280 نەچچە مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا، نوپۇسى 700 نەچچە مىڭغا يەتتى.

## 4. تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەنلىكى

مىللىي ئارمىيە شۇ جايدىكى پارتىزانلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، تارباغاتاي، ئالتايلارنى ئىشغال قىلدى ھەمدە شىخو، جىڭ ئۇرۇشىنىڭ

غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇرۇش سېپىنى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغىچە ئىلگىرىلەتتى. قوراللىق كۈرەشنىڭ غەلىبىسىگە ئەگىشىپ، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت بىرلىككە كەلدى.

(1) تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنىڭ ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلغانلىقى

1945-يىل 7-ئاينىڭ 31-كۈنى، مىللىي ئارمىيە چۆچەكنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، 8-ئاينىڭ 4-كۈنى ئىبلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىسى مۇھسىن ئەپەندى قاتارلىقلار چۆچەككە كېلىپ، ئۇلاردىن بۇرۇن چۆچەككە كەلگەن مۇھەممەتجان مەخسۇم، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار بىرلىكتە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن، 8-ئاينىڭ 6-كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتىنىڭ سەييارە يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا تارباغاتاي ۋىلايىتى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ ئېلان قىلىندى، يىغىن باسباي چولاق ئوغلى باپىننى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا، قاسىمئاخۇن ئىسمايىلوپ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىسى مەنسۇر روزىيوپنى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا، ئابلىمىت ھاجىيوپنى باش كاتىپلىققا تەيىنلىدى ھەمدە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈم، ئىدارىلىرىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنى تەيىنلىدى.

8-ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ناھىيىلەردە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، ناھىيە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلار تەيىنلەندى. ئۆمەرئاخۇن چۆچەك ناھىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، قالدىباي قۇناپىيە چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، نازاربېك تۇرسىبېك دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، گۆكچىلىڭ لاما قوبۇقسار ناھىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1945-يىل 9-ئاينىڭ 15-كۈنى، ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى شىخو ناھىيىسىنى تارباغاتاي ۋىلايىتىگە ئايرىپ بېرىش، نەسىردىننى ناھىيە باشلىقلىقىغا تەيىنلەش،

مايتاغ نېفىت كانىنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ سودا-سانائەت تەرەققىيات شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، مايتاغ نېفىت كانى باشقۇرۇش باشقارمىسى قۇرۇش، ئادىلبېك يۈسۈپبېكوپنى مەسئۇللۇققا تەيىنلەش؛ جىڭ ناھىيىسى ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە بىۋاسىتە قاراش، ئابدۇۋەلىنى ناھىيە باشلىقلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى. 9-ئاينىڭ 18-كۈنى ساۋەن ناھىيىسىدىكى گومىنداڭنىڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەت خادىملىرى شەھەرنى تاشلاپ ماناسقا قاچتى، سابىت بۇۋاھاجى باشچىلىقىدىكى ساۋەن پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن دېنىسوپ باشچىلىقىدىكى شاۋگۇەي پارتىزانلار ئەترىتى ساۋەن ناھىيە بازىرىغا كىردى. 9-ئاينىڭ 28-كۈنى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى ساۋەن ناھىيىلىك ھۆكۈمىتىنى تەشكىللەپ، سابىت بۇۋاھاجىنى ناھىيە باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەممە ناھىيىسىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى.

1945-يىل 9-ئاينىڭ 6-كۈنى، مىللىي ئارمىيە بىلەن ئالتاي قازاق قوراللىق كۈچلىرى سارسۈمبە ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئالتاي ۋىلايىتى پۈتۈنلەي ئازاد بولدى. ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار سارسۈمبىگە كېلىپ، ئالتاي قازاق مىللىي ئاقارتىش كومىتېتىنىڭ رەھبىرى دەلىلقان سۇگۇربايوپ قاتارلىقلار بىلەن كېڭىشىپ، 9-ئاينىڭ 23-كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتىنىڭ سەييارە يىغىنىنى ئېچىپ مۇنۇلارنى قارار قىلدى: بىرىنچى، ئالتاي ۋىلايىتى — «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ تەركىبىي قىسمى. ئىككىنچى، ئوسمان ئىسلام، دەلىلقان سۇگۇربايوپ ۋە زاكىقان ئەلەننى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاش. ئۈچىنچى، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ھەرقايسى بۆلۈم، ئىدارىلەرنى قۇرۇش. ئوسمان ئىسلامنى ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا، ئارىپباي ئالىمجان (سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى) نى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا تەيىنلەش، كېيىن شامشى مامىيوپنىمۇ مۇئاۋىن ۋالىيلىققا تەيىنلەش؛ خۇمار جاكەينى (سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى) باش كاتىپلىققا تەيىنلەش. تۆتىنچى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، مۇئاۋىن ناھىيە باشلىقلىرىنى

تەيىنلەش، موللائىسلام ئىسمايىلوپنى سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، رىشات ئابلاھاجى ئۆمەرتايىنى بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، كۆكىنەي دابۇنى قابا ناھىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ماقان قابىلنى جىمىنەي ناھىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، نازىرنى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، مالىك مۇقامەتجاننى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، سالىقنى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەش.

بۇنىڭ بىلەن، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەتتە ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى بۆلۈم، ئىدارىلەر قۇرۇلدى. ھەممە ناھىيىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلدى.

(2) ئۈچ ۋىلايەت بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى

1945-يىل 9-ئايدا ئۈچ ۋىلايەت بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتكە ئاساسەن، ھەرقايسى تەرەپنىڭ خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇردى.

بىرىنچىدىن، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە. 1945-يىل 9-ئايدا مىللىي ئارمىيە يۈرۈش قىلىپ ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرى قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ، ھەربىي ئىشلارنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇردى. 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، قوشۇمچە باش سەنمۇجاڭى گو جىچياۋ بۇيرۇققا بىنائەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، جۇ شياۋلياڭ، ۋۇ جۈڭشىنلارغا ياردەملىشىپ ماناس دەرياسىنى ئالدىنقى سەپ قىلغان، «ئۈرۈمچىنى قاتتىق ساقلاش» مەركەز قىلىنغان ھەربىي پىلاننى تۈزۈپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، گو جىچياۋ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى ئۈستىدە بەنە مۇنۇلارنى ئورۇنلاشتۇردى: 46-شىغا 9-ئاينىڭ 12-كۈنى ماناسقا يۆتكىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈش، ماناس ناھىيە

بازىرىدا ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى قۇرۇش، 46-شىنىڭ شىجاڭى شۈي رۇچېڭنى ئالىي قوماندانلىققا تەيىنلەش، ماناس دەرياسىنى بىرىنچى مۇداپىئە سېپى قىلىش؛ شىي يىفېڭغا يېڭى 2-جۈن شتابىنى ماناس ناھىيە بازىرىدىن قۇتۇبى ناھىيە بازىرىغا يۆتكەپ ئىككىنچى مۇداپىئە سېپى قۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈش؛ چىڭخەيدىن شىنجاڭغا كىرگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر تولۇق 1-شىنىڭ شىجاڭى ما چېڭشياڭغا ۋاقىتلىق 3-شىنىڭ مۇداپىئە رايونىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۈرۈمچى، گۈچۈڭ ۋە قۇتۇبىلار ئەتراپىغا ئورۇنلىشىپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈش؛ ۋاقىتلىق 3-شىنى قاراشەھەرگە يۆتكەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، ئاقسۇ ۋە كۇچا قاتارلىق جايلارنىڭ مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرۇش؛ شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا، 42-جۈنىنىڭ جۈنجاڭى ياڭ دېلياڭغا يېڭى 45-شىنىڭ بىر قىسمىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئاراتۇرۇك، بارىكۆل ۋە قۇمۇل ئەتراپىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، شۈي داغا يېڭى 45-شىنىڭ بىر قىسمىغا قوماندانلىق قىلىپ، يەتتەقۇدۇق ئەتراپىنى مۇداپىئە قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىش.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ماناس دەرياسى سېپىنى قاتتىق ساقلاشنىڭ غەلىبىنى مۇستەھكەملەش ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىكى مۇھىملىقىنى چوڭقۇر بىلگەچكە، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى پائال تۈردە كۈچەيتتى. مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى شىخەنزىدە ئوتتۇرا يۆنىلىش قوماندانلىق شتابى تەسىس قىلدى، مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پالىنوپ قوشۇمچە ئوتتۇرا يۆنىلىش قوماندانلىقىغا، داۋۇتوپ سىياسىي كومىسسارلىققا تەيىنلەندى. ئۇنىڭ قارمىقىدىكى پىيادە ئەسكەرلەر 1-لۇيى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا تۇرغۇزۇلدى، بۇ لۇينىڭ لۇيجاڭى موگۇتنوپ، سىياسىي كومىسسارى مەرغۇپ ئىسھاقوپ؛ پىيادە ئەسكەرلەر 2-لۇيى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا تۇرغۇزۇلدى، بۇ لۇينىڭ لۇيجاڭى پىدايوپ، سىياسىي كومىسسارى موللاخۇن؛ مۇستەقىل مىنامىيوت يىڭى ماناس

دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا تۇرغۇزۇلدى؛ چۆچەك ئاتلىق ئەسكەرلەر 6-تۈەنى شىخەنزىدە تۇرغۇزۇلدى؛ توققۇزتارا ئاتلىق ئەسكەرلەر 5-تۈەنى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر 7-تۈەنى چاۋگەيدە تۇرغۇزۇلدى. ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 10 مىڭ كىشىدىن ئاشتى.

مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى موڭغۇلكۈرەدە جەنۇبىي يۆنىلىش قوماندانلىق شتابى تەسىس قىلدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى ئىسھاقبېك مونونوپ قوشۇمچە جەنۇبىي يۆنىلىش قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى بولدى. ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 1-لۈيى موڭغۇلكۈرەدە تۇرغۇزۇلدى، لۈيجاڭلىقنى ئىسھاقبېك قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. مىڭ جىلقىيوپ سىياسىي كومىسسار بولدى؛ ئاتلىق ئەسكەرلەر 2-لۈيى يۇلتۇزدا تۇرغۇزۇلدى، لۈيجاڭى نۇربايوپ، سىياسىي كومىسسارى داكايېپ بولدى؛ ئاتلىق ئەسكەرلەر 1-تۈەنى مۇزات داۋنىدا تۇرغۇزۇلدى؛ ئاتلىق ئەسكەرلەر 2-تۈەنى شوتىدا تۇرغۇزۇلدى؛ ئاتلىق ئەسكەرلەر 12-تۈەنى موڭغۇلكۈرەدە تۇرغۇزۇلدى؛ ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىلىنى قوغداش ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە تەرەققىي قىلىپ، كۈچا، باي، ئاقسۇ، تاشقورغان، يەكەن ۋە قاغىلىقلاردا ئەتراپىدىكى ئۇرۇشنى قوللاش.

ئالتاينى دەلىلقان سۇگۇربايوپ تۈەنجاڭلىقىدىكى مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ساقلىدى.

10-ئاينىڭ باشلىرىدا، ماناس دەرياسى سىپىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر كۈچىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، يەنە مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر لۈيىنى يۆتكەپ ساۋەندە تۇرغۇزدى، لۈيجاڭ فاتىي ئىۋانوۋىچ لېسكىن، سىياسىي كومىسسار مولداغالى. ئۇنىڭ قارمىقىدىكى دۆربىلجىن ئاتلىق ئەسكەرلەر 4-تۈەنى ۋە كەڭساي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3-تۈەنىنى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا، خۇيزۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر 10-تۈەنىنى شىخەنزىدە، موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر 8-تۈەنىنى ساۋەندە، پىيادە ئەسكەرلەر 4-تۈەنىنى ئەنجىخەيدە، خەۋەرلىشىش لىيەنىنى شىخەنزىدە تۇرغۇزۇپ، ئوتتۇرا سەپتىكى ئەسكىرىي كۈچنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

بۇ چاغدا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئاز كەم 20 مىڭ كىشىگە يەتتى، مۇنتىزىملىشىش دەرىجىسى ۋە قوراللىنىش ئەھۋالى تېخىمۇ ياخشىلاندى، جەڭگىۋارلىقىمۇ بىرقەدەر زور دەرىجىدە ئاشتى.

ئىككىنچىدىن، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە. 1945-يىل 7-ئاينىڭ 25-كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى 70-نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى ھاكىم مەھكىمىلىرىنىڭ نامىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دەپ ئۆزگەرتىشنى، ھاكىمنى ناھىيە باشلىقى دەپ ئۆزگەرتىشنى بەلگىلىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارمىقىدا بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى، ئۇلار ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى نازارەت، بۆلۈملەرگە ماسلاشتۇرۇلۇپ تۈرلۈك ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. 1945-يىل 9-ئايدا ئۈچ ۋىلايەت بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت قارايدىغان؛ ئىلى ۋىلايىتىگە غۇلجا، ئىلقا قاتارلىق 11 ناھىيە دەرىجىلىك ھاكىمىيەت قارايدىغان؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىگە چۆچەك، قوبۇقسار قاتارلىق ئالتە ناھىيە دەرىجىلىك ھاكىمىيەت قارايدىغان؛ ئالتاي ۋىلايىتىگە سارسۈمبە، جىمىنەي قاتارلىق يەتتە ناھىيە دەرىجىلىك ھاكىمىيەت قارايدىغان بولدى؛ يۇلتۇز پەۋقۇلئاددە ناھىيە قىلىندى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت جەمئىي 25كە يەتتى. بۇ يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە يەرلىك ئامانلىق ساقلاش، ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى، لېكىن فېئودال پومىشچىكلار، چارۋىدارلار ۋە دىنىي ساھەدىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ نامرات دېھقان - چارۋىچىلارغا قاراتقان ئېزىش ۋە ئېكسپلاتاتسىيىسى يەنىلا داۋاملىشىۋەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئاشلىق، ئوت-چۆپ، باج-سېلىق تاپشۇرۇش، مەجبۇرىي ئەمگەك قىلىش ۋە ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى يۈكى يەنىلا ناھايىتى ئېغىر بولدى.

ئۈچىنچىدىن، مالىيە، ئىقتىساد، مەدەنىيەت-مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە. بىرلىككە كەلگەن مالىيە، پۇل مۇئامىلە باشقۇرۇش ئاپپاراتى،

يەنى مالىيە نازارىتى ۋە دۆلەت بانكىسى قۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مالىيە، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1945-يىل 10-ئاينىڭ 2-كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 99-نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تامغىسى بېسىلمىغان پۇلىنى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئوبوروت قىلىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ، ئۈچ ۋىلايەت تامغىسى بېسىلمىغان پۇللار 1945-يىل 10-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 18-كۈنىگىچە دۆلەت بانكىسى تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىدۇ، پۇل قىممىتىنىڭ 90 پىرسەنتىلا نەقلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ دەپ قارار قىلدى. تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە پۇلغا قوشۇمچە تامغا بېسىش خىزمىتى 11-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن بۇرۇن ئاخىرلاشتى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قىسىملىرىنىڭ تەمىناتى ۋە مالىيە قىيىنچىلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1945-يىل 7-ئاينىڭ 25-كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 30 مىليون سوملۇق قەغەز پۇلنى كۆپەيتىپ بېسىش ۋە 100 مىليون سوملۇق زايوم تارقىتىشنى قارار قىلدى. 8-ئاينىڭ 20-كۈنى ھەربىي ئاتلارنىڭ يەم-خەشكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يەنە 100 مىليون سوملۇق قەغەز پۇلنى كۆپەيتىپ باستى. 8-ئاينىڭ 22-كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە غالىبىيەت زايومىدىن 300 مىليون سوملۇق تارقىتىش، مۇددىتىنى بەش يىل قىلىش، ھەر يىلى 20 پىرسەنتىنى قايتۇرۇش، 1950-يىلى ھەممىنى قايتۇرۇپ بولۇش، ئىلى ۋىلايىتىگە 150 مىليون سوملۇق، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە 100 مىليون سوملۇق، ئالتاي ۋىلايىتىگە 50 مىليون سوملۇق تەقسىم قىلىشنى قارار قىلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مالىيە، پۇل مۇئامىلە خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، 11-ئاينىڭ 20-كۈنى 120-نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، سابىق مالىيە نازارىتىنىڭ قارمىقىدىكى بانكىنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە قارمىقىغا ئۆتكۈزۈش، ھۈسىين تارانوپىنى بانكا باشلىقلىقىغا تەيىنلەش، دۆلەت بانكىسىغا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خام چوت، كىرىم-چىقىم ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، مالىيە-ئىقتىساد تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلىش ۋە دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈش قىلمىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بېرىش ھەمدە ھەر

ئايلىق ھېساب - كىتابنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا يوللاپ، شۇنىڭ بىلەن مالىيە، پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى تەدرىجىي توغرا يولغا چۈشۈرۈشنى بەلگىلىدى.

ئارمىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش مەئىشەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش يەنىلا ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىدى. 1945-يىل 9-ئاينىڭ 8-كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت سودا-سانائەت تەرەققىيات شىركىتى قۇرۇش، ئۇنىڭغا مالىيە نازارىتى رەھبەرلىك قىلىش، ئەمىنتوللا مەزىنبايوپنى دىرېكتور قىلىشنى قارار قىلدى. 9-ئاينىڭ 15-كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت شىخو، مايتاغلاردىكى نېفىت كانلىرىنى مالىيە نازارىتى سودا-سانائەت تەرەققىيات شىركىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، تەدبىر قوللىنىپ، مايتاغ نېفىت كانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى پائال اۋاجلاندۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلدى، ھەربىي ماددىي ئەشيالار ۋە خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان بۇيۇملارنى ئىمپورت قىلدى.

مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق خىزمەتلەرگىمۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. 1945-يىل 8-ئاينىڭ 2-كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 78-نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا مەخسۇس كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى. مائارىپ جەھەتتە، ئوقۇتقۇچىلار كەم بولغاچقا، بىر تەرەپتىن ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆز ئورنىدا ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە باشقا ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان (ئاساسلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقانلاردىن باشقىلىرىنى) مائارىپ نازارىتىگە قايتۇردى، مائارىپ نازارىتى بىر تۇتاش خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈردى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى، مەكتەپنىڭ تۈرلۈك خىراجىتى دۆلەت

مالىيىسىدىن چىقىم قىلىندى. كەمبەغەللەرنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە يېتىم بالىلارنىڭ ئوقۇش بەدەل پۇلى كەچۈرۈم قىلىندى. 1945-يىل 10-ئاينىڭ 15-كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 108-نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتى توغرىسىدا نۇرغۇن مۇھىم بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى: ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارغا مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇش، شەھەرلەردە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەجبۇرىي مائارىپىنى (1-يىللىقتىن 7-يىللىقىچە)، يېزىلاردا باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپىنى (1-يىللىقتىن 4-يىللىقىچە) يولغا قويۇش، مەكتەپكە كىرگەن بارلىق ئوقۇغۇچىلاردىن بىردەك ئوقۇش بەدىلىنى ئالماسلىقنى بەلگىلىدى.

مەدەنىيەت جەھەتتە، مائارىپ نازارىتى كىنو، تىياتىر ۋە باشقا ئەدەبىيات-سەنئەت، ئويۇن قويۇشنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. كىنو فىلىمى تارقىتىش پونكىتى قۇردى، كىنوخانىلار، تىياتىرخانىلار ۋە ئورۇنلار بىردەك كىنو فىلىمى تارقىتىش پونكىتى تارقىلىق فىلىمنى ئىجارىگە ئېلىپ قويىدى. غۇلجىدا كۆتۈپخانا قۇردى.

مالىيە نازارىتى ئۆي ۋە خىراجىتىنى ھەل قىلىشقا مەسئۇل بولدى.

سەھىيە جەھەتتە، يەرلىك ۋە ئارمىيىنىڭ دوختۇرخانىلىرىنى داۋاملىق ئوبدان باشقۇرغاندىن باشقا، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ يۈز بېرىشى ۋە تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇھىت تازىلىقى ئالاھىدە تەكىتلەندى.

# ئۈچىنچى باب

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تىنچلىق سۆھبىتى

## بىرىنچى پاراگراف تىنچلىق سۆھبەت پەيتىنىڭ يېتىپ كېلىشى

### 1. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت

1945-يىل 8-ئاينىڭ 15-كۈنى، ياپونىيە پادىشاھى شەرتسىز تەسلىم بولۇشنى ئېلان قىلىپ، 9-ئاينىڭ 2-كۈنى تەسلىمنامىگە رەسمىي ئىمزا قويدى. خەلقئارا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى ھېساباتا غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پۈتكۈل خەلقئارا

ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش بولدى. دۇنيادىكى دېموكراتىك كۈچلەر ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. پۈتۈن دۇنيا ئۇرۇش ھالىتىدىن تىنچلىق ھالىتىگە ئۆتۈشكە باشلىدى، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى جىددىيلىكتىن پەسىيىشكە يۈزلەندى، تىنچلىق، دېموكراتىيە ۋە مىللىي ئازادلىق توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەۋر ئېقىمىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچلىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا ئىنتايىن زور دەرىجىدە چوڭىيىپ كەتتى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى دۇنيادىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى خەلقئارا سىنىپىي كۈرەشنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىن قارىغاندا، جاھانگىر كۈچلىرى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى، خەلقئارادىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر مىسلىسىز زورايدى. گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيىدىن ئىبارەت ئۈچ فاشىستىك دۆلەت گۇمران بولدى، ئەنگلىيە، فرانسىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ ھاياتىي كۈچى خاراب بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا قاتتىق ئۇرۇش سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، تېخىمۇ كۈچىيىپ دۇنيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى. شەرقىي ياۋروپا ۋە ئاسىيادا بىر تۈركۈم خەلق دېموكراتىك دۆلەتلەر ئارقا-ئارقىدىن بارلىققا كەلدى، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئەۋج ئالدى، غەربىي ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكىدىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ئىشچىلار ھەرىكىتى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. قىسقىسى، پۈتۈن دۇنيادا تىنچلىق، دېموكراتىيە، مىللىي ئازادلىق ۋە سوتسىيالىزم كۈچلىرى غايەت زور بىر ئېقىم بولۇپ شەكىللىنىپ، جاھانگىرلارنىڭ ۋە دېموكراتىيىگە قارشى لاگېردىكىلەرنىڭ كۈچىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنداق ۋەزىيەت جۇڭگو سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، جۇڭگو خەلقىنىڭ جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ كۈرىشىگە پايدىلىق بولدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن، خەلقئارا كۈرەش ۋەزىيىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش

بولدى. ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسلىق چوڭ دۆلەت ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىتتىپاقداش دۆلەت بولسىمۇ، ئۇرۇشتىن كېيىن بىراقلا پۈتۈن دۇنيا ئىستراتېگىيىسىدىكى رەقىبلەرگە ئايلاندى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارىمۇ قارشىلىق ۋەزىيىتى خەلقئارا مەسىلىلەرنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى، ئېغىر ھەم مۇرەككەپ كۆرەشلەر ساقلىنىپ كەلدى، ئاز ساندىكى چوڭ دۆلەتلەر دۇنيا سىياسىي ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىشتەك ۋەزىيەت كۆرۈلدى.

1945-يىل 2-ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ باشلىقلىرى ستالىن، روزۋېلت ۋە چېرچىل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى يالتادا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشى، ئۇرۇشتىن كېيىن گېرمانىيە ۋە بېرلىننى ئىگىلىشى، ئۇرۇشتىن كېيىن دۇنيا ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى ھەمدە مەخپىي ھالدا «يالتا كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. بۇ كېلىشىم فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بالدۇرراق غەلىبىگە ئېرىشىشىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنى ئىمزالاپ، تاشقى موڭغۇل (يەنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) نىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا ۋە شىنجاڭغا زېمىن تەلىپى قويماسلىق، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈرگەنىدى. 5-ئاينىڭ 28-كۈنى، ستالىن يەنە ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترۇمېننىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى خوپكىنسقا ئەگەر جۇڭگو يالتا مەخپىي كېلىشىمىدىكى شەرتلەرگە ماقۇل بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ، شەرقىي شىمالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە جياڭ جيېشى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىن،

مەيلى شىنجاڭدا ياكى باشقا جايلاردا زېمىن تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى. شۇ يىلى 8-ئاينىڭ 14-كۈنى، يەنى ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولۇشنى ئېلان قىلغان كۈنىنىڭ هارپىسىدا، گومىنداڭ هۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ شىجې بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى مولوتوپ ئىككى دۆلەت هۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن موسكۋادا «جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە كېلىشىملىرىنى ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامىنىڭ قوشۇمچە هۆججەتلىرىدە گومىنداڭ هۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتى بولسا مۇنداق دەپ ئېنىق بايان قىلدى: «شىنجاڭدا يېقىندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى كۆرسىتىدۇ) توغرىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتى دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنىڭ 5-ماددىسىدا ئېيتىلغاندەك، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش نىيىتىدە بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.»① سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتىنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە سىياسىتى شىنجاڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىغا شۇنىڭدەك گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىگە ئىنتايىن مۇهىم تەسىر كۆرسەتتى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ ئاساسلىق ئالاهىدىلىكى مۇنداق بولدى: بىر تەرەپتىن، خەلق ئىنقىلابىي كۈچلىرى ناهايىتى زورايدى، تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ جىددىي ئېهتىياجى ۋە ئوبيېكتىپ ئىمكانىيىتى بارلىققا كەلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى زورىيىپ 1 مىليون 200 مىڭ ئەزاغا ئىگە، سىياسىي جەهەتتە پىشىپ يېتىلگەن پرولېتارىيات پارتىيىسىگە ئايلىنىپ،

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 128-بەت.

100 مىليون نوپۇسى، 1 مىليون 200 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇنى ۋە 2 مىليون 200 مىڭ خەلق ئەسكىرى بار ئازاد رايونلارغا ئىگە بولدى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئويغىنىش دەرىجىسى ۋە تەشكىللىنىش دەرىجىسى مىسلىسىز ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مەملىكەت خاراكتېرىنى ئالغان ۋەتەنپەرۋەرلىك دېموكراتىك ھەرىكەتلەر كۈنسايىن يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تىنچلىققا تەشنا بولۇپ، مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك، قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە زور ئىلھام بەخش ئەتتى، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا زور مەدەت بەردى، شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا جاھانگىرلىرى بىلەن جياڭ جيېشى تىل بىرىكتۈرۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى تالاشتى، جياڭ جيېشى ئىچكى ئۇرۇش قىلىش، ئىستىبداتلىق يۈرگۈزۈش، ۋەتەننى سېتىش سىياسىتىدە چىڭ تۇردى، كوممۇنىزملىق ئىچكى ئۇرۇش قوزغىلىشتەك ئېغىر خەۋپ ۋە قىسمەن ئىچكى ئۇرۇش بولۇشتەك پاكىت مەۋجۇت ئىدى. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە جۇڭگو ئىنقىلابىغا بىر تالاي ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇردى.

ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەت ئالدىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تىنچلىق، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تىنچلىق، دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش، جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قىلىش، ئىستىبداتلىق يۈرگۈزۈشىگە قارشى تۇرۇش ئاساسىي فاڭجېنىنى بېكىتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش سۈيىقەستىنى ئېچىپ تاشلىغانلىقى ۋە ئىچكى ئۇرۇش قوزغىشىغا قارشى كۈرەش قىلغانلىقى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىنچلىقنى تەلەپ قىلىش، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇشتەك غايەت زور بېسىم شەكىللەندۈرگەنلىكى، جياڭ

جىيېشىنىڭ ۋاقىتىنچە يېتەرلىك ئەسكىرىي كۈچىنى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يۆتكىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، جياڭ جېشى ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قىلىشقا جىددىي تەييارلىق كۆرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تىنچلىق نىقابىغا كىرىۋالغان بولۇپ، 1945-يىل 8-ئايدا ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ پارچە تېلېگرامما بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭنى چۇڭچىڭغا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئەگەر ماۋ زېدۇڭ چۇڭچىڭغا كېلىشنى رەت قىلسا، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئىتتىرىپ قويۇش ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جياڭ جىيېشىنىڭ تىنچلىق نىقابىغا كىرىۋېلىپ ئۇرۇشقا ھەقىقىي تەييارلىق كۆرۈش سۇيىقەستىنى بىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تىنچلىققا بولغان سەمىمىيلىكىنى بىلدۈرۈش، ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش، ئىمكانقەدەر تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جياڭ جىيېشىنىڭ تىنچلىق ئالدامچىلىقىنى ئېچىپ تاشلاش، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش ئۈچۈن، 8-ئاينىڭ 25-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئېچىپ ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي ۋە ۋاڭ روفېيلارنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن چۇڭچىڭغا دەرھال بېرىپ، گومىنداڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. 8-ئاينىڭ 28-كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، ۋاڭ روفېي قاتارلىق ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭ، خۇرلېينىڭ ھەمراھلىقىدا مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا يېتىپ باردى. چۇڭچىڭ سۆھبىتى 8-ئاينىڭ 29-كۈنى باشلىنىپ، 10-ئاينىڭ 10-كۈنى ئاياغلاشتى. سۆھبەت مەزگىلىدە تەكرار-تەكرار كۆرۈشلەر ئېلىپ بېرىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللىرى تىنچ يول بىلەن دۆلەت قۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇردى؛ جياڭ جېشى بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە سىياسىي جەھەتتە دېموكراتىيە، ئەركىنلىككە يول ئېچىپ بېرىش توغرىسىدا بەزى قۇرۇق ۋەدىلەرنى بېرىش، لېكىن «سىياسىي پەرمان،

ھەربىي بۇيرۇق بىرلىككە كېلىش» باھانىسىدە ئازاد رايون ۋە خەلق ئارمىيىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش فاڭجېنىنى بېكىتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللىرى سۆھبەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئازاد رايوندىكى خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنىي ئورنىدا چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، نۇرغۇن جەھەتلەردە يول قويدى. لېكىن گومىنداڭ تەرەپ ھېچقانداق ئىمكانىيەت قالدۇرمىغاچقا، سۆھبەت ئارقىغا سۈرۈلۈپ كەتتى، ھەتتا قاتمال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. سۆھبەت جەريانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەڭ كۆلەمدە ھەرقايسى تەرەپنىڭ تىنچلىق، دېموكراتىك كۈچلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئازاد رايوندىكى ئارمىيە، خەلق گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى چېقىلىشىغا غەلىبىلىك قايتۇرما زەربە بەردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سۆھبەتتە كۈچلۈك ماسلىشىش رولىنى ئوينىدى. 10-ئاينىڭ 10-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەت مۇھىم خاتىرىسى» (يەنى «10-ئۆكتەبىر كېلىشىمى») گە ئىمزا قويدى. «سۆھبەت مۇھىم خاتىرىسى» دە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تىنچ يول بىلەن دۆلەت قۇرۇش ئاساسىي فاڭجېنى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئىككى تەرەپ: «ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، تىنچلىق، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق، بىردەكلىكنى ئاساس قىلىش»[1]، «ئىچكى ئۇرۇشتىن قەتئىي ساقلىنىپ، مۇستەقىل، ئەركىن، باي، قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش»[2] دېگەن كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئازاد رايوننىڭ ھاكىمىيىتى ۋە ئارمىيىسى قاتارلىق تۈپ مەسىلىلەردە جياڭ جيېشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇۋاپىق تەشەببۇسىنى رەت

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 159-بەت.

② يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

قىلىپ، «سۆھبەت مۇھىم خاتىرىسى» گە ئىككى تەرەپ داۋاملىق كېڭىشىش ياكى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ھەل قىلىشىغا سۇنۇش، دەپ خاتىرە قالدۇردى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىل گورۇھىنىڭ، كوممۇنىستىك پارتىيە تىنچلىقنى ۋە ئىتتىپاقلىقنى كېرەك قىلمايدۇ، دەپ بوھتان چاپلىغان پىتنە-ئىغۋالىرىغا رەددىيە بەردى، ئۇلارنىڭ يالغان تىنچلىق سۈيىقەستىنى ئېچىپ تاشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە ۋە جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىل گورۇھىغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرەشكە پائال قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ماۋ زېدۇڭ: «سۆھبەت نەتىجىسىدە گومىنداڭ تىنچلىق-ئىتتىپاقلىق فاكتىنىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ ناھايىتى ياخشى بولدى. گومىنداڭ يەنە ئىچكى ئۇرۇش قوزغايدىغان بولسا، ئۇلار پۈتۈن مەملىكەت ۋە پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا داۋلىدا ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ، بىز ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى قوغدىنىش ئۇرۇشى بىلەن تارمار قىلىشتا تېخىمۇ كۆپ ئاساسقا ئىگە بولىمىز»① دەپ كۆرسەتتى.

شىنجاڭدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. 1945-يىل 9-ئاينىڭ باشلىرىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار جەھەتتە تازا زورىيىش مەزگىلىگە قەدەم قويدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت بىر-بىرىگە تۇتىشىپ تولۇق ئازاد بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا مىللىي ئارمىيە بىر مەھەل باي، ئاقسۇ كونىشەھەرلەرنى ئازاد قىلدى ھەمدە ئاقسۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى، تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى قەشقەر، يېڭىسار تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى؛ ئوتتۇرا سەپتە مىللىي ئارمىيە گومىنداڭنىڭ جىڭ، شىخو مۇداپىئە سېپىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە ئاران 150 كىلومېتىر

① «چۇڭچىڭ سۆھبىتى توغرىسىدا»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 4-توم، 1967-يىل 11-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 75-بەت.

كېلىدىغان ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا كەلدى. گومىنداڭنىڭ شۇ يەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇنلىرى ماناس دەرياسى كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن مىللىي ئارمىيە بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا تىركىشىپ تۇرۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى.

ئەينى ۋاقىتتا، گومىنداڭنىڭ ئۇرۇمچىدە قالغان ھەربىي كۈچى ئالتە يىگىلا بولۇپ، ئاشلىق، ئوق-دورا جەھەتلەردىن ناھايىتى قىسىلىپ كەتكەن بولۇپ، ھەربىي ئاشلىق زاپىسى ئاران ئون كۈنگىلا يېتەتتى، ئوق-دورىلىرىدىن پەقەت مىلتىق، پىلىموت ئوقىدىن 100 نەچچە مىڭ پايلا قالغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا گومىنداڭنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ باش قوماندانى جۇ شاۋلياڭ ھېچقانداق يول تاپالماي ئامالسىزلىقتىن تىت-تىت بولۇپ، سەككىز سائەت ئىچىدە جياڭ جيېشىغا ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم جىددىي تېلېگرامما ئەۋەتىپ مۇنداق دېدى: «. . . ئىچكى جەھەتتە كارغا كېلىدىغان قوشۇن كەمچىل، سىرتتىن ياردەم بەرگۈدەك بىرەر ھەربىي قوشۇنمۇ يوق، . . . ئۇرۇمچى خەۋپ ئىچىدە قالدى، يىرىقىمىزگە ۋە دۆلىتىمىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن دۆلەت زېمىنى بىلەن ھايات-ماماتتا بىللە بولۇپ، شۇ يولدا ئۆزۈمنى قۇربان قىلماقتىن باشقا چارە قالمىدى. . . ئالىيلىرىنىڭ تېزلىكتە ئاقىلانە تەدبىر كۆرسىتىشىنى سەمىمىي ئۆتۈنىمەن.»① ناھايىتى روشەنكى، بۇنداق ۋەزىيەت گومىنداڭغا ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى. ئەگەر گومىنداڭ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۇزۇل-كېسىل بەربات بولۇپ كېتەتتى.

## 2. تىنچلىق سۆھبىتى توغرىسىدىكى غۇلغۇلا

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 143-بەت.

خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەتتە، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باستۇرۇشقا ئىنتايىن پايدىسىز بولۇۋاتقان ئۇرۇش شارائىتى ئاستىدا، جياڭ جيېشى قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بولغان تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. شىنجاڭ مەسىلىسىدە خۇددى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە مۇئامىلە قىلغىنىغا ئوخشاش، بىر تەرەپتىن تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈش تاكتىكىسىنى قوللاندى. جياڭ جيېشى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھالقىلىق رول ئوينايدىغانلىقىنى چوڭقۇر بىلگەچكە، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي يىغىنىدا سۆز قىلىشتىن بۇرۇن، دىپلوماتىيە يوللىرى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە شىنجاڭ مەسىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئىگىلەپ كۆرگەنىدى. 7-ئاينىڭ 5-كۈنى جياڭ جيېشى چۇڭچىڭدا يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ۋە شىنجاڭدىكى زېمىنىغا ۋە مەمۇرىي ئىگىلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلالىسا ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋە «شىنجاڭ توپىلىڭى»غا ھېچقانداق ياردەم بەرمەيدىغان بولسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىگە ئالاقىدار تەلەپلىرىنى ئويلىشىدۇ، دەپ بەلگىلىگەن. يىغىندىن كېيىن، جياڭ جيېشى موسكۋادا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان سۇڭ زىۋېنغا ئارقا-ئارقىدىن ئىككى پارچە مەخپىي تېلېگرامما ئەۋەتىپ مۇنداق يوليورۇق بەرگەن: «تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويۇش» قا بولىدۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ «شەرقىي شىمال زېمىنىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مەمۇرىي پۈتۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسى ۋە 〈شىنجاڭ توپىلىڭى〉غا ھېچقانداق ياردەم بەرمەسلىكى كېرەك»①. سوڭ زىۋېن جياڭ جيېشىنىڭ تېلېگرامما يوليورۇقىغا ئاساسەن، ستالىنغا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئەگەر جۇڭگونىڭ «شىنجاڭ توپىلىڭى»نى تىنچىتىشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەردە ۋەدە بەرسە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە يول قويسا بولىدۇ. ستالىن: مەيلى يەنئەن، شىنجاڭ بولسۇن بىردەك ۋېييۈەنجاڭ جياڭ جيېشىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى پەقەت مىللىي ھۆكۈمەتنىلا قوللايدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بايانات ئېلان قىلىشقا بولىدۇ، دەپ ئىپادە بىلدۈردى ھەمدە سوڭ زىۋېننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا «ئوغرىلىقچە» قورال-ياراغ توشۇشىنى توسۇش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ماقۇل بولدى. «جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مولوتوپ بىلەن ۋاڭ شىجيې ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدە «شىنجاڭ غۇلجا ۋەقەسى»نىڭ كۈنسايىن كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشكەندە، مولوتوپ بۇ ۋەقەنىڭ بولۇشى ۋاقىتلىق ھادىسە، ئۇزۇن ئۆتمەي بېسىقىدۇ، دېدى. جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قاتار ۋەدىلىرىنى ئالغاندىن كېيىن، 10-ئاينىڭ 10-كۈنى رادىئو نۇتقى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى رەسمىي بىلدۈردى. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، جياڭ جيېشىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاراتقان تاكتىكىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مۇنداق بىرنەچچە تەرەپتىكى ئامىل تۈرتكە بولغان: بىرىنچىدىن، جياڭ جيېشى ئەسكىرىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، باشقا جايدىن چاتاق چىقىپ ئۆزىنىڭ

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 112-بەت.

كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە قارشى ئىچكى ئۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ چەكلىمىسىگە ۋە تەسىرىگە ئۇچرىشىدىن ئىبارەتتى. جياڭ جيېشى شىنجاڭدىكى بىكىلىش ۋەزىيىتىنى ئوڭشاپ، شىنجاڭنى ئىمكانقەدەر بالدۇرراق تىنجىتىپ، داۋاملىق بىلەن ئىچكى ئۇرۇشنى قوزغاش ئۈچۈن، تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. ئىككىنچىدىن، ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچى خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان بولۇپ، ئەگەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەربىي جەھەتتىن داۋاملىق باستۇرىمەن دەيدىغان بولسا، خېلى كۆپ ئەسكىرىي كۈچ يۆتكەشكە توغرا كېلەتتى. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا جياڭ جيېشى شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگودىكى جايلارغا ئەسكىرىي كۈچ يۆتكەپ، كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە قارشى ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكىرىي كۈچىنى كۈچەيتىش بىلەن بەند بولۇۋاتقاچقا، شىنجاڭغا چولىسى تەگمىگەنىدى؛ شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتى 1000 چاقىرىم يىراقلىقتىكى خېشى كارىدورىدىن كېلەتتى، ترانسپورت لىنىيىسى بەك ئۇزۇن، بىردىنبىر قاتناش يولى — لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولى ئۇزاق يىللار رېمونتسىز قېلىپ قاتناش بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنا، بېنزىن ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولغانلىقى گومىنداڭنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتكەن، شۇڭا، خەتەرلىك ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۈچىنچىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر جامائەت پىكرى گومىنداڭنى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە زۇلۇم سالماقتا دەپ بەس-بەس بىلەن ئەيىبلەپ، مىللىي باراۋەرلىك ۋە تىنچلىق دېموكراتىيىنى يولغا قويۇشنى مۇراجىئەت قىلدى. ماۋ زېدۇڭ چۇڭچىڭدا سۆھبەت ئۆتكۈزگەن مەزگىلدىمۇ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى تىنچلىق دېموكراتىيىنى ئومۇميۈزلۈك تەلەپ قىلىۋاتقان كەيپىياتتا، جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باستۇرۇشنى داۋاملىق جىددىيلەشتۈرۈشى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيتتى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ۋە چېگرا رايونىدىكى

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نەپرىتىگە ۋە قارشى تۇرۇشىغا تېخىمۇ ئۇچرايتتى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈنمۇ تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىش بايرىقىنى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۈچىنچىدىن، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇناسىۋىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ بولغان، جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا قوراللىق كۈچ بىلەن ئارىلاشمايمىز، دېگەن ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن، ئەندىشىنى تۈگەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جياڭ جيېشى تىنچلىق سۆھبىتىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايمىز دېگەن ۋەدىسىگە بولغان سەممىيلىكىنى سىناپ باقماقچى ھەمدە بۇنىڭ بىلەن ۋاقىتىنچە شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان. يۇقىرىقىدەك ئارقا كۆرۈنۈش بولغان ئەھۋالدا، جياڭ جيېشى ئاندىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاراتقان تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا ماقۇل بولغان.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىنچلىق ئارزۇسىغا ماسلىشىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا ماقۇل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆتكۈزگەن چۇڭچىڭ سۆھبىتى ۋە ئىمزالىغان «10-ئۆكتەبىر كېلىشىمى»، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىردەك تىنچلىق دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىش ۋەزىيىتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تىنچلىق دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى فاڭجېنى ۋە دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ كۈرەش تاكتىكىسىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى. ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خەلق قوراللىق كۈرىشى شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلغان ھەمدە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن بولسىمۇ،

لېكىن يالغۇز ئۆز كۈچىگىلا تايىنىپ ئۇرۇمچىگە قاراپ داۋاملىق يۈرۈش قىلىشنىمۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى ۋە كېلىشتۈرۈشىنى قوبۇل قىلىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلۇپ، بۇ ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى قوغدىماقچى ھەمدە تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىق دېموكراتىك ئاساستا ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى.

تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ شارائىتى كۆنسېرى پىشىپ يېتىلگەن چاغدا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى 10-ئاينىڭ 2-كۈنى 100-نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمىنى سۆھبەت ۋەكىللىرى قىلىپ ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تىنچلىق سۆھبىتىگە بولغان سەمىمىيلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا تۇرۇۋاتقان مىللىي ئارمىيىگە شۇ جايدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇش، ۋاقىتىنچە يېڭى ھۇجۇمنى قوزغىماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى ھەمدە جەنۇبىي سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان قىسىملارنى قايتۇرۇپ كەلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۆتكۈزگەن تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ پۈتۈن جەريانى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى ۋاسىتىچى بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىلدى.

1945-يىل 9-ئاينىڭ 13-كۈنى، جاڭ جىجوڭ جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى مەسئۇد، قانۇن تۈزغۇزۇش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئەيسا ۋە ۋاڭ زېڭشەن، سىياسىي بۆلۈم 1-نازارىتىنىڭ نازىرى دېڭ ۋېنيى، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ كاندىدات

ئەزاسى جاڭ جىڭيۇ، گومىنداڭ مەركىزىي رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى مۇھەممەتئىمىن، ئۈچ مەسلەك ياشلار ئۆمىكى مەركىزىي كومىتېتى كاتىبات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ مېڭچۈن قاتارلىق كىشىلەرنى باشلاپ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى: «جەڭگىۋارلىقنى ئۇرغۇتۇپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى تىنچلاندۇرۇش، بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن دوكلات ئوتتۇرىغا قويۇش»تىن ئىبارەت ئىدى.① شۇ كۈنى كەچتە جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىن، گو جىچياۋ، لى تيېجۈن قاتارلىقلار بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەربىي، سىياسىي، دىپلوماتىيە، تەمىناتى قاتارلىق مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي مۇزاكىرىلەشتى. ئۇلار بىردەك: ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن قىلچە ئۈمىد يوق، چۈنكى ئۆلكە مەركىزى شەھىرىدە ئەسكىرىي كۈچ يېتەرلىك ئەمەس، جەڭگىۋارلىقى تۆۋەن، ترانسپورت كۈچى ئاجىز، مۇداپىئە ئىشلىرى بوش، شۇڭا سىياسىي يول بىلەنلا ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش دېگەنلىك، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش دېگەنلىك. سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى ۋاستىچى سوۋېت ئىتتىپاقى دەپ قارىغان.

9-ئاينىڭ 14-كۈنى، جاڭ جىجۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ مۇۋەققەت كونسۇلى يېۋسىيېپ بىلەن كۆرۈشۈپ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا ئۇنىڭدىن پىكىر ئالدى. يېۋسىيېپ مۇنداق ئىپادە بىلدۈردى: غۇلجا ۋەقەسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىچكى ئىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو موسكۋادا شەرتنامە ئىمزالىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى رەسمىي بايان قىلغانىدى. سوۋېت

① جاڭ جىجۇڭ: «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987-يىل 12-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 4-بەت.

ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنىڭ زېمىنىغا قارىتا قارا نىيىتى يوق. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي قارىشى بويىچە ھازىرقى ئەڭ ياخشى چارە تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش، دېدى. جاڭ جىجوڭ يېۋسىبىيېپتىن ناۋادا ھەربىي ھەرىكەت كېڭىيىپ كەتسە، تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش پۇرسىتىمۇ قالمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىككى تەرەپ ۋەكىل چىقىرىپ رەسمىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش يولىدىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىش يۈزىسىدىن، ئاۋۋال غۇلجا تەرەپنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنى دەرھال توختىتىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىنى سورىدى. يېۋسىبىيېپ شەخسەن ئۆزى ياردەم بېرىشنى ناھايىتى خالايدىغانلىقىنى، لېكىن بۇ ئىشنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا قويسا، ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جاڭ جىجوڭ شۇ كۈنى جياڭ جيېشىغا تېلېگراما يوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭ ۋەزىيىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىش توغرىسىدا جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فۇ بىڭچاڭغا تېلېگراما بېرىشنى تەۋسىيە قىلدى.

9-ئاينىڭ 16-كۈنى، جاڭ جىجوڭ ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشىغا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. جاڭ جىجوڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى، جياڭ جيېشىغا ئۆزىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە بولغان پىكرىنى بايان قىلدى، يەنى: بىرىنچىدىن، شىنجاڭ مەسىلىسى مىللىي مەسىلىدىن ئىبارەت. شۇڭا مىللەتلەر باپباراۋەر دېگەن پرىنسىپ بويىچە ئۇلارغا سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە باراۋەرلىك ھوقۇقى، ئالدى بىلەن سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىنى بېرىشىمىز كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، شىنجاڭ مەسىلىسى يەنە دىپلوماتىيە مەسىلىسىدۇر. شۇڭا، شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇتلەق بولمايدۇ،

ئەكسىچە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتنى تىرىشىپ بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. جياڭ جېيشى جاڭ جىجوڭنىڭ قارىشىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە «شىنجاڭ مەسىلىسىنى تولۇق ھوقۇق بىلەن ھەل قىلسىڭىز، مەسىلە بولسا، تېلېگراممىا بەرسىڭىز بولىدۇ»① دېدى.

9-ئاينىڭ 17-كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، مىللىي ھۆكۈمەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا مۇنۇلارنى ئۇقتۇردى: يېقىندا بىر مۇنچە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ۋەكىلى دەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ۋاستىچى بولۇپ، ئۆزلىرى بىلەن جۇڭگو دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئاستىرتىن بىلدۈردى ھەمدە قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ئەسلىدىنلا جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىش نىيىتى يوق، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى مۇسۇلمانلار شىنجاڭدىكى كۆپ سانلىق ئىگىلىگەن جايلاردا ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت، دەپ ئىزھار قىلدى.② پېتروپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش بولغان رايونلىرىنىڭ تىنچ بولۇشى ۋە تەرتىپلىك بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، شۇڭا جۇڭگو ھۆكۈمىتى خالىسا، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى ئوڭشاشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئاساستا ھەمكارلىشىشقا ئەۋەتمەكچى. مىللىي ھۆكۈمەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى جياڭ جېيشىدىن يوليورۇق سورىغاندىن كېيىن دەرھال مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى

① جاڭ جىجوڭ: «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987-يىل 12-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 9 — 11-بەتلەر.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 150-بەت.

پارەلىنىشىنى خالىسا، ھۆكۈمىتىمىز بۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدار بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش چارىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن، ۋەقە تۇغدۇرغۇچىلارنىڭ ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ سىياسىي بۆلۈم باشلىقى جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشىنى ئۇقتۇرۇپ قويسا.

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ كېلىشتۈرۈشى ئارقىسىدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدى. 10-ئاينىڭ 12-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرىدىن رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمىلار غۇلجىدىن يولغا چىقىپ ماناس ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، يەنى 10-ئاينىڭ 14-كۈنى، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ جياڭ جيېشىنىڭ «شىنجاڭ مەسىلىسىنى تولۇق ھوقۇق بىلەن ھەل قىلىسىز بولىدۇ» دېگەن بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى لياڭ خەنساۋ، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پېڭ شاۋشيەن شۇنىڭدەك چۇي ۋۇ، دېڭ ۋېنيى، ليۇ مېڭچۈن، جاڭ جىخيۇ، ۋاڭ زېڭشەن قاتارلىقلارنى باشلاپ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇلار يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى جۇ ئېنلەي بىلەن دېڭ يىڭچاۋ جۇڭچىڭنىڭ شاڭچىڭسىدىكى جاڭ جىجۇڭ سارىيىغا بىۋاسىتە بېرىپ، جاڭ جىجۇڭغا خىزمەت ئىشلەپ، جاڭ جىجۇڭنىڭ قوراللىق كۈچ ئىشلەتمەي، مەسىلىنى تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىق ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلدى، جاڭ جىجۇڭ جۇ ئېنلەينىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. جۇ ئېنلەي يەنە جاڭ جىجۇڭغا شىڭ شىسەي دەۋرىدە شىنجاڭ تۈرمىسىگە قاماپ قويۇلغان بىر تۈركۈم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قويۇپ بېرىشنى ھەمدە ئۇلارنى بىخەتەر ھالدا يەنئەنگىچە ئەكىلىپ بېرىشنى يۈزتۇرانە ھاۋالە قىلدى.

تىنچلىق سۆھبىتى ھارپىسىدا جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت

ۋەكىللىرىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئىمزىنىكىنى تاقاپ، بىز شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىمىز، جاڭ جىجوڭ بىلەن ئىككى دۆلەت سۆھبەت ۋەكىللىرى گۇۋاھنامىلەر ئالماشتۇرىمىز دېگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، 10-ئاينىڭ 15-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مۇۋەققەت باش كونسۇلى يېۋسېيېپ بىلەن كۆرۈشتى. جاڭ جىجوڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروپىنىڭ ھۆكۈمەتكە سۇنغان باياناتنامىسىدە شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ۋەكىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرۇپ قويۇشىنى ئىلتىماس قىلدى ھەمدە قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ئەسلىدىلا جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىش نىيىتى يوق، دەپ ئىزھار قىلىنغان. ھۆكۈمەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە بەرگەن جاۋابىدىمۇ ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ۋەقە تۇغدۇرغۇچىلارنىڭ ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ پىكرىنى بايان قىلسا بولىدۇ، دېيىلگەن، شۇڭا مەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ۋەكىلىنى قوبۇل قىلىمەن، ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلالمايمەن. يېۋسېيېپنىڭ ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرىگە ئۇنداق تەلەپتىن ۋاز كېچىشىنى ئۆتۈنۈپ قويۇشىنى ئىلتىماس قىلدى. يېۋسېيېپ دەسلەپتە ئەڭ ياخشىسى بۇنى سىز ئۇلار بىلەن تونجى قېتىم كۆرۈشكەندە بىۋاسىتە دەڭ، دېدى. جاڭ جىجوڭ: سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ھۆكۈمىتىمىزگە ھەمكارلىشىپ، ۋەقە مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، سىزنىڭ بۇنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتىڭىز بار، دېدى. يېۋسېيېپ دەرھال يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ نەسىھەت قىلىشى ئارقىسىدا، ئەسلىدىكى پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئىشقا ئاشتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى سۆھبەتتە ۋە ئىمزالىنغان

ھۆججەتلەردە «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى» ۋە «خەلق ۋەكىللىرى» دېگەن نام قوللىنىلدى.

## ئىككىنچى پاراگراف تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ جەريانى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب

### 1. تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى

1945-يىل 10-ئاينىڭ 17-كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت غەربىي بىناسىدا رەسمىي باشلاندى. جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنىڭ خۇددى ئەينى چاغدا پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سۆھبىتىگە سەمىمىيلىكى بولمىغىنىدەك، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن بولغان سۆھبەتكىمۇ سەمىمىيلىكى بولمىغان. بۇنداق قىلىشتىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى يوقىتىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قورغىنىدىكى كۈچنى پارچىلاپ ۋە ئاجىزلاشتۇرۇپ، قايتۇرما ھۇجۇم ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈشنى مەقسەت قىلغانىدى. شۇڭا، تىنچلىق سۆھبىتى جەريانىدا، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ كەسكىن كۈرەشلەر بولدى. تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى 1945-يىل 10-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 1946-يىل 1-ئاينىڭ 2-كۈنىگىچە بولۇپ، جەمئىي 78 كۈن داۋام قىلدى، ئىككى تەرەپ شىنجاڭ

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي چارىسى، شۇنىڭدەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىغا دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى. 10-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق يىغىندا جاڭ جىجۇڭ «قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىق ۋە ئائىلىۋى ئىتتىپاقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىز شۇنىمۇ ئىنكار قىلمايمىزكى، بىر ئائىلىدە ئۆتۈۋاتقان قېرىنداشلارنىڭمۇ، بەزى مەسىلىلەرگە نىسبەتەن پىكىر-كۆز قارىشى بىردەك بولمايدۇ، ھەتتاكى شۇ تۈپەيلىدىن جېدەل-ماجىرالاردىن خالىي بولۇشىمۇ تەس؛ لېكىن مۇنداق جېدەل-ماجىرالار قېرىنداشلارنىڭ ئىناقلىقىنى ۋە ئائىلىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزالمايدۇ. شۇڭا، بىز ئىشىنىمىزكى، ئۆتكەندە قېرىنداشلار ئارا پىكىرلەر تۇغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق، تاسادىپىي ئىشلار بولۇپ، قېرىنداشلار ئارىسىدىكى ئىناقلىق ۋە ئائىلە ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. . . مەركەز بۇنىڭدىن كېيىن مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قېرىنداشلارنى ئاسراش روھىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ؛ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مائارىپ جەھەتلەردە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشىپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.»① ئۇ سۆزىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قارشى تەرەپتىن مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا پىكىر ئالدى، ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرى «خەلقىمىزگە تولۇق ئەركىنلىك بېرىڭلار»، مەركىزىي ھۆكۈمەت دۆلەتنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىدىن باشقا ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشمىسۇن، دېگەن تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەر قوبۇل

① جاڭ جىجۇڭ: «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل 5-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 13 — 14-بەتلەر.

قىلىنىدى. ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

10-ئاينىڭ 18-كۈنى، جاڭ جىجۇڭ جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىن، گو جىچياۋ، ليۇ مېڭچۈن، لياڭ خېنساۋ، پېڭ جاۋشيەن، چۈي ۋۇ، جاڭ جىڭيۇ، ۋاڭ زېڭشەن، دېڭ ۋېنيى، ليۇ زېرۇڭلارنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، «مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ۋەقەنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھىسى»نىڭ كۆپىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ليۇ زېرۇڭغا رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ، پىكىر ئېلىش يۈزىسىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىغا ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. ئەتىسى جاڭ جىجۇڭ «مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ۋەقەنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھىسى»نى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە بەردى. «كۆرسەتمە لايىھىسى»نىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە تەكشى تەرەققىي قىلىشىغا يار-يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنى ئىچكىرىدىكى خەلقلەر بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىگە ئېرىشتۈرۈش؛

(2) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش، ھەرقايسى دىنلارنىڭ چېركاۋ، مەسچىت، بۇتخانىلىرىنى مۇۋاپىق قوغداش؛

(3) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەسلىدىن بار بولغان مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، تىل-يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىش؛

(4) ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ جىسمانىي، مال-مۈلۈك، سۆز-ھەرىكەت، ماكانلىشىش، مەتبۇئات، يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكىنى قانۇنىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش؛

(5) يەرلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئۇنىڭ چارىسى مۇنداق:

A. ھازىر قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ناھىيىلەردە تەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە، يېزا-بازارلاردا بوجىيالارنى سايلاش، ئالتە ئاي ئىچىدە ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭىشىنى سايلاش ئىشىنى تاماملاش، دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇش؛

B. ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭەشلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭىشى تەشكىلىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ يەرلىك خەلقنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىنى تارماقلار بويىچە يۇقىرىغا يوللاپ تەكلىپ بېرىش ھوقۇقى بولۇش، يەرلىك مەمۇرىي خادىملارنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا نازارەت قىلىش ھوقۇقى بولۇش؛

C. ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭەشلىرى قۇرۇلۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن، يەرلىك خەلقتىن ئىناۋىتى يۇقىرى، بىلىملىك ھەم ئىقتىدارلىق ئىككى ئادەمنى سايلاپ بېرىش، ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇلاردىن بىرىنى تاللاپ ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا قويۇش؛

D. ھاكىمنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشىغا ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت مۇئاۋىن ھاكىم تەيىنلەش؛

E. ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ مەمۇرىي ۋالىيلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۆرسىتىش، مەركەز تەيىنلەش ھەمدە ئۇنىڭغا يەرلىك زاتلاردىن تاللاش؛ باشقا مەمۇرىي خادىملارنىڭ كۆپىنچىسىنى يەرلىك زاتلاردىن تاللاپ ئىشلىتىشنى پرىنسىپ قىلىش.

(6) بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت باج-سېلىقنى يېنىكلىتىشنى ھەقىقىي ئويلىشىش، ئالۋان چېچىشنى قەتئىي چەكلەش ھەمدە خەلقنىڭ يېزا ئىگىلىك، سودا-سانائەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا پائال ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛

(7) ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىپ، ئىجتىمائىي تەلىم-تەربىيىنى كېڭەيتىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش؛

(8) قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن رايونلاردا بارلىق ھەربىي ھەرىكەتلەرنى توختىتىش ھەمدە بىر ئاي ئىچىدە ۋەقە يۈز بېرىشنىڭ ئالدىدىكى ھالەت ۋە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ۋەقە يۈز بەرگەن مەزگىل ئىچىدىكى بارلىق قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى بىكار قىلىش؛

(9) ۋەقەگە قاتناشقان قوراللىق تەشكىلاتلارنىڭ خادىملىرىنى مۇۋاپىق خىراجەت بىلەن دەرھال ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش؛

(10) ۋەقەگە قاتناشقانلارنى بىردەك سۈرۈشتۈرمەسلىك ھەمدە ئۇلارنىڭ ھاياتى، ئولتۇراق ئۆيىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛

(11) ۋەقەگە قاتناشقانلىقى تۈپەيلىدىن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان، قاماپ قويۇلغانلارنى ئىككىلا تەرەپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ قويۇپ بېرىش، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان بولسا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىش؛

(12) قانۇنسىز تەشكىلاتلارغا قاتناشقان خادىملاردىن ئۆز يۇرتىغا قايتىشنى خالىغۇچىلارنى بىردەك راسخوت بېرىپ قايتۇرۇش، قالغانلىرىنى ھۆكۈمەت سىناپ كۆرۈپ، ئايرىم-ئايرىم ئىشقا قويۇپ، ئۇلارنى دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە تولۇق ئىگە قىلىش.①

جاڭ جىجۇڭنىڭ «كۆرسەتمە لايىھىسى»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى مەزمۇنلار، ئالايلۇق، مىللىي باراۋەرلىكنى يولغا قويۇش، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، تىل-يېزىقى ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش، يەرلىك ئاپتونومىيە ۋە دېموكراتىك سىياسىيىنى يولغا قويۇش دېگەنلەرنى ھەرمىللەت خەلقى ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ ۋە تەلەپ قىلىپ كەلگەن، ئەپسۇسكى، بۇ يېقىملىق سۆزلەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈۋرۈكى بولغان ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنى ۋە ھاكىمىيەت مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلىشتا ساختىلىق ۋە ئالدامچىلىق قىلغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. «كۆرسەتمە لايىھىسى»نىڭ 8-ماددىسىدا «بىر ئاي ئىچىدە ۋەقە يۈز بېرىشنىڭ ئالدىدىكى ھالەت ۋە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ۋەقە يۈز بەرگەن مەزگىل ئىچىدىكى بارلىق قانۇنسىز

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 164 — 165-بەتلەر.

تەشكىلاتلارنى بىكار قىلىش»، 9-ماددىسىدا «ۋەقەگە قاتناشقان قوراللىق تەشكىلاتلارنىڭ خادىملىرىنى مۇۋاپىق خىراجەت بىلەن دەرھال ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش» دەپ بەلگىلەنگەن. روشەنكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «بارلىق قانۇنسىز تەشكىلاتلار» ۋە «قوراللىق تەشكىلاتلار» ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى ۋە مىللىي ئارمىيىنى كۆرسىتەتتى. بۇ ئۈچ ۋىلايەتنى بىر ئاي ئىچىدە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتتىن ۋاز كەچكۈزۈش، خەلق قوراللىق كۈچىنى بىكار قىلغۇزۇش، ئاغدۇرۇۋېتىلگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى قايتىدىن باش كۆتۈرگۈزۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىنغان ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە قايتىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇزۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، بۇنى ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلالمايتتى. ئەمما ھەر ئىككى تەرەپ قايتا قان تۆكمەسلىكنى، تىنچ يول بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىردەك بىلدۈردى. شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن ئاندىن جاۋابىنى بېرەيلى، دېگەن. يېڭۋسېيېمۇ ئۈچ ۋىلايەت جۇڭگودىن ئايرىلسا بولمايدىغانلىقىنى، بۇ ئاساسىي پرىنسىپ ئىكەنلىكىنى، لېكىن «كۆرسەتمە لايىھىسى» نىڭ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايدىغانلىقىنى، ۋەكىللەر ئاۋۋال غۇلجىغا كېتىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 10-ئاينىڭ 22-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كەتتى.

11-ئاينىڭ 14-كۈنى «كۆرسەتمە لايىھىسى» نى غۇلجىغا ئەكېتىپ مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرى مەركەزنىڭ «كۆرسەتمە لايىھىسى» توغرىسىدا جاۋاب جىجۇڭگا 11 ماددىلىق «غۇلجا تەرەپنىڭ مەركەزنىڭ كۆرسەتمە لايىھىسىگە بولغان پىكرى ۋە تەلەپلىرى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ۋەقەنى ھەل قىلىش

توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ چىققاندىن كېيىن شۇنداق ھېساپلىدۇقكى، بۇنىڭدا مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا قىلچىلىك ئېتىبار بېرىلمىگەن ھەمدە ئۇ بىزلەرنىڭ تەلەپلىرىمىزنىمۇ قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. كۆرسەتمە لايىھىسىدىكى ئاتالمىش: «جۇڭگودىكى مىللەتلەر پۈتۈنلەي باراۋەر، بۇ — دۆلەت ئاتىمىز ئۈچ مەسىلەكتە ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتكەن پرىنسىپ، مەركەز دۆلەت ئاتىمىزنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، چېگرا رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردە تەكشى تەرەققىي قىلىشىغا يار-يۆلەكتە بولۇپ، مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان ئىزچىل سىياستى» دېگەن ئاتالمىش سۆز-ئىبارىلەر شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان خەلققە ئاللىبۇرۇن تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن، لېكىن ھازىرغىچە ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇرۇن يۈرگۈزۈلگەن ۋەھشىيانە سىياسەتلەرنى ھەرگىزمۇ خەلقچىل سىياسەت دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. بىز باش قوماندان جياڭ جيېشى ۋېيىيۈەنجاڭنىڭ 1945-يىل 8-ئاينىڭ 24-كۈنى ئالىي دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ۋاقىتلىق بىرلەشمە يىغىنىدا بەرگەن يولىيورۇقىنى ئېھتىرام بىلەن ئوقۇپ چىقتۇق، بۇ يولىيورۇقتىن چوڭقۇر رازى بولغاندۇق.

2. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار يۇقىرىقى يولىيورۇققا ئاساسەن، ئۆزىمىزنى-ئۆزىمىز ئىدارە قىلىش جەھەتتە خېلى تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنلىكىمىزگە ئىشىنىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار زور كۆپچىلىكنى ئىگىلىگەن بارلىق رايونلاردا ھەقىقىي يۇكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقى تەلەپ قىلىشنى قانۇنىي ھەرىكەت دەپ قارايمىز.

يۇقىرىقى پرىنسىپقا ئاساسەن، بىز تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

(1) يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يۇكسەك ئاپتونومىيە دائىرىسى ئىچىدە شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان خەلققە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىقىغا سايلاشقا سايلام ھوقۇقى بېرىلسۇن.

(2) دىنغا قىلىنغان كەمسىتىشلەر بىكار قىلىنسۇن ھەمدە تولۇق

دىننى ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېرىلسۇن.
(3) دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ هۆججەت-ماتېرىياللىرى مۇسۇلمان خەلقنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان تىل-يېزىقى بىلەن يېزىلسۇن.
(4) باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇسۇلمان خەلقنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان تىل-يېزىقى بىلەن دەرس ئۆتۈلسۇن، خەلق مائارىپى كەڭ كۆلەمدە راۋاجلاندۇرۇلسۇن.
(5) مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي سەنئەتنىڭ ئەركىن راۋاج تېپىشى كاپالەتلەندۈرۈلسۇن.
(6) مەتبۇئات، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، سۆز ئەركىنلىكى كاپالەتلەندۈرۈلسۇن.
(7) ھەر قانداق خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بويىچە ھەم شۇنىڭ كۈچىگە قاراپ باج نىسبىتى بەلگىلەنسۇن. بىز خەلقنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھۆكۈمەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى، ھەركىم ئۆز ھالىغا يارىشا مەجبۇرىيەت ئۆتىشى كېرەكلىكىنى ئېنىق بىلگەندۇق. لېكىن، بۇ مەجبۇرىيەت سانى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان خەلقنىڭ ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىكىنى ئۆلچەم قىلىشى كېرەك.
(8) سودىگەرلەرگە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا سودا قىلىش ئەركىنلىكى بېرىلسۇن.
(9) ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە مىللىي ئارمىيە تەشكىل قىلىشقا رۇخسەت قىلىنسۇن. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ھەربىي قوشۇن دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شتاتى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنسۇن، لېكىن ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش شەرت.
(10) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلىگە مۇسۇلمان خەلقنىڭ نوپۇس سانىغا ئاساسەن، مۇسۇلمان خەلق ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنسۇن.
(11) ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان

شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان زاتلار بىردەك سۈرۈشتە قىلىنمىسۇن ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ھەرقانداق باھانە-سەۋەبلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلماسلىققا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىنسۇن. قورال-ئوق توقۇنۇش ۋەقەسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن كۆرەشكە قاتناشقانلىق سەۋەبىدىن قاماپ قويۇلغانلار تامامەن قويۇپ بېرىلسۇن.»①

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مەركەزنىڭ كۆرسەتمە لايىھىسىگە بەرگەن قايتۇرما لايىھەسىدە باشلىنىشى بىلەنلا «كۆرسەتمە لايىھىسى» شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ تەلىپى ۋە ئارزۇسىنى قاندۇرالمايدۇ. ئاتالمىش مىللەتلەر بىردەك باراۋەر دېگەنلەر بولسا قۇرۇق تەشۋىقات دېيىلگەن ھەمدە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئەزگەنلىكىدەك جىنايىتى كۆرسىتىلگەن. يۈكسەك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش تەلەپ قىلىنغان. ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنىدىكى دىنىي ئېتىقاد، مەدەنىيەت، سۆز ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، باج نىسبىتىنى يېنىكلىتىش، ۋەقەگە قاتناشقان كىشىلەرنى سۈرۈشتۈرمەسلىك قاتارلىق بەش تۈرلۈك تەلەپ يېزىق جەھەتتە مەركەزنىڭ كۆرسەتمە لايىھىسىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يېرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىدى: بىرىنچى، يۈكسەك ئاپتونومىيە دائىرىسى ئىچىدە مۇسۇلمان خەلققە ئۆزى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلاش ھوقۇقىنى بېرىش؛ ئىككىنچى، دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەت-ئالاقىلىرىدە بىردەك شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ئەزەلدىن بار تىل-يېزىقىنى قوللىنىش؛ ئۈچىنچى، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە ئالىي مەكتەپلەردە شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ئەزەلدىن بار تىل-يېزىقىنى قوللىنىپ ئوقۇتۇش ھەمدە خەلق مائارىپىنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش؛

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 172 — 174-بەتلەر.

تۆتىنچى، سودىگەرلەرگە ئىچكى-تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكى بېرىش؛ بەشىنچى، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە مىللىي ئارمىيە تەشكىللەشكە يول قويۇش، بۇ قېتىمقى ۋەقەگە قاتناشقان ھەربىي قوشۇننى دۆلەت ئارمىيىسى شتاتى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، لېكىن مىللىي شەكلىنى ساقلاپ قېلىش؛ ئالتىنچى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەشتە شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان خەلقىنىڭ نوپۇس سانىغا ئاساسەن، مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشىغا يول قويۇش.

11-ئاينىڭ 25-كۈنى، جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىغا قويغان 11 ماددىلىق تەلەپنى كۆزدە تۇتۇپ، مەركەزنىڭ «كۆرسەتمە لايىھىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

«مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەقە يۈز بەرگەن قىسمەن جايلاردىكى خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك تەلەپلەرگە بەرگەن جاۋابى:

(1) ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزى ئىشەنگەن يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ. ئۇنى يولغا قويۇش تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: ۋەقە ھەل بولغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەرقايسى ناھىيىدىكى خەلق ناھىيىنىڭ كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىپ، ناھىيىلىك كېڭەش قۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن ناھىيىلىك كېڭەشلەر ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىنى سايلايدۇ. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەۋەتكەندىن باشقا، ئۇنىڭ ھەر دەرىجىلىك خادىملىرىنى بىردەك ھاكىملار كېپىللىككە ئېلىپ تونۇشتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ. ھاكىملارنى خەلق سايلاش چارىسى يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن، ھازىر ۋەقە كۆرۈلگەن رايونلاردا خەلق ۋەكىللىرى شۇ جايدىكى ئەخلاقلىق، ئىناۋىتى يۇقىرى، ئوقۇمۇشلۇق ھەم ئىقتىدارلىق بولغان زاتلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە كېپىللىككە ئېلىپ تونۇشتۇرىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ. ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ مەمۇرىي تەپتىش ۋالىيلىرى ئۆلكىلىك

ھۆكۈمەت ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇلارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەركەزگە كېپىللىككە ئېلىپ تونۇشتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ. ھەرقايسى ناھىيىلەردە ناھىيىلىك كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ ئومۇمىي ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر-پەرمانلارنى يولغا قويۇشىغا نازارەت قىلىش ۋە ياردەملىشىش ئۈچۈن، قانۇن بويىچە ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىپ، ئۆلكىلىك كېڭەشكە قاتناشتۇرىدۇ.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسىنى خەلق سايلاش-سايلىماسلىق، مەركەز مىللىي قۇرۇلتاي ئېچىپ ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

(2) ھۆكۈمەت دىنغا بولغان كەمسىتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ ھەمدە دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا تولۇق ئەركىنلىك بېرىدۇ.

(3) دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەت-ئالاقىلىرىدە دۆلەت تىل-يېزىقى ۋە مۇسۇلمانلار تىل-يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ، خەلقنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا سۇنىدىغان ھۆججەت، ئالاقىسىدە يالغۇز شۇ مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىشكە يول قويۇلىدۇ.

(4) باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشىدا شۇ مىللەتنىڭ تىل-يېزىقى قوللىنىلىدۇ؛ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت يېزىقى چوقۇم ئۆگىنىدىغان دەرس قىلىنىدۇ؛ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئوقۇتۇشتا دۆلەت تىل-يېزىقى ۋە مۇسۇلمانلار تىل-يېزىقى[1] تەڭ قوللىنىلىدۇ.

(5) ھۆكۈمەت مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ ئەركىن راۋاجلاندۇرۇشنى بەلگىلەيدۇ.

(6) ھۆكۈمەت مەتبۇئات، يىغىلىش، سۆز ئەركىنلىكى بولۇشنى بەلگىلەيدۇ.

(7) ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئاساسەن

---

[1] مۇسۇلمانلارنىڭ تىل-يېزىقى — ئۇيغۇر يېزىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىش قىلىدۇ. ھەممە ئۇلارنىڭ مادارىغا قاراپ باج نىسبىتىنى بەلگىلەيدۇ. خەلق ھۆكۈمەت ئىقتىسادىدا ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى ئېنىق چۈشىنىشى، ئۇنى ئۆز مادارىغا قاراپ ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؛ لېكىن، بۇ يۈكنىڭ سانى شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقنى ئۆلچەم قىلىشى كېرەك.

(8) ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى سودا ئەركىنلىكى بېرىدۇ ھەممە ئۇلارنىڭ تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويىدۇ، لېكىن ئۇلار دۆلەتنىڭ تاشقى سودا توختاملىرىدا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك.

(9) ھۆكۈمەت بۇ قېتىمقى ۋەقەگە قاتناشقان قىسىملاردىكى يېشى، تەن سالامەتلىكى ئۆلچەمگە توشمايدىغان ۋە ھەربىي خىزمەت بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىشنى خالىمايدىغانلارنى ئۆز جايىغا قايتۇرغاندىن باشقا، قالغانلارنى ھازىر بار ئادەم، قورال-ياراغ ئەمەلىي سانىغا قاراپ، ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ بېكىتكەن سانى بويىچە، ئالدى بىلەن ئامانلىقنى ساقلاش تۈمەنى ۋە ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەيدۇ. ئەگەر كۆپ بولسا، يەنە دۆلەت ئارمىيىسى شتاتى بويىچە، دۆلەت ئارمىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەيدۇ. ئۇلارنىڭ شتاتىدا تۈمەن ئەڭ چوڭ بىرلىك قىلىنىدۇ. لېكىن مىللىي شەكىل ساقلاپ قېلىنىشى، كېيىن سان جەھەتتە كېمىيىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەندە، ئۇنى شۇ مىللەت خەلقىدىن تولۇقلاش؛ ئۇلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارغا ھەربىي بۇيرۇق چۈشۈرۈشتە شۇ مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش پرىنسىپ قىلىنىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئوفىتسېرلىرىدىن بولىدۇ، لېكىن ئۇلار مۇددەت بويىچە ۋەزىپە بىلەن ئوفىتسېرلەر مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىلىپ ئېلىشقا تېگىشلىك ھەربىي ئەمەلدارلار تەربىيىسىگە ئىگە قىلىنىدۇ، مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىگە قويۇلىدۇ، قىسىملارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەت تەربىيىلىگۈچى خادىملارنى ئەۋەتىپ تەربىيىلەشكە ياردەملىشىدۇ.

ئۇلار دۆلەت ئارمىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن، ھەرقانداق ۋاقىتتا يۆتكەشكە بويسۇنۇشى كېرەك.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان قىسىملارنىڭ يىغىلىدىغان جايى ۋە ئۇلارنى تەكشۈرۈش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش چارىسى ئايرىم بەلگىلىنىدۇ.

(10) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەشتە مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشىغا يول قويۇلىدۇ.

(11) ھۆكۈمەت ۋەقەگە قاتناشقان كىشىلەرنى بىردەك سۈرۈشتۈرمەيدۇ، مۇشۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىنغان ھەر ئىككى تەرەپ زاتلىرىنى ئۆزئارا ئىنقىلاپ قويۇپ بېرىش، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى قايتۇرۇپ بېرىش، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلماسلىقتا ئۆزئارا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ①

يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەركەزنىڭ «كۆرسەتمە لايىھىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىدە، جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تەلىپىنى ھەقىقىي تۈردە ئويلىشىپ كۆردى ۋە قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭدا ئىسلىدىكى «كۆرسەتمە لايىھىسى»گە بىرقەدەر زور تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە بىرقەدەر زور دەرىجىدە يول قويدى، بولۇپمۇ مىللىي ئارمىيە مەسىلىسى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلىشتا پوزىتسىيە جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. چۈنكى ھەربىي قوشۇننى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى، يەنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش مەسىلىسى بىرقەدەر مۇرەككەپ مەسىلە ئىدى ھەم سۆھبەتنىڭ چىگىش نۇقتىسى ئىدى. تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىگە بۇ ئىككى تۈرلۈك تەلەپكە بېرىلگەن جاۋابنىڭ ماددىلىرىنى سىڭدۈرۈش ۋە ئۇنى بايان قىلىشقا ئامال

① جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدا بوران-چاپقۇنلۇق 70 يىل» (12)، لەنشى نەشرىياتى چەكلىك شىركىتى 1982-يىل 3-ئاي خەنزۇچە نەشرى 6831 — 6833-بەتلەر

بولمىغاچقا، ئىككى قوشۇمچە ھۆججەت كۆپەيتىلدى.

جاڭ جىجۇڭ بۇ تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، «بۇ مەركەزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ چوڭ يول قويغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېدى.

شۇ كۈنى يېڭۇسېيىپ جاڭ جىجۇڭغا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: سىز ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە تاپشۇرغان «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەقە يۈز بەرگەن قىسمەن جايلاردىكى خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك تەلەپلەرگە بەرگەن جاۋابى»نى، يەنى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىنى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ.

11-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 18-كۈنىگىچە، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئىككى كۈن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، كۆپ قىسىم ماددىلار ئۈستىدە بىردەك تونۇش ھاسىل قىلدى، لېكىن تۆت چوڭ مەسىلىدە يەنىلا ئوخشاش بولمىغان پىكىر ساقلاندى:

بىرىنچى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىللەش مەسىلىسى توغرىسىدا

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى تولۇق ئەركىنلىك بولغان سايلام ھوقۇقى بېرىشنى، ئۆلكە رەئىسىدىن تارتىپ ھاكىملارغىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى خەلق سايلاپ چىقىشنى تەلەپ قىلىشتا چىڭ تۇردى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ قارشى لايىھىسىدە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يۈكسەك ئاپتونومىيە دائىرىسىدە، مۇسۇلمان خەلقىگە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدار قىلىپ سايلاش ھوقۇقى بېرىلسۇن، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇنىڭغا قارىتا جاڭ جىجۇڭ مۇنۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئۆلكە رەئىسىنى خەلق سايلاشقا بولۇش-بولماسلىق مەسىلىسى مىللىي قۇرۇلتاي ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؛ مەركەز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىنى تەيىنلىگەندە، ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىشىغا تولۇق پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. جاڭ

جىنجۇڭ يەنە «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەقە يۈز بەرگەن قىسمەن جايلاردىكى خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپنىڭ 10-ماددىسىغا بېرىلگەن جاۋاب»تا مۇنداق كونكرېت ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويدى: «(1) مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىنى كېڭەيتىدۇ ۋە تولۇقلايدۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ سانى 25 بولىدۇ (ئەسلىدىكى سانى 13 ئىدى). (2) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 25 نەپەر ئەزاسىنىڭ ئون نەپىرىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىۋاستە تەيىنلەيدۇ، 15 نەپىرىنى ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسەتكەندىن كېيىن مەركىزىي ھۆكۈمەت تەيىنلەيدۇ. (3) مەركىزىي ھۆكۈمەت بىۋاستە تەيىنلەيدىغان ئون نەپەر ئەزا رەئىس، باش كاتىپ، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە ئىككى نەپەر مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (4) ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن مەركەز ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان 15 نەپەر ئەزا مۇئاۋىن رەئىس، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باش كاتىپ، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە يەتتە نەپەر مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (5) ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى مەركەزنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىشىگە كۆرسىتىدىغان ئەزالار ھازىر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاراشلىق ۋىلايەتلەرگە تۆۋەندىكىچە تەقسىم قىلىنىدۇ: A. ۋەقە يۈز بەرگەن ئۈچ ۋىلايەت ئالتە كىشىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىدۇ. ئۇ مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ياكى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرىنى، خەلق ئىشلار نازارىتى ياكى مالىيە نازارىتىنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن نازىرىنى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقىنى ياكى ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن باشلىقىنى، ئۈچ نەپەر مەخسۇس ئەزانى

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. B. باشقا يەتتە ۋىلايەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا توققۇز ئادەم كۆرسىتىدۇ، لېكىن ھەربىر ۋىلايەتتىن بىردىن ئەزا بولۇشى شەرت. ئۇلار بىر نەپەر مۇئاۋىن رەئىسنى ۋە قالغان بىر نەپەر مۇئاۋىن باش كاتىپ، بىر نەپەر نازىر، بىر نەپەر مۇئاۋىن نازىر، بىر نەپەر باشقارما باشلىقى ياكى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقىنى، تۆت نەپەر مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.①

ئىككىنچى، مىللىي قىسىم تەشكىللەش مەسىلىسى توغرىسىدا.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى مىللىي قىسىم تەشكىللەش، مىللىي شەكلىنى ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇردى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ قارشى لايىھىسىدە: ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە مىللىي ئارمىيە تەشكىللەشكە يول قويۇلسۇن. بۇ قېتىمقى ۋەقەگە قاتناشقان ھەربىي قوشۇن دۆلەت ئارمىيىسى شتاتى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنسۇن ھەمدە ئۇنىڭدا مىللىي شەكىل ساقلاپ قېلىنسۇن، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇنىڭغا قارىتا، جاڭ جىجۇڭ مۇنۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى: ۋەقەگە قاتناشقان قىسىملارنى ئامانلىقنى ساقلاش تۈمەن-دۈيى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە يول قويۇلىدۇ، ئۇلار دۆلەت ئارمىيىسى قىلىپ تەشكىللەشكە ئۇنىسا، شۇنداق قىلىشقىمۇ بولىدۇ. بىراق يۆتكەشكە بويسۇنۇشى كېرەك. شۇنداقلا ئادەم كەم بولغان ئورۇننى شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىدىن تولۇقلاشقا بولىدۇ. تەلىم-تەربىيە مەشقى ئېلىپ بېرىش ۋە ھەربىي بۇيرۇق چۈشۈرۈشتە ئەسلىدىكى تىل-يېزىقنى قوللىنىشقا بولىدۇ. جاڭ جىجۇڭ يەنە «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەقە يۈز بەرگەن قىسمەن جايلاردىكى خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپنىڭ 9-ماددىسىغا بېرىلگەن كونكرېت جاۋاب» تا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: (1) ۋەكىللەرنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، بۇ يەردە ئېيتىلغان مىللىي قىسىم يەرلىك تۈمەن-دۈيلەرنى كۆرسىتىدىكەن. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەرلىك

① جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدا بوران-چاپقۇنلۇق 70 يىل» (12)، لەنشى نەشرىياتى چەكلىك شىركىتى 1982-يىل 3-ئاي خەنزۇچە نەشرى 6836-بەت.

ئامانلىقنى ساقلاش تۈەن-دۈيلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىسقارتىشنى بەلگىلىگەن ھەمدە ئۇنى ئاللىبۇرۇنلا يولغا قويۇشقا باشلىغان، پرىنسىپ جەھەتتە قايتىدىن تەشكىللەش ئارقىلىق، خەلقنىڭ يۈكىنى كۆپەيتىۋەتمەسلىك كېرەك ئىدى. لېكىن ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بېرىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋاقتىنچە ئالاھىدە يول قويۇپ، بۇ قېتىمقى ۋەقەگە قاتناشقان قىسىملارنى يەرلىكنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئامانلىقنى ساقلاش قىسمى قىلىپ تەشكىللەشكە قوشۇلدۇق. (2) ۋەقەگە قاتناشقان قىسىملار ئىچىدىكى يېشى، تەن سالامەتلىكى ئۆلچەمگە توشمايدىغان ۋە ھەربىي خىزمەت ئىشلەشنى خالىمىغانلار بىردەك ئۆز جايىغا قايتۇرۇلىدۇ. (3) ئامانلىقنى ساقلاش تۈەن-دۈيلىرى ھازىر بار ئادەم، قورال-ياراغ ئەمەلىي سانىغا قاراپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن، ھازىر بار بولغان شتات بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدۇ. (4) ئامانلىقنى ساقلاش تۈەن-دۈيلىرىنى تەشكىللىگەندە، ئادەتتە ئوتتۇرا ئەترەت بىرلىك قىلىنىدۇ، لېكىن ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا بىرلەشتۈرۈپ دادۈي قىلىپ تەشكىللىنىدۇ، ئەڭ چوڭ بىرلىك تۈەن شتاتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. (5) يۇقىرىدىكى تەلەپ بويىچە، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ قىسىمدىكى بوش قالغان ئورۇن شۇ مىللەت خەلقى تەرىپىدىن تولۇقلىنىدۇ. تەلىم - تەربىيە مەشىقى ۋە بۇيرۇقلىرىدا شۇ مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش پرىنسىپ قىلىنىدۇ، دېگەن ھەرقايسى نۇقتىلارنى شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ. (6) مەزكۇر قىسىمنىڭ ئوفىتسېرلىرى مۇددەت بويىچە خىزمەت بىلەن تەلىم-تەربىيىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ ۋە ھۆكۈمەت تەلىم - تەربىيە بېرىدىغان خادىملارنى ئەۋەتىدۇ، دېگەن نۇقتىلارنى مەزكۇر قىسىمدىكىلەر شۇ بويىچە ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.①

ئۈچىنچى، ئەركىن سودا مەسىلىسى توغرىسىدا

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى، سودىگەرلەر چەت ئەللەر بىلەن ئەركىن

---

① جاڭ داجۇن: «شىنجاڭدا! بوران-چاپقۇنلۇق 70 يىل» (12)، لەنشى نەشرىياتى چەكلىك شىركىتى 1982-يىل 3-ئاي خەنزۇچە نەشرى 6834 — 6835-بەتلەر.

سودا قىلسا بولىدۇ، دېگەن پىكرىدە چىڭ تۇردى.

بۇنىڭغا قارىتا جاڭ جىجۇڭ مۇنۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى: ھۆكۈمەت سودىگەرلەرنىڭ چەت ئەللەر بىلەن سودا قىلىشىغا يول قويىدۇ، لېكىن جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئۆزئارا سودا قىلىش چارىسى بويىچە ئىش كۆرۈلۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، ھۆكۈمەت ھۆججەت-ئالاقىسى مەسىلىسى توغرىسىدا

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ ھۆججەت-ئالاقىسىدە بىردەك ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى قوللىنىش، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا بىردەك ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى قوللىنىشتا چىڭ تۇردى.

بۇنىڭغا قارىتا جاڭ جىجۇڭ مۇنۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى: ھەر دەرىجىلىك ئورگانلار دۆلەتكە تەۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆججەت-ئالاقىسىدە دۆلەت يېزىقىنى قوللانماي بولمايدۇ، شۇڭا ئىككى خىل يېزىقنى تەڭ قوللىنىش كېرەك، لېكىن خەلق ھۆكۈمەت تەرىپىگە ئالاقە يازغاندا، ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنى قوللىنىشى كېرەك. ئالىي مەكتەپلەردە ئېھتىياجغا ئاساسەن ھەر خىل تىل-يېزىقنى تەڭ قوللىنىشقا بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆت مۇھىم مەسىلىدە يەنىلا ئوخشاش بولمىغان پىكىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى قايتىپ كېتىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىن يوليورۇق سوراشقا توغرا كەلدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى «تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھە»نى ئېلىپ 11-ئاينىڭ 27-كۈنى غۇلجىغا قايتىپ باردى.

1945-يىل 12-ئاينىڭ 15-كۈنى، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قۇرۇلتىيى غۇلجىدا ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتاي رەھىمجان سابىرھاجىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە (تۆۋەندە قىسقارتىپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى دەپ ئاتىلىدۇ) ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى.

شۇ يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرى ئۈچىنچى قېتىم غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. 12-ئاينىڭ 26-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، جاڭ جىجۇڭنىڭ «تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھە»سى توغرىسىدىكى قارشى لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭ مەزمۇنىدا ئاساسلىقى ئۆلارنىڭ 11-ئاينىڭ 14-كۈنى مەركەزنىڭ «كۆرسەتمە لايىھە»سى توغرىسىدىكى قارشى لايىھىدە ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرى قايتا تەكىتلەندى، بەزى تەلەپلەر تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ تەلەپلەرنىڭ بەزىسىدە جاڭ جىجۇڭنىڭ «تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھە»سىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرگە نىسبەتەن تىغمۇ-تىغ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەسىلەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي مەسىلىسىدە، جاڭ جىجۇڭ «تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھە»نىڭ قوشۇمچە(2) ھۆججىتىدە، يەنى «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەقە يۈز بەرگەن قىسمەن جايلاردىكى خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپنىڭ 10-ماددىسىغا بېرىلگەن جاۋاب»تا: ھەرقايسى ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى كېپىللىككە ئېلىپ كۆرسىتىشى بىلەن، مەركەز ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان ئەزالار بىر نەپەر مۇئاۋىن رەئىس، بىر نەپەر مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، بىر نەپەر قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، بىر نەپەر سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، بىر نەپەر مۇئاۋىن باش كاتىپ، بىر نەپەر خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، بىر نەپەر مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، بىر نەپەر ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە يەتتە نەپەر مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى 1945-يىل 12-ئاينىڭ 25-كۈنى ئۈچىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭغا جاۋاب بەرگەن ھۆججىتىدە ئېنىق ھالدا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: «ئۆلكە رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسى ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىدا

سايلىنىسۇن»①، «مەركەز بېكىتىپ ئەۋەتىدىغان ئون نەپەر ئەزا ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇئاۋىن رەئىسلىك، باش كاتىپلىق، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقى ۋە ئىككى نەپەر ھەيئەت ئەزالىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالسۇن.»② «شۇ جايدىكى خەلق سايلىغان ھۆكۈمەت ئەزاسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆلكە رەئىسى، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باش كاتىپ، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولسۇن ھەمدە ئۇلاردىن يەتتە نەپىرى ئەزا بولسۇن»③.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بۇ قارشى لايىھىنىڭ ئاخىرىدا يەنە شىنجاڭدىكى سىياسىي ساقچىلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن، گومىنداڭ دائىرىلىرى 1945-يىلىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە شىنجاڭغا يۆتكەپ كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي چېكىندۇرۇپ ئاچىقىپ كەتسۇن، شىنجاڭ ساقچى نازارىتى ئۆز جايىدىكى مۇسۇلمان خەلقتىن تەشكىللەنسۇن دېگەن ئۈچ تۈرلۈك يېڭى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاڭ جىجوڭ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بۇ قارشى لايىھەدە يېڭىدىن كۆپەيتكەن ئۈچ تۈرلۈك يېڭى تەلەپنى دەرھال رەت قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بۇ قارشى لايىھەدە ئوتتۇرىغا قويغان ئۆلكە رەئىسىنى گومىنداڭ

---

① جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدا بوران-چاپقۇنلۇق 70 يىل» (12)، لەنشى نەشرىياتى چەكلىك شىركىتى 1982-يىل 3-ئاي خەنزۇچە نەشرى 6843-بەت.

② جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدا بوران-چاپقۇنلۇق 70 يىل» (12)، لەنشى نەشرىياتى چەكلىك شىركىتى 1982-يىل 3-ئاي خەنزۇچە نەشرى 6845-بەت.

③ جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدا بوران-چاپقۇنلۇق 70 يىل» (12)، لەنشى نەشرىياتى چەكلىك شىركىتى 1982-يىل 3-ئاي خەنزۇچە نەشرى 6845-بەت.

مەركىزىي ھۆكۈمىتى بېكىتىپ ئەۋەتىشكە بولمايدۇ، ئۆلكە رەئىسىنى ئۆز جايىدىكى خەلق سايلاپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشى كېرەك، دېگەن تەلەپكىمۇ قوشۇلمىدى. جاڭ جىجوڭ دەرھال يېۋسېيىپ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ۋەكالىتەن كېلىشتۈرۈپ قويۇشىنى ئۆتۈندى. يېۋسېيىپ كېلىشتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىزنىڭ بۇ تەلەپنى قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقىمىز يوق، بۇنىڭدا غۇلجىدىن يوليورۇق سورىشىمىز كېرەك، دېدى، لېكىن يېڭىدىن قوشۇلغان ئۈچ ماددىنى قويۇپ تۇرۇشقا قوشۇلدى. 12-ئاينىڭ 29-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى كۆپ قېتىم جاڭ جىجوڭ بىلەن قايتا-قايتا مەسلىھەتلىشىپ ۋە مۇزاكىرە قىلىپ، «تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھە» دىكى 11 ماددىنىڭ رەسمىي نۇسخىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇئەييەنلەشتۈردى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش ۋە مىللىي قىسىمنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسىنى باشقىدىن ئىككى قوشۇمچە ھۆججەت تەييارلاپ ھەل قىلىشقا بىردەك قوشۇلدى.

1946-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىش ئورنىدا جاڭ جىجوڭ «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە رەسمىي نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇشقا ئەۋەتكەن ۋاڭ زېڭشەن، لىيۇ مېڭچۈنلەرگە يەنە مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك تەلەپ قويدى: «(1) ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرى ئەكەلگەن پىكىرنامىنىڭ ئەسلى ماۋزۇسىنى، يەنى ‹مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى› ۋە ‹قوراللىق توقۇنۇش› قاتارلىق سۆزلەرنى ساقلاپ قېلىش؛ (2) قوزغىلاڭ بولغان رايونلار ئاقسۇ ۋە قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىش؛ (3) ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، گېزىتخانىنىڭ باشلىقىنى يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن سايلاش؛ (4) بىتىمدىكى ‹ھازىرقى مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ساقلاپ قېلىنىشىغا يول قويۇلىدۇ ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ تەيىنلىشىگە سۇنۇلىدۇ› دېگەن سۆزلەرنى ئۆزگەرتىش؛ (5) رەسمىي ھۆججەتنىڭ كەينىگە تۆۋەندىكى باياناتنى قوشۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى: مەركەزنىڭ قىسىملىرىنى چېكىندۈرۈش، ساقچى ئاپپاراتلىرىنى بىكار قىلىش، ئۆلكە رەئىسىنى خەلق سايلاش توغرىسىدىكى ئۈچ پىكىر ئوتتۇرىغا

قويۇلغاندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى گېنېرال جاڭ جىجوڭ ئۇنى رەت قىلدى، لېكىن خەلق ۋەكىللىرى يۇقىرىقى ئۈچ شەرتنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئېتىراپ قىلمىدى، كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى گېنېرال جاڭ جىجوڭ خەلق ۋەكىللىرىگە ھۆكۈمەتكە ئۆز پىكرىنى ئەركىن بايان قىلىش ھوقۇقى بېرىشكە ماقۇل بولۇشى كېرەك.»①

يۇقىرىقى تەلەپلەر ئۈستىدە ئىككى تەرەپ تۆت سائەت تالاش-تارتىش قىلىپ، ئاخىرى كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى. سۆھبەت ئۈستىلىدە قايتا-قايتا مۇنازىرىلىشىش ۋە كېڭىشىش، شۇنىڭدەك سۆھبەت ئۈستىلى سىرتىدا ھەرقايسى تەرەپتىن خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، ئاخىرىدا 1946-يىل 1-ئاينىڭ 2-كۈنى رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلار جاڭ جىجوڭ بىلەن بىتىمنىڭ رەسمىي نۇسخىسى ۋە قوشۇمچە ھۆججىتى (1) گە رەسمىي ئىمزا قويدى. قوشۇمچە ھۆججەت (2) يەنى مىللىي ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى داۋاملىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قالدۇرۇلدى.

رەسمىي ئىمزالانغان تىنچلىق بىتىمىنىڭ رەسمىي نۇسخىسى ۋە قوشۇمچە ھۆججىتى (1) تۆۋەندىكىچە:

## تىنچلىق بىتىمىنىڭ رەسمىي ھۆججىتى

«مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونى خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم»

1. ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ.

بۇ ھوقۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك تەرتىپلەر

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر جوڭگو ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 184-بەت.

بەلگىلەندى:

ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەرقايسى ناھىيە خەلقى ناھىيىلەردىكى كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك كېڭەش قۇرىدۇ؛ ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىمنى ناھىيىلىك كېڭەش سايلايدۇ. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىكى بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى خادىملارنى ھاكىم تەيىنلەيدۇ.

بۇ سايلام يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن ۋەقە يۈز بەرگەن رايونلاردا ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىكى ھازىرقى مەمۇرىي ئەمەلدارلار ساقلاپ قېلىنىدۇ.

ۋىلايەتلىك مەمۇرىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى بىلەن مۇئاۋىن ۋالىيسىنى شۇ يەردىكى خەلق كۆرسىتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ.

ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى ۋالىي تەيىنلەيدۇ.

ناھىيىلەردە كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن قانۇن بويىچە ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى سايلىنىپ، ئۆلكىلىك كېڭەش قۇرۇلىدۇ، ئۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ياردەملىشىدۇ.

ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنىش، ئومۇمىي سايلام بېكىتىلىشتىن بۇرۇن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش چارىسى 9-ماددىدىكىدەك بولىدۇ.

2. ھۆكۈمەت دىنىي كەمسىتىشنى بىكار قىلىدۇ ھەمدە خەلقنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىدۇ.

3. دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت-ئالاقىلىرىدە دۆلەت تىل-يېزىقى بىلەن مۇسۇلمان تىل-يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ. خەلقنىڭ ھۆكۈمەت ئورگىنىغا سۇنغان خەت-ئالاقىلىرىدە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنىلا قوللىنىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

4. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ. لېكىن، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت تىل-يېزىقى ئاساسىي دەرس قىلىنىدۇ؛ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن دۆلەت تىل-يېزىقى بىلەن مۇسۇلمان تىل-يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ.

5. ھۆكۈمەت مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ.

6. ھۆكۈمەت مەتبۇئات، يىغىلىش، سۆز ئەركىنلىكى بولۇشىنى

بەلگىلەيدۇ.

7. ھۆكۈمەت باج نىسبىتىنى خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ ھالىغا قاراپ بەلگىلەيدۇ.

خەلق ھۆكۈمەت ئالدىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، سېلىقنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ، ئەمما، سېلىق مىقدارى جەھەتتە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا دەخلى يەتكۈزمەسلىك شەرت قىلىنىدۇ.

8. ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى-تاشقى سودا ئەركىنلىكى بېرىدۇ، ئەمما تاشقى سودىدا سودىگەرلەر مەركىزىي ھۆكۈمەت چەت ئەللەر بىلەن تۈزۈشكەن سودا شەرتنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەك.

9. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبىنى مەركەز كۆپەيتىدۇ. ھەيئەت ئەزاسى 25 بولىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 25 ئەزاسىدىن ئوننى مەركەز بىۋاستە بەلگىلەيدۇ، قالغان 15نى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىدۇ، مەركەز تەيىنلەيدۇ.

مەركەز بىۋاستە بەلگىلەيدىغان ئون ئەزا رەئىس، باش كاتىپ، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە ئىككى مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ، مەركەز تەيىنلەيدىغان 15 ئەزا ئىككى مۇئاۋىن رەئىس، ئىككى مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بەش مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قالغانلىرى توغرىسىدا قوشۇمچە ھۆججەت(1) گە قارالسۇن.

10. مىللىي ئارمىيە تەشكىللەشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ، بۇ قىسىمنىڭ خادىملىرى پرىنسىپ جەھەتتىن مۇسۇلمان خەلقلەردىن تولۇقلىنىدۇ.

بۇ قىسىم بۇ قېتىمقى ۋەقەگە قاتناشقان ھەربىي قوشۇنلار بولۇپ، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شتاتىدىن پايدىلىنىپ قايتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدۇ. بۇ قىسىمنىڭ ئادەم سانى ۋە تۇرار جايى ئايرىم مۇزاكىرە قىلىنىدۇ،

قوشۇمچە ھۆججەت (2) ئىمزالانغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

بۇ قىسىمنىڭ تەلىم-تەربىيە ۋە كوماندا بېرىش ئىشلىرى پرىنسىپ جەھەتتىن ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا بولىدۇ.

بۇ قىسىمدىكى ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسىرلارنىڭ بۇرۇنقى ۋەزىپىسى ۋە ئۇنۋانى ساقلاپ قېلىنىدۇ، مۇددەتكە بۆلۈپ ھەربىي مەكتەپكە ئەۋەتىلىپ تەلىم تولۇقلىنىدۇ.

بۇ قىسىمغا ھۆكۈمەت تەلىم-تەربىيە خادىملىرىنى ئەۋەتىپ، مەشىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرىدۇ.

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەركەز ئارمىيىسى بۇ قىسىم بىلەن بىر يەردە تۇرمايدۇ، ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلايدۇ، بىرى-بىرى بىلەن ئۆچەكىشىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ.

قالغان ئىشلار توغرىسىدا قوشۇمچە ھۆججەت(2) گە قارالسۇن.

11. ۋەقە يۈز بەرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىككى تەرەپ قولغا ئالغان زاتلار ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئون كۈن ئىچىدە قويۇپ بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق باھانە-سەۋەبلەر بىلەن كەمسىتىلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى　　جاڭ جىجۇڭ

خەلق ۋەكىللىرى　　رەھىمجان سابىرھاجى

ئوبۇلخەيرى تۆرە

ئەخمەتجان قاسىمى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى، ئۈرۈمچى①

قوشۇمچە ھۆججەت (1)

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونى خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى ئىمزالىغان «قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم» نىڭ 9-ماددىسىدا بەلگىلەنگەن شىنجاڭ

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 184 — 187-بەتلەر. تىنچلىق بىتىمىنىڭ رەسمىي نۇسخىسىدا شىنجاڭ ئىلى ئوبلاستلىق ئارخىپخانىدا ساقلانغان ئەسلىدىكى ھۆججەتكە ئاساسەن رەسمىي نۇسخىسى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئايرىم تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلدى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسى توغرىسىدا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ماقۇللىشى بىلەن تۆۋەندىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە تۈزۈلدى:

1. ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ، مەركەز تەيىنلەيدىغان 15 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسىنىڭ ئالتە نەپىرىنى ۋەقە يۈز بەرگەن ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتسە بولىدۇ.

2. يۇقىرىقى ئالتە ئەزا بىر مۇئاۋىن رەئىس، بىر مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ياكى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ياكى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ياكى ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بىر مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. قالغان يەتتە ۋىلايەت توققۇز ئەزا كۆرسىتىدۇ، بۇ بىر مۇئاۋىن رەئىسنى شۇنىڭدەك مەركەز بىۋاسىتە تەيىنلەيدىغان ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ ۋىلايەت كۆرسىتىدىغانلىرىدىن باشقا بىردىن نازىر، باشقارما باشلىقى ياكى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن باش كاتىپ، مۇئاۋىن نازىر ۋە تۆت مەخسۇس ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى     جاڭ جىجۇڭ

خەلق ۋەكىللىرى     رەھىمجان سابىرھاجى

ئوبۇلخەيرى تۆرە

ئەخمەتجان قاسىمى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى، ئۈرۈمچى»①

1-ئاينىڭ 3-كۈنى، جاڭ جىجۇڭ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن چۇڭچىڭغا قايتتى، لىيۇ مىڭچۈن، پىڭ جاۋشيەن، ۋاڭ زېڭشەنلەرنى رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلار بىلەن داۋاملىق

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 187 — 188-بەتلەر. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئوبلاستلىق ئارخىپخانىدا ساقلانغان ئەسلىدىكى ھۆججەتكە ئاساسەن، قوشۇمچە ھۆججىتى (1) بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئايرىم تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلدى.

ئۇچرىشىشقا ئالاھىدە قالدۇردى. ئايرودرومدا جاڭ جىجۇڭ ئۆزىنى ئۇزاتقىلى چىققان رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلار بىلەن سۆزلىشىپ مۇنداق دېدى: سىلەرنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ۋەتەننى قوغدايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن، بۇ — دەۋرنىڭ سىلەرگە يۈكلىگەن مەسئۇلىيىتى. رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلار: بىز جۇڭگولۇقلار، بىز چوقۇم ۋەتىنىمىزنى ھىمايە قىلىمىز، دېدى.

يۇقىرىدىكىلەر تىنچلىق سۆھبىتى جەريانىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولدى. بۇ باسقۇچتا تىنچلىق بىتىمىنىڭ رەسمىي نۇسخىسى ۋە قوشۇمچە ھۆججەت (1) (يەنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسى) ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

## 2. تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى

1946-يىل 1-ئاينىڭ 10-كۈنى غۇلجىغا قايتىپ كەتكەن ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرى 3-ئاينىڭ 25-كۈنى تۆتىنچى قېتىم غۇلجىدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. بۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى مىللىي ھۆكۈمەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ دوكلاتىنى يەتكۈزۈپ، غۇلجا ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭنىڭ قاچان ئۈرۈمچىگە كېلىدىغانلىقىنى سوراۋاتىدۇ، ئەگەر جاڭ جىجۇڭ يېقىندا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلەلمىسە، غۇلجا تەرەپ، سۆھبەت بۇزۇلدى، ئىمزالانغان بارلىق بىتىم بىردەك ئىناۋەتسىز بولدى، دەپ قارايدىكەن، دېدى. 1-ئاينىڭ 3-كۈنى جياڭ جيېشىنىڭ تېلېگراما ئارقىلىق چاقىرىشى بىلەن چۇڭچىڭغا قايتىپ كەلگەن جاڭ جىجۇڭ 4-ئاينىڭ 4-كۈنى چۇڭچىڭدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. 4-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە ئىككىنچى باسقۇچلۇق تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ سۆھبەت جەمئىي 63 كۈن داۋاملاشتى، ئاساسلىقى مىللىي ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش

مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى.

بىرىنچى قېتىمقى مىللىي ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى ئۈستىدىكى سۆھبەت

4-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭ بىلەن قوشۇمچە ھۆججەت (2) ئۈستىدە، يەنى ئۈچ ۋىلايەتتىكى مىللىي ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئالدى بىلەن جاڭ جىجۇڭنىڭ قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغانلىقىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمەنى ۋە پىيادە ئەسكەرلەر تۈمەنىنىڭ شتاتىغا دائىر بىر پارچە ماتېرىيالغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى، ئاندىن كېيىن كونكرېت سان ۋە شتاتنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئارقىدىن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى «قەشقەر ۋە غۇلجىدا بىردىن پىيادە ئەسكەرلەر تۈمەنى، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر، ئۈرۈمچى، سۈيدۈڭ، كورە، شىخو، سارسۇمبە ۋە چۆچەكتە بىردىن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمەنى تۇرغۇزۇش، دۆربىلجىندە بىر پىيادە ئەسكەرلەر تۈمەنى تۇرغۇزۇش، جەمئىي 21 مىڭچە ئادەمى بار ئون ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمەنى، ئۈچ پىيادە ئەسكەرلەر تۈمەنى تۇرغۇزۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاڭ جىجۇڭ: ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەقە يۈز بەرمىگەن قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى ناھىيە (شەھەر) لەردە ئەسكەر تۇرغۇزسا بولمايدۇ، ئارمىيىنىڭ ئومۇمىي سانى بەك كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ، پەقەت ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمەنى ۋە ئۈچ ئامانلىق ساقلاش دادۈيى تەشكىللەشكىلا بولىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا، ئۈچ ئامانلىق ساقلاش دادۈينى ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمەنى قىلىپ ياكى ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمەنى، بىر پىيادە ئەسكەرلەر تۈمەنى قىلىپ تەشكىللەشكىلا بولىدۇ. ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن پەقەت ۋەقە يۈز بەرگەن ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىلا تۇرغۇزۇشقا بولىدۇ، دېدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى مىللىي ئارمىيىنى 13 تۈمەندىن قىسقارتىپ ئون تۈمەن قىلىشقىلا بولىدۇ، دەپ چىڭ تۇردى. سۆھبەت قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

4-ئاينىڭ 15-كۈنى جاڭ جىجۇڭ يېۋسېيېپ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە كېلىشتۈرۈش خىزمىتى ئىشلەشنى ئۆتۈندى. يېۋسېيېپ مۇنداق دېدى: مىللىي ئارمىيە بەش تۈمەنگە قىسقارتىلسا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوبۇل قىلالمايدۇ. ئالتە تۈمەن قىلىپ بېكىتىلسە بولامدۇ، يوق؟ جاڭ جىجۇڭ مۇنداق دېدى: ئەگەر ئالتە تۈمەن قىلىپ تەشكىللەشكە يول قويۇلسا، ئۇنىڭ ئۈچ تۈمىنىلا دۆلەت ئارمىيىسى بولالايدۇ، قالغان ئۈچ تۈمىنى ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش ئەترىتى بولىدۇ، بەلكى بىر يىلدىن كېيىن دۆلەت ئارمىيىسىنى ئىككى تۈمەن، ئۈچ ئامانلىقنى ساقلاش دادۈيى قىلىپ قىسقارتقاندا، ئاندىن ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن سانغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەربىي قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبەت ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن غۇلجىغا قايتتى. ئۇلار مېڭىشتىن بۇرۇن، جاڭ جىجۇڭ مۇنداق دېدى: ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ تۈمىنى، ئۈچ ئامانلىق ساقلاش تۈمىنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئاخىرقى يول قويۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، تېزلىكتە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئىمزا قويۇشۇڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

4-ئاينىڭ 22-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، رەھىمجان سابىرھاجىنىڭ مىللىي ئارمىيىنى رەتكە سېلىپ تەشكىللەش ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبى مەسىلىسىگە دائىر سۆھبەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى. بۇ قېتىمقى يىغىن 271-نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللىدى. قاراردا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى ئالتە تۈمەن قىلىپ قىسقارتىشقا، ئومۇمىي ئادەم سانىنى 12 مىڭ 700 قىلىپ بېكىتىشكە بولىدۇ. رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىملارغا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ھاسىل قىلىنغان يۇقىرىقى كېلىشىمگە ئىمزا قويۇش ھوقۇقى بېرىلىدۇ، دەپ

بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇنۇلار قارار قىلىندى: ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئۆتەيدىغان كونكرېت ۋەزىپىلىرى ۋە بۇ ۋەزىپىلەرنى كونكرېت ئۈستىگە ئالىدىغان ئادەملەر مۇنۇلار: ①ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىسى: ئەخمەتجان قاسىمى؛ ②ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى: رەھىمجان سابىرھاجى؛ ③ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى: دەلىلقان سۇگۇرباييوپ؛ ④ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى: ئوسمان ئىسلام؛ ⑤ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى: ئىسھاقبېك مونونوپ؛ ⑥ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى: ئېلىخان تۆرە؛ ⑦ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپ: ئابدۇكېرىم ئابباسوپ؛ ⑧ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى: سەيپىدىن ئەزىزى.

ئىككىنچى قېتىمقى مىللىي ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى ئۈستىدىكى سۆھبەت

4-ئاينىڭ 24-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بەشىنچى قېتىم غۇلجىدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، جاڭ جىجۇڭ بىلەن داۋاملىق سۆھبەتلەشتى، ئۇلار: مىللىي ئارمىيىنى رەتكە سېلىپ ئون تۈمەن قىلىپ تەشكىللەش، تۇرۇشلۇق جايلارنى قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاڭ جىجۇڭ دەرھال رەت قىلدى. سۆھبەت يەنە قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

5-ئاينىڭ 1-كۈنى جاڭ جىجۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش كونسۇلى ساۋلىيېپ بىلەن كۆرۈشۈپ، مىللىي ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى ئۈستىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن كېلىشتۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى، ساۋلىيېپ: يەتتە تۈمەنگە قىسقارتىشقا بولىدۇ، لېكىن، ئۈرۈمچى، قەشقەردە بىردىن تۈمەن تۇرىدۇ. ئەگەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يەنە قوبۇل قىلمىسا، ئەمدى كېلىشتۈرەلمەيمەن، دېدى.

5-ئاينىڭ 3-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: ①مىللىي ئارمىيە ئۈچ پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنى ۋە تۆت ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى قىلىپ تەشكىللەنسۇن، بىر تۈەن قەشقەردە، بىر تۈەن ئۈرۈمچىدە، بىر تۈەن ئاقسۇدا تۇرغۇزۇلسۇن؛ ②قوماندانىنى غۇلجا تەرەپ كۆرسىتىدۇ ھەمدە مەزكۇر ئۆلكىدىكى ئالىي قوماندانلىق ئورگىنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ؛ ③دۆلەت ئارمىيىسى ئۈچ ۋىلايەتتە تۇرمايدۇ؛ ④سىياسىي ساقچىلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، جايلاردىكى ساقچىلار شۇ جايدىكى خەلقتىن بولىدۇ؛ ⑤دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى سانى 1944-يىلىدىن بۇرۇنقى سانغا چۈشۈرۈلسۇن.

جاڭ جىجۇڭ ساۋلىيىپىنىڭ كۆپ قېتىم كېلىشتۇرۇشى، خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا، مەلۇم دەرىجىدە يول قويۇلغان مۇنداق مۇناسىپ لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى: ①مىللىي ئارمىيە ئالتە تۈەن قىلىپ تەشكىللىنىدۇ، بۇ ئالتە تۈەننىڭ ئۈچى پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنى، ئۈچى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى قىلىنىدۇ؛ ②ئۇلار ئۈچ ۋىلايەتتىلا تۇرىدۇ؛ ③مىللىي ئارمىيە قوماندانىنى تەيىن قىلىش ھەمدە يۇقىرىدىكى ئالتە تۈەنگە قوماندانلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانىغا ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى دېگەن مەنسەپ بېرىلىدۇ.

ئۈچىنچى قېتىمقى مىللىي ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى ئۈستىدىكى سۆھبەت

5-ئاينىڭ 11-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، جاڭ جىجۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان مۇناسىپ لايىھىگە ئاساسىي جەھەتتىن قوشۇلىدىغانلىقىنى، ئۇنى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە رەتلەپ يازما ھۆججەت قىلىپ چىقىقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىمزا قويۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن جاڭ جىجۇڭ قوشۇمچە ھۆججەت(2) توغرىسىدا بىردەك پىكىرگە كېلىپ دەسلەپكى كۆپىيىنى يېزىپ چىقتى.

5-ئاينىڭ 25-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، 24-كۈنى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى، 287-نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرىگە «تىنچلىق بىتىمى» قوشۇمچە ھۆججىتى (2) گە ئىمزا قويۇش ھوقۇقىنى بەردى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى 6-ئاينىڭ 4-كۈنى ئالتىنچى قېتىم غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى.

6-ئاينىڭ 5-كۈنى جاڭ جىجوڭ ليۇ زېرۇڭغا تۈزۈپ چىقىلغان ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارغا ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بۇ ھەقتە ليۇ زېرۇڭغا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك پىكىر بەردى: ①جاڭ جىجوڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 25 نەپەر ئەزاسىنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك. ②مۇھەممەتئىمىنىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇشىغا قارشى تۇرىمىز. ③غۇلجا تەرەپ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاڭ جىجوڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى بولسا بولىدىغانلىقىنى، مۇھەممەتئىمىنىنىڭ ئورنىغا بۇرھان شەھىدىنى قويۇشقا، ئەخمەتجان قاسىمىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ تەيىنلەشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

6-ئاينىڭ 6-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى جاڭ جىجوڭ بىلەن «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ قوشۇمچە ھۆججىتى (2) گە رەسمىي ئىمزا قويدى ھەممە ھۆكۈمەت مۇھاپىزەت باشقارمىسىنى ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇش (يەنى ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن سىياسىي ساقچىلار دەپ ئاتالغان) مەسىلىسى؛ پۈتۈن ئۆلكىدىكى ساقچىلارنى يەرلىك خەلقتىن تولۇقلاپ قويۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەممە سۆھبەت خاتىرىسى شەكىللەندۈرۈپ ئەنگە ئالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا

ئېلىپ بېرىلغان تىنچلىق سۆھبىتى پۈتۈنلەي ئاياغلاشتى.

ئىككى تەرەپ ئىمزا قويغان قوشۇمچە ھۆججەت(2) تۆۋەندىكىچە:

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن شىنجاڭدىكى ۋەقە يۈز بەرگەن قىسمەن جايلاردىكى خەلق ۋەكىللىرى بۇ يىل 1-ئاينىڭ 2-كۈنى ئىمزالىغان «قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش بىتىمى» نىڭ 10-ماددىسىدىكى ۋەقە يۈز بەرگەن رايونلاردىكى ۋەقەگە قاتناشقان قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى توغرىسىدا ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ تۆۋەندىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىنى چىقىرىشقا قوشۇلدى:

(1) ۋەقەگە قاتناشقان مىللىي قىسىملار دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈلۈشى بويىچە ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى، ئۈچ پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنى قىلىپ تەشكىللىنىدۇ. ئومۇمىي ئادەم سانى 11 مىڭدىن 12 مىڭغىچە بولىدۇ.

بۇ ئالتە تۈەننىڭ ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى بىلەن بىر پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنى دۆلەت ئارمىيىسى بولىدۇ، ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنى بىلەن بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قىسمى بولىدۇ.

(2) ھۆكۈمەت ئىلى تەرەپنىڭ شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەمنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى قىسىملارنىڭ قوماندانى قىلىپ كۆرسىتىشكە رۇخسەت قىلىدۇ، ئۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالتە تۈەنگە قوماندانلىق قىلىدۇ. بۇ قوماندان غەربىي شىمال بارگاھى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن شتات بويىچە قوماندانلىق شتابىنى تەشكىللەيدۇ، بۇ قوماندان شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزوننىڭ باش قوماندانى ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش گارنىزونى باش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدۇ ھەمدە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

(3) يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالتە تۈمەن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىلا تۇرىدۇ، ھۆكۈمەت مۇشۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئىشىنى شۇ قوماندانىنىڭ قارمىقىدىكى ئالتە تۈەنگىلا تاپشۇرىدۇ.

دۆلەت چېگرىسىنى ساقلاشقا مەركەزنىڭ چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئارمىيىسى مەسئۇل بولىدۇ. بۇنىڭ چارىسى ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى چارە بويىچە بولىدۇ.

(4) بۇ قوماندان تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنىڭ ئامانلىقنى ساقلاش قوشۇنىنى رەتكە سېلىپ تەشكىللەشكە ئەۋەتىدۇ. تولۇقلاشتا بىردەك يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن تولۇقلاش چارىسى قوللىنىلىدۇ.

(5) بۇ ئالتە تۈمەنگە قىلىنىدىغان مۇئامىلە، ئۇلارنىڭ تەمىناتى ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى قورال-جابدۇقلىرىغا كەلسەك، ئۇنىڭ دۆلەت ئارمىيىسى بولغان ئۈچ تۈمەننى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ قائىدە-نىزامى ۋە ئۆلچەملىرى بويىچە مەركەز تەمىنلەيدۇ؛ ئامانلىقنى ساقلايدىغان ئۈچ تۈمەننى ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ قائىدە-نىزامى ۋە ئۆلچەملىرى بويىچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ تەمىنلىشىگە تاپشۇرىدۇ.

(6) ۋەقەگە قاتناشقان مىللىي قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئىشىنى شۇ قوماندان ھۆكۈمەت ئالدىدا جاۋابكار بولغان ھالدا ئىشلەيدۇ، بۇ قىسىملار ئالتە تۈمەن قىلىپ تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرار جايى ئايرىم-ئايرىم ھالدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون باش قوماندانلىق شتابى ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە مەلۇم قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئالتە تۈمەننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قورال-جابدۇقلىرىنىڭ نەق سانى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش گارنىزونىنىڭ قومدانىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ

خەلق ۋەكىللىرى رەھىمجان سابىرھاجى

ئوبۇلخەيرى تۆرە

ئەخمەتجان قاسىمى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى 6-ئاينىڭ 6-كۈنى، ئۈرۈمچى[1]

## 3. تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى 1945-يىل 10-ئاينىڭ 17-كۈنى باشلىنىپ، 1946-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنى ئاياغلاشتى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ سەككىز ئاي داۋاملاشتى. بۇ ئارىلىقتا كۈرەش ئىنتايىن جىددىي، مۇساپە ئىنتايىن ئەگرى-توقاي بولدى، ئىككى تەرەپ 18 قېتىم رەسمىي سۆھبەتلەشتى، نەچچە ئون قېتىم غەيرىي رەسمىي سۆھبەتلەشتى، ۋەزىيەت گاھى پەسىيىپ، گاھى جىددىيلىشىپ كەلدى، تۆت-بەش قېتىم قاتاللىشىپ قالدى. بىز يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۆھبەت جەريانىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئىككى تەرەپ سۆھبىتىنىڭ چىگىش نۇقتىسى ھاكىمىيەت مەسىلىسى ۋە ئارمىيە مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولدى، ئارمىيە مەسىلىسىدىكى سۆھبەت ئىنتايىن ئۇزۇن، ئىنتايىن مۇشكۈل، ئىنتايىن كەسكىن بولدى. ھاكىمىيەت مەسىلىسىدە، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەيدانى ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىدا چىڭ تۇتۇپ، گومىنداڭنىڭ قول تىقىشىغا يول قويماسلىق؛ ئۆز كۈچىنى ئاشۇرۇپ يەتتە ۋىلايەتكە، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىچىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپرەك ئورۇن، كۆپرەك ئەمەلىي ھوقۇق ئىگىلەپ، سىياسىي جەھەتتە گومىنداڭ بىلەن قارشىلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت بولدى. گومىنداڭنىڭ مەيدانى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنى ئاجىزلىتىش، پارچىلاش ۋە ئەمەلدىن

---

[1] «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 222 — 223-بەتلەر. تىنچلىق بىتىمىنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتى (2) دە يەنە شىنجاڭ ئىلى ئوبلاستلىق ئارخىپخانىدا ساقلانغان ئەسلىدىكى ھۆججەتكە ئاساسەن، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئايرىم تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلدى.

قالدۇرۇش؛ ئۈچ ۋىلايەت كۈچلىرىنىڭ يەتتە ۋىلايەتكە سىڭىپ كىرىشىنى چەكلەپ، يەتتە ۋىلايەتكە بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتىش؛ بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە مۇتلەق ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت بولدى. ھەربىي قوشۇن مەسىلىسىدە، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەيدانى ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرىنىڭ مىللىي خىسلىتىنى ساقلاپ قېلىش، مۇستەقىل قوماندانلىق سىستېمىسىغا ئىگە بولۇش، بىر قەدەر كۆپ سانغا ئىگە شتاتنى ۋە گومىنداڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىگە ئوخشاش تەمىناتنى قولغا كەلتۈرۈش، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە كىرىشىنى رەت قىلىش ھەمدە ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى تىرىشىپ يەتتە ۋىلايەتكىچە كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بولدى. گومىنداڭنىڭ مەيدانى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەربىي كۈچىنى تارقىتىۋېتىش، ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىش، كىچىكلىتىش ئىدى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىنى تارقىتىۋېتىشنى قەتئىي رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئازغىنە مۇنتىزىم ئارمىيە شتاتى بېرىش؛ مىللىي ئارمىيىنىڭ پەقەت ئۈچ ۋىلايەتتىلا تۇرۇشىغا يول قويۇش، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ يەتتە ۋىلايەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى چەكلەش ھەمدە ئۇلارنى ئۆلكىلىك گارنىزون باش قوماندانلىق شتابى بىلەن ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. پۈتكۈل تىنچلىق سۆھبىتىدىكى كۈرەش يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى مەسىلىنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ قايتا-قايتا مەسلىھەتلىشىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قايتا - قايتا كېلىشتۈرۈشى ئارقىلىق ئىككىلا تەرەپ يول قويدى ۋە مۇرەسسە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئارىلىق تەدرىجىي كىچىكلىدى، ئاخىرىدا «تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالاندى.

«تىنچلىق بىتىمى» نىڭ ئىمزالىنىشى خەلقئارادىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى پايدىلىق ۋەزىيەتتە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ دائىرىلىرىگە قارشى بىرلىكتە ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا ئىككى تەرەپنىڭ يول قويغانلىقى، مۇرەسسە قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. گەرچە مۇنداق مۇرەسسە قىلىش

چەكلىك، ۋاقىتلىق ۋە تۇراقسىز بولسىمۇ، گومىنداڭ ئۇمۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىماقچى بولغان ئەھۋالدا مەملىكىتىمىزنىڭ قىسمەن جايلىرىدا تىنچلىق ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇرەسسە قىلىش، يول قويۇشنىڭ ئارقىسىدا يەنە جىددىي، مۇرەككەپ كۈرەش ساقلىنىۋاتقان بولسىمۇ، شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، «تىنچلىق بىتىمى»نىڭ ئىمزالىنىشى شىنجاڭ رايونى ئۈچۈن قىسقىغىنە تىنچلىق ۋەزىيىتى يارىتىپ بەردى، بۇ يەردىكى بەزى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پەسەيتتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن بەزى دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ بەردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىگە بولىدىغان زىياننى ئازايتتى ھەمدە ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتىدە نېمە ئۈچۈن كېلىشىم ھاسىل قىلىندى ۋە ئۇنىڭدا ۋاقىتلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىلدى؟

بىرىنچى، بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، جياڭ جيېشى ئامېرىكىنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ئۇمۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشقا ئالدىراپ كەتتى. گومىنداڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا تەھدىت سالىدىغان چوڭ دۈشمەن ۋە ئەڭ ئاساسلىق كۈرەش نىشانى دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرىۋېتىپ خۇشال بولماقچى بولدى ۋە ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى كوممۇنىستىك پارتىيىنى يوقىتىش خام خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى. جياڭ جيېشى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتىنى ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشنىڭ تۈتەك پەردىسى قىلدى، كوممۇنىستىك پارتىيە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، ئىنتايىن زور دەرىجىدە يول قويغان بولسىمۇ، جياڭ جيېشى يەنىلا ماقۇل بولمىدى. گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى 1946-يىل 6-ئايدا ئۈزۈل-كېسىل بەربات بولۇپ ئاخىرلاشتى. جياڭ جيېشى

كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىماقچى بولغانىكەن، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى، بولۇپمۇ ھەربىي كۈچ ئاجرىتىشىغا، بارلىق كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇشىغا توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئۇ شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى قىسمەن رايونلاردا چەكلىك يول قويۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، زىددىيەتنى پەسەيتىپ، ۋاقىتلىق تىنچ ۋەزىيەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى جەڭ قىلىش ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭدەك ئەڭ يىراق غەربىي شىمال رايونىدا يۈز بەرگەنلىكى، ئۇ يەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئارىلىقى تولىمۇ يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ئېغىر ئەنسىزلىك پەيدا قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىغا بىۋاسىتە ئېغىر تەھدىت سالالمايتتى، جياڭ جيېشىنىڭ قارىشىچە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي ھەرىكىتى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا تەرەققىي قىلىپ كەتمىسىلا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ساقلاپ قېلىنىسىلا، پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ئىچكى ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، يەنە كۈچ ئاجرىتىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرسىمۇ كېچىكىپ قالمايتتى.

ئىككىنچى، تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتناشقان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى، مەسىلىنى ئۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلمايتتى. جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭنىڭ ئىچىدىكى بىرقەدەر تەرەققىيپەرۋەر زات بولۇپ، مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلدى ھەم ھەربىي باستۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا قارشى تۇردى. شۇڭا، جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىچىدىكى ھەربىي باستۇرۇشتا چىڭ

تۇرغان ئۇرۇشقاقلارغا نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى ھەمدە نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ئىچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، خەلققە قارشى جاھىللارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. لېكىن جاڭ جىجۇڭ ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىدىن ۋاز كەچمىدى. ئۇ ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئىككىنچى كۈنىلا جياڭ جيېشىغا تېلېگراممىا يوللاپ: «ھازىر بۇ يەردىكى ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي، غۇلجا قىسىملىرى ئالغا ئىلگىرىلەشنى توختاتمىسا، ئۇرۇمچىنى ھەقىقىي تۈردە ساقلاپ قېلىشقا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ» دېدى. ① بۇنىڭدىن جاڭ جىجۇڭنىڭ غەربىي باستۇرۇشنىڭ قىلچە ئىستىقبالى يوقلۇقىنى، پەقەت تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا يولنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ كۆپ قېتىم «تۈپ ئاساسنىڭ تۈپ ئاساسى جۇڭگونى سۆيۈش، جۇڭگونى ھىمايە قىلىش، شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ زېمىنى بولۇشىنى ھىمايە قىلىش مۇستەقىللىققا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش» دېدى. ئۇ يەنە «ھەممىمىز بىر ئىش، يەنى شىنجاڭدىن ئىبارەت مۇشۇ زېمىننى قوغداپ قېلىش مەقسەت قىلىنىدۇ»② دېدى. دېمەك ئۇنىڭ قارىشىچە، باشقا جەھەتتە يول قويغىلى بولىدۇ، لېكىن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە دۆلەت زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش جەھەتتە ھەرگىز يول قويغىلى بولمايتتى. دەرۋەقە، جاڭ جىجۇڭنىڭ تىنچلىق ۋە بىرلىكتە چىڭ تۇرۇشى ۋە بەزى جەھەتلەردە يول قويۇشى سۇبيېكتىپ جەھەتتە جياڭ جيېشى، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتە تارىخنىڭ تەرەققىيات يۆزىلىنىشىگە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ئىدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە پايدىلىق ئىدى. جاڭ جىجۇڭ سۆھبەت داۋامىدا توغرا ھالدا، يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ تارىخى

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر جولاڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 147-بەت.

② «غەربىي زېمىندىكى سىبىرىق قەۋم» گۈيجۇ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىل 4-ئاي خەنزۇچە 1-نەشرىنىڭ 2-3-بەتلىرىگە قارالسۇن.

مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش تارىخى، دەپ كۆرسىتىپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ مىللىي زۇلۇم سىياسىتىگە رەددىيە بەردى، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئورتاق سىياسىي ئاساسقا ئىگە بولدى. ئۇ توغرا ھالدا ئىچكى جەھەتتە تىنچ ئۆتۈش ۋە تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىياسەتنى شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى بارلىق تەدبىرنىڭ ئاساسى قىلىشنى بەلگىلىدى ھەمدە بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنى ۋاستىچى قىلىپ شىنجاڭ مەسىلىسىنى كېلىشتۈرۈش ۋە تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ قائىدىسىنى، شۇنىڭدەك «شىنجاڭغا بىرىپ قارشى تەرەپ بىلەن سۆھبەتلىشىشنىڭ ئالدىن بېكىتىلگەن قىسقىچە تاكتىكىسى»① نى تۈزۈپ چىقتى. جاڭ جىجۇڭ «ئالدىن بېكىتىلگەن قىسقىچە تاكتىكا» دا سىياسىي، ھەربىي ئىشلار ۋە ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى سۆھبەت ئاۋامىدا ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن بولغان تەلەپلەرنى شۇنىڭدەك ئۆزى قوللىنىدىغان تەدبىرلەرنى ئالدىن بېكىتتى. ئۇ بۇ «ئالدىن بېكىتىلگەن قىسقىچە تاكتىكا» نى جياڭ جيېشىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللىدى ۋە بۇ ئارقىلىق سۆھبەتنى ئالدىن بېكىتىلگەن دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بارماقچى بولدى؛ ئۇ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىككە پايدىسىز بولغان بارلىق تەلەپلەرنى رەت قىلدى؛ ئۇ ھېرىش-چارچاشقا قارىماي، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىقنى تۈگىتىش، سۆھبەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىمۇ ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانىدا ساقلانغان ئارمىيە 5.1.1 تومدىكى ئەسلىدىكى نۇسخىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

مىللەت خەلقىنىڭ تىنچ ئۆتۈش، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە بىرلىككە كېلىشتىن ئىبارەت ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۆزىنىڭ سۆھبەتكە بولغان سەممىي نىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا تۇرۇۋاتقان مىللىي ئارمىيىگە شۇ جايدا تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈش، ۋاقتىنچە يېڭى ھۇجۇم قوزغىماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە جەنۇبىي سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان قىسىملارنى چېكىندۈردى. 1945-يىل 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق شتابى ئاقسۇغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر پارتىزانلار ئەترىتىگە تېلېگىرامما ئارقىلىق: «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى، ئاتلىق ئەسكەرلەر پارتىزانلار ئەترىتى ئۇرۇشنى دەرھال توختىتىپ، ئارقىغا ئون كىلومېتىر چېكىنىپ بۇيرۇق كۈتۈشى كېرەك» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

تىنچلىق سۆھبىتى مەزگىلىدە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تىنچلىق سۆھبىتى ۋەكىللىرى ئىچىدە ئەخمەتجان قاسىمى ئەمەلىيەتتە باش ۋەكىللىك رولىنى ئوينىدى (ئەخمەتجان قاسىمى 1914-يىل 4-ئاينىڭ 14-كۈنى شىنجاڭ غۇلجا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، بالىلىق دەۋرىدە تاغىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، قازان ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە موسكۋا شەرق سوتسىيالىزمچى ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، بۇ مەزگىلدە، ئۇ ماركسىزم-لېنىنىزم تەربىيىسىگە ئىگە بولغان، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى زاۋۇت، كولخوزلارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە پراكتىكا قىلغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنىڭغا غايەت زور تەربىيە ۋە ئىلھام بەرگەن. ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆگىنىشى ۋە تۇرمۇشى ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئىنقىلاب يولىغا مېڭىشىغا پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس سېلىپ بەرگەن.

ئەخمەتجان قاسىمى 1941-يىل 8-ئايدا موسكۋادىكى شەرق سوتسىيالىزمچى

ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش قىزغىنلىقى بىلەن تارباغاتايدىكى باقتۇ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرا ئىچىگە كىرىپ، ئايرىلغىنىغا كۆپ يىل بولغان ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا شىڭ شىسەينىڭ سىياسىي جەھەتتە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەخمەتجان قاسىمدەك سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ ئىشپىيونلۇق ئاپپاراتلىرىنىڭ نازارەت قىلىش، كۆزىتىش ئوبيېكتى بولۇپ قېلىشى ناھايىتى تەبىئىي ئىش ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ نەزەربەند قىلىنىپ، ئۇرۇمچىدە قامالغان. 1944-يىل 10-ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى قويۇۋېتىلگەن. ئۇ غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي غۇلجا قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ گېزىت تەھرىرلىكى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپلىقى، ھەربىي ئىشلار نازارىتى ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1945-يىل 10-ئاينىڭ 2-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىكىگە تەيىنلىنىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىلى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بارغان) . ئۇ تىنچ يول بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنىنى ياخشىلاشنى، مىللىي ئاپتونومىيە ۋە مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچىنىڭ بارىچە تەشەببۇس قىلغان. ئۇ 1945-يىل 10-ئاينىڭ 17-كۈنى جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە ئېنىق ھالدا: ھازىر دۇنيا تىنچلاندى، بىز ھەرقانداق بۇلۇڭ-پۇچقاقتا قان ئېقىشىنى، پۈتكۈل تىنچلىق ۋەزىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشىنى ھەرگىز خالىمايمىز، دېدى. ئۇ 1946-يىل 5-ئاينىڭ 25-كۈنى «ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى يىغىنىدا بەرگەن تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدىكى دوكلات» تا ئەينى ۋاقىتتا نېمە ئۈچۈن گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلغانلىقىنى ئەسلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى جياڭ جيېشى ئەپەندى چېگرا رايون ۋە چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قىلغان سۆزىدە چېگرا رايوندىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە تولۇق

ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىلىدۇ، دەپ ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، خەلقىمىز قان ئاقىدىغان كۆرەشنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرمەيمۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكى مەۋجۇت ئىكەن دەپ قارىدى، ئەلۋەتتە. ھازىرقى پۈتكۈل ۋەزىيەتتىن ئويلاشقاندا، مەسىلىنى تىنچلىق سۆھبىتى ئاساسىدا ھەل قىلىش كېرەك.»① مۇشۇنداق يېتەكچى ئىدىيىگە ئاساسەن، ئەخمەتجان قاسىمى تىنچلىق سۆھبىتى جەريانىدا ھەم ھەققانىي مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، پرىنسىپتا يول قويمىدى، ھەم ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئېتىبار بېرىپ، ئۇششاق-چۈششەك مەسىلىلەر ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىپ يۈرمىدى، تىنچلىق كېلىشىمى ھاسىل قىلىش يولىدا ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا سۆھبەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە، ئىچكى قىسىمدىن كەلگەن كاشىلا ۋە قارشىلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، ئاخىرىدا تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى قولغا كەلتۈردى.

قىسقىسى، جاڭ جىجۇڭ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ سۆھبەت دائىرىلىرى جياڭ جيېشى ئۆزىگە بەرگەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى پۈتۈن ھوقۇق بىلەن ھەل قىلىش ھوقۇقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پۈتكۈل سۆھبەت جەريانىدا تىنچ ئۆتۈش، بىرلىككە كېلىش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش قاتارلىق تەشەببۇسلاردا چىڭ تۇردى؛ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ۋە كېلىشتۈرۈشى بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ ئۆتۈش، دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش، بىرلىككە كېلىش ئاساسىدا ھەل قىلىشقا تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز تەرىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كاشىلا ۋە قارشىلىققا تىرىشىپ خاتىمە بېرىپ، نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، تىنچلىق سۆھبىتىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈردى.

ئۈچىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ

---

① «ئازاد شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» 1946-يىل 6-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى سانىنىڭ 1-بېتىدە بېسىلغان.

مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ۋە كېلىشتۈرۈشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا پارتلىغان ۋە تەرەققىي قىلغان. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ياكى ئۇرۇش قىلىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھالقىلىق رول ئوينىدى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تىنچلىق سۆھبىتى، تەييارلىق قىلىشتىن تارتىپ رەسمىي سۆھبەتلىشىشكىچە بولغان پۈتكۈل جەريانىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىنى ۋاستىچى قىلىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى تۈپەيلىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە بەكرەك ئارىلىشىشى بىئەپ ئىدى ۋە ئۇنداق قىلىشقا بولمايتتى. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى «جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى»نى ئىمزالىغان چاغدا شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا توختىلىپ، بىزنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش نىيىتىمىز يوق، دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەڭشىمەي، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنى كېڭەيتىشنى داۋاملىق قوللاۋەرسە، خەلقئارادا ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى يوقىتىپ قوياتتى ھەم ئامېرىكىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئۆزىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان زىددىيىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ قوياتتى، سىياسىي جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە تەۋەككۈلچىلىك قىلىشتىن ساقلانغىلى بولمايتتى. دەرۋەقە، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچىگە، بولۇپمۇ شىنجاڭ بىلەن چېگرىداش بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىمۇ ئويلىشىپ كۆرمەي قالمايتتى. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گومىنداڭغا قاتتىق زەربە بەرگەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھاكىمىيىتى پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتنى كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى

مەلۇم دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش ۋە شىنجاڭدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق ئۆتۈش سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىرقەدەر پايدىلىق ئىدى. دېمەك، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ شىنجاڭ رايونىنىڭ تىنچ بولۇشىنى، بىرلىككە كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، ئۇرۇش بولۇش ۋە پارچىلىنىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلمايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇنداق پوزىتسىيىسى تىنچلىق، دېموكراتىيە ۋە بىرلىكنى تەلەپ قىلىدىغان ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر ئۈچۈن بىر خىل غايەت زور مەدەت بولدى؛ تىنچلىق سۆھبىتىگە قارشى تۇرغان، مۇستەقىل بولۇش، بۆلگۈنچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرغان، «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى خالىمىغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر، پانتۈركىزمچىلار، پانئىسلامىزمچىلارغا نىسبەتەن قاقشاتقۇچ زەربە بولدى. ئۇلار تىنچلىق سۆھبىتىگە كاشىلا سالغان، بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. پۈتكۈل تىنچلىق سۆھبىتى داۋامىدا سۆھبەتكە قاتناشقان ئىككى تەرەپ تالاش-تارتىش قىلىپ بىرلىككە كېلەلمىگەن مەسىلىلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئاكتىپ كېلىشتۈرۈش خىزمىتى ئىشلىدى. 1945-يىل 9-ئايدىن 1946-يىل 6-ئايغىچە، ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ۋەكىللىرى بىلەن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ۋەكىللىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى بىلەن 19 قېتىم ئالاقىلىشىپ، تالاش-تارتىشنى كېلىشتۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ كېلىشتۈرگەن مەسىلىلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ۋاستىچىسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش مەسىلىسى؛ ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىش ۋاقتى ۋە يولى مەسىلىسى؛ ئىككى تەرەپ سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش مەسىلىسى، جاڭ جىجوڭ ئوتتۇرىغا قويغان

«مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ۋەقەنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھىسى» توغرىسىدىكى تالاش-تارتىش مەسىلىسى؛ مىللىي ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى؛ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرىنى ۋە ئۆلكە رەئىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش چارىسى قاتارلىقلار. بولۇپمۇ كېيىنكى ئىككى مەسىلىدە ئىككى تەرەپنىڭ تالاش-تارتىشى جىددىي بولدى، ھەتتا تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يەتتى. دەل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېلىشتۈرۈشى شۇنىڭدەك باشقا ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن، تىنچلىق سۆھبىتىدىكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەسىلىلەردە تەدرىجىي ھالدا ئىككى تەرەپنىڭ پىكرى بىرلىككە كەلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، تىنچلىق سۆھبىتى ئاياغلىشىش، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش ھارپىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى مۇستەقىللىق، بۆلگۈنچىلىكتە چىڭ تۇرغان پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلارنى مەخپىي ھەم مەجبۇرىي ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كەتتى ھەمدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرىدىغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەشەببۇسىنى ھىمايە قىلىدىغان تەرەققىيپەرۋەر زات ئەخمەتجان قاسىمىنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا قويدى. بۇ زور ئۆزگىرىشنىڭ ئىچكى سەۋەبى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ تىنچلىق سۆھبىتى مەزگىلىدە قايتا-قايتا كۈرەش قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە ئىدى. سەيپىدىن ئەزىزى «پارلاق ئەتە ئۈچۈن» دېگەن ماقالىسىدە: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش يولىدىكى قوراللىق كۈرىشى، لېكىن ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياخشى-يامانلار ئارىلىشىپ كەتتى، بەزى ئەكسىيەتچىلەر، فېئوداللار، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر بىر قىسىم رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئېلىۋېلىپ، ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنى قوترىتىپ، ئىنقىلابنى

نابۇت قىلغىلى تاس قالدى»① دەپ كۆرسەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ بۇ ئەھۋالى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا كۈرەش مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ تولىمۇ تەبىئىي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ كۈرەش تىنچلىق سۆھبىتىدىن بۇرۇنلا باشلانغان ھەمدە ئۇ تىنچلىق سۆھبىتى جەريانىنىڭ باش-ئاخىرىغا سىڭگەن. بۇ يەردە ئېلىخان تۆرىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتۇق. ئېلىخان تۆرە (1885 — 1976-يىل) روسىيىنىڭ توقماق دېگەن يېرىدىكى بىر دىندار ئائىلىدە تۇغۇلغان، مىللىتى ئۆزبېك. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق جايلاردا دىن ۋە تېبابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن. 1929-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭنىڭ غۇلجا ناھىيىسىگە كېلىپ ماكانلىشىپ دىن تارقىتىش ۋە دوختۇرلۇقنى ئۆز كەسپى قىلغان. 1937-يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1941-يىلى تۈرمىدىن چىقىپ، غۇلجىدىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت — بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ رەئىسى، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئېلىخان تۆرە ئۆزىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرغان، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى جۇڭگونىڭ سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قىلىپ قۇرۇشتا چىڭ تۇرغان، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغان. ئۆزىنىڭ يۇقىرى رەھبەرلىك ئورنىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن، تىنچلىق سۆھبىتى باشلىنىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە نۇرغۇن سىياسىي ئويۇن ئوينىغان. 1945-يىل 10-ئاينىڭ 17-كۈنى رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمىلارنىڭ جاڭ جىجۇڭ

① سەيپىدىن ئەزىزى: «پارلاق ئەتە ئۈچۈن»، 1984-يىل 8-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»نىڭ 5-بېتىدىن ئېلىندى.

بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ باشلىنىشى ئېلىخان تۆرىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىنى پارچىلاش سىياسىي تەشەببۇسىنىڭ بەربات بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى. لېكىن سىياسىي قارا نىيىتى بار بارلىق ئۇنسۇرلارنىڭ ھوقۇق تۇتۇش نەپسى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ، سىياسىي تارىخ سەھنىسىدىن ھەرگىز ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئېلىخان تۆرە 10-ئاينىڭ 14-كۈنى، يەنى جاڭ جىجۇڭ چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈنى، جىددىي تاقابىل تۇرۇش ۋاستىسى سۈپىتىدە، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھەيئىتى يىغىنى ئېچىپ، ئىسھاقبېك مونونوپنى جۇڭجياڭلىقتا ئۈستۈردى. شۈبھىسىزكى، بۇ ھەرىكەت ئېلىخان تۆرە ئۆزىنىڭ نوپۇزى تېخى بارلىقىنى نامايان قىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل ئىدى. 10-ئاينىڭ 22-كۈنى ئېلىخان تۆرە يەنە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتنىشىۋاتقان ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن كۈننى تاللاپ، ئالدىراپ-تېنەپ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھەيئىتى يىغىنى ئېچىپ، 114-نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، ئېلىخان تۆرىگە يۈەنشۈەي (مارشال) دېگەن ھەربىي ئۇنۋان بېرىشنى؛ ئېلىخان تۆرە رەئىسلىكىدىكى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇ يەنە بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ئاندىن يولغا قويۇشقا بولىدۇ، دەپ قارار چىقاردى. شۇ يىلى 11-ئاينىڭ 4-كۈنى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، ئۆزىنىڭ تولۇپ تاشقان جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى ھەمدە قويۇق ئىلغار تۈس ئالدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىغا ئۇيۇشقان بۇ يېڭى ھاياتىي كۈچ ئېلىخان تۆرىنىڭ ۋەتەننى پارچىلايدىغان سىياسىي ھەرىكىتى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان كۈچ بولۇپ قالدى. ئېلىخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىمۇ ئوخشاش بولغان رىتىم بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنىنى مۇستەھكەملەپ ماڭدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ بىر ئايدىن كېيىن، 12-ئاينىڭ 15-كۈنى، ئېلىخان تۆرە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ

نامىنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» دەپ ئۆزگەرتكەنلىكىنى جاكارلاپ، جۇڭگونىڭ زېمىنى پارچىلاندى دېگەن پاكىتنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشقا ئۇرۇندى. لېكىن، ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلارنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى. كېيىنى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ۋەكىللىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار 12-ئاينىڭ 25-كۈنى ئۈچىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 12-ئاينىڭ 26-كۈنى «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسىنى پرىنسىپ جەھەتتىن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭ بىلەن «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» دېن ئىبارەت دەۋرنىڭ بۇ غەلىتە تۆرىلمىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى قانۇنىي ئاساستىن مەھرۇم قالدى.

گەرچە ئېلىخان تۆرە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ يۆتكىلىشىگە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى دېموكراتىيە، مىللىي باراۋەرلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگە ھەمدە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش سىياسىي يۈزلىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا قايتا-قايتا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاببا سوپ قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭ قەتئىي كۈرەش قىلىشى بىلەن ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلارنىڭ قەستى قايتا-قايتا مەغلۇپ بولدى، ئەخمەتجان قاسىمى ۋەكىللىكىدىكى ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار كۈچلەر ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھوقۇق مەركىزىگە كىردى، بولۇپمۇ 1946-يىل 6-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئىسىملىكى توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەندە، جاڭ جىجۇڭ غۇلجا تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇشى كېرەك، دېگەن پىكىرگە قوشۇلدى، ئىككى تەرەپ بۇ چوڭ مەسىلىدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى. بۇ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ جامائەت ئېتىراپ قىلىدىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى بولۇپ قالغانلىقىدىن دېرەك بەردى. تىنچلىق

سۆھبىتى مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىنقىلاب رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ بۇ توغرا يۆتكىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقى ھەم تىنچلىق سۆھبىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا پايدىلىق بولدى، ھەم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى خاتالىقنى تۈزىتىپ، داۋاملىق ئالغا بېسىشىدىكى ئەڭ زور كاشىلا ۋە توسالغۇغا خاتىمە بەردى.

تۆتىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى مەزگىلىدە ئېلىپ بارغان ھەربىي كۈرەشنىڭ غەلىبىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تىنچلىق سۆھبەت مەزگىلىدە گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن جىددىي سىياسىي كۈرەش ئېلىپ بارغان پەيتتە، ھەربىي كۈرەشتىن ۋاز كەچمىدى، ئۇلار بىر تەرەپتىن ماناس دەرياسىنىڭ غەربىدىكى مىللىي ئارمىيىگە ھوشيارلىقنى ساقلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، يەنە بىر تەرەپتىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈرەشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ ئارقا سېپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىش خىزمىتىگە تېخىمۇ ياخشى يار-يۆلەك بولدى.

1945-يىل 10-ئاينىڭ 22-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى ئىسھاقبېك مونونوپنى تاشقورغانغا بېرىپ، جەنۇبىي سەپتىكى جەڭ مەيدانىدىكى قوراللىق كۈرەشكە بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىشقا ئەۋەتتى.

10-ئاينىڭ ئاخىرىدا تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەسلىھەتچىلىرى ۋە ھەربىي خادىملىرى بۇيرۇققا بىنائەن ئۆز دۆلىتىگە قايتتى، باش قوماندانلىق شتابى تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى تەڭشەپ، يېڭىدىن تولۇقلانغان مىڭغا يېقىن ئادەمگە 40 نەچچە كۈن ھەربىي تەلىم-تەربىيە

ئېلىپ باردى، ھەربىي ھۇجۇمىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يەكەن ۋىلايىتىگە قارىتىشنى قارار قىلدى. 12-ئاينىڭ 12-كۈنى ۋە 16-كۈنى تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا قاغىلىق ۋە پوسكام ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. 1946-يىل 1-ئاينىڭ 2- ۋە 4-كۈنلىرى قاغىلىق ۋە پوسكام ناھىيە بازارلىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى، ئارقىدىنلا تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىدىن 500 نەچچە ئادەم يەنە يەكەن ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ناھىيە بازىرى سىرتىدىكى ئايرودروم ۋە سودا شىركىتىنى ئىگىلىدى. قەشقەردىن ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭ قىسىملىرى يەكەنگە يېتىپ كەلدى ۋە يەكەننى ساقلاپ تۇرغۇچى قىسىملار بىلەن بىرلىكتە تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىگە ئىككى تەرەپتىن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى، تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى پوسكام تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 1-ئاينىڭ 30-كۈنى گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ پوسكام ۋە قاغىلىقنى ئىگىلىدى. تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى غۇلجىغا قاراپ چېكىندى. 3-ئاينىڭ باشلىرىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىق شتابى ئىسھاقبېك مونونوپنى 400دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ 240دىن ئارتۇق پىلىموت ۋە مىلتىق، 16 زەمبىرەك بىلەن ئىلىدىن چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆتۈپ تاشقورغانغا بېرىپ پايدىسىز ۋەزىيەتتە تۇرغان تاشقورغان قوراللىق كۈرەشكە بىۋاستە تەشكىللاتچىلىق قىلىش ۋە رەھبەرلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. 4-ئايدا ئىسھاقبېك مونونوپ تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنى ئۇرۇشقا ئاتلىنىشتىن بۇرۇن سەپەرۋەر قىلىپ: ھازىر ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتىدۇ، ئەگەر بىز يەكەننى ئىگىلىۋالالىساق، سۆھبەت ئۈچۈن كۈچلۈك ياردەم بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. 5-ئاينىڭ ئاخىرىدا تاشقورغانغا بارغان ئىسھاقبېك مونونوپ يەكەننى ھۇجۇم قىلىپ ئېلىشنىڭ مۇنۇ ھەربىي پىلاننى تۈزۈپ چىقتى: (1) ئۆزى باش قوماندانلىقىدىكى «مۇزتاغ ئاتاسى» باش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، ئۇ تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىدۇ؛ (2) تاشقورغان

ئىنقىلابىي ئارمىيىسى مۇنتىزىم ئارمىيە شتاتى بويىچە تەرتىپكە سېلىنىدۇ، ئۈچ جەڭگىۋار لۇي قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدۇ. يەكەن جەڭگىۋار لۇيى كاچۇڭ قاتارلىق جايلاردا تۇرىدۇ ۋە يەكەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ؛ خوتەن جەڭگىۋار لۇيى چارەك، ماندالىق قاتارلىق جايلاردا تۇرىدۇ ۋە خوتەنگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ؛ ئويتاغ جەڭگىۋار لۇيى ئىلىشقودا تۇرىدۇ ۋە قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. (3) ئىمىن سايىتباي ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ، ئۇلۇغچات ناھىيىلىك خىزمەت ئۆمىكى تەشكىللىنىدۇ ۋە قىسىملار بىلەن بىرلىكتە ئۇلۇغچاتقا كىرگۈزۈلىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇ ھەرىكەتلىرى گومىنداڭ دائىرىلىرىگە مەلۇم بېسىم بولدى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە مەددەت بەردى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى — يۇقىرىدىكى كۆپ تەرەپلىملىك سەۋەبلەرنىڭ ئۇنۇۋېرسال تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنى ۋە مىللىي ئارمىيىنى قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى مەلۇم دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ئىگە قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتتى، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

# تۆتىنچى باب
# شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يىمىرىلىشى

## بىرىنچى پاراگراف شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۈچ ۋىلايەت خىزمەتلىرىنىڭ راۋاج تېپىشى

### 1. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى

1946-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنى تىنچلىق بىتىمى قوشۇمچە ھۆججىتى ( I ) نىڭ ئىمزالىنىشى تىنچلىق سۆھبىتى خىزمەتلىرىنىڭ ئاياغلاشقانلىقى ۋە شىنجاڭدا ۋاقىتلىق تىنچلىق ۋەزىيىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولدى، 6-ئاينىڭ 18-كۈنى نەنجىڭدىكى مىللىي ھۆكۈمەت پەرمان ئېلان قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ

قوشۇمچە ئۆتەيدىغان ۋەزىپىلىرىنىمۇ ئېلان قىلدى. سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى شۆي لىيەنشى، ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى شىې لىڭيۈن، ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە باش كاتىپى زېڭ شياۋلۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى جۇكۈنتيەن، جاڭ شۈنزې، ھاشىم، تېيىپىن جاغىنتاي، جانىمقان، يۈيدالار بىردەك ئەزالىقتىن ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇلدى. سابىق ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتى تارقىتىۋېتىلگەن بولۇپ، مۇستەقىل ھاكىمىيەت قاتارىدا ھېسابلانمايدىغانلىقى، بەلكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى سۈپىتىدە «بىۋاسىتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارمىقىدا بولىدىغانلىقى»① جاكارلاندى.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ 9-ماددىسى ۋە قوشۇمچە ھۆججەت ( I ) دىكى بەلگىلىمە بويىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزا سانى 25 قىلىپ بېكىتىلدى. تەقسىمات پرىنسىپى مۇنداق بولدى: ئۇلاردىن ئون كىشىنى (بۇلار بىر رەئىس، بىر باش كاتىپ ۋە خەلق ئىشلار نازارىتى، مالىيە نازارىتى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسى قاتارلىق نازارەتلەرنىڭ نازىرى، باشقارما باشلىقى، مائارىپ نازارىتى، قۇرۇلۇش نازارىتى، سەھىيە باشقارمىسى قاتارلىق نازارەتلەرنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ۋە ئىككى نەپەر مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئەزادىن تەركىب تاپقان) نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىۋاسىتە ئەۋەتىدىغان، ئالتە كىشىنى (ئۇلارنىڭ بىرى مۇئاۋىن رەئىس، بىرى مۇئاۋىن باش كاتىپ، قالغانلىرى باشقا نازارەت، باشقارمىلارنىڭ مەسئۇللىرى) شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت تەيىنلەيدىغان، توققۇز كىشىنى (بۇلارنىڭ بىرى مۇئاۋىن رەئىس، بىرى

① «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز»گە قاراڭ. ئۇ 1946-يىل 7-ئاينىڭ 2-كۈنىدىكى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى»گە بېسىلغان.

مۇئاۋىن باش كاتىپ، قالغانلىرى باشقا نازارەت، باشقارمىلارنىڭ مەسئۇللىرى) گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقىدىكى يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان بولدى. ھۆكۈمەت تەشكىللەش داۋامىدا، تۈرلۈك سەۋەبلەر كۆرۈلگەنلىكتىن، ھۆكۈمەتنى ئاخىرىدا ئەمەلىي قۇرۇش ۋاقتىدا ئازراق ئۆزگىرىش بولدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە مەركىزىي ھۆكۈمەت يەتتىلا ئادەمنى ئەۋەتتى، دېمەك ئەسلى پىلاندىكىدىن ئۈچ ئادەمنى كەم ئەۋەتتى. ئۈچ ۋىلايەتتىن كىرگۈزۈلىدىغانلارنىڭ سانى سەككىزگە يەتكۈزۈلۈپ ئەسلى پىلاندىكىدىن ئىككى ئادەم كۆپەيتىلدى؛ يەتتە ۋىلايەتتىن كىرگۈزۈلىدىغانلارنىڭ سانى ئونغا يەتكۈزۈلۈپ ئەسلى پىلاندىكىدىن بىر ئادەم كۆپەيتىلدى. ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە قىسقىچە ئەھۋالى مۇنداق بولدى:

(1) ئەزا، قوشۇمچە رەئىس: جاڭ جىجوڭ، خەنزۇ، ئەنخۇي ئۆلكىسى چاۋشيەن ناھىيىسىدىن، غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ مۇدىرى،[1] مەركەز بىۋاستە ئەۋەتكەن.

(2) ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس: ئەخمەتجان قاسىمى، ئۇيغۇر، شىنجاڭ غۇلجا ناھىيىسىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ۋەكىلى، ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(3) ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس: بۇرھان شەھىدى، ئۇيغۇر، شىنجاڭ ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدىن، 1945-يىلى ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ۋىلايەت (ئۈرۈمچى ۋىلايىتى) نىڭ مەمۇرى تەپتىش ۋالىيسى بولغان. يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(4) ئەزا، قوشۇمچە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى: ۋاڭ زىچىن، خۇيزۇ، سەندۇڭ ئۆلكىسىدىن، مىللىي ھۆكۈمەت قانۇن

---

① 1946-يىل 7-ئاينىڭ 17-كۈنى مىللىي ھۆكۈمەت ئالىي دۆلەت مۇداپىئەسى كومىتېتى يىغىنىدا جايلاردىكى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ۋېيۈەنجاڭىنىڭ بارگاھىنى مىللىي ھۆكۈمەت رەئىسىنىڭ بارگاھى دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتاش قارار قىلىنغان.

تورغوزۇش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركەز ئەۋەتكەن.

(5) ئەزا، قوشۇمچە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى: رەھىمجان سابىرھاجى، ئۇيغۇر، شىنجاڭ غۇلجا ناھىيىسىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ۋەكىلى، ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(6) ئەزا، قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: لۇ يۇۋېن، خەنزۇ، خېبېي ئۆلكىسىدىن، سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، مەركەز ئەۋەتكەن.

(7) ئەزا، قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى: ما تىڭشياڭ، خۇيزۇ، شىنجاڭ پىچان ناھىيىسىدىن، سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(8) ئەزا، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى: سەيپىدىن ئەزىزى، ئۇيغۇر، شىنجاڭ ئاتۇش ناھىيىسىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(9) ئەزا، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى: سەي زۇڭشيەن، خەنزۇ، شىنجاڭ شىخو ناھىيىسىدىن، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ مۇدىرى، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(10) ئەزا، قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى: مۇھەممەتئىمىن، ئۇيغۇر، شىنجاڭ خوتەن ناھىيىسىدىن، گومىنداڭ مەركىزىي رىۋىزىيە كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(11) ئەزا، قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى: گۇ چيەنجى، خەنزۇ، جياڭسۇ ئۆلكىسى ۋۇشى ناھىيىسىدىن، شىنجاڭ قان زەردابى زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، مەركەز ئەۋەتكەن.

(12) ئەزا، قوشۇمچە باش كاتىپ: ليۇ مىڭچۈن، خەنزۇ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن، غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ باش كاتىپى، مەركەز ئەۋەتكەن.

(13) ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپ: ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ئۇيغۇر، شىنجاڭ ئاتۇش ناھىيىسىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەشۋىقات

بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(14) ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپ: سالىس، قازاق، شىنجاڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن، ئۆلكىلىك قازاق-قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(15) ئەزا، قوشۇمچە ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى: جاۋ جيەنفېڭ، خەنزۇ، خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسى خۇلەن ناھىيىسىدىن، شىنجاڭغا كەلگىنىگە ئۇزاق بولغان، 5-ۋىلايەت (تارباغاتاي) نىڭ مەمۇرىي باشلىقى بولغان، سابىق ئۆلكىلىك جارچى-سىلاۋچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(16) ئەزا، قوشۇمچە ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى: ئېردەنى، موڭغۇل، شىنجاڭ خېجىڭ ناھىيىسىدىن، قورۇلۇش نازارىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن نازىرى بولغان، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(17) ئەزا، قوشۇمچە سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى: دەلىلقان سۇگۇربايوپ، قازاق، شىنجاڭ ئالتاي ناھىيىسىدىن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ شاۋجياڭ دەرىجىلىك مۇئاۋىن باش قوماندانى قوشۇمچە شىمالىي سەپ قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانى، ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(18) ئەزا، قوشۇمچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى: چۇي ۋۇ، خەنزۇ، شەنشى ئۆلكىسىدىن، سابىق شەنشى ئۆلكىلىك قورۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، مەركەز ئەۋەتكەن.

(19) ئەزا: گۇمن زىلياڭ، خەنزۇ، خۇبېي ئۆلكىسىدىن، مەركەز ئەۋەتكەن (ۋەزىپىگە ئولتۇرمىغان).

(20) ئەزا، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى: ئىسھاقبېك مونونوپ، قىرغىز، شىنجاڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جوڭجياڭ دەرىجىلىك باش قوماندانى، ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(21) ئەزا، قوشۇمچە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى: ئېلىخان تۆرە، ئۆزبېك، شىنجاڭ غۇلجا ناھىيىسىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ

رەئىسى، ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(22) ئەزا، قوشۇمچە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى: ئوسمان ئىسلام، قازاق، شىنجاڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(23) ئەزا: ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، ئۇيغۇر، شىنجاڭ يېڭىسار ناھىيىسىدىن، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمەت قانۇن تۈزغۇزۇش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(24) ئەزا، قوشۇمچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى: ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ئۇيغۇر، شىنجاڭ قەشقەر شەھىرىدىن، ئاتاقلىق زات، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلغان ۋە مەدەت بەرگەن. 1933-يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولغان، 1938-يىلى 3-ۋىلايەت (قەشقەر) نىڭ مۇۋەققەت مەمۇرىي باشلىقى بولغان، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

(25) ئەزا: جۇلڭ دىخۋا، شىبە، شىنجاڭ ئىلىدىن، ئۆلكىلىك جارچى-سىلاۋچىلىق كومىتېتى سىلاۋچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، يەتتە ۋىلايەت كۆرسەتكەن.

25 ئەزانىڭ 17سى ئاز سانلىق مىللەتتىن (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر سەككىز، قازاق ئۈچ، خۇيزۇ ئىككى، موڭغۇل بىر، قىرغىز بىر، ئۆزبېك بىر، شىبە بىر) بولۇپ، ئومۇمىي ئەزا سانىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن سەل كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەكىلى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە كىردى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ھەر ساھە زاتلىرىدىن شۇنچىلىغان كۆپ كىشىنىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشى شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەن ئىش. بۇ — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى.

1946-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ يېڭىدىن بولغان ئەزالىرى غەربىي بىنادا ۋەزىپە

تاپشۇرۇۋېلىش قەسەمياد مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمەت ئاتايىن ئەۋەتكەن رىۋىزىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يۈ يۇرېن شىنجاڭغا كېلىپ قەسەمياد مۇراسىمىغا نازارەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مۇراسىمغا ئۆلكە مەركىزىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، شۇنىڭدەك يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇللىرى بولۇپ جەمئىي 1000دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. يىغىندا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدىلەر قەسەم بېرىشكە رەھبەرلىك قىلدى. قەسەم تېكىستىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئۆلكىمىزنىڭ تىنچلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىمىز، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىمىز، دېموكراتىيىنى يولغا قويۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىمىز ھەمدە خىيانەتچىلىكنى ھەقىقىي تۈردە مەنئى قىلىپ، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى قەتئىي مەنئى قىلىپ، قىمارۋازلىقنى قەتئىي مەنئى قىلىپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۈچ مەسىلەك (سەنمىنجۇيى) يولغا قويۇلىدىغان يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنى تىنچلىق، ھۆرلۈك، گۈللىنىش ۋە بەخت-سائادەتتىن بەھرىمەن قىلىمىز...»[①] يۈ يۇرېنمۇ سۆزگە چىقتى، ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: «يېڭى ھۆكۈمەتتە دېموكراتىيە، باراۋەرلىك، مىللىي ئىناقلىق روھى تولۇق ئىپادىلەندى»، «ھەرقايسىڭلارنىڭ سىياسىي ئىشلارنى ئوچۇق بايان قىلىپ، تىرىشىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، مۇساپىنى قوشلاپ بېسىپ يېڭى شىنجاڭنى بالدۇر بارلىققا

① جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدا بوران-چاپقۇنلۇق 70يىل». (12)، لەنشى نەشرىيات چەكلىك شىركىتى 1982-يىلى 3-ئاي نەشرى، خەنزۇچە 6920-بەت.

كەلتۈرۈشكىلارنى ئۈمىد قىلىمەن» .①

قەسەمياد مۇراسىمىدىن كېيىن، بىنا ئالدىدىكى مەيداندا 30نەچچە مىڭ ئادەم قاتناشقان تىنچلىقنى تەبرىكلەش يىغىنى چاقىرىلدى. جاڭ جىجۇڭ يىغىندا «غۇلجا ۋەقەسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە — بىز ئورتاق تىرىشىپ مەڭگۈلۈك تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى، ئۇ ئۆز سۆزىدە ئالدى بىلەن ئۇلۇغ دوستانە قوشنىمىز سوۋېت ئىتتىپاقى «ئوتتۇرىدا كېلىشتۈرۈشكە ماقۇل بولۇپ» ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى «ياندىن ياردەم بېرىپ، بىزگە ناھايىتى كۆپ دوستانىلىك كۆرسەتتى ۋە ناھايىتى زور ياردەم بەردى» ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ۋەكىللىرى «ۋەقەنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن، ئىلى بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدا چېپىپ يۈرۈپ، ھەقىقەتەن ئىنتايىن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، نۇرغۇن تۆھپە ياراتتى» دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. ئاندىن يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ھازىر شىنجاڭدا تىنچلىق قولغا كەلدى، بىز ئۇنى ئوبدان ساقلىشىمىز، ئاسرىشىمىز، راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم؛ شىنجاڭدىكى تىنچلىقنى ئومۇميۈزلۈك تىنچلىق، مەڭگۈلۈك تىنچلىققا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.» ئومۇميۈزلۈك تىنچلىق، مەڭگۈلۈك تىنچلىقنى قانداق ساقلاش كېرەكلىكى ئۈستىدە توختالغاندا، جاڭ جىجۇڭ: «جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتەك تۆت ئىشنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. . . يۇقىرىدىكى تۆت ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يالغۇز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكىلا تايانغان بىلەن بولمايدۇ، چوقۇم پۈتۈن ئۆلكە خەلقى سەمىمىيلىك بىلەن ھىمايە

① جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدا بوران-چاپقۇنلۇق 70 يىل» (12) ، لەنشى نەشرىيات چەكلىك شىركىتى 1982-يىلى 3-ئاي نەشرى خەنزۇچە 6921-بەت.

قىلىشى ۋە بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشى كېرەك» دېدى. جاڭ جىجۇڭ ئاخىرىدا يەنە مۇنداق كۆرسەتتى: «غۇلجا ۋەقەسى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، بىز ئەمدى دەۋر بۆلگۈچ قۇرۇلۇش باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ. . . بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق، بىرلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق بىلەن تولغان يېڭى تارىخىنى يارىتىمىز! بۇ مەڭگۈلۈك تىنچلىق، بىرلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق بىلەن تولغان يېڭى تارىخ بولىدۇ! بىز ئەمدى بۇ يېڭى تارىخنىڭ بىرىنچى بابىنىڭ بىرىنچى جۈملىسىنى يېزىشقا باشلىشىمىز كېرەك!»①

جاڭ جىجۇڭ 1945-يىل 9-ئاينىڭ 13-كۈنى چۈڭچىڭدىن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، سەككىز ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت تىرىشىپ، كۆپ قېتىملاپ كېڭەشىش ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرىدا تىنچلىق كېلىشىمىنى ئىمزالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى تەشكىللەپ قۇرۇپ چىقتى. «جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش» تىن ئىبارەت تۆت ئىشنى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەڭگۈلۈك تىنچلىقىنى ساقلاش ۋە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشنىڭ فاڭجېنى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇ چاغدىن ئېيتقاندا، بۇ تەشەببۇسلار بىرقەدەر رېئال، تەرەققىيپەرۋەر تەشەببۇسلار ئىدى. ئۇنىڭ قوللانغان بۇ كونكرېت تەدبىرلىرى ئۇنىڭدىن بۇرۇن شىنجاڭغا باشلىق بولغانلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى ۋە مەنپەئىتىگە بىرقەدەر ئۇيغۇن كېلەتتى. شۇنىڭدەك، ئۇ شىنجاڭ-رايونىنىڭ قىسمەن مەنپەئىتىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مەنپەئىتى بىلەن ۋاقىتىنچە مۇرەسسەلەشتۈرگەن ۋە بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ تەدبىرلىرى

① «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى 1985-يىل نەشرى، 468 — 469 بەتلىرى.

جىياڭ جېشىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىمىغانىدى.

تەبرىكلەش يىغىنىدا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمىي نۇتۇق سۆزلەپ: «شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىمىز ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە، كۆپ مۇشكۇل تارىخىي جەرياندا، ئەزەلدىن قۇل بولۇشنى خالىمايدىغان ھاياتىدا جاپالىق كۆرەشلەرنى قىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تىرىشىپ، ھەقىقىي دېموكراتىك سىياسىي يولغا قويۇلغان شىنجاڭ، ئەركىن، باراۋەر ۋە بەخت-سائادەتلىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىشىمىز كېرەك»① دېدى.

شۇ كۈنى ئۈچ ۋىلايەتتىن كەلگەن ۋەكىللەردىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوپ، سەيپىدىن ئەزىزى، رەھىمجان سابىرھاجى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىق سەككىز كىشى بىرلىشىپ «پۈتۈن ئۆلكىدە ئازادلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە دېموكراتىك سىياسىينى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ‹تىنچلىق بىتىمى› ئىمزالانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مۇراجىئەتنامە» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنۇلارنى ئېنىق بىلدۈردى: ‹شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى› ھۆكۈمىتى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولدى، ئۈچ ۋىلايەت ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىۋاسىتە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قارايدۇ»، «خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىسى ئاسان قولغا كەلمىگەن ‹تىنچلىق بىتىمى›دا بېرىلگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىش»، «مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ئىمزالىغان ‹تىنچلىق بىتىمى›گە تامامەن رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت».②

تەبرىكلەش يىغىنىدىن كېيىن، ئامما نامايىش قىلدى، ھەر مىللەت ئامما ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى كىيىشتى ھەمدە گىرىم قىلىپ،

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1946-يىل 7-ئاينىڭ 2-كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىنغان.

② تارباغاتاي «خەلق ئاۋازى گېزىتى» 1946-يىل 8-ئاينىڭ 8-كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىنغان.

تىنچلىق پەرىشتىسى ياكى كومېدىيىلىك پېرسوناژلاردىن بولۇپ ياسىنىپ ئويۇن كۆرسەتتى، ئاممىنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن قىزغىن بولدى. شۇ كۈنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك نامايىش قىلىنىپ، تەبرىكلەش يىغىنلىرى ئېچىلدى ھەمدە ئۇلار ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

7-ئاينىڭ 5-كۈنى يەنئەندە چىقىدىغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى — «ئازادلىق گېزىتى» 1-بېتىگە «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھەرىكىتى غەلىبىگە ئېرىشتى، غۇلجا ۋەقەسى تىنچ يول بىلەن ھەل بولدى، يەرلىك ھاكىمىيەت، مىللىي ئارمىيە توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى» دېگەن ماۋزۇدا خەۋەر باستى. 7-ئاينىڭ 13-كۈنى، ئىلى ۋىلايىتى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتىمۇ سابىق ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى ئېلان قىلغان «پۈتۈن خەلققە مۇراجىئەتنامە» نى بېسىپ، خەلقنى «تىنچلىق بېتىمى» دا بەلگىلەنگەن ھوقۇقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، پات ئارىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سايلامدا خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ۋە ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىن ئايانمايدىغان، رەھبەرلىك ئىقتىدارىغا ئىگە ئىلغارلارنى سايلاپ چىقىپ، ھەقىقىي باراۋەرلىك ئاساسىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش يولىدا تىرىشىشقا چاقىردى.

گەرچە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋە كونا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغانلىقى، شۇ چاغدىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەت جەھەتتە ۋاقىتىنچە مۇرەسسەچىلىك قىلىنغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق نەتىجىسى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا، مىللىي ئىناقلىققا، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا، ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولدى. لېكىن بۇ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەقىقىي دېموكراتىك ھۆكۈمەت ئەمەس ئىدى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى سىنىپىي زىددىيەت

ۋە مىللىي زىددىيەتنى ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ تەلەپلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ھەتتا مۇئەييەن شارائىتتا، زىددىيەتلەر يەنە ئۆتكۈرلىشىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ھال ئۈلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ تىنچ بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى، كۈرەشنىڭ مۇقەررەر رەۋىشتە داۋاملىشىدىغانلىقىنى، بەزىدە ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا بېرىپ زىددىيەتنى مۇرەسسە قىلىشقا بولمىغاندا، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ يىمىرىلىپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى بەلگىلىدى.

ئۈلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي ئاپپاراتىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە خادىملىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بىر ياخشى باشلىنىش ھېسابلانسىمۇ، لېكىن تىنچلىق بىتىمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئۈچۈن ئۇنى كاپالەتلەندۈرىدىغان بىر ياخشى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى بولۇشى كېرەك ئىدى، شۇڭلاشقا ئۈلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپلا رېئاللىق ھەم ياخشىراق بىر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى تۈزۈپ چىقىشنى ئۆزىنىڭ بىرىنچى تۈرلۈك ۋەزىپىسى قىلدى.

يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى بىلەنلا شىنجاڭنىڭ كېيىنكى قۇرۇلۇش فاڭجېنىنى بېكىتىپ، قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئورتاق قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، جاڭ جىجۇڭ 1946-يىل 4-ئايدىلا، يەنى تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدىلا يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنىڭ كوپىيىسىنى تۈزۈپ چىقىشقا تۇتۇش قىلغان بولۇپ، ئۈچ ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت تىرىشىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىن كۆپ قېتىم پىكىر ئېلىپ، ئاندىن بىر لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئۈلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ لايىھىنى دەرھال ئۈلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇزاكىرىسىگە سۇندى. يىغىندا ئەزالار بۇ لايىھىنى ناھايىتى ئەستايىدىل، قىزغىن مۇزاكىرە قىلدى، ئۇدا بەش قېتىم ئەزالار يىغىنى چاقىرىپ،

تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق 7-ئاينىڭ 18-كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 2-قېتىملىق ئەزالار يىغىنىدا بىردەك ماقۇللاندى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنىڭ مەزمۇنى سىياسىي، مىللەت، دىپلوماتىيە، ئىقتىساد، مالىيە، قاتناش، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق توققۇز باب، 85ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا كۆزلىنىدىغان مەقسەتلەر تامامەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان چاغدىكى قەسەم سۆزى بويىچە يېزىلغان. جاڭ جىجۇڭ مۇنداق دېگەن: «بۇ پروگراممىنىڭ ھەممىنىڭ روھى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدىكى قەسەم سۆزىدە ئېيتىلغان پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش دېگەنلەردىن سىرتقا چىقىپ كەتمەيدۇ. بۇ تۆت جۈملە سۆزنىڭ بىرىنچى جۈملىسى بىر باش نىشان.»①

ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنىڭ توققۇز چوڭ تۈردىكى مەزمۇنى تامامەن 11ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇنىڭدا پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاكتىنى ۋە مۇھىم قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنچىكە ھەم ئېنىق بەلگىلەنگەن.

مەسىلەن:

بىرىنچى باب سىياسىي. بۇ باب جەمئىي 11ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاساسلىقى: «دېموكراتىك سىياسىي يولغا قويۇلۇپ، خەلق سىياسىي ئىشلارغا تولۇق قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىنىدۇ»، «خەلقنىڭ ئىدىيە، سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، ئولتۇراقلىشىش، كۆچۈش، جىسمانىي، مال-مۈلۈك جەھەتتە تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشى قانۇن بويىچە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ»،

① «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى 1985-يىل نەشرى خەنزۇچە 478-بەت.

«قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلۇپ، خەلقتە قانۇنغا رىئايە قىلىش ئادىتى يېتىلدۈرۈلىدۇ»، «ھەر دەرىجىلىك خەلق پىكىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورگانلار سايلاپ چىقىلىدۇ» ۋە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي كادىرلار سايلاپ چىقىلىدۇ، خەنزۇچە ۋە مىللىيچە يېزىقلار تەڭ قوللىنىلىدۇ، خىيانەتچىلىك ۋە خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ، قىمار ئويناش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلار بار.

ئىككىنچى باب مىللەت بۇ باب ئالتە ماددىغا بۆلۈنگەن، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى: «مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىساد، قانۇن، مائارىپ جەھەتلەردە بىردەك باراۋەر»، «مىللەتلەر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى، ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈشى، ئۆزئارا ياردەملىشىشى، سەمىمىي، ئىتتىپاق ئۆتۈشى لازىم.»، «مىللەتلەرنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان تىل-يېزىقى، مۇزىكىسى، تىياتىرى، سەنئىتى ۋە بارلىق مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك» ھەم «مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى»، «ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك» دىپ بەلگىلەنگەن، ۋەھاكازا.

ئۈچىنچى باب دىپلوماتىيە دېگەن باب بولۇپ بەش ماددىغا بۆلۈنگەن، ئاساسلىقى «جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇقىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش»، «جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش» دېگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

تۆتىنچى باب ئىقتىساد. بۇ باب ئەڭ ئۇزۇن، يەنى ئون ماددىغا بۆلۈنگەندى، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، «ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ ماسلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەمگەك شارائىتىنى ياخشىلاش»، «مۇددەتكە بۆلۈپ پىلان تۈزۈپ، سېمونت سانائىتى، ئېلېكتر سانائىتى، پولات-تۆمۈر سانائىتى، ماشىنىسازلىق سانائىتى قاتارلىق ئاساسىي سانائەتلەرنى بەرپا قىلىش»، «تۈرلۈك مەدەنلەرنى پائال تۈردە قېزىپ پايدىلىنىش» ۋە ئىچكى-تاشقى سودا قاتارلىق مەزمۇنلار بار.

بەشىنچى باب مالىيە. بۇ باب يەتتە ماددىغا بۆلۈنگەن، ئاساسلىقى «ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۇكسەلدۇرۇش ئارقىلىق مالىيە جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى قامداش مەقسىتىگە يېتىش»، «پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش»، «شىنجاڭ سودا بانكىسىنى ئۆلكىلىك بانكىغا ئۆزگەرتىش»، «تۈرلۈك قانۇنسىز سېلىق ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن بارلىق ئالۋان-ياساقنى قەتئىي مەنئى قىلىش» قاتارلىق مەزمۇنلار بار.

ئالتىنچى باب قاتناش. بۇ باب توققۇز ماددىغا بۆلۈنگەن، ئاساسلىقى «ئۆلكە ئىچى ۋە سىرتى بىلەن بولغان قاتناش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئۆلكىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش»، «لېيەنيۈنگاڭ-لەنجۇ تۆمۈريولىنى تېزدىن شىنجاڭغىچە ئۇزارتىپ ياساش»، ئۆلكە تەۋسىدە دۆلەت تاشيولى، ئۆلكە تاشيولى، ناھىيە تاشيولى ياساش، «ئۆلكە سىرتى بىلەن بولغان ھاۋا قاتنىشى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەم ئۆلكە ئىچىدە ھاۋا قاتنىشى لىنىيىلىرىنى ئېچىشنى پىلانلاش»، «قاتناش ئىچىدىكى خادىملىرى ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش» قاتارلىق مەزمۇنلار بار.

يەتتىنچى باب مائارىپ. بۇ باب جەمئىي 12ماددىغا بۆلۈنگەن، ئاساسلىق مەزمۇنى «دۆلەت قارىشى، مىللەت ئېڭىغا ئىگە، ئىنسانىيەت خىسلىتى جەھەتتىن ساغلام بولغان دۆلەت پۇقرالىرىنى يېتىشتۈرۈش»، «مەجبۇرىي خەلق مائارىپىنى يولغا قويۇپ، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش»، «ئۆلكىلىك ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇش»، ھەر خىل مەخسۇس پەن ئوقۇتۇش ئىچىدىكى ئوقۇتقۇچىلىرى ياكى كەسپىي مەكتەپلەرنى قۇرۇش، «دارىلمۇئەللىمىنلەرنى كۆپەيتىپ قۇرۇش»، «چوڭلار ئىچىدە قوشۇمچە ئوقۇتۇش مائارىپىنى يولغا قويۇش»، «تۈركىيەگە بۆلۈپ ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ ئوقۇتۇش» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

سەككىزىنچى باب مەدەنىيەت. بۇ باب جەمئىي يەتتە ماددىغا بۆلۈنگەن، ئاساسلىق مەزمۇنى «ئىلىم ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا ئىلھام بېرىش»، «مىللەتلەرنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش، مىللىي ئەدەبىيات، سەنئەت،

كونسېرت-ئۇسسۇل، رەسساملىق ۋە ھەر خىل سەنئەتنى تەشەببۇس قىلىش»، «چولڭ كۆلەمدە تەھرىرلىك-تەرجىمە ئاپپاراتى تەسىس قىلىش»، «رايونلار بويىچە مۇزېي، كۆرگەزمىلەرنى قۇرۇش»، «مۇددەتكە بۆلۈپ تۈرلۈك مىللىي سەنئەت سارايلىرى، تىياتىرخانىلار، كونسېرتخانىلارنى قۇرۇش» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

توققۇزىنچى باب سەھىيە. بۇ باب ئون ماددىغا بۆلۈنگەن، ئاساسلىق مەزمۇنى «ساقلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىش، خەلق تەنتەربىيىسىنى تەشەببۇس قىلىش»، «ئاممۇۋى تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش»، «ھۆكۈمەت پۇلىغا داۋالىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش»، «تېبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىختىساسلىق خادىملىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا پايدىلىق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى ۋە مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلەتتى ھەم شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئەھۋالى قاتارلىقلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلەتتى. شۇڭا جاڭ جىجۇڭ بۇ پروگرامما ماقۇللانغاندىن كېيىن شۇنداق دېگەن: «پروگراممىنىڭ ماقۇللانغانلىقىدىن خېلىلا مەمنۇن بولدۇم، شۇنداق قارايمەنكى، مۇشۇ پروگرامما يولغا قويۇلسىلا، چوقۇم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىنى ئىچكى قىسمىغا مايىل قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان، زېمىن ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغدايدىغان قىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ 1000 يىل، 10مىڭ يىل گۈللەپ ياشنىشى ۋە بەخت-سائادەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئاساس سالغىلى بولىدۇ». بۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى ئىنتايىن ئەستايىدىل تەرتىپلەر ئارقىلىق ماقۇللاندى، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى، ھەربىر جۈملىسىنى ھەممەيلەن ئىنچىكە ئويلىدۇق ۋە قىزغىن مۇزاكىرە قىلدۇق، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ پروگراممىا

شىنجاڭدىكى بىر دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي ھۆججەت...»①

شۇ چاغدا مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدىمۇ بۇ پروگراممىنى ئالقىشلىغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلىغانىدى. ئەخمەتجان مۇنداق دېگەنىدى: «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنىڭ ئىجرا قىلىنغانلىقى تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنغانلىقى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن مەقسەت ئۆلكىمىزنى باغۇبوستانغا ئايلاندۇرۇش. ھازىر ئالدىمىزدا ئۇلۇغ ئىنقىلاب، يەنى مەدەنىيەت ئىنقىلابى، مائارىپ ئىنقىلابى، پەن ياكى تېخنىكا ئىنقىلابى تۇرۇپتۇ؛ بۇ ئىنقىلاب ھەرقانداق جايدىكى، ھەرقانداق جەمئىيەتتىكى ئىنقىلابتىن قىيىن، چۈنكى ئۆلكىمىز ئوتتۇرا ئەسىردىن يېڭى باسقۇچ دەۋرىگە ئۆتىدۇ.» «مەن ئەزالارنىڭ بىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىمىزنى ناھايىتى تىزلىكتە ھەقىقىي تۇردە ئىجرا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.»② 8-ئاينىڭ 24-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ يىغىندا يەنە تەكىتلەپ: «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىدىكى ماددىلارنىڭ مەزمۇنلىرى خەلقىمىز ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرنى تولۇق قاندۇردى»③ دېدى. بۇرھان شەھىدىمۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى ماقۇللانغان يىغىندا نۇتۇق سۆزلىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇ پروگرامما ھەقىقەتەن شىنجاڭ ئۇزاقتىن مۇپتىلا بولغان كېسەللىكلەرگە قارىتا بېرىلگەن دورا ھېسابلىنىدۇ، بۇ دورا بېرىلگەندىن تارتىپ كېسەل ساقايغانغا قەدەر، يېڭى تەقدىر، يېڭى بەخت ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇردى. لېكىن بۇ ۋەزىپە ناھايىتى مۈشكۈل، ئالاھىدە ئېغىر، كۆپچىلىك ئەقىل-پاراسەت كۆرسىتىپ، كۈچ چىقىرىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تىرىشقاندا، ئاندىن نەچچە ئون يىللىق

---

① «جاڭ جىجوڭ ئەسلىمىلىرى»، تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى 1985-يىل نەشرى خەنزۇچە 470-، 478-بەتلەر.

② «جاڭ جىجوڭ ئەسلىمىلىرى»، تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى 1985-يىل نەشرى خەنزۇچە 480-بەت.

③ «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» 1946-يىل 8-ئاينىڭ 28-كۈنى سانىنىڭ 1-بېتىدىن ئېلىنغان.

قاراڭغۇ-زۇلمەتنى يىمىرىپ تاشلاپ، كونىنى ئۆزگەرتىپ يېڭىلىق يارىتىلى، شۇ ئارقىلىق خەلق ئىدارە قىلىش، خەلق بەھرىمەن بولۇش، خەلق ئىگىدارچىلىق قىلىش يولىغا ماڭغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ بارلىق ئەزالىرىمىز، سەمىمىي-سادىقلىق بىلەن، باشتىن-ئاخىر، بۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنى كەم-كۈتسىز ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پەيدىنپەي يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ سەمىمىي ئۈمىدىنى ئاقلىشى لازىم.»①

بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى پروگراممىنى يولغا قويۇش ۋە سايلامنى ئېلىپ بېرىش داۋامىدا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنىدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى 8-ئاينىڭ 22-كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزالىرى سۆھبەت يىغىنىدا ئۇ: «شەرقىي تۈركىستان دېگەن سۆز جۇغراپىيە ئاتالغۇسىدىنلا ئىبارەت، ئۇنى سىياسىي ھەرىكەت نەزەرىيىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر بەزى كىشىلەر ئۇنى سىياسىي ھەرىكەت نەزەرىيىسى قىلىۋالىدىكەن، ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمىنى، شۇنداقلا پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭمۇ دۈشمىنى بولىدۇ» دېگەنىدى ھەم: «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تەركىبىي قىسمى، ئۈچ ۋىلايەت شىنجاڭنىڭ تەركىبىي قىسمى، جۇڭگو بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىز»② دېگەنىدى. 8-ئاينىڭ 24-كۈنى ئۇ غۇلجىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كۇلۇبىدا «تىنچلىق بىتىمى»نى ئىجرا قىلىش ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسىغا نۇتۇق سۆزلەپ، «بىزنىڭ ۋەزىپىمىز مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك ۋە

① «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى»، تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى 1985-يىل نەشرى خەنزۇچە 480-بەت.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئايدىكى ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 246 — 247-بەتلەر.

ئىتتىپاقلىققا كاپالەتلىك قىلىش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، «تىنچلىق بىتىمى»نى ۋە ئۇنىڭغا ئاساسەن تۈزۈلگەن «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتتى.① 9-ئاينىڭ 4-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى يەنە ئىلى ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتىدە: «خەلق بىزدىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە ئېلان قىلىپ: «‹تىنچلىق بىتىمى›نى يولغا قويۇشتا، شەك-شۈبھىسىزكى پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە تايىنىش كېرەك. بىرلا مىللەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە قارشى تۇرىمىز، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەيلى ئۇيغۇر بولسۇن، قازاق بولسۇن، قىرغىز بولسۇن، خۇيزۇ بولسۇن، موڭغۇل بولسۇن، خەنزۇ بولسۇن ياكى باشقا مىللەت بولسۇن، ھەممىسىلا ئوخشاش. ھەممىمىز باراۋەر بولۇشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاساسىي تەلىپىمىز. دېمەك، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشتا ھەقىقىي تۈردە باراۋەر بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دەل مۇشۇنداق تەلىپىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قانداق چاغدا، مەلۇم بىر مىللەتنى يامان مىللەت دېگىلى بولمايدۇ. مەلۇم بىر مىللەتنى كەمسىتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ» دېگەنىدى.②

### بىرىنچى، پروگراممىنىڭ تەشۋىق قىلىنىشى ۋە سايلامنىڭ سۈنئىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى

ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى 1946-يىل 7-ئاينىڭ 20-كۈنى رەسمىي ئېلان قىلىندى. ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەخسۇس گۇرۇپپىلارنى تەشكىل قىلىپ، تۈرلۈك كونكرېت لايىھەلەرنى تۈزدى. 7-ئاينىڭ 11-كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىن قائىدىسى» ماقۇللاندى، بۇ قائىدە

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 1-نەشرى، ئۇيغۇرچە 247-بەت.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىلى 1-نەشرى، ئۇيغۇرچە 252 — 253-بەتلەر.

20-ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاساسلىقى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە دېموكراتىك پرىنسىپ بەلگىلەنگەن. 8-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 8-قېتىملىق يىغىنىدا «ئۆلكىلىك ۋە ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى، ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىنى سايلاش چارىسى» مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى ۋە ئۆلكىلىك سايلام كومىتېتى قۇرۇش، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ زېڭشەن بۇ كومىتېتنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەش، مۇئاۋىن نازىر رەھىمجان سابىرھاجى بۇ كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەش، لىيۇ مېڭچۈن، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، سالىس، ئىبىردەنى، جۇڭ دىخۇالار كومىتېت ئەزاسى بولۇش قارار قىلىندى.

9-ئاينىڭ 1-كۈنى سايلام چارىسى رەسمىي ئېلان قىلىندى، بۇ چارە تۆت باب، 61 ماددىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆلكە ھەم ناھىيە دەرىجىلىك جايلاردا سايلام كومىتېتى قۇرۇش، يېزا-بازارلاردا شۆبە سايلام كومىتېتى تەسىس قىلىش تەلەپ قىلىنغان، شۇ كۈنى يەنە جايلارغا تېلېگراممىا بېرىلىپ، تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىر ھەپتە ئىچىدە سايلام كومىتېتىنى قۇرۇپ بولۇش بۇيرۇق قىلىندى. ئۆلكىلىك سايلام كومىتېتى سايلام نازارەت گۇرۇپپىلىرىنى جايلارغا سايلامنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ نامزات سانى نوپۇس سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ۋە مىللىي تەركىبىنىڭ نىسبىتى بويىچە بەلگىلەندى ھەمدە 8-ئاينىڭ 31-كۈنى سايلام مۇھىم نۇقتىلىرى ۋە ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى نامزات سانىنىڭ تەقسىم قىلىنىش ئەھۋالى ئېلان قىلىندى. ھاكىملارنى ناھىيىلەرنىڭ كېڭەش يىغىنلىرىدا سايلايدىغان بولدى. سايلانغۇچىنىڭ سايلىنىش سالاھىيىتى: جۇڭگو تەۋەلىكىدە بولۇش، بىر خىل يېزىقنى بىلىدىغان بولۇش، ھاكىمىيەت يۈزگۈزۈش پروگراممىسىنى سادىقلىق بىلەن ھىمايە قىلىدىغان بولۇش، يېشى 25تىن 45كىچە بولۇش، مىللەت، دىن، يۇرت، ئەر-ئايال دەپ ئايرىماي، ھەممە كىشىنى سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش، دەپ بەلگىلەندى.

سايلامغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 9-ئاينىڭ 13-كۈندىكى 9-قېتىملىق يىغىنىدا يەنە «ئۆلكىلىك سايلام كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي نىزامنامىسى» ماقۇللاندى ھەمدە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋە ھاكىملار سايلىمى نازارەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ئەۋەتىلىدىغان خادىملار بەلگىلەندى. سايلام نازارەت گۇرۇپپىلىرى ۋىلايەتلەر بويىچە تەشكىل قىلىندى. بۇلاردىن لىۇ مېڭچۈن باشلىقلىقىدىكى سايلام نازارەت 2-گۇرۇپپىسى ئىلى ۋىلايىتىگە؛ جۇڭ دىخۇا باشلىقلىقىدىكى سايلام نازارەت 5-گۇرۇپپىسى تارباغاتايغا؛ جانىمقان باشلىقلىقىدىكى سايلام نازارەت 6-گۇرۇپپىسى ئالتايغا سايلامغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن باردى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، سەيدۇللا سەيپۇللايوپلارمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا، قەشقەر ۋىلايىتىگە بارىدىغان سايلام نازارەت 3-گۇرۇپپىسى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بارىدىغان سايلام نازارەت 4-گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قىلىندى. ①

9-ئاينىڭ 18-كۈنى رەئىس جاڭ جىجۇڭ ۋە مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدىلەر يەنە بىرلىشىپ «ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋە ھاكىملارنى سايلاش مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن ئۆلكە پۇقرالىرىغا مۇراجىئەت» دېگەن ماۋزۇدا بىر مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ مۇنداق تەكىتلەپ كۆرسەتتى: بۇنداق ھوقۇق ئاسان قولغا كەلمىدى، ئۇ پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ يۈز يىل، مىڭ يىللار كۆرەش قىلىشى نەتىجىسىدە قولغا كەلدى، بىز ئۇنى ئەتىۋارلىشىمىز، قەدىرلىشىمىز لازىم. . . ھەممە ئادەم ئىشىنىدىغان، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە

---

① 9-ئاينىڭ 19-كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ 10-قېتىملىق ئەزالار يىغىنىدا يەنە سايلام نازارەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئەزالىرىنى تەكشۈرۈش، يەنى تارباغاتايغا بارىدىغان سايلام نازارەت 5-گۇرۇپپىسىغا سالىس باشلىق بولۇش؛ ئىلىغا بارىدىغان سايلام نازارەت 2-گۇرۇپپىسىغا جۇڭ دىخۇا باشلىق بولۇش؛ ئالتايغا بارىدىغان سايلام نازارەت 6-گۇرۇپپىسىغا تۇيۇزى تۈركىستان باشلىق بولۇش؛ قەشقەرگە بارىدىغان سايلام نازارەت 3-گۇرۇپپىسىغا سەيپىدىن ئەزىزى باشلىق بولۇش؛ ئاقسۇغا بارىدىغان سايلام نازارەت گۇرۇپپىسىغا ئابدۇرېھىم ئەيسا باشلىق بولۇش قارار قىلىندى ھەمدە ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرى، مۇئاۋىن ۋالىيلىرى ئومۇمەن شۇ ۋىلايەت سايلام نازارەت گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈلمەسلىك بەلگىلەندى.

تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئادەملەرنى ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا ۋە ھاكىملىقىغا سايلاش لازىم.»①

كېيىن ناھىيىلەردە ناھىيىلىك كېڭەش ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى. ھاكىملارمۇ سايلاپ چىقىلدى، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىنىڭ ھەممىسى يەرلىك مىللەت زاتلىرىدىن سايلاندى، خەلق سايلىغان كېڭەش ئەزالىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلار 59.31 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

سايلام خىزمىتى پەقەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەنگەن بىر تۈرلۈك خىزمەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەقىقەتەن دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھوقۇقنى كىم تۇتۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ئىدى. شۇڭا، سايلام داۋامىدا، ساقلانغۇسىز ھالدا كەسكىن كۈرەشلەر بولدى، بولۇپمۇ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاشتا ئىككى تەرەپنىڭ كۈرىشى ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى-دە، ئاخىرىدا بۇ ئىش بۇزۇلدى (تەپسىلاتىنى كەينىدىن كۆرۈڭ)

ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى ماقۇللاندى، ئەمما ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇقەررەر ھالدا مۇرەككەپ كۈرەشلەر بولىدۇ. ئۇ يولغا قويۇلۇش داۋامىدا بىرمۇنچە توسالغۇ ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى.

ئىككىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتمۇ دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بىلەن چوڭقۇر تەسىرگە ئۇچراپ، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلمىدى

شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا تارىخ، مىللەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇزاق مۇددەتلىك ئالاقە ساقلىنىپ كەلدى، شۇڭا شۇ چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق ناھايىتى مۇھىم رېئال مەسىلە ئىدى. تىنچلىق سۆھبىتى داۋامىدا

① «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى». تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى 1985-يىل نەشرى خەنزۇچە 483 —، 484 —، 485-بەتلەر.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ياراشتۇرۇپ قويۇشتا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى شىنجاڭدا «جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىش»، «جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش» تەك فاڭجېننىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ توغرا بولغانلىقى ۋە مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ فاڭجېن ھەم شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشىغا پايدىلىق، ھەم شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگىمۇ پايدىلىق ئىدى. لېكىن جياڭ جېشىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى پەقەت يەرلىك ھاكىمىيەتلا بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا دىپلوماتىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇ سەۋەبتىن مۇقەررەر ھالدا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرلۇك چەكلىمىلىرىگە ئۇچرايتتى، بولۇپمۇ جياڭ جېشى ئومۇميۈزلۈك ھالدا كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان ۋە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق ئۇرۇش مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشى تېخىمۇ زور چەكلىمىگە ئۇچرىدى. بىر مەزگىل، ئالتايدىكى ئوسمان ئىسلام ئامېرىكا ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قۇترىتىشى ھەم قوللىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز تۇردە زىددىيەت تېرىپ ۋە زىددىيەت پەيدا قىلىپ يۈردى، چېگرا ۋە كان ئېچىش قاتارلىق مەسىلىلەردە باھانە تېپىپ مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىپ، شۇ ۋەجىدىن جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ بىر مەھەل جىددىيلىشىشىنى پەيدا قىلدى. ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدە شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپمۇ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئالاقە بۇرۇنقىدىن ياخشىلاندى. ئالايلۇق، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىڭشىڭشىيا ۋە

قۇمۇلدا بېسىلىپ قالغان ۋولفىرام، قەلەي، چاي، قوي يۇڭى قاتارلىق 3100تونغا ماددىي ئەشياسىنى توشۇپ ئەكېتىشكە ياردەملەشتى، ئۈرۈمچى جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، شىنجاڭغا پۇقرا بولۇپ كەلگەن رۇسلار مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىرى ئۇيۇشمىسىنى تەشكىللىدى، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا كېڭەشتى. ئامېرىكا ھەربىي ئايروپىلانلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ «ساياھەت قىلىشى»نى توستى، ۋەھاكازا. گەرچە بۇ جەھەتلەردە كۆپ خىزمەت ئىشلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ توسقۇنچىلىق قىلىشىغا ئۇچرىدى، بۇ ھال جاڭ جىجۇڭنى ناھايىتى تەڭلىكتە قالدۇردى، شۇڭا ئۇ: «شىنجاڭ مەسىلىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، مەن چېگرا رايونىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئادەم بولساممۇ، لېكىن دىپلوماتىيە فاڭجېنى جەھەتتە مېنىڭ تۇتقان يولۇم نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭكى بىلەن بىردەك بولمىغاچقا، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى مىنىستىرلىقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى، بۇ ھەل قىلماق ناھايىتى تەس بىر زىددىيەت ئىدى»① دېدى.

ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي جەھەتتە بەزى خىزمەتلەر ئىشلەنگەن ھەمدە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن، خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىدىن كۆپ يىراق ئىدى

ئىقتىساد مەسىلىسى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىدىكى مۇھىم مەزمۇن بولۇپ، بۇ باپتىكى ماددىلار كۆپ بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بۇ جەھەتتە كۈتىدىغان ئۈمىدىمۇ ناھايىتى چوڭ ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3-كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987-يىل 12-ئاي 1-نەشرى خەنزۇچە 452-بەت.

جەھەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايتتى، دەرۋەقە، ئۇلار قۇربىنىڭ يېتىشىچە يەنىلا بەزى ئىشلارنى قىلدى، ئالايلۇق، سۇ ئىشلىرى جەھەتتە، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەر پەيدىنپەي ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇرۇمچىدە تىنچلىق ئۆستىڭىنى چاپتۇرۇپ، خوتيەنچى سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيىنى باشلاپ، ئۇرۇمچىگە يېقىن چىڭگىبداخۇ دېگەن جاينىڭ ئەتراپىدىكى 100مىڭ مو بوز يەرنى ئۆزلەشتۈردى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى قۇمئېرىق دەرياسىدا پاچىتاش كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قورۇلۇشىنى قىلدى. قۇكاڭدا سىكۇخې ئۆستىڭىنى چاپتۇردى، قۇمۇلدا تۇداۋگۇ سۇ قورۇلۇشىنى قىلدى. 1946-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭ كارخانا شىركىتى خەلق بىلەن مەنپەئەت تالاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باشقىدىن غەربىي شىمال خەلق تۇرمۇشى ساناھەت شىركىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ باش شتابى لەنجۇدا بولۇپ، ئۇرۇمچىدە شۆبە شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ شىركەت دەسلەپكى چاغلاردا ئىچكى ئۆلكىلەردىن چاي، قەنت-شېكەر، رەخت قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش لاۋازىمەتلىكلىرىنى شىنجاڭغا ئەكېلىپ بازاردىكى جىددىيچىلىكنى پەسەيتىش جەھەتتە بەلگىلىك رول ئوينىدى.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۈچ ۋىلايەتكە ھەربىي، مەمۇرىي خىراجەتنى سابىق ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۆز ئالدىغا تەييارلاشتىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بېرىدىغان بولدى، تارباغاتاي، ئالتايلارنىڭ خىراجىتىنى ئىلى ئاجرىتىپ بېرىدىغان بولدى. ئەسلىدىكى ئۈچ ۋىلايەت «دۆلەت بانكىسى» شىنجاڭ سودا بانكىسى ئىلى شۆبە بانكىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، سابىق بانكا باشلىقى ھۈسەيىن تارانوپ 1946-يىل 9-ئاينىڭ 21-كۈنى شىنجاڭ سودا بانكىسى باش بانكىسىنىڭ ياردەمچىلىكىگە قويۇلدى. 8-ئاينىڭ 1-كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق بانكىسى غۇلجىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن تارباغاتاي، ئالتايلاردا شۆبە بانكا، ناھىيىلەردە تارماق بانكا قۇرۇلدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلغان مەزگىللەردە پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، سابىق ئۈچ ۋىلايەت بانكىسى قەرەللىك چەك

بىسمىنى توختىتىش بۇرۇن تارقىتىلغان چەكنى ئۆلكىلىك پۇلغا ئالماشتۇرۇش ئۈستىدە كېڭىشىش بولغانىدى. شۇ چاغدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بولغان ئابدۇكېرىم ئابباسوپمۇ 10-ئاينىڭ 22-كۈنى سودا بانكىسى باش بانكىسىغا: «ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى تارقاتقان قەغەز پۇل ئىشلىتىلىشتىن توختىتىلىدۇ، ئۇنى يۇقىرىقى جايلارغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا بانكىلار ۋە مالىيە نازارىتى ئۈچتىن ئادەمنى تېزدىن ئەۋەتىپ، ئالاقىدار ئاپپاراتلار بىلەن بىرلىشىپ، مۇددەت بەلگىلەپ يىغىۋالسا بولىدۇ» ① دەپ يازما يوليورۇق بەردى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتى، سودا بانكىسى ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە كېڭەشتى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت پۇلىنى ئالماشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن 200مىليون يۈەنلىك شىنجاڭ قەغەز پۇلىنى ئاجرىتىپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1947-يىلى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەت مالىيىسىگە پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى توختاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت پۇل مۇئامىلە جەھەتتە يەنە تىنچلىق سۆھبىتىدىن بۇرۇنقى ھالەتكە قايتتى.

شۇ چاغلاردا قاتناش مەسىلىسى ئىنتايىن رېئال ۋە كەسكىن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ئىدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ماناس دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قاتناشنى، پوچتا ئالاقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش كېرەك ئىدى. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى ئېلان قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ پوچتا-تېلېگراف ۋەكىلى مالىك 7-ئاينىڭ 16-كۈنى ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك پوچتا ئىدارىسى ۋە تېلېگراف ئىدارىسى بىلەن كېڭەشتى. تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۈچ

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر جولاڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 267-بەت.

ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ۋە پوچتا-تېلېگراف ئالاقىسى تەدرىجىي يوسۇندا ئەسلىگە كەلدى. لىيەنيۈنگاڭ-لەنجۇ تۆمۈر-يولىنى شىنجاڭغىچە ياساش، ئۆلكە ئىچىدە دۆلەت تاشيولى، ئۆلكە تاشيولى ياساشقا كەلسەك، شۇ چاغدىكى مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە پەن-تېخنىكا كۈچىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش تۈپتىن مۇمكىن بولمايتتى.

تۆتىنچى، مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە سەھىيە خىزمىتىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەزگىلىدە قالايمىقانچىلىق ۋە ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا، بەزى خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن نەتىجە دېگەندەك كۆرۈنەرلىك بولمىدى، بەزىلىرى ۋاقىتىنچە كۆرۈنۈشكىلا ئىشلەنگەنىدى.

ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، 1946-يىل 11-ئاينىڭ 26-كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مائارىپ، ئىلىم-پەن كىتابلىرىنى تەھرىرلەش-تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇپ، قارمىقىدا تەھرىر، تەرجىمە، تەكشۈرۈش، خوجىلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، تەھرىرلىك، تەرجىمە خىزمىتى جەھەتتە، ئۈرۈمچىدە تەھرىرلىك - تەرجىمە يۇرتى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا «تىيانشان رەسىملىك ژۇرنىلى» ۋە ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئوبيېكت قىلغان «ئەدەبىي تەرمىلەر»، «ئۆسمۈرلەر ساۋاتلىرى»، «تىيانشان ئەدەبىيات-سەنئەت مەجمۇئەسى» دېگەنگە ئوخشاش ژۇرناللار نەشر قىلىندى. ئۈرۈمچىدە ئاساسلىقى ئۇيغۇرچە، قازاقچە كىتابلارنى باسىدىغان ئوتتۇرا تىپلىق بىر باسما زاۋۇت قۇرۇلدى. كىنو جەھەتتە، غەربىي شىمال كىنو شىركىتى ۋە بىرقانچە سەييارە كىنو ئەترىتى قۇرۇلدى ھەمدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن بەزى كىنولار ۋە ھۆججەتلىك فىلىملەر قويۇلدى. سەييارە مەدەنىيەت خىزمەت ئەترەتلىرى تەشكىللەندى، ئۇلار كىنو فىلىملىرى، سۈرەتلەر ۋە خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە كىتاب-ژۇرناللارنى ئېلىپ جايلارغا بېرىپ كىنو قويدى، سۈرەتلەرنى كۆرگەزمە قىلدى ۋە ئاغزاكى تەشۋىق قىلدى.

غەربىي شىمال مەدەنىيەت تەمىنات كوپېراتىپى قۇرۇلدى، بۇ كوپېراتىپ تۈرلۈك يېڭى كىتاب-ژۇرناللار بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇردى. شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئانسامبىلى نەنجىڭ، شاڭخەي، بېيپىڭ، تەيۋەن قاتارلىق جايلارغا ئويۇن قويۇشقا ئەۋەتىلدى، شۇنىڭدەك ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مۇزىكا ئۆمەكلىرى ۋە مەشھۇر پىئانىنو ئارتىسى، ئىسكىرىپكىچىلار، ناخشىچىلار شىنجاڭغا كېلىپ ئويۇن قويۇشقا تەكلىپ قىلىندى.

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، بىر مەھەل سىياسىي ۋەزىيەت بىرقەدەر مۇقىم بولدى، جايلاردىكى مەكتەپلەر ئارقا-ئارقىدىن دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈردى، لېكىن پروگراممىدا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەر شۇ چاغدىكى ئەھۋالدا پەقەت قۇرۇق خىيال بولغانىدى. پۈتكۈل شىنجاڭدا بىرىنچىدىن، مەبلەغ كەم، ئىككىنچىدىن، ئوقۇتقۇچىلار كەمچىل، ئۈچىنچىدىن، دەرسخانا، ئۈسكۈنىلەر ئاز تۇرۇقلۇق، مائارىپ ئىشلىرىنى قانداقمۇ راۋاجلاندۇرغىلى بولسۇن. 1946-يىل 9-ئاينىڭ 2-كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلغان ماقالىلەردىن قارىغاندا، شۇ چاغدا ئۆلكە بويىچە ساۋاتسىزلار ئۆلكە نوپۇسىنىڭ 80پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى، مائارىپ ئىشلىرى ۋەيرانە ھالەتتە ئىدى. ئالىي ئوقۇش يۇرتى بولغان شىنجاڭ ئىنستىتۇتى قۇرۇق نامىلا بار مەكتەپ بولۇپ قالغان، مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا ئاران 6000پارچىلا كىتاب بار ئىدى، ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك يېتىشمەيتتى، ئوقۇيدىغانغا گېزىت -ژۇرنال تاپماق تەس ئىدى. پۈتۈن مەكتەپتە ئۈچلا فاكۇلتېت يەنى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى، مائارىپ فاكۇلتېتىلا بار ئىدى؛ بۇ فاكۇلتېتلاردا ئالتىلا سىنىپ، 300دىن ئازراق قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

تېببىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىدە ئاز ساندىكى تېببىي داۋالاش خادىملىرى سەييارە مەدەنىيەت خىزمەت ئەترەتلىرى بىلەن بىللە كېسەل داۋالاشقا ئەۋەتىلدى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ئېتىبار بېرىلدى.

قىسقىسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى ئۆلكىلىك

بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ «تىنچلىق بىتىمى»نى ئىجرا قىلىشتىكى كونكرېت ھەرىكەت پىلانى بولۇپ، ئەگەر راستىنلا ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولسا، شىنجاڭنىڭ دېموكراتىيە سىياسىيسى، ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان بولاتتى. لېكىن شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىت ئاستىدا، ئاممىنىڭ ئارزۇسى ئارزۇ پېتىچە قېلىۋەردى، كۆپ خىل سەۋەبلەرنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۇ ئارزۇلارنىڭ ئىشقا ئېشىشى تۈپتىن مۇمكىن بولمىدى.

**2. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا قوللىنىلغان سىياسىي، ئىقتىسادىي تەدبىرلەر**

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زۆرۈر بولغان قانۇن، ئەمىر-پەرمانلارنى ۋە قائىدە-نىزاملارنى ئېلان قىلىپ ھەمدە تۈرلۈك سىياسىي خاراكتېر ئالغان ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلاب ئىشلىرىنىڭ داۋاملىق ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرگەنىدى. 1946-يىل 7-ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سابىق ئۈچ ۋىلايەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى ئۈچ ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلگەن ھەم شۇ سەۋەبتىن سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە مۇقەررەر رەۋىشتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانىدى. ئەمما، ئۈچ ۋىلايەت ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى ۋە ھەربىي تەشكىلاتلىرىنى ساقلاپ قالغانلىقىدىن، كېيىنكى چاغلاردا بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت يەنىلا بەزى زۆرۈر تەدبىرلەرنى

قوللىنىپ مۇستەقىل، ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا بەزى سىياسىي، ئىقتىسادىي پائالىيەت ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنلا، يەنى 1945-يىل 11-ئاينىڭ 15-كۈنىدىلا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى غۇلجىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى دەپ ئاتىلىدۇ) نى قۇرغانىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ بۇ تەشكىلات مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ئىچىدە سەيپىدىن ئەزىزى، ئەنۋەرخانبابا، ئابدۇللا زاكىروپ قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى ۋە ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئارقا-ئارقىدىن بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. 1946-يىل 1-ئايدا تەشكىلات مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «كۈرەش» (ئۆيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال) غۇلجىدا نەشر قىلىندى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ باش مۇھەررىر بولدى.

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ پائالىيىتى توختىمايلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. يەتتە ۋىلايەتتىكى بەزى ئەھۋاللارغا قارىتا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى غۇلجا كومىتېتى 1946-يىل 12-ئاينىڭ 15-كۈنى ئۆزىنىڭ قارارىدا: «تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنمىدى، دەپ كۆرسىتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن چارىلەرنى قوللىنىپ، بىتىمنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلماسلىق ئەھۋاللىرىنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلىپ، ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرىنى ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ئاممىا ئارىسىدا تەشۋىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىشقا چاقىردى.

1947-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى غۇلجىدا تۇنجى قېتىملىق قۇرۇلتىيىنى

ئاچتى. قۇرۇلتايغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيىلەر، رايونلار ۋە مىللىي ئارمىيە ياشلار تەشكىلاتى كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 106كىشى قاتناشتى. قۇرۇلتايدا جايلارنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەردىن قىلغان دوكلاتى ۋە تەشكىلات مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سەيدۇللا سەيپۇللايوپنىڭ سىياسىي دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. قۇرۇلتاي ئاخىرىدا قارار ماقۇللاپ مۇنۇلارنى قارار قىلدى: (1) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلىك تەشكىلات كومىتېتلىرىغا داۋاملىق بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتى قايتا قۇرۇلمايدۇ. (2) «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامنامىسى» رەسمىي تەشكىلات نىزامنامىسى قىلىنىدۇ. (3) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى يەتتە ۋىلايەتتە ئۆز تەشكىلاتىنى ئاشكارا تەرەققىي قىلدۇرۇپ خىزمەت ئىشلەيدۇ. ①

1947-يىل 4-ئايدا، رەئىس سەيدۇللا سەيپۇللايوپ يەنە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس سۇنۇپ پۈتۈن شىنجاڭدا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلغان مەزگىلدە ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، قومۇل، يەكەن، قاراشەھەر قاتارلىق يەتتە ۋىلايەتكىمۇ تارقالدى، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ گومىنداڭ كۈچلىرى بىلەن ئېلىشىدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلاندى.

ئۈچ ۋىلايەت خانىم-قىزلار جەمئىيىتىمۇ 1946-يىل 2-ئاينىڭ 4-كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلدى، ئەزىز پاشا② جەمئىيەت باشلىقى بولدى.

ۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 279-بەت.

② ئەزىز پاشا — ئېلىخان تۆرەنىڭ قىزى.

قاتناشقانلىقتىن، 1946-يىل 12-ئايدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى «مىللىي قۇرۇلتاي» چاقىرغاندا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرى شىنجاڭنىڭ باشقا ۋەكىللىرى بىلەن بىللە «مىللىي قۇرۇلتاي»غا قاتناشتى. شۇ چاغدا شىنجاڭدىن جەمئىي 24 ۋەكىل قاتناشقان بولۇپ، بۇلاردىن 12 ئادەم شىنجاڭ رايونىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قاتناشقانىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، ئەنۋەر سالىجان، خەمىت سۇلتانلار ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئالتە ئادەم كەسپىي ساھە ۋەكىللىرى سۈپىتىدە قاتناشقان بولۇپ، كېرىمھاجى، زىيا سەمەت ئىككىيلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى ئىدى. شۇ قۇرۇلتايدا ئەخمەتجان قاسىمى «مىللىي قۇرۇلتاي» ھەيئەت رىياسەتنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

نەنجىڭدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ئابدۇكېرىم ئاباسوپ مېيىۋەن يېڭى كەنتىگە بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى دۇڭ بىۋۇ بىلەن سەمىمىي كۆرۈشۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن دەسلەپكى ئەمما ئىنتايىن مۇھىم مۇناسىۋەتنى ئورناتتى (بۇ جەھەتتىكى تەپسىلىي ئەھۋالنى كېيىن مەخسۇس بايان قىلىمىز).

نەنجىڭدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جياڭ جيېشى، سۇن كې قاتارلىق مەسئۇللىرىنى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاباسوپلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئالتە ۋەكىلى «مىللىي قۇرۇلتاي»غا «جۇڭخۇا مىنگو ئىچىدە شىنجاڭنىڭ نامىنى ‹شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى› دەپ ئۆزگەرتىپ يۈكسەك دەرىجىدە ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى بېرىشنى مۇراجىئەت قىلىمىز» دەپ تەكلىپ لايىھىسى سۇندى. كېيىن نەنجىڭ تەرەپنىڭ نەسىھەت قىلىشى ئارقىسىدا ئەخمەتجان قاسىمىلار ئۆزىنىڭ تەكلىپ لايىھىسىنى ئۆزلۈكىدىن قايتۇرۇۋالدى. ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى 1947-يىل 2-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى چاقىرغان بىر

قېتىملىق ئاممىۋى يىغىندا مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىش مەسىلىنى تونۇشتۇرغاندا، يوقىرىدىكى ئىشقا ئائىت بەزى پاكىتلارنى ئايدىڭلاشتۇردى ھەمدە شۇ چاغدا ساقلانغان بەزى خاتا ئىدىيە ۋە مۇجىمەل نۇقتىئىنەزەرلەرگە، بولۇپمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە مەردانىلىك بىلەن رەددىيە ۋە تەنقىد بەردى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: «بىز مىللىي قۇرۇلتايدا شىنجاڭدا مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش كىرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. لېكىن بۇ مۇستەقىل بولۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. بىزنىڭ موھتاج بولۇۋاتقىنىمىز مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى، بۇ ھەرگىز بىر مىللەت بىلەن چەكلەنمەيدۇ، . . . ئۇ يەنىلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشى ئاساسىدىكى مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىدۇر. مىللىتىمىزنىڭ دۈشمىنى خەنزۇلار ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى مۇستەبىت تۈزۈم شارائىتىدىكى چىرىك خەنزۇ ئەمەلدارلار، ئەگەر كىمكى خەنزۇلارغا ۋە ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرسا، 〈تىنچلىق بىتىمى〉 ۋە 〈ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى〉غا قارشى تۇرغان بولىدۇ. ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز ئەمەس.»

ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت گەرچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىنى بىر تۇتاش قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، قىلىشقا تېگىشلىك بەزى ئىشلارنى قىلدى. مەسىلەن:

1946-يىل 7-ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت بانكىلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا شىنجاڭ سودا بانكىسىنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىك بانكىلىرىغا ئۆزگەرتىلدى، سابىق ئۈچ ۋىلايەت «دۆلەت بانكىسى» مەۋجۇت بولۇشتىن قالدى، ئىلگىرى تارقىتىلغان چەك بەلگىلىمە بويىچە 10 — 11-ئايلار ئىچىدە ئالماشتۇرۇلىدىغان ھەمدە قايتىدىن بېسىلمايدىغان بولدى. 1947-يىل 8-ئايدا تىنچلىق ۋەزىيىتى قالايمىقانلاشقاندا، گومىنداڭ ئۈچ ۋىلايەتكە

بېرىدىغان خىراجەتنى توختاتقانلىقتىن، ئۈچ ۋىلايەت ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئىلى شۆبە بانكىسى دېگەن نامنى قوللىنىپ ئىككىنچى قېتىم 2000 دوللارلىق، 2500 دوللارلىق، 3000 دوللارلىق چەك تارقىتىشقا مەجبۇر بولدى، بۇ چەكنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ تۆۋەن ئوڭ تەرەپ بۇرجىكىگە بانكا باشلىقى ئابدۇرۇپ مەخسۇمنىڭ ئۇيغۇرچە ئىمزاسى، تەتۈر يۈزىنىڭ تۆۋەن سول بۇرجىكىگە باش خەزىنىچى قۇمارىبېك ھاجىنىڭ ئىمزاسى بېسىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ گومىنداڭنىڭ 100 يۈەنلىك پۇلىغىمۇ تامغىنى قوشۇمچە بېسىش چارىسىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ تارقىلىش سانىنى چەكلىدى.

1946-يىل 8-ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، يەنە يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بانكا قۇرۇش نىزامنامىسىنىڭ «مەقسەت» دېگەن 1-بابىدا «دېھقانچىلىق -چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش مەقسىتىدە قۇرۇلىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. باش بانكا غۇلجىدا بولۇپ، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە شۆبە بانكا تەسىس قىلىندى. غۇلجا، سۈيدۈڭ، سۇمۇل، توققۇزتارا، قورغاس، نىلقا، تېكەس، جىڭ، بورتالا، ئارىشاڭ قاتارلىق جايلاردا ناھىيىلىك تارماق بانكا قۇرۇلدى. 1947-يىلى قابا، جېمىنەي، بۇرچىن ناھىيىلىرىدىمۇ يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن دېھقان -چارۋىچىلارغا ياردەملىشىپ، مەبلەغ، ئۇرۇق، يېزا ئىگىلىك ماشىنا-سايمانلىرى جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قامداش جەھەتتە، ئاشلىق بازىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى قوغداش جەھەتتە ۋە ئېكسپورت قىلىش، كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرىنى تېگىشىۋېلىش، بازارنىڭ تەلەپ ۋە تەمىنلەش مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

مەدەنىيەت -مائارىپ جەھەتلەردە، بۇ مەزگىلدە ئەسلىدىكى تەشۋىقات ژۇرناللىرى داۋاملىق ئوبدان چىقىرىلغان، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپ خىزمىتىگە ئوبدان رەھبەرلىك قىلىنغاندىن باشقا، يەنە 1946-يىل

10-ئاينىڭ 17-كۈنى شىبەچە «ئەركىنلىك ئاۋازى گېزىتى» نەشىر قىلىندى.

شۇ يىلى 12-ئاينىڭ 22-كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى ئورگىنىغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى بىرلەشمە كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 1947-يىللىق مائارىپ، سەھىيە، دېھقانچىلىق -ئورمانچىلىق -چارۋىچىلىق، شەھەر مەمۇرىي قورۇلۇشى، پوچتا-تېلېگراف، پۇل مۇئامىلىسى، قاتناش، سودا، ئەدلىيە، جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ پىلانىنى ماقۇللىدى.

# ئىككىنچى پاراگراف شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە ئىككى تەرەپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلەر

## 1. قوراللىق كۈرەشتىن سىياسىي كۈرەشكە ئۆتۈش

كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ ئىمزالىنىشى ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن مەسىلە ھەل بولغاندەك، شىنجاڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تىنچ تەرەققىي قىلىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش باسقۇچىغا قەدەم قويغاندەك تۇرىدۇ. گەرچە ھەر تەرەپلەر ئاشكارا ھالدا بايانات ئېلان قىلىپ بىللە ئىناق ئۆتىدىغانلىقى، تىنچ ھالدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق ۋەزىيەت ئۇرۇشنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ تۇرۇش ۋەزىيىتىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر زىددىيەت ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشى بۇنىڭلىق بىلەن ھەل بولمىدى ۋە ھەل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى كۈرەش يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى ھەمدە بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كەتتى.

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى قوراللىق كۈرەشتىن سىياسىي كۈرەشكە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تىنچلىق، بىرلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق شوئارىدىن پايدىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھاكىمىيىتىنى پارچىلاش، يىمىرىپ تاشلاش ۋە يوقىتىشقا ئۇرۇندى، دەرۋەقە، ئۈچ

ۋىلايىتىمۇ تىنچلىق بىتىمىدىن پايدىلىنىپ ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن ئىبارەت بۇ قانۇنىي ئاپپارات ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىشى، سىڭىپ كىرىشى ۋە ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىلىرىنى ساقلاپ، شۇ ئارقىلىق ئىنقىلابنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتكىچە كېڭەيتىشكە تىرىشتى.

بىرىنچى، ئارمىيە مەسىلىسى ئۈستىدىكى كۆرەش. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن بىرلىكتە بىرقانچە گۇرۇپپا تەشكىل قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەمىناتى، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى دۆلەت چېگرا جايلىرىغا كىرىپ ئورۇنلىشىشى، ئۈچ ۋىلايەتتە مەركىزىي ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ئىسلىگە كەلتۈرۈش ۋە پۈتۈن شىنجاڭدا ئەمىر-پەرمان، پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قاتناش ئىشلىرىنى ئىسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭىشىش ئېلىپ بارغان ھەم كونكرېت كېلىشىملەرنى ئىمزالىماقچى بولۇشقانىدى. لېكىن ھەرقايسىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە مۇددىئاسى ئوخشاش بولمىغاچقا، كۆپ قېتىملىق كېڭىشىشتە ئۆتكۈر كۆرەشلەر مەۋجۇت بولدى، بولۇپمۇ ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەمىناتى جەھەتتە كۆرەش تېخىمۇ كەسكىن بولدى. چۈنكى ھەممىگە ئايانكى، قوراللىق كۈچ —ئەمەلىي كۈچنىڭ ئاساسى، قوراللىق كۈچ بولغاندا ئۆزىنى قوغدىغىلى ۋە ئۆزىنى راۋاج تاپقۇزغىلى بولىدۇ، قوراللىق كۈچ بولمىسا، ھەممىدىن مەھرۇم قالىدىغان گەپ. شۇڭا گومىنداڭ تەرەپ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوپۇل-توپۇل، بىتىم ئارقىلىق مىللىي ئارمىيىنى رەتكە سېلىپ تەشكىللەش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت قوراللىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە كونترول قىلىشقا ئۇرۇندى. دەرۋەقە، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭمۇ بۇنىڭغا قارىتا كاللىسى سەگەك بولغاچقا، ئۇلار ھەربىي ھوقۇقىنى ئاسانلىقچە تاپشۇرۇپ بەرمەيتتى، ئەگەر تاپشۇرۇپ

بېرىدىغان بولسا، ئۇ قولنى قوشتۇرۇپ تۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتكەنلىك بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جياڭ جېشى 1946-يىل 6-ئايدىن باشلاپ، يەنى تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغان مەزگىللەردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئىمزالىغان «10-ئۆكتەبىر كېلىشىمى»نى يىرتىپ تاشلاپ، ئازاد رايونلارغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئىچكى ئۇرۇش ئومۇميۈزلۈك پارتلىغانىدى. شۇنداق ئىكەن، كىممۇ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋەزىيىتىنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ دەيسىز. شۇڭلاشقا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تەبىئىي ھالدا ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە تېخىمۇ تاقابىل تۇردى.

تىنچلىق بىتىمى قوشۇمچە ھۆججىتى ( I ) دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، شۇ چاغدىكى غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ سەنمۇجاڭى سۇڭ شىليەن، شىنجاڭ گارنىزون قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆ، شىنجاڭ تەمىنات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خاۋ جياجۈن، غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى لو كەيجيا قاتارلىقلار بۇيرۇققا بىنائەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەربىي قوماندانى ئىسھاقبېك مونونوپ بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشقان ۋە كېڭەشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ماھىيەتلىك نەتىجە چىقمىدى.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، گومىنداڭ تەرەپ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەتتىن تىنچلىق بىتىمى قوشۇمچە ھۆججىتى ( I ) بويىچە ئارمىيىنى رەتكە سېلىپ تەشكىل قىلىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرى قىلچە تەپ تارتماستىن ئۆز ئارمىيىسىنى زورايتتى. 1946-يىل 9-ئايدا سۇڭ شىليەن ئاتايىن نەنجىڭگە بېرىپ جياڭ جېشى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەسكىرىي كۈچنى كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. كېيىن باش سەنمۇجاڭ چېن چېڭ شىنجاڭ ئارمىيىسىگە 15 مىڭ ئادەمنى كۆپەيتىپ بېرىشنى، ئالدى بىلەن تۆت چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى قۇرۇش، بىر ئاپتوموبىل تۈەنى (300 ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلىغا ئىگە) ئەۋەتىش، 3000 ھەربىي

ئات كۆپەيتىپ بېرىش، بىر قىسىم قورال-ياراغ، ئوق-دورا بېرىشنى تەستىقلىدى.① 11-ئاينىڭ 3-كۈنى جياڭ جيېشىنىڭ جانجىگەرلىرى سىستېمىسىدىن بولغان سۇڭ شىلىيەن شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، جياڭ جيېشىنىڭ جانجىگەرلىرى سىستېمىسىدىن بولمىغان سابىق گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆ لەنجۇغا غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا يۆتكەلدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەربىي جەھەتتىن تەييارلىق قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇش ئىكەنلىكى ناھايىتى روشەن ئىدى.

سۇڭ شىلىيەن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچىدە ئۆزگىرىش بولدى ھەمدە بۇ كۈچلەر قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەسىلەن، كۆپ مىقداردىكى ئەسكىرىي كۈچ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن قارشىلىشىۋاتقان ئالدىنقى سەپ ئىستىھكاملىرىغا ئەۋەتىلدى، ئالتايدىكى ئوسمانغا ئاستىرتىن قورال-ياراغ، ئوق-دورا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن قارشىلىشىشىغا ياردەم بېرىلدى، ۋەھاكازا. بۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تىنچلىق بىتىمىنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتى ( I ) دىكى بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدىكى ئاساسى تېخىمۇ كۈچەيدى ھەمدە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھەربىي قىسىملىرىنى زورايتتى. 1946-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى «بارلىق قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» نى پۈتۈن تېكىستى بىلەن باستى، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: بىز ھازىر بار مىللىي ئارمىيىنى ساقلاپ قېلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىمۇ مىللىي ئارمىيە قۇرۇشىمىز كېرەك. كەڭ ياشلار ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان مىللىي ئارمىيىگە قىزغىنلىق بىلەن بەس-بەستە قاتنىشىپ ھەربىي تەلىم-تەربىيە

① سۇڭ شىلىيەن «25-فېۋرال ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1-نەشرى، خەنزۇچە 102-بەت.

ئېلىشى لازىم. جاڭ جىجوڭمۇ مىللىي ئارمىيىنى رەتكە سېلىپ تەشكىل قىلىش ئۈستىدە توختالغاندا، بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلغان ھەم: «ئەسلىدە دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۈچ ۋىلايەت ھەربىي ئىشلار توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قارىتا خېلى سەمىمىيلىك قىلغانىدى، ئەمما ئالتاي مەسىلىسى (يەنى گومىنداڭ ئوسماننىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە ئاسىيلىق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىشىنى قوللىغان ئالتاي ۋەقەسى — نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) يۈز بەرگەچكە، ھەممە ئىش توختاپ قالدى»، دېگەنىدى.①

ئىككىنچى، ھاكىمىيەت مەسىلىسى ئۈستىدىكى كۈرەش. ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋە ھەرقايسى ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى سايلىمىمۇ ئىككى تەرەپنىڭ ھاكىمىيەت مەسىلىسى ئۈستىدىكى كۈرىشىنىڭ بىر تۈگۈنى ئىدى. سايلام قانۇنى ماقۇللانغان ۋە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سايلام خىزمىتىگە تەييارلىق كۆرۈلدى. 9-ئاينىڭ 13-كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتىنىڭ 9-قېتىملىق يىغىنىدا ئۆلكىلىك سايلام كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي نىزامنامىسى ماقۇللاندى ھەمدە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى سايلىمى ۋە ھاكىملار سايلىمى نازارەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى گۇرۇپپىلارغا ئايرىلدى ۋە ئۇلار بارىدىغان جايلار بېكىتىلدى. شۇ چاغدا ھەرقايسى گۇرۇپپا ئەزالىرىدىن ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي، قاراشەھەر (يەنى بۈگۈنكى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قارىمىقىدىكى جايلار) دىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەتتە تۇرغانلىرى 9-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن بۇرۇن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يىغىلىپ بولۇشى، 22-كۈنى يولغا چىقىپ ۋىلايەتلەرگە بېرىپ سايلامغا نازارەت قىلىشى لازىم، دەپ بەلگىلەندى. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ۋە باشقا قىسمەن ۋىلايەتنىڭ ئەمەلدارلىرى دېگەن مۇددەتتە يېتىپ

① جاڭ جىجوڭ: «نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مەسىلىسى ۋە بىزنىڭ تۈپكى قارىشىمىز ھەم پوزىتسىيىمىز»، 1947-يىل 3-ئاينىڭ 30-كۈنى غەربىي شىمال بارگاھى تۇرۇشلۇق يەردە ئۈرۈمچىدىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت مەسئۇل كادىرلىرىغا قىلغان سۆزىدىن.

كېلەلمىگەنلىكىدىن، 9-ئاينىڭ 19-كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتىنىڭ 10-قېتىملىق يىغىنىدا سايلام نازارەت خادىملىرىنى تەكشۈرۈش يەنە بىر قېتىم مۇزاكىرە قىلىنىپ قارار قىلىندى ھەمدە ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرى ۋە مۇئاۋىن ۋالىيلىرىنىڭ سايلامنى نازارەت قىلىشقا قاتنىشىشىغا بولمايدىغانلىقى قارار قىلىندى.

سايلام خىزمىتى ئەسلىدە دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇشتىكى بىر مۇھىم خىزمەت ئىدى، ئەگەر بۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە، شۈبھىسىزكى، شىنجاڭدا سىياسىي دېموكراتىيىنى يولغا قويۇشقا نىسبەتەن تۈرتكىلىك رول ئوينايتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتتا ھەقىقىي دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما گومىنداڭ دائىرىلىرى سايلامدىن پايدىلىنىپ ھەمدە پو ئېتىپ، ئۆزىنى پەردازلىدى. مەسىلەن، «شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ سايلام قانۇنى شىنجاڭ دېموكراتىك سىياسىيسىنىڭ ئانىسى.»① ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋە ھاكىملارنى سايلاش دەۋر بۆلگۈچ ئىجادىيەت. . . بۇ ھەر قانداق دېموكراتىك ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ تەدبىرلىرى بىلەن پارلاقلىقتا تەڭ تۇرالايدۇ»② ۋەھاكازا دەپ جامائەت پىكرىنى ئالداپ، ئاممىنى ئەخمەق قىلماقچى بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭنىڭ ئالدامچىلىق تەشۋىقاتىنى پاش قىلدى ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنى ئامما ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنى سايلاپ چىقىشقا چاقىردى. بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى، تۇرپان، كۇچا، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا بەزى ئۇيغۇرچە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭدا «ھەممەيلەن بىرلىشىپ، سايلامدا ھەممىگە چات كىرىۋالغانلارنى يوقىتايلى، پارىخورلۇق قىلىپ سايلانغان ئاخۇن، بەگلەرنى ئاغدۇرايلى»

---

① جالڭ داجۇن: «شىنجاڭدا بوران-چاپقۇنلۇق 70يىل» (12)، لەنشى نەشرىيات چەكلىك شىركىتى، 1982-يىلى 3-ئاي نەشرى خەنزۇچە 7148-بەت.

② جالڭ داجۇن: «شىنجاڭدا بوران-چاپقۇنلۇق 70يىل» (12)، لەنشى نەشرىياتي چەكلىك شىركىتى، 1982-يىلى 3-ئاي نەشرى خەنزۇچە 7149-بەت.

دەپ چاقىرىق قىلدى.① 1946-يىل 9-ئاينىڭ 16-كۈنى غۇلجىدا نەشر قىلىنغان ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئۈرۈمچىدە ئومۇمىي خەلق سايلام رىقابىتى قوزغالدى. قوللىرىدا دېموكراتىيە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ، ئاغزىدا دېموكراتىك سىياسىي دەپ توۋلىغان بىلەن، يەنىلا بەزى فېئودال پومېشچىك ۋە باي، ئاخۇنلار سايلاندى، ئۇلار خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى كۆزلىمەيدۇ. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار جاللاتلىق قىلىشنى مەڭگۈ تاشلىمايدۇ، سايلامغا قارشى تۇرمايمىز، ئەكسىچە سايلامغا تېخىمۇ قىزغىن ئاۋاز قوشىمىز، لېكىن، بىز ئۆزىمىز ھىمايە قىلىدىغان ئادەملەرنى سايلايمىز.»② روشەنكى، سايلام باشلىنىش بىلەنلا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كۈرەش بولدى، سايلامنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ، سايلام داۋامىدا كۈرەشمۇ كۈنسايىن كەسكىنلىشىشكە ۋە ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى، ئەمەلىيەتتە كۈرەش گېزىتتە تەشۋىق قىلىنغاندىنمۇ كۆپ مۇرەككەپ بولدى.

سايلام داۋامىدىكى كۈرەش، ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەرقايسى تەرەپ قانۇنلۇق سايلام ئېلىپ بېرىش ۋاستىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش مەقسىتىگە يېتىش ئىدى. چۈنكى ھەممىيلەنگە مەلۇمكى، ئۆزلىرىنىڭ كادىرلىرى تەختكە چىقىپ ھوقۇق ئىگىلىسىلا، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ. ئەلۋەتتە، جايلاردا سايلام داۋامىدىكى كۈرەشنىڭ ئۇسۇلى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلى بىر-بىرىگە ئوخشىمايتتى. ئاقسۇ، يەكەن ۋىلايەتلىرىدە كۈرەشنىڭ تۈگۈنى ئاساسلىقى ئامما بىلەن ئارمىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكى بولدى. ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار گومىنداڭ

① جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدا بوران-چاپقۇنلۇق 70 يىل» (12)، لەنشى نەشرىياتى چەكلىك شىركىتى 1982-يىل 3-ئاي خەنزۇچە 1-نەشرى 7150-بەت.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 255-بەت.

ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ئۇلار سايلام داۋامىدا سىياسىيغىلا ئارىلىشىپ قالماستىن، بەلكى سايلامنىمۇ ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىپ، سىياسىي جەھەتتە داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا، خەلقنى ئېزىشكە ئۇرۇندى، شۇڭا، ئامما ئۇلارغا قارشى تۇردى. شۇ چاغدا سايلام نازارىتى 4-گۇرۇپپىسى ئاقسۇغا بېرىشى بىلەنلا، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە ئۇلارنى قوغداش ۋە بىخەتەرلىكنى ساقلاشنى باھانە قىلىپ قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىپ، ئاممىنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشىنى مەنئى قىلدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە مايىل ۋالىيسى ئابلىز مەخسۇمنىمۇ نەزەربەند ئاستىغا ئالدى. يەنە ھاكىم ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى، سايلام رىقابىتىگە قاتناشماقچى بولغان ئىلغار ياشلار ۋە دېموكراتىك زاتلاردىن ئون نەچچە كىشىنى ئەپيۇن چەككەن، قىمار ئوينىغان دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئالدى ھەمدە ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ سايلام سورۇنى ئەتراپىغا پۇقراچە كىيىنگەن قوراللىق كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. 11-ئاينىڭ 19-كۈنى گومىنداڭنىڭ كۇچادا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسى داۋۇت ۋاڭنى سايلاشنى خالىمىغان كۇچا ئاممىسىغا ئوق چىقىرىپ، شۇ مەيداندىلا يەتتە-سەككىز كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. كېيىن، جاڭ جىجۇڭنىڭ، ھەربىيلەر سىياسىيغا ئارىلاشسا بولمايدۇ، دېپ بۇيرۇق بېرىشى ئارقىسىدا، سايلامدىكى كۈرەش ئاز-تولا پەسەيدى. ئۇنىڭدىن باشقا، سايلام نازارەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇسەيىيىپ داموللا شۇ جايدىكى پومېشچىك، بايلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەتكە مايىل زاتلارنىڭ سايلىنىشىغا كۈچىنىڭ بارىچە توسقۇنلۇق قىلغاچقا، ئاقسۇ، كونىشەھەر ناھىيىلىرىدە ھاكىم ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى سايلىنىپ چىقمىدى. ئاۋات ناھىيىسىدىن باشقا ناھىيىلەردە سايلانغان ھاكىم ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى گومىنداڭ پەرەسلەر بولدى.

يەكەن ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ شىجاڭمۇ قوراللىق كۈچىگە تايىنىپ، جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇيرۇقىغا پىسەنت قىلماي، سايلام نازارەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئاپتوموبىلىنى قانۇنسىز تەكشۈردى ھەمدە جاسۇس

ئورۇنلاشتۇرۇپ سايلام نازارىتى گورۇپپىسى چۈشكەن جايىنى نازارەت قىلىپ، ئاممىغا سايلام نازارىتى گورۇپپىسىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا بولمايدۇ، دەپ تەھدىت سېلىپ، ھەر خىل ئاماللارنى قوللىنىپ سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. يەكەن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئابدۇسالام سايلام نازارىتى گورۇپپىسىدىكىلەرنى قارشى ئالىمىز، دېگەن سۆزنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ ئۇنى خىيانەت قىلدى دېگەن بەتنام بىلەن ئەيىبلەپ، سوت مەھكىمىسىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا 12يىللىق قاماق جازاسى بەرگۈزدى. مەكىت ناھىيىسىنىڭ خەلق سايلاپ چىققان ھاكىمى مويدىن نىياز ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، جۇ فاڭگاڭ تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىلدى. ھەربىيلەرنىڭ سىياسىيغا ئارىلاشقانلىقى ۋە خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، يەكەن ۋىلايىتىدە ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىقىغا ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلانغانلارنىڭ ئىچىدە گومىنداڭ پەرەسلەر كۆپ سانىنى ئىگىلىدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە يەرلىك كىشىلەر بىلەن باشقا جايلاردىن كەلگەن كىشىلەر، ئۈچ ۋىلايەتكە مايىل كىشىلەر بىلەن گومىنداڭ پەرەس كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت گەۋدىلىك بولدى. سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى سايلام نازارەت 3-گورۇپپىسى ھەربىي تەرەپكە ۋە يەرلىك ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەرنىڭ ۋالىيسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم «تىنچلىق بىتىم»نى ھىمايە قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە مايىل بولغانلىقى ئۈچۈن، يوپۇرغا، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدىكى سايلامدا ئۈچ ۋىلايەتكە مايىل، باشقا جايلاردىن ۋاقتىنچە كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەر ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا ھەم ھاكىملىققا سايلاندى. ۋىلايەت بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىقىغا ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلانغانلار ئارىسىدىمۇ ئۈچ ۋىلايەتكە مايىل كىشىلەر كۆپ سانىنى ئىگىلىدى.

خوتەن ۋىلايىتى ئەسلى مۇھەممەتئىمىن پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان رايون بولغاچقا، تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ تەسىرى بىرقەدەر زور بولدى،

سايلام نەتىجىسىدە، ئاز ساندىكى ناھىيىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ ساندىكى ناھىيىلەرنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە مايىل كىشىلەر چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. شۇڭا، ھەرقايسى ناھىيىلەردە سايلانغان ھاكىملار ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى گومىنداڭ پەرەسلەر بولدى. بىر قىسىم ناھىيىلەردە، مەسىلەن، قارىقاش ناھىيىسىدە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىن بولغاچقا، قاتمال ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، 1947-يىل 3-ئايغىچە سايلام خىزمىتى ئورۇندالمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋالىي نۇربەگ (خەنزۇچە ئىسمى خاۋ دېڭباڭ) نىڭ شۇ يەردىكى باي سودىگەر، ئاخۇن، موللا قاتارلىق يۇقىرى تەبىقە فېئودال كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى ۋە ئۈچ ۋىلايەتكە مايىل دېموكراتىك تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ سايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇننىڭ سايلامغا ئارىلىشىپ، ھاكىم، كېڭەش ئەزاسى سايلام رىقابىتىگە قاتناشماقچى بولغان ئىلغار ياشلار ۋە دېموكراتىك تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى تۈرلۈك بەتناملار بىلەن خالىغانچە قولغا ئالغانلىقى تۈپەيلىدىن، 12-ئاينىڭ 20-كۈنى كېرىيە ناھىيىسىدە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇن سايلام سورۇنىغا ئوق چىقىرىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، نەق مەيداندا تۆت ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتىمۇ سايلام ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمىدى. 10-ئاينىڭ 15-كۈنى دۆربىلجىن ناھىيىسىدە ئالتايغا كېتىۋاتقان سايلام نازارىتى 6-گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى تۆبۈزى (قازاق)، گۇرۇپپا ئەزاسى كامالبېك ئوۋاسوپ (قازاق، خەنزۇچە ئىسمى كې بىنچۈەن)، شوپۇر سوڭ قاتارلىق ئۈچ كىشىنى شۇ يەردىكى ئامما ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش ۋە گۇرۇپپىدىكى باشقا ئەزالارنى يارىلاندۇرۇش ۋەقەسى يۈز بەردى. كۆپ تەرەپلىمە تىرىشىش ئارقىلىق، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى ساۋېلىيېف ۋە غۇلجا شەھىرىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى تاباشىنىنى ئوتتۇرىغا چىقىپ كېلىشتۈرۈشكە تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ۋەقە ئاران پەيدىنپەي بېسىقتۇرۇلدى ھەمدە سايلام خىزمىتى ئورۇندالدى.

ئۈچ ۋىلايەتتە ئېلىپ بېرىلغان سايلامدا تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ئالتە ناھىيىنىڭ سايلىمى ئەڭ ئوڭۇشلۇق بولدى، بىر ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپلا سايلام خىزمىتى ئاخىرلاشتۇرۇلدى. سايلام نازارىتى گۇرۇپپىسى باشلىقىنىڭ دوكلات قىلىشىچە، ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئون ناھىيىنىڭ سايلىمى بېلەت تاشلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى يىغىندا ئۆزئارا كۆرسىتىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان. ئالتاي ۋىلايىتىگە سايلام ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن سايلام نازارىتى خادىملىرى دۈربىلجىندە ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن، كېيىن گەرچە شۇ يىلى 12-ئاينىڭ 28-كۈنىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 18-قېتىملىق يىغىنىدا ۋە شۇ يىلنىڭ ئىككىنچى يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 22-قېتىملىق يىغىنىدا ئىككى قېتىم مۇزاكىرە ۋە قارار قىلىش ئارقىلىق، سايلام نازارىتى گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرى ئالماشتۇرۇپ ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئوسماننىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن ئۇ كىشىلەر ئالتايغا بارالماي، ئالتايدىكى سايلام خىزمىتىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويغان.

ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاش ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنى ئېچىشقا كەلسەك، تېخىمۇ قاتمۇ قات زىددىيەت پەيدا بولدى، كۈرەش تېخىمۇ جىددىي بولدى، گەرچە جايلاردا ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاش جەھەتتە مەسىلە ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، بەزىلىرىدە ھەتتا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پەردازلاش ئۈچۈن، يەنىلا 1947-يىل 5-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ 1-سانلىق يىغىنىنى ئاچماقچى بولدى. ئەينى چاغدا ئۈچ ۋىلايەتتىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى 35نەپەر، ئۇنىڭ 20سى ئىلى ۋىلايىتىدىن بولۇپ، ئۇلار: ئابدۇللا، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، نۇردۆلەت، قىيازبېك، كۈنپولات، ئېبردەنى، نۇرساپا، ياسىن خۇدابەردى، مېيىرمان قوجابايېپ، نەبىجان يۈسۈپ، پۈجە، مۇمۇزى، دېلىن، مېھرىمان، چاكەن، ئەنۋەر خانبابا، نىما، ئەسئەت ئىسھاقوپ، ناۋەن ئارىن، ئىبراھىمباي قاتارلىقلار. ئالتاي ۋىلايىتىدىن يەتتە كىشى بولۇپ، ئۇلار:

مامۇت قويابايوپ، ئابدۇراخمان توختايوپ، ئاقىش زاڭگى، ئىبراھىمخان ئوكۇرتاي، قالىمان ئاقەت، ئەنۋەر ئاقبايوپ، قىزىر قاجىنابىي قاتارلىقلار. تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن سەككىز كىشى بولۇپ، ئۇلار: ئابلىمىت ھاجىيوپ، ئابلىز راخمانوپ، نىزامىدىن، نۇرساپا سىيىتجانوپ، ئابىت، ئوندۇرقان، چياڭبو، گۇڭچىلاڭ لاما قاتارلىقلار. ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى بولۇپ سايلانغان بۇ كىشىلەر 5-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك كېڭەش يىغىنىغا قاتناشتى.

5-ئاينىڭ 29-كۈنى ئۆلكىلىك كېڭەش تەييارلىق يىغىنى ئېچىپ، ئاۋۋال ھەيئەت رىياسىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى، ھەيئەت رىياسىتى تەركىبىدە 11 ئەزا بولدى، ئۇلار: ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدىن چېن فاڭبو، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن مالەنسۇن، قاراشەھەر ۋىلايىتىدىن موھىددىن، ئالتاي ۋىلايىتىدىن قالىمان ئاقەت، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن ئابلىمىت ھاجىيوپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن يۇسۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئەسئەت ياقۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتىدىن ئىسمايىل، ئىلى ۋىلايىتىدىن سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، خوتەن ۋىلايىتىدىن قېيۇم خوشۇر، يەكەن ۋىلايىتىدىن ئابدۇرېھىم. يىغىندا چېن فاڭبو بىلەن سەيدۇللا سەيپۇللايوپ (ئايرىم-ئايرىم ھالدا يەتتە ۋىلايەت ۋە ئۈچ ۋىلايەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ) ھەيئەت رىياسىتىنىڭ باش ۋەكىلى ۋە يىغىن رىياسەتچىلىكىگە كۆرسىتىلدى.

ھەيئەت رىياسىتى يىغىنى باشلىنىش بىلەنلا كەسكىن كۈرەشلەر يۈز بەردى. 5-ئاينىڭ 31-كۈنى، ھەيئەت رىياسىتى تۇنجى قېتىملىق يىغىن ئېچىپ، يىغىننىڭ كۈنتەرتىپىنى مۇزاكىرە قىلدى، ئىلىنىڭ ۋەكىلى سەيدۇللا سەيپۇللايوپ كېڭەش ئەزالىرى ئاۋۋال مەمۇرىي دوكلات بېرىشى كېرەك، ھەمدە دوكلات كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. يەتتە ۋىلايەتنىڭ كېڭەش ئەزالىرىدىن يۇسۇپ ئىسمايىل، مالەنسۇن قاتارلىقلار ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى، قايتا-قايتا تالاش-تارتىش قىلىش ئارقىلىق ئۇ كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلدى.

6-ئاينىڭ باشلىرىدا ھەيئەت رىياسىتى 2-قېتىملىق يىغىن ئېچىپ،

كېڭەش ئەزالىرىنىڭ لاياقىتىنى تەكشۈردى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرى، ھەيئەت رىياسەتنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق لاياقەتلىك دەپ قارىغانلارنى يىغىنغا قاتناشتۇرسا بولىدۇ، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. يەتتە ۋىلايەتتىن بولغان كېڭەش ئەزالىرى، سايلام ئىشلىرى ئورنى تەكشۈرىدۇ، ھەيئەت رىياسەتنىڭ تەكشۈرۈش ھوقۇقى يوق، دەپ تەشەببۇس قىلدى. مۇزاكىرە نەتىجىسىدە ھەيئەت رىياسەتنىڭ باش ۋەكىلى سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، چېن فاڭبو بىلەن سايلام ئىشلىرى ئورنى بىرلىكتە ھەيئەت رىياسەتنىڭ 3-قېتىملىق يىغىنىنى ئېچىش ۋاقتىنى ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسىنى بېكىتىدىغان بولدى، كېڭەش ئەزالىرىنىڭ لاياقىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتەلمىگەنلىكتىن يىغىن تارقىلىپ كەتتى.

ئەينى چاغدا كېڭەش ئەزالىرىنىڭ لاياقىتى جەھەتتە قالايمىقانچىلىق ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىدى، بەزىلەر مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئىلى ۋىلايىتىدىن ئەسلىدە 12 ئادەم ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلانغانىدى، لېكىن ھازىر ئەمەلىيەتتە 20 ئادەم تىزىمغا ئالدۇردى، بەلگىلەنگەن ساندىكىدىن سەككىز ئادەم ئارتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە 20 ئادەمنىڭ ئىچىدە ئون ئادەمنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ئەسلىدىكى ئىسىم-فامىلىسىگە ئۇيغۇن كەلمىدى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن ئەسلى سايلانغىنى ئاران يەتتە ئادەم ئىدى، لېكىن سەككىز ئادەم تىزىمغا ئالدۇردى، بۇنىڭدا بىر ئادەم ئارتۇق، بۇلارنىڭ ئىچىدە بەش ئادەمنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ئەسلىدە سايلانغانلارنىڭ ئىسىم-فامىلىسىگە ئۇيغۇن كەلمىدى. قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئەسلى 20 ئادەم سايلانغانىدى، لېكىن يىغىنغا تىزىمغا ئالدۇرغىنى 22 ئادەم بولۇپ، ئەسلىدە بېكىتىلگەن ساندىكىدىن ئىككى ئادەم ئارتۇق، بۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ يەتتە ئادەمنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ئەسلىدە سايلانغانلارنىڭ ئىسىم-فامىلىسىگە ئۇيغۇن كەلمىدى. بۇ يەردە ئۈچ ۋىلايەتتىن ياكى يەتتە ۋىلايەتتىن بولسۇن، يىغىنغا قاتناشقىلى كەلگەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ سانى ئەسلىدە بەلگىلەنگەن ساندىن كۆپ بولۇپلا قالماي، بەلكى، كېڭەش ئەزاسى بولۇپ سايلانغانلار يىغىنغا قاتناشقىلى كەلمىدى، يىغىنغا قاتناشقىلى كەلگەنلەر سايلامدا قېپقالغانلار ئىكەن، شۇڭا، ئاۋۋال

ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ لاياقەتسىزلىكىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، رەسمىي يىغىننى ئېچىشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن، شۇ چاغدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەتلەردىن بولغان ھەيئەت رىياسەتنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا كەلگەن ۋەكىللەرنى قانۇنىي ئادەم سانى دەپ قاراش ھەمدە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك لاياقەتىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك، ئۇنداق بولمىسا شۇ ۋىلايەتتىن كەلگەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى يىغىنغا قاتنىشىشنى رەت قىلىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. ۋەكىللەرنىڭ لاياقىتى مەسىلىسىدىلا ھەر ئىككى تەرەپ توختىماي تالاش-تارتىش قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ۋەكىللەرنىڭ لاياقىتى بېكىتىلگەندىن كېيىن يىغىننى ئېچىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنىڭ ۋاقتى ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى يەنە بىرلىشىپ، «پۈتۈن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋە قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» ئېلان قىلىپ، ئاقسۇ، خوتەن، يەكەن ۋىلايەتلىرىنىڭ ھاكىم ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلام جەريانىدىكى كۆز بويامچىلىق قىلغان «سايلامنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى» نى ئېچىپ تاشلىدى ھەمدە «تىنچلىق بىتىمى» ئاقسۇ، خوتەن، يەكەن ۋىلايەتلىرىدە ئەمەلگە ئاشمايلا قالماستىن، شۇ يەردىكى خەلقنىڭ «تىنچلىق بىتىمى» نى ئىجرا قىلىشقا قاتتىق ھەۋەسلىك بولۇشىغا، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى تارتقان زۇلۇمنى ناھايىتى قىلىن كىتاب قىلىپ يازسىمۇ يېزىپ بولغىلى بولمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئەت رىياسەتى يىغىنىدا يەنە گومىنداڭ قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلىش ۋە مەسئۇد (1947-يىل 5-ئاينىڭ 20-كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇپ، مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى) نى ئۆلكىنىڭ رەئىسى قىلىشقا قارشى تۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەردە كەسكىن كۆرەش ئېلىپ بېرىلدى.

6-ئاينىڭ 9-كۈنى، جاڭ جىجوڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى ئوسمان داموللا قاتارلىق ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ 40 نەچچە ئەزاسىنىڭ بىرلىشىپ يازغان خېتىگە جاۋاب خەت يېزىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «(1) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشى 〈تىنچلىق بىتىم〉نىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ھەرگىزمۇ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. لېكىن، ئۆلكە ئىچىدىكى ھەرقانداق ۋىلايەت، ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ چەكلىمىسىدە بولۇشى شەرت، بۇنىڭدىن چەتتە قېلىشقا بولمايدۇ. (2)〈تىنچلىق بىتىم〉دە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلىش ئۈستىدە نامزات چەكلىمىسى يوق. مەركەزمۇ ۋە ئۈچ ۋىلايەتمۇ ئۆزى كۆرسەتكەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ سانى ئىچىدە خالىغان ۋاقىتتا يۆتكەپ تەڭشىسە بولىدۇ. (3) مەركەز ئۆزى چىقارغان بۇيرۇقنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. (4) ئۆزۈم 〈تىنچلىق بىتىم〉نىڭ تولۇق ئىجرا قىلدۇرۇلۇشىغا داۋاملىق مەسئۇل بولىمەن. (5) ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشى تېخى تۈگىتىلمىدى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قوشۇنلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش، ساناپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە دۆلەت چېگرىسىنى قوغداش قوشۇنلىرىنى كىرگۈزۈش قاتارلىق ماددىلار تېخى تولۇق ئىجرا قىلىنمىدى. ھەرقايسىلىرىنىڭ خەلق ۋەكىلى سۈپىتىدە، ‹تىنچلىق بىتىم›نى بالدۇرراق تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپرەك يول كۆرسىتىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. (6) ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ يىغىنىنى ئوڭۇشلۇق ئېچىپ دېموكراتىك سىياسىي ۋە تىنچ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاساس سېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.»①

قاتمال ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك كېڭەش يىغىنىنى بالدۇرراق ئېچىش ئۈچۈن، لىۋ مېڭچۈننىڭ تەكلىپى بىلەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى لىۋ مېڭچۈن، ۋاڭ

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 9-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 311 — 312-بەتلەر.

زېڭشەن، رەھىمجان سابىرھاجى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ليۇ زېرۇڭ، چۇي ۋۇلاردىن تەركىپ تاپقان يەتتە كىشىلىك گۇرۇپپا قۇرۇشنى قارار قىلدى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئومۇمەن يىغىندا ئوتتۇرىغا چىققان بارلىق مەسىلىلەردىن ھەيئەت رىياسىتى ھەل قىلالمىغانلىرىنى يەتتە كىشىلىك گۇرۇپپىنىڭ يىغىندا مەسلىھەتلىشىشكە سۇنۇش، قارار قىلىنغان ھامان ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

6-ئاينىڭ 11-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى يەتتە كىشىلىك گۇرۇپپىنىڭ 1-قېتىملىق يىغىنىنى چاقىرىپ مۇنۇلارنى قارار قىلدى: (1) ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئىسمىلىكىدىن ئەسلى سايلانغانلارنىڭ ئىسىملىكى بىلەن ئوخشاش چىقمىغانلارنىڭ سالاھىيىتى سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇلار تورۇشلۇق ناھىيىلىك كېڭەش ئىسپاتلىغاندىن كېيىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. (2) ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىدىن سايلىنىدىغان ساندىن ئېشىپ كەتكەنلىرى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. لېكىن، يىغىنغا سىرتتىن قاتنىششقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. (3) ئىلىدىن كېلىپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرغان خۇيزۇ، شىبە، داغۇر، مانجۇ مىللەتلىرىدىن بولغان بىردىن ۋەكىل ئۈستىدە تەييارلىق باشقارمىسى خۇيزۇ، شىبە، داغۇر، مانجۇ باش مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ. (4) ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ئىچىدىكى ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەمەلدارلار ۋە ئوفىتسېرلار، ساقچى ئەمەلدارلاردىن سايلانغانلار ئۆلكىگە كېلىپ بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. (5) سالاھىيىتى توشمىغانلارنىڭ يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.①

6-ئاينىڭ 13-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى يەنە بىر قېتىم يەتتە كىشىلىك

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر جوڭگو ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 313-بەت.

گورۇپپىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ مۇنۇلارنى قارار قىلدى: «(1) ئىلى ۋىلايىتىدىن بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئىسمىلىكىدىن ئەسلى سايلانغانلار ئىسمىلىكى بىلەن ئوخشاش بولمىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى ھەرقايسى ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ ئىسپاتى بولسا ياكى تېلېگرامما ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلغان بولسا، ئېتىراپ قىلىنىشقا بولىدۇ. (2) تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن بولغان تۆت نەپەر ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسىنىڭ كۆپىنچىسى ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەمەلدار بولغانلىقى ئۈچۈن، يىغىنغا قاتناشسا بولمايدۇ. شۇ يەردىن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا يېڭىدىن سايلانغانلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ يىغىنغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىدىن بولغان ئىسمى ئوخشاش چىقمىغان يەتتە نەپەر ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسىغا كەلسەك، ھەرقايسى ناھىيىلىك كېڭەشكە تېلېگرامما بېرىپ سوراپ، ئىسپاتلايدىغان جاۋاب تېلېگرامما ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلار يىغىنغا قاتناشسا بولىدۇ. (3) ئىلىدىكى خۇيزۇ، شىبە، داغۇر، مانجۇ مىللىتىدىن سايلىنىدىغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى نامزاتىنى ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى شۇ مىللەتنىڭ باش مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى بىلەن بىۋاستە مەسلىھەتلەشسە بولىدۇ. (4) سالاھىيىتىدە مەسىلە كۆرۈلگەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋاقىتىنچە يىغىنغا سىرتتىن قاتناشسا بولىدۇ.»① ناھايىتى روشەنكى، بۇ تۆت تۈرلۈك قارارنى چىقىرىشتىكى مەقسەت مادارا قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يىغىننىڭ باشلىنىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئىدى. لېكىن، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ھەر ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىش يەنىلا توختىمىدى، شۇڭا، قاتمال ۋەزىيەت يەنىلا بۇزۇپ تاشلانمىدى.

20كۈندىن كېيىن، يەنى 7-ئاينىڭ 3-كۈنى جاڭ جىجۇڭ يەنە ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئەخمەتجان قاسىمى

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 313-بەت.

رىياسەتچىلىكىدىكى يەتتە كىشىلىك گۇرۇپپىنى چاقىرىپ، بىرلەشمە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، قارشىلىشىۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپنى ئۆزئارا يول قويۇپ، نۆۋەتتە يىغىن ئېچىلمايۋاتقان قاتمال ۋەزىيەتنى يۇمشىتىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇندا ئۈچ قېتىم مەسلىھەتلەشكەن بولسىمۇ نەتىجە چىقمىدى. بۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ روزا ھېيتى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، قەشقەردىن كەلگەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى يىغىننى ۋاقتىنچە توختىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، بۇ تەكلىپ يىغىنغا قاتنىشىدىغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشتى. 7-ئاينىڭ 9-كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدىن بولغان 24 نەپەر ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، قاراشەھەر ۋىلايىتىدىن بولغان بىردىن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى ۋە تۇرپان ناھىيىسىدىن بولغان ئىككى نەپەر ۋەكىل بولۇپ جەمئىي 29 كىشى ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا كەتتى. باشقا ۋەكىللەرمۇ ئۆز جايىغا قايتىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل داۋراڭ سالغان ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك كېڭەش يىغىنى توختىماي تالاش-تارتىش بولغان ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن ئېچىلماي بەربات بولدى.

شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا ھەقىقىي دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت — ھەر خىل كۈچلەرنىڭ ۋاقىتلىق مۇرەسسە قىلىشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئۆز مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاش ئۈچۈن جىددىي كۈرەش قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋاقىت جەھەتتىكى تەييارلىق تولۇق بولمىدى، سايلام داۋامىدا كۆرۈلگەن بەزى مەسىلىلەرمۇ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىدى. شۇڭا، ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنى ئېچىشنىڭ بەربات بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.

ئۈچىنچى، ئۈرۈمچىدىكى «25-فېۋرال ۋەقەسى». 1947-يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «25-فېۋرال قانلىق ۋەقەسى»مۇ بىر قېتىملىق ئىنتايىن كەسكىن كۈرەش بولۇپ، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئەسلىدىكى بىردەم ئاشكارا، بىردەم يوشۇرۇن

بولۇشتىن ئاشكارا بولۇش، كەسكىن بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ۋاقتى قىسقا، كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى قانلىق ۋەقە يۈز بېرىشىنىڭ چوڭقۇر يىلتىزى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەم ئىچكى ئامىل، ھەم تاشقى ئامىل بار، ئاساسلىقى ئىككى تەرەپ زىددىيىتىنىڭ كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى.

پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن جياڭ جېشى گۇرۇھى پەنىمۇ تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىچكى ئۇرۇشنى جىددىيلەشتۈردى، بۇ مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىدە مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلدى، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىمۇ مۇقەررەر ھالدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، كوممۇنىستىك پارتىيە پەرەس، سوۋېت پەرەس ئىلغار كۈچلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، تىنچلىق بىتىمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. «25-فېۋرال» ۋەقەسى يۇقىرىقىدەك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتە يۈز بەردى.

«25-فېۋرال» قانلىق ۋەقەسى دېگىنىمىز، 1947-يىل 2-ئاينىڭ 25-كۈنى ئۆلكە مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدە ئامما يىغىلىپ نامايىش قىلىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان توقۇنۇشتا يۈز بەرگەن بىر مۇنچە ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىش سىياسىي ۋەقەسىنى كۆرسىتىدۇ.

1947-يىل 2-ئاينىڭ 20-كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە 500چە ئۇيغۇر ياشلىرى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا يىغىن ئاچتى، يىغىنغا ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇلئەخەت مەخسۇم①رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم يىغىندا نۇتۇق

① ئابدۇلئەخەت مەخسۇم (1915 — 1970): شىنجاڭ ئاتۇشتىن، ئۇيغۇر، زىيالىي، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلىشىنىڭ ئالدىدا ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىپ، «ئويغان» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۈرلۈك ماللار-يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1970-يىلى ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

سۆزلەپ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە كەلتۈرگەن خىلمۇ خىل ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىدى، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىشنى، مەركەز قوشۇنىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ سۆزى يىغىندا قاتناشقانلارنىڭ قوللىشى ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى. يىغىندىن كېيىن، ياشلار ئۇنلۇك شوئار توۋلاپ، نامايىش ئۆتكۈزدى، نامايىشچىلار قوشۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇ مېڭچۇنگە 30 نەچچە تۈرلۈك تەلەپ قويدى، ئۇلار چۈشتىن كېيىن سائەت بەشكە بارغاندا ئاندىن تارقاشتى.

ئەتىسى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يەنە نەچچە يۈز كىشى قاتناشقان نامايىش تەشكىللىدى، نامايىشچىلار قوشۇنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئالدىغا بېرىپ، باش كاتىپقا 50 نەچچە ماددىلىق تەلەپ قويدى ھەم 72 سائەت ئىچىدە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

مەركەز قوشۇنى ئىچكىرىگە قايتىپ كەتسۇن؛

ئاقسۇ، قەشقەرلەردە مىللىي ئارمىيە قۇرۇلسۇن؛

ئارمىيە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمىسۇن، ھەربىي ـ ساقچىلارنىڭ خەلقنى ئېزىشى قاتتىق مەنئى قىلىنسۇن؛

ھەربىي ئوفىتسېرلەر مەكتىپى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان كادىر تەربىيىلەش كۇرسىغا ئۆزگەرتىپ بېرىلسۇن؛

مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلىرى بىردەك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەۋە بولسۇن؛

«تىنچلىق بىتىم» ئىجرا قىلىنىپ، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ 70 پىرسەنتى يەرلىك ئادەملەردىن بولسۇن؛

خەلق سايلام خىزمىتى قايتىدىن دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلسۇن، ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرى يەرلىك كىشىلەردىن بولسۇن؛

ئۈرۈمچى ۋالىيسى خادىۋاڭ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى سالىس، قۇمۇل ۋالىيسى يولۋاس، يەكەن ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ،

خوتەن ۋالىيسى نۇربەگ (خەنزۇچە ئىسمى خاۋ دېڭباڭ) لەر يەڭگۈشلىنىۋېتىلسۇن؛
ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلسۇن، ئەدلىيىنى خەلق ئۆزى باشقۇرسۇن؛
دىنىي نازارەت تەسىس قىلىنسۇن؛
مالىيە نازارىتى دېھقانلارغا ئون ئايلىق پۇل قەرز بېرىشى ھەمدە ئۇرۇق، كالا، قوي، دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا قەرز بېرىشى، قول ھۈنەرۋەنلەرگە بىر يىللىق پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇشى، سودىگەرلەرگە ئالتە ئايلىق پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇشى كېرەك؛
سودا بانكىسىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلسۇن؛
ئىشسىز قالغان خەلق قۇتقۇزۇلسۇن؛
ئۆلكىلىك دوختۇرخانىلار تەرتىپكە سېلىنسۇن؛
ئىلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان مۇزداۋان يولى تېز ئېچىۋېتىلسۇن؛
«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ خەنزۇچە نەشرى توختىتىلسۇن؛
باج ئىدارىسى، سۇچىلىق ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن؛
ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ پۇللىرى ئۆزۈل-كېسىل ئېنىقلانسۇن.

ئەينى چاغدا، باش كاتىپ ليۇ مېڭچۈن بۇ ناھايىتى زور مۇھىم ئىشلار بولغاچقا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى يىغىنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، دېدى. بۇنىڭ بىلەن غەزىپى ئۆرلىگەن ئامما ۋاقىتنىچە ئاستا - ئاستا تارقىلىپ كېتىشتى.

22-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتىنىڭ جىددىي يىغىنىنى ئاچتى. جاڭ جىجۇڭ نەنجىڭگە يىغىنغا كەتكەنلىكى ئۈچۈن، يىغىنغا مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدى ئاممىنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سايلامغا توسقۇنلۇق قىلغان يەكەننىڭ ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭنى يەڭگۈشلىنىۋېتىش توغرىسىدىكى

پىكرىنى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ يەنە سەككىز تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى گومىنداڭ پەرەس ۋالىيلارنى يەڭگۈشلىۋېتىش ئىدى. كېيىن، ليۇ مېڭچۇن، ۋاڭ زېڭشەن، جانىمقان قاتارلىقلار بۇنىڭغا قارشى چىقتى، ئىككى تەرەپنىڭ توختىماي تالاش-تارتىش قىلىشى ئارقىسىدا، ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. يىغىن چۈشتىن كېيىن داۋاملاشقان بولۇپ، يىغىندا ئەخمەتجان قاسىمى تەلەپ قويغۇچىلارنىڭ ۋەكىلى ئۆز پىكرىنى بايان قىلسۇن، دەپ تەكلىپ بەردى. ئابدۇلئەخەت مەخسۇم يىغىندا يەنە تۇنۇگۇن نامايىش قىلغاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەرنى قايتا تەكىتلىدى ھەمدە شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا ئەزالاردىن «سىلەر شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئاز-تولا ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلامسىلەر ياكى خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىپ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىشنى ئويلامسىلەر؟» دەپ سورىدى، زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئەخمەتجان قاسىمى خوتەننىڭ ۋالىيسى خاۋ دېڭباڭ (ئۇيغۇرچە ئىسمى نۇربەگ) بىلەن يەكەننىڭ ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭنى، شۇنىڭدەك ئاقسۇنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى توشلياڭ (قىرغىز، توختامىش) نى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ تەكلىپ شۇ ھامان ماقۇللاندى.

شۇ كۈنى كەچتە گومىنداڭنىڭ پىرقىسى ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئىشپىيونلارنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرىدىن سۇڭ شىلىيەن (شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى)، ليۇ رېن (غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ سەنمۇجاڭى)، چېن شىخاۋ (گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ مۇدىر ئەزاسى)، شيې يۈڭشۈن (گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ شۇجىجاڭى)، ليۇ مېڭچۇن (ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى)، ۋاڭ زېڭشەن (ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى)، لياڭ كېشۈن (شىنجاڭ گارنىزونى باش شتابى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، شېن جىڭ (شىنجاڭ گارنىزونى قوماندانلىق شتابىنىڭ سەنمۇجاڭى)، ياڭ ۋېي (گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ ئەزاسى، «جۇڭتۇڭ» ئىشپىيونلىرىنىڭ تايانچىسى)

ليۇ ياجيې (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، ماچېڭشياڭ (ئاتلىق ئەسكەرلەر 1-شىنىڭ شىجاڭى)، بې چېڭ (78-جۈننىڭ جۈنجاڭى)، لو شۈرېن (46-شىنىڭ شىجاڭى قوشۇمچە ئۈرۈمچى گارنىزونىنىڭ قوماندانى)، شې ۋېنشۈەن، ياۋ تېيشېن (ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى، ھەر ئىككىسى «جۇنتۇڭ» ئىشپىيونلىرىنىڭ تايانچىسى) قاتارلىق كىشىلەر يىغىن ئېچىپ تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى مۇھاكىمە قىلدى. يىغىندا نامايىش ئارقىلىق نامايىشقا تاقابىل تۇرۇش، تەلەپ قويۇش ئارقىلىق تەلەپ قويۇشقا تاقابىل تۇرۇش فاڭجېنى ۋە تاكتىكىسىنى بېكىتتى، ليۇ مېڭچۈن، شيې يۈگسۈن، لياڭ كېشۈنلەر كېچىلەپ بىر تۈركۈم گومىنداڭ ھەربىي - ساقچىلىرى، گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى، غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ خىزمەتچىلىرى، سەنچىڭتۇەن ئەزالىرىنى تايانچ قىلىپ، مۇساپىرلار قىياپىتىدە ياساندۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەتتىن ئۆلكە مەركىزىگە قېچىپ كەلگەن خادىملار ئارىسىغا كۆز بوياپ كىرىۋېلىپ ھەرىكەت قىلىشقا تەشكىللەشنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئارقىلىق «ئۈرۈمچى شەھەر خەلق تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش ئۇيۇشمىسى» تەشكىللىدى، قازاق، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىمۇ ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن، 24-كۈنى قازاق، خۇيزۇ ئاممىسىدىن تەركىب تاپقان 5000 — 6000 كىشىلىك قوشۇن شەھەر ئەتراپى رايونلىرى ۋە باشقا ناھىيىلەردىن ئۆلكە مەركىزىگە ئاتلىق كەلدى. ئۇلار نامايىش قىلىش داۋامىدا يول بويى «مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىمىز!» «شىنجاڭ 14 مىللەتنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭلا شىنجاڭى ئەمەس!» «ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشىغا قارشى تۇرايلى!»، «ئەخمەتجان، ئابباسوپلارنى يوقىتايلى!» دېگەن شوئارلارنى توۋلاشتى ھەمدە 21-كۈنى ئامما ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپنىڭ مەزمۇنىغا قارىتىپ ئەخمەتجان قاسىمىغىمۇ 26 ماددىلىق تەلەپنى قويدى. قازاقلار يەنە خادىۋاڭ، سالىس، ئوسماننى ھىمايە قىلىمىز، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ھۆكۈمەت خەلقنىڭ پىكرىنى

قوبۇل قىلمىسا، مەسىلىلەرنى ئۆزىمىزنىڭ دىنىي ئۆرپ-ئادەتى ۋە شەكلى بويىچە ھەل قىلىمىز، دەپ جار سالدى.

25-كۈنى ئۆلكە مەركىزىنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ جىددىيلەشتى، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق ئاممىسى ۋە ئاما ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان پۇقراچە كىيىنىۋالغان ھەربىي-ساقچى خادىملىرى، سەنچىڭتۇمەن ئەزالىرى قاتارلىقلار بولۇپ 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئۆلكىلىك خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى باشلىقىنىڭ باشچىلىقىدا تەشكىللىك ھالدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئالدىغا تەلەپ قويۇشقا باردى. تەلەپ قويغۇچى ئاما كۆرسەتكەن ئون نەچچە نەپەر ۋەكىل 26 ماددىلىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ جاۋاب بېرىشى ۋە ھەل قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

تىنچلىق بىتىمىنى ئۆزۈل-كېسىل يولغا قويۇپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ چېگرىسىنى دۆلەت ئارمىيىسى مۇھاپىزەت قىلىشى كېرەك؛

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ يەرلىك قوراللىق كۈچلىرىنى تىنچلىق بىتىمىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش كېرەك؛

غۇلجا ۋەقەسى مەزگىلىدە شۇ جايدىكى بىگۇناھ ئاھالىلەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى قاتتىق جازالاش كېرەك؛

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بىلەن نەپىقە بېرىش كېرەك؛

مۇساپىرلارغا قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىش ۋە ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك؛

شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇنغان «شەرقىي تۈركىستان» بىلەن شۇغۇللىنىش ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش كېرەك؛

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئارىسىدا كەمسىتىش

ۋە ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىشقا قارشى تۇرۇش كېرەك؛

جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئۇنسۇرلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك؛

شۇنىڭدەك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش، خىيانەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا ماقۇللانغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنى ھەقىقىي تۈردە يولغا قويۇش دېگەنگە ئوخشاش تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ۋاقتىنچە بىرقانچە ئۇستەل بىلەن جابدۇلغان سەھنىگە چىقىپ، ئاممىغا بىر سائەتچە نۇتۇق سۆزلىدى، لېكىن، ئامما ئارىسىغا كۆز بوياپ كىرىۋالغان بۇزۇق ئۇنسۇرلار كىشىلەر ئارىسىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن پايدىلىنىپ چۇقان كۆتۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى بارغانسېرى قاتتىق بولدى. ئەخمەتجان قاسىمى نۇتقىنى داۋاملاشتۇرالماي، سەھنىدىن چۈشۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقا بەزى ئەزالىرى بىلەن بىرگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. دەرھال ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دەرۋازىسى مەھكەم تاقىۋېتىلسۇن دېيىپ بۇيرۇق بېرىلدى. ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شىتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى داڭ بىگاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىدا مۇھاپىزەتچىلىك قىلىۋاتقان 40 — 50 ئەسكەرگە بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ، قورالنى ئوقلاپ، مۇھاپىزەتنى چىڭىتتى.

ئارقىدىنلا مەيداندا ئامما ئۆز ئارا ئۇرۇشۇش ۋەقەسى كۆرۈلدى. بىر ئۇيغۇر ئامما ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، ئىككى — ئۈچ ئادەم يارىلاندى. كېيىن ساقچىلارنىڭ ئارىلىشىشى ئارقىسىدا بۇ مەيدان قالايمىقان ئادەم ئۇرۇش ھەرىكىتى توسۇپ قېلىندى.

تەلەپ قويىدىغان «ئامما» ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا داۋاملىق غوۋغا كۆتۈردى. بۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنى قاتتىق بېسىۋېلىپ، بەزىلەرنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئارقا قورۇسىدىكى ياتاق ئۆيىنىڭ توگلىنىكىدىن چىقىپ كېتىشى، دېگەن تەكلىپىنى رەت قىلدى ھەمدە

مۇنداق دېدى: «ئۇلار بېسىپ كىرسە، مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرسۇن، مەن قورقمايمەن!»① ئۇ يەنە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى دالىڭ بىگاڭغا مۇنداق دېدى: «سېنىڭ ئالدىڭدا ئىككى يول بار، بىرى، سەن چىقىپ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىڭنى ئارقىغا ياندۇرۇپ ھۆرمەت قەدەم بىلەن قايتۇرۇپ كەت، بىزمۇ نەنگۇەنگە بېرىپ خەلق ئاممىسىنى تارقىلىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىمىز، بۇ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش چارىسى؛ يەنە بىرى، دەرۋازىنى چوڭ ئېچىۋېتىپ، ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىڭگە بىزنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەت. بۇنىڭ بىلەن بۈگۈن ئۈرۈمچىدە، ئەتە پۈتۈن شىنجاڭدا قان تۆكۈلىدۇ، بۇ ئىككى يولنى ئۆزۈڭ تاللىۋال.»② بۇ چاغدا سۇڭ شىليەن ۋەقەنىڭ ئېغىرلىقىنى ھەم ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى، ئەگەر ۋەقە يەنىمۇ كېڭىيىپ كەتسە، يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇ ياجيېنى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ نەسىھەت قىلىش ۋە بۇ خىل زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى توسۇشقا مەسئۇل بولۇشقا ئەۋەتىشكە ھەمدە ئۈرۈمچى گارنىزونىنىڭ قوماندانى لو شۇرېنغا دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ، ئېھتىيات قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

شۇ كۈنى سۇڭ شىليەن ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەنى جياڭ جيېشىغا تېلېگراما ئارقىلىق مەلۇم قىلدى ھەمدە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشنى تەستىقلاشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېلېگراما ئارقىلىق نەنجىڭدىكى جاڭ جىجۇڭغا خەۋەر قىلىپ، ئۇنىڭدىن بالدۇرراق ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىشنى ئۆتۈندى.

2-ئاينىڭ 27-كۈنى، جياڭ جېشى سۇڭ شىليەنگە تېلېگراما ئەۋەتىپ، ۋەزىيەتنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشنى تاپىلىدى ھەمدە ھەربىي

① سۇڭ شىليەننىڭ بايانى: «قولچوماق گېنېرال»، خەنزۇچە 232-بەت، جۇڭگو تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى، 1986-يىل 7-ئاي نەشرى.

② ئابدۇكېرىم ئابباسوپ: «ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن 25-فېۋرال قانلىق ۋەقەسى ھەققىدە خاتىرە»، «شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى» 12-سانىنىڭ خەنزۇچە 57 — 58-بەتلىرىگە قارالسۇن.

ھالەت يۈرگۈزۈشنى تەستىقلىدى، سوۋېت شىلىيەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال لو شۈرېنغا ئۈرۈمچى گارنىزون قوماندانلىق شتابىدىن نامىدىن پۈتۈن شەھەردە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشتە مۇنداق بەلگىلەندى: ئومۇمەن كوچىغا چىققان ماشىنا، هارۋا، ئاتلىق ئادەم ۋە باشقا قاتناش قوراللىرىنىڭ، شۇنىڭدەك ھەربىي قوشۇن، سانائەتچى، سودىگەرلەرنىڭ ئاپتوموبىللىرىنىڭ يولخېتى بارلىرىدىن باشقا ھەممىسى بىردەك تەكشۈرۈلىدۇ؛ ئومۇمەن يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشۇش قاتارلىقلار بىردەك چەكلىنىدۇ؛ پوچتا يوللانمىلىرى، خەت-چەك، تېلېگرامما قاتارلىقلار خالىغانچە ئېچىپ كۆرۈلىدۇ، تۇتۇپ قېلىنىدۇ ياكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ ئومۇمەن تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەربىي ئىشلارغا دەخلى يەتكۈزىدۇ، دەپ قارالغان خەۋەر، ژۇرنال، ئېلان، لوزۇنكا قاتارلىقلار ئېلىپ تاشلىنىپ، گۇمانلىق دەپ قارالغان ئىمارەتلەر تەكشۈرۈلىدۇ. ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش بۇيرۇقىدا يەنە مۇنداق بەلگىلەندى: خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولسا، ئىچكى مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇش جىنايىتى، تاشقى ئاپەت كەلتۈرۈش جىنايىتى، تەرتىپكە كاشىلا قىلىش جىنايىتى، جامائەتكە خېيىم-خەتەر يەتكۈزۈش جىنايىتى، ھۆججەت ـ ئالاقە، قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە ۋە تامغا-مۆھۈر ئويدۇرۇپ ياساش جىنايىتى، قاتىللىق جىنايىتى، ئەركىنلىككە كاشىلا يەتكۈزۈش جىنايىتى، بۇلاڭچىلىق جىنايىتى، ئوغرىلىق جىنايىتى، تەھدىت سېلىش ۋە ئادەم باغلاپ ئەكېتىش، قاقتى-سوقتى قىلىش جىنايىتى، بۇزۇپ تاشلاپ زىيان سېلىش جىنايىتى قاتارلىق خىلمۇ خىل جىنايەتلەر بىلەن ئۈرۈمچى گارنىزون قوماندانلىق شتابى ياكى سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باش كاتىپ ليۇ مېڭچۈن، دىپلوماتىيە ئالاھىدە خادىمى ليۇ زېرۇڭ، شەھەر باشلىقى چۈي ۋۇ قاتارلىقلار مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ نەنلىياڭدىكى ئۆيىگە بېرىپ، ئۆلگەنلەرنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى.

3-ئاينىڭ 5-كۈنى، ژاندارما ئەترىتى، ساقچى ئىدارىسى بوجاڭ، جياجاڭلار بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدا نوپۇس تەكشۈرۈشنى باشلىدى ھەمدە نەنلياڭ رايونىدا پاراكەندە سېلىپ ۋە ئادەم تۇتۇپ، خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلىپ، ئاق تېررورلۇق پەيدا قىلدى، بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يامانلاشتى. 6-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8دە ئاندىن ھەربىي ھالەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بۇيرۇقى ئېلان قىلىندى.

2-ئاينىڭ ئاخىرى، دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى «خەنزۇ قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» دېگەن تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى تارقىتىپ، «25-فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» نىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى پاش قىلدى. خەنزۇ قېرىنداشلارغا ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلار بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان يېقىن دوستلۇقنى ئالاھىدە قەدىرلەشنى، ھەرگىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەسلىكنى، «دوستنى يىغلىتىپ، دۈشمەننى كۈلدۈرىدىغان» ئىشنى قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلدى.

3-ئاينىڭ 21-كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن بولغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى «25-فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» مۇناسىۋىتى بىلەن «پۈتۈن ئۆلكە خەلقىغە مۇراجىئەت» ئېلان قىلىپ، «پۈتۈن ئۆلكە خەلقىغە تىنچلىقنى قوغداش يولىدا پائال تىرىشىش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ئورنىتىش يولىدا تىرىشىش» نى مۇراجىئەت قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ «تىنچلىق بىتىمى» غا ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ، «بىزنىڭ كېپىمىز گەپ، بىز 〈تىنچلىق بىتىم〉 غا تامامەن ئەمەل قىلىمىز» دېپ ئىپادە بىلدۈردى.①

3-ئاينىڭ 15-كۈنى، جاڭ جىجۇڭ نەنجىڭدىن لەنجۇ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى ھەمدە ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ 22-قېتىملىق ئەزالار يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 293-بەت.

«تىنچلىققا زىيان يەتكۈزىدىغان دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى» ماقۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە رەئىس جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىسلەر ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى ۋە شۇ چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقان ئەزالاردىن ۋاڭ زېڭشىن، رەھىمجان، جانىمقان، بەي ۋېنيۇ، مۇھەممەتئىمىن، سەيپىدىن ئەزىزى، سەي زۇڭشيەن، ليۇ مېڭچۈن، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، سالىس، چۈي ۋۇ، ليۇ شياۋلى، ئەيسا، جۇڭ دىخۇالار ئىمزا قويۇپ «بىزنىڭ ھەقىقىي پوزىتسىيىمىز» دېگەن تېمىدا پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە مەيدانىنى شەرھلىدى. «قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە» ئون نۇقتىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 7-نۇقتىسىدا «25-فېۋرال ۋەقەسى» تىلغا ئېلىنىپ، «ئالدىنقى ئاينىڭ 21-كۈنى ئۈرۈمچى ئاممىسىنىڭ نامايىش قىلىپ تەلەپ قويۇش، ھۆكۈمەتكە تەھدىت سېلىش، ھۆكۈمەتكە دۈشمەنلىك قىلىش ھەرىكىتى ۋە 25-كۈندىكى نامايىش قىلىش، تەلەپ قويۇش، پاجىئە پەيدا قىلىشتەك تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان، تىنچلىقنى بۇزىدىغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ھەم 3-ئاينىڭ 5-كۈندىكى نوپۇس تەكشۈرۈپ سىللىي ھېسسىياتىغا تېگىشكە ئوخشاش ۋەقەلەردىن بىز ناھايىتى ئەپسۇسلىنىمىز، ئۇنى تۈپتىن تۈزىتىش كېرەك. ئەگەر ھۆكۈمەت ۋە خەلق مۇشۇنداق توغرا تونۇشقا ئىگە بولسا، ئۆلكىمىزنىڭ دېموكراتىك سىياسىيسىنىڭ ئىستىقبالىدا مۇتلەق مەسىلە كۆرۈلمەيدۇ. ئىلگىرىكى ھەرقانداق كەمچىلىككە مۇشۇنداق توغرا ئاقىلانە قاراش بويىچە قارىغاندا، ئۇنى تېز تۈزىتىپ كەتكىلى بولىدۇ»① دەپ جاكارلاندى. 8-نۇقتىسىدا ھەربىيلەرنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىش مەسىلىسى ئەيىپلىنىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «ئارمىيە سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق. خەلقنىڭ

① «بىيابان قۇملۇقتىكى دولقۇن» 1947-يىل خەنزۇچە نەشرى، 1-توم 4-، 5-جىلد 20-بەت.

دۆلەت ئارمىيىسىگە دۈشمەنلىك بىلەن قاراش ئاساسى يوق، ئەلۋەتتە، بەلكى ئۇلارنى ھۆرمەتلىشى كېرەك. خەلقنىڭ قانۇنلۇق ئەركىنلىكىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزسە، تەبىئىي ھالدا خەلق ئۇلاردىن بىزار بولىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆلكىمىزنىڭ دېموكراتىك سىياسىيسىغا داغ تەگكۈزىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ مەركەزنىڭ مەقسىتى ئەمەس، دانا ھەربىي رەھبەرنىڭ مەقسىتى ئەمەس، بىز ئاز ساندىكى جايلاردا ئىپادىلەنگەن نامۇۋاپىق ئىشلارنىڭ تېز تۈزىتىلىشىنى ھەقىقىي ئۈمىد قىلىمىز، بىز سەمىمىيلىك بىلەن ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ھەمكارلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايمىز.»① 9-نۇقتىسىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى نۇقتىلىق تىلغا ئېلىنىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «ئىلگىرى سىياسىي كەيپىيات ياخشى بولمىغانلىقتىن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھەر خىل ئۆچمەنلىكلە پەيدا بولدى، ھەتتا ئۆزئارا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراش، قىرغىنچىلىق بەردى، ھازىر دېموكراتىك سىياسىي يولغا قويۇلغان دەۋر، بۇ ئېچىنىشلىق تارىخنىڭ بۈگۈنكى كۈندە قايتا كۆرۈلۈشىگە يول قويۇلمايا شۇڭا، ئۆلكىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك تىنچلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، بىز ئالد بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى — ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.»② ئەڭ ئاخىرقى 10-نۇقتىسىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پوزىتسىيىسى بىلدۈرۈلۈپ مۇنداق دەپ قارالدى: «ئىجابىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىز تىنچلىق بىتىمى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تولۇق، كەم - كۈتىسىز ئىزچىللاشتۇرىمىز؛ سەلبىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىز تىنچلىق بىتىمىغا ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئۇنسۇرلار ۋە بۆلگۈنچىلەرنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئەڭ قاتتىق ھەم ئۈنۈملۈك چارە

① «بىپايان قۇملۇقتىكى دولقۇن» دېگەن كىتابنىڭ 1947-يىل خەنزۇچە نەشرى، 1-توم 4-، 5-جىلد 20-بېتى.
② «بىپايان قۇملۇقتىكى دولقۇن» دېگەن كىتابنىڭ 1947-يىل خەنزۇچە نەشرى 1-توم 4-، 5-جىلد 20 — 21-بەتلىرى.

قوللىنىپ جازالايمىز.»①

«تىنچلىققا زىيان يەتكۈزىدىغان دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ كونكرېت چارىسى»دا مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلەندى: «ئەمەلدارلار ۋە خەلقنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرگەنلەر؛ ئاممىنى ئاشكارا يىغىپ زورلۇق بىلەن ئەگەشتۈرۈپ باشقىلار ياكى ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىگە زىيان يەتكۈزگەن، جامائەت تەرتىپىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزگەنلەر؛ جامائەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، تېررورلۇق ۋاستىسىنى قوللانغانلار؛ پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ، مىللىي ھېسسىياتقا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، باشقىلارنى جامائەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشقا قۇتراتقانلار؛ كۆپ ئادەم توپلىشىپ قولىغا قورال ئېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلغان ياكى باشقىلارنىڭ مال-مۈلكى ۋە جىسمانىي ئەركىنلىكىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزگەنلەر» بىردەك «تىنچلىققا زىيان يەتكۈزگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ». «تىنچلىققا قەستەن زىيان يەتكۈزۈپ، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلار»غا «ئىچكى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان جىنايەتچىلەر قاتارىدا ئەڭ قاتتىق جىنايى ئىشلار جازاسى بېرىلىدۇ.»②

«25-فېۋرال ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۈرۈمچىدە يىغىن چاقىرىپ، ئۈرۈمچى ۋەزىيىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەركىزىي كومىتېتنى غۇلجىغا چېكىندۈرۈشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنى قۇرۇپ، ئۇنى ئۈرۈمچىدە قالغان خادىملارنىڭ داۋاملىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدى. لو جى ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ

① «بىپايان قۇملۇقتىكى دولقۇن» دېگەن كىتابنىڭ 1947-يىل خەنزۇچە نەشرى 1-توم 4-، 5-جىلد، 20 — 21-بەتلىرى.

② «بىپايان قۇملۇقتىكى دولقۇن» دېگەن كىتابنىڭ 1947-يىل خەنزۇچە نەشرى، 1-توم 4-، 5-جىلد 21-بېتى.

گورۋنلاشتۇرۇشى بىلەن، دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ بىر تۈركۈم مۇھىم ئەزالىرى لى تەيىۋ، چېن شىخۇا قاتارلىقلار پىلاق چاڭگوي بىلەن بىرگە ئۇرۇمچىدىن غۇلجىغا يوشۇرۇن ھالدا چېكىنىدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى جەنۇبىي جوڭگو بيۇروسىنىڭ جوڭچىڭدا چىقىدىغان ئورگان گېزىتى «شىنخۇا گېزىتى» ئۇرۇمچىدىكى «25-فېۋرال ۋەقەسى» مۇناسىۋىتى بىلەن 3-ئايدا ماقالە ئېلان قىلىپ، گومىنداڭ تەرەپنىڭ «تىنچلىق بىتىمى» غا خىلاپلىق قىلغان ۋەھشىيانە قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىدى.

1947-يىلى يۈز بەرگەن «25-فېۋرال ۋەقەسى» ھەقىقەتەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەشنىڭ بىر قېتىملىق ئېلىشىشى ئىدى. ۋەقە ۋاقتىنچە تىنچىغان بولسىمۇ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەش پەسەيمەي، تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى، ئاخىرى ئۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## 2. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ يىمىرىلىشى

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سىياسىي كۈرەش 1947-يىلىدىكى «25-فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» نى بەلگە قىلىپ ئاشكارىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىمۇ شۇندىن ئېتىبارەن يەنىمۇ ناچارلاشتى، ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، گومىنداڭ دائىرىلىرى بىر قاتار بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت كۈچلىرىنى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ يوقىتىشقا ئۇرۇندى.

بىرىنچى، ئوسماننىڭ توپىلىڭىنى قوللاش. ئوسمان ئەسلىدە ئالتاي ۋىلايىتىدە ھەممىدىن ئاۋۋال شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرغان قازاق چارۋىچى بولۇپ، 1943-يىلى ئالتاي مىللىي ئاقارتىش كومىتېتى قۇرۇلغاندا، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى بولغانىدى، 1945-يىلى 9-ئايدا ئۈچ

ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئالتاينى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا كۆرسىتىلدى. 1946-يىل 7-ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن بولغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئىدى. گومىنداڭ تەرەپ مۇنداق بىر مۇھىم ئەرباپنى يېنىمىزغا تارتىپ پايدىلىنىدىغان بولساق، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. گومىنداڭ دائىرىلىرىدىكى بەزى ئادەملەر دەل مۇشۇ ۋاقىتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوسمان بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئوسمان بىلەن ياكى ئاشكارا، ياكى يوشۇرۇن باردى-كەلدى قىلىپ، ئۇنى يېنىغا تارتىپ، ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى پىلانلىدى ۋە قوللىدى.

1946-يىل 8-ئاينىڭ باشلىرىدىلا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوسمان قاناتباي، كاكاشا سۇلتان قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ خەت ئەكېلىپ جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇ چاغدا جاڭ جىجۇڭ ئۇنى يالغۇز قوبۇل قىلسا، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئىككى مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى بىلەن بىرلىكتە قاناتباي قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلدى. ئوسمان ئۆز خېتىدە ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەر ئادەتتىكى مەسىلىلەر بولسىمۇ، مەسىلەن، قازاقلارنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئەرباپلىرىدىن ئەلىن ۋاڭ، جانىمقان، سۇلايمان قاتارلىقلارنىڭ ئالتايغا قايتىپ بېرىپ خىزمەت ئىشلىشىنى تەلەپ قىلىش؛ «تىنچلىق بىتىمى»دىكى مەزمۇنلارنى تولۇق ئىزاھلاشنى ئۈمىد قىلىش؛ ئالتايدىكى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىغا ياردەم بېرىشنى سوراش؛ ئالتاي چېگرا مۇداپىئەسى مۇھىم بولۇپ، دۆلەت ئارمىيىسىدىن ئالتايغا ئەسكەر ئەۋەتىشنى سوراش ۋەھاكازالار بولسىمۇ. لېكىن، بۇ قېتىم جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئايرىم ئادەم ئەۋەتكەنلىكىنىڭ ئۆزى ئوسمان بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىكى باشقا رەھبەرلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت

بارلىقىدىن شەپە بەردى، بۇ كېيىن گومىنداڭ تەرەپنىڭ كاۋاك ئىزدىشى ۋە يەنىمۇ بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ئوسمان ئەۋەتكەن ۋەكىلنى تۈنجى قېتىم قوبۇل قىلىشى گەرچە ئاشكارا ۋە قانۇنلۇق بولسىمۇ، لېكىن، سىناپ كۆرۈش خاراكتېرلىك بۇ باشلىنىشقا ئەگىشىپ باردى-كەلدى ۋە ئۇچرىشىش كۆپەيدى، بەلكى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ بىر-بىرىدىن پايدىلىنىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. بولۇپمۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي تەرەپ ھەربىي ماددىي ئەشيا ۋە قورال-ياراغ بىلەن ئۈزلۈكسىز تەمىنلەپ، ئوسماننىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى كۈچىنى ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، ئەسلىدىكى چاك ئۈزلۈكسىز چوڭىيىشقا باشلىدى.

1946-يىل 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ئوسماننىڭ ۋەكىلى قاناتباي يەنە باش كاتىپ ليۇ مېڭچۈن بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلدى ھەم ئىككى تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەي بىلەن شەرتنامە ئىمزالىدۇق، دېگەننى باھانە قىلىپ، كۆكتوقاي ناھىيىسىگە بىر تۈركۈم ئادەم ئەۋەتىپ ۋولفىرام كېنى ئېچىۋاتىدۇ، 100گە يېقىن يۈك ماشىنىسى كېچە-كۈندۈز توختىماي رۇدا توشۇۋاتىدۇ، ئوسمان قوراللىق كۈچ ئىشلىتىپ ئۇلارنى قوغلىماقچى، بۇنداق قىلسا بولامدۇ، يوق؟ ئىككىنچىسى، چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ نامىدا ئالتاي ۋىلايىتىگە ياردەم بېرىشكە قىسىم ئەۋەتىلسە ھەمدە قورال-ياراغ، ئوق-دورا جەھەتتە ياردەم بېرىلسە.

سۇڭ شىليەن قاتارلىقلار كۈچىنىڭ بارىچە ئالتاي بىلەن ئىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئوسمانغا ئىمكانقەدەر ياردەم بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى پارچىلىماقچى، ئاجىزلاشتۇرماقچى بولدى. لېكىن، تىنچلىق بىتىمىگە زىت بولۇشتىن قورقۇپ، بۇنداق چاغدا ئالتاي ۋىلايىتىگە بىۋاستە ئەسكەر ئەۋەتىش مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارىدى. چۈنكى تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن، بۇ مەسىلە ئۈچ ۋىلايەت مەسىلىسىنىڭ

بىر قىسمىغا ياتقاچقا، ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆكتوقايدا ۋولفىرام كېنى ئېچىش مەسىلىسىگە كەلسەك، دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەل قىلىش تۈزۈك، قورallıق كۈچكە تايىنىپ ھەل قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، دەپ قارىدى. جاڭ جىجوڭ ئەينى چاغدا ئوسماننى قوللىغاندا، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، دەسلەپتە ئىككىلىنىپ يۈرەكلىك ھالدا قوللاشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى، لېكىن، كېيىن يەنىلا گومىنداڭ تەرەپتە تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، بەزى ماددىي ئەشيا ۋە قوراللارنى بەردى، ئوسماننىڭ ۋەكىلى ئۇنى 8-ئاينىڭ 26-كۈنى ئەكەتتى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئوسماننىڭ ئىككىنچى ۋەكىلى نۇسپباي ئۈرۈمچىگە كېلىپ، جاڭ جىجوڭغا يەنە بەش تۈرلۈك تېخىمۇ كونكرېت تەلەپ قويدى: (1) ھۆكۈمەت ئالتايغا ھەربىي قوشۇن ئەۋەتسە؛ (2) ھۆكۈمەت قورال-ياراغ بىلەن ياردەم بەرسە؛ (3) ئالتاي رايونىغا دائىم تۇرۇشلۇق ۋەكىل ۋە راتسىيە ئەۋەتسە؛ (4) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالتاي ۋىلايىتىگە راسخوتنى بىۋاستە ئاجرىتىپ بەرسە؛ (5) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاشلىق، گەزمال، چاي قاتارلىقلارنى ئاجرىتىپ بەرسە. بۇنىڭدىن باشقا، ئوسمان يەنە ئۆزىگە پۈتۈن شىنجاڭغا ھۆكۈم سۈرىدىغان دىنىي ھوقۇقنى ھەمدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋاڭلىق ئىمتىياز بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا قارىتا جاڭ جىجوڭ گومىنداڭنىڭ ئالاقىدار تەرەپلىرىنى چاقىرىپ، كۆپ قېتىم مەسلىھەتلىشىپ، ئىلگىرىكى ئىككىلىنىش پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوللاشنى قارار قىلدى. ئۇ ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرىي راسخوتىنى ئىلى تەرەپ ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەرمەي، بىۋاستە ئاجرىتىپ بېرىش، ئالتاي ۋالىيسىنىڭ تامغىسىنى ئوسماننىڭ ۋەكىلىنىڭ ئەكېتىشىگە بېرىش ھەمدە ئالتاي ۋىلايىتىگە بىر قىسىم ئاشلىق، گەزمال، چاي ۋە باشقا كۈندىلىك لاۋازىمەتلىكلەرنى

بېرىش ھەققىدە يولیورۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوڭ شىلیەنگە ئوسمان قىسىملىرىغا مىلتىق، بېنىك پىلىموت، ئوق -دورا ھەمدە ۋاقتى-ۋاقتىدا ئالاقىلىشىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن راتسىيە بېرىش ھەققىدە يولیورۇق بەردى. جاڭ جىجۇڭ ئوسماننىڭ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ دىنىي ھوقۇقىنى بېرىش ۋە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋاڭلىق ئىمتىياز بېرىش توغرىسىدىكى تەلىپىگە جاۋاب قايتۇرمىدى. جاڭ جىجۇڭ، بۇ — بىر خىل قالاق سىياسىي مەيدان ۋە ئىدىيەۋى ئىپادە، دەپ قارىدى.

ئېلى تەرەپ گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئوسماندىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى قوللاش ھەرىكىتىگە قارشى تۇردى ۋە ئۇلارغا جاۋاب بېرىش تەلىپىنى قويدى. 1946-يىل 10-ئاينىڭ 26-كۈنى جاڭ جىجۇڭ، مەسئۇد، ئەخمەتجان قاسىمى بىرلىشىپ 1000دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ۋەكىلىنى تەكلىپ قىلىپ چاقىرغان سۆھبەت يىغىنىدا بەزى كىشىلەر جاڭ جىجۇڭدىن: «ئالتاي نېمە ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە ۋەكىل ئەۋەتمىدۇ؟ سىلەر نېمە ئۈستىدە سۆزلەشتىڭلار؟ نەتىجە قانداق بولدى؟» دەپ سورىغاندا، جاڭ جىجۇڭ ئوسماننى قوللىغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ پوزىتسىيەم «ئوچۇق -ئاشكارا» دېدى ھەمدە سوئال سورىغانلارغا رەددىيە بېرىپ: «پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ بوھتان چاپلىماقچى، ئارازلىق پەيدا قىلماقچى»، «ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈۋەردى» دېدى.① 1947-يىل 12-ئاينىڭ 9-كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەھىمجانلارغا يازغان خېتىدە يەنە: «سىلەر بىز تەرەپنى ئوسمانغا ھەربىي جەھەتتە ياردەم بېرىپسىلەر دەپسىلەر، بۇ پۈتۈنلەي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس» دېدى.②

كېيىن، ئوسمان ئېلى، تارباغاتاي مىللىي ئارمىيىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، سوڭ شىلیەن بەيتىكتە تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنىگە تېلېگرامما

---

① جاڭ جىجۇڭ: «مېنىڭ سەممىي جاۋابىم ۋە تەنتەنىلىك نەسىھىتىم».
② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987-يىل 12-ئاي خەنزۇچە 1-نەشرى، 3-قىسىم 480-بەت.

ئارقىلىق «ئوسمان بىلەن زىچ ئالاقىلىشىڭلار ھەمدە ئۇنىڭغا زۆرۈر ياردەم بېرىڭلار» دەپ ئۇقتۇردى، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئوسمان قىسمىلىرىدىكى خىزمەتچىلەرگە تېلېگراممىا يوللاپ، ئوسمانغا «تەقدىرلەيدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز، بەيتىك ئەتراپىدا ئۆزىنى ئوڭشىۋالسۇن، ئالدىراپ قايتۇرما زەربە بەرمىسۇن، كېرەكلىك ئاشلىق ۋە زۆرۈر لاۋازىمەتلىكلەرنى دەرھال يەتكۈزۈپ بېرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىمكانقەدەر ئىلى تەرەپنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنى رازۋېدكا قىلىپ، ئەھۋالنى تېلېگراممىا ئارقىلىق ۋاقتىدا دوكلات قىلسۇن» دەپ يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلىدى.①

ئىلى تەرەپ ھەربىي جەھەتتە ئوسمانغا زەربە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە 1947يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنى ئوسماننى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى، دەلىلقان سۇگۇربايوۋنىڭ ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئۆز ئالدىغا جاكارلىدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىش ھەمدە ئىلى تەرەپنى قايىل قىلىپ ئوسماننى يەنە ئالتايغا قايتىپ بېرىپ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە ئەۋەتىش ئۈچۈن، بۇرھان شەھىدى، داڭ بىگالڭ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى سارسۈمبىگە ئەۋەتتى. 4-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە تەكشۈرۈش ئۆمىكى نۇرغۇن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئوسماننىڭ ئۈستىدە شىكايەت قىلغان زور بىر تۈركۈم خەتلەرنى ئېلىپ قايتتى ھەمدە خەلقنىڭ رايىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوسماننىڭ ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنى خەلقنىڭ ئاشكارا سوت قىلىشىغا تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوسماننى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەنلىكى ۋە قوللىغانلىقى ئۈچۈن، ئوسماننىڭ ئەكسىيەتچىل خورىكى كۈنسايىن ئۆسۈپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ كېيىن ئاشكارا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئالتاي ۋىلايىتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

---

① سۇڭ شىلىيەننىڭ بايانى: «قولچوماق گېنېرال» — جۇڭگو تارىخى ماتېرىياللار نەشرىياتى 1986-يىل 7-ئاي خەنزۇچە نەشرى 244-بەت.

ئىككىنچى، مەسئۇدنى يۆلەپ تەختكە چىقىرىش. پانتۈركسىزمچى مەسئۇدنى يۆلەپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى قىلىپ كۆتۈرگەنلىك تۇيۇقسىز يېڭىدىن گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى، بۇ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى، تىنچلىق ۋەزىيىتىنىڭ پۈتۈنلەي بۇزۇلۇشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئەگەر ئوسماننى قوللاشتىكى مەقسەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ئىچكى قىسىمدىن پارچىلاش، ھەتتا ئوسماننىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئىلى تەرەپنىڭ كۈچىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى يوقىتىش دېيىلسە، ئۇنداقتا، شۇنىسى روشەنكى، مەسئۇد قاتارلىقنى كىشىلەرنى يۆلەش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشتىكى مەقسەت ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى زورايتىش، بۇ ئارقىلىق ئەخمەتجان قاسىمى ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرگە يەنىمۇ زەربە بېرىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى كونترول قىلىش ئىدى.

مەسئۇد قانداق ئادەم؟ ئۇ رەئىس بولغاندىن كېيىن قانداق يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلدى؟ بۇلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسئۇد شىنجاڭ ئىلى ۋىلايىتىدىكى چوڭ باي، سودىگەر، چوڭ پومېشچىك سابىرنىڭ ئوغلى. ياش چېغىدا تۈركىيىگە ئوقۇشقا چىقىپ، كونستانتىنوپول تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. چەت ئەلدە تۇرغان مەزگىلدە پانتۈركسىزم، پانئىسلامىزم تەربىيىسىنى ئېلىپ، «تۈركىيە ئوچىقى» قاتارلىق ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارغا قاتنىشىپ، پانتۈركسىزم، پانئىسلامىزم ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1915-يىلى ئىلىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپ ئېچىش نامى بىلەن پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئەينى ۋاقىتتا مەسئۇدنىڭ تەشەببۇسىغا شىنجاڭدىكى ياڭ زېڭشىن، شېڭ شىسەي قاتارلىقلار يول قويمىغاچقا، 1934-يىلى ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ھىندىستان ئارقىلىق نەنجىڭگە بېرىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان، شۇنىڭدىن

كېيىن، ئۇنى گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى يارىتىپ قىلىپ يېنىغا تارتقان ۋە ئۇنى تەربىيىلىگەندىلا، كەلگۈسىدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ گومىنداڭنىڭ كۈچىنى شىنجاڭغا كېڭەيتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. مەسئۇد نەنجىڭدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ گومىنداڭ مەسلىھەتچىلەر بۆلۈمىنىڭ چېگرا ئىشلىرى تەتقىقات ئورنىدىكى مۇسۇلمانچە يېزىق ئوقۇتقۇچىسى، مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، گومىنداڭ 5-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. ئۇ يەنە ئەيسا قاتارلىقلار بىلەن نەنجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا «تەڭرىتاغ»، «تۈركىستان ساداسى»، «جەڭ خەۋىرى»، «تۈركىي تىلى» قاتارلىق ژۇرناللارنى نەشر قىلدۇرۇپ، پانتۈركىزمنى تەرغىپ قىلغان.

1945-يىل 9-ئايدا، جاڭ جىجوڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەندە، مەسئۇد، ئەيسا، مۇھەممەتئىمىن قاتارلىقلار بىرگە كەلدى. شۇنىسى روشەنكى، جاڭ جىجوڭنىڭ بۇ تۈركۈم كىشىلەرنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىشىدىكى مەقسىتى ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇش ئىدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇھەممەتئىمىن ئەزا قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى. ئەيسا ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى بولدى، مەسئۇد بولسا مىللىي ھۆكۈمەت رەئىسىيە مەھكىمىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق رەئىسىيە ئەلچىسى بولدى. جاڭ جىجوڭ شىنجاڭنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشتا توسالغۇغا دۇچ كەلگەن، بولۇپمۇ 1947-يىل 4-، 5-ئايلاردا جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدە ئاممىنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئات ئالماشتۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، قىيىنچىلىق ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جياڭ جيېشىغا تېز تېلېگرامما يوللاپ، مەسئۇدنى رەئىسلىككە كۈچىنىڭ بارىچە كۆرسەتتى.

جاڭ جىجوڭ ئەينى ۋاقىتتا نېمە ئۈچۈن مەسئۇدنى يارىتىپ قالدى؟ ئۇنىڭ قارىشىچە، مەسئۇدنى رەئىسلىككە كۆرسەتسەم، توسالغۇ چوڭ بولمايدۇ، چۈنكى مەسئۇد نەنجىڭدە ئۇزۇن يىل تۇرغان، ئۇنى جياڭ

جىبىشىمۇ ئاز-تولا چۈشىنىمدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ غۇلجىلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتناشقان ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى رەھىمجان سابىرھاجى تېخى ئۇنىڭ جىيەنى ھەم كۈيئوغلى، ئىلى بىلەن مۇناسىۋىتى كۆپ؛ يەتتە ۋىلايەت تەرەپتىكىلەرمۇ ئۇنى شىنجاڭنىڭ داھىيسى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يېرىم ئاي ئۆتمەيلا، يەنى 1947-يىل 5-ئاينىڭ 21-كۈنى «مىللىي ھۆكۈمەت ئاخباراتى»دا مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ 2830-نومۇرلۇق بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىپ، مەسئۇدنى جاڭ جىجۇڭنىڭ ئورنىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقى، قوشۇمچە رەئىسلىككە، ئەيسانى قوشۇمچە باش كاتىپلىققا تەيىنلىدى. بۇرھان شەھىدىنى نەنجىڭغا يۆتكەپ مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىدى، بۇنىڭ بىلەن سابىق ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلدى، ئەكسىيەتچىل كۈچلەر تېخىمۇ كۆپ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى.

خەۋەر ئېلان قىلىنىش بىلەن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ كەسكىن قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا مەسئۇدقا قارشى تەشۋىق ۋەرەقىلىرى، لوزۇنكىلار پەيدا بولدى. شۇ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ جىجۇڭغا، تەيىنلەش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش، خەلق ئۆلكە رەئىسى سايلىغانغا قەدەر ئۆلكە رەئىسلىكىنى يەنىلا ئۆزىڭىز قوشۇمچە ئۆتەڭ، دېگەن تەلەپنى قويدى. لېكىن، جاڭ جىجۇڭ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇقى ئاشكارا ئېلان قىلىنىپ بولدى، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى ھەمدە 5-ئاينىڭ 28-كۈنى مەسئۇدنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش قەسەمياد مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە پائال تەييارلىق كۆرۈپ، ئاندىن ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنى ئاچماقچى بولدى. نەتىجىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن بولغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى مۇراسىمغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. ئابدۇرېشىت ئەلەم ئاخۇنۇم ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى سالاھىيىتى بىلەن مۇراسىمدا سۆزگە چىقىپ مۇنداق دېدى: رەئىس جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، تىنچلىق ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ

ئىشەنچىسى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى. شۇڭا، رەئىس ئالماشتۇرماسلىقنى ئۈمىد قىلىمىز، مەركەزنىڭ رەئىس جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭدا قالدۇرۇپ، رەئىس جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئىمزالىغان «تىنچلىق بىتىمى» ۋە «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى»نى ئۈزۈل-كېسىل ئىجرا قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىنى چوقۇم تەلەپ قىلىمىز، دېدى. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئوسمان داموللا قاتارلىق ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ 40 نەچچە ئەزاسى بىرلىشىپ جاڭ جىجۇڭغا خەت يېزىپ، «ئاساسىي قانۇن بويىچە ئۆلكە رەئىسىنى خەلق سايلاش ئىشقا ئاشۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ھەرقانداق ئۆزگىرىش بولماسلىق»نى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئاقسۇ، قۇمۇل، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەتلەردىن كەلگەن نەچچە ئون ئەزاسىمۇ جاڭ جىجۇڭغا بىرلىشىپ خەت يېزىپ، مەركەزنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش توغرىسىدىكى قارارىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، مەسئۇدنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

جاڭ جىجۇڭنىڭ مەسئۇدنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە كۆرسىتىشتىكى مەقسىتى ھەم گومىنداڭنىڭ كۈچىنى كېڭەيتىش، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ، شىنجاڭدىن ئايرىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش ئىدى. مەسئۇد تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىياسىي كۈرەش تېخىمۇ كەسكىنلەشتى، تېخىمۇ ئاشكارىلاندى. مەسئۇدنىڭ تەختكە چىقىشى ئەمەلىيەتتە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ يىمىرىلىپ كەتكەنلىكىنى تېزلەتتى، دېگەنلىك بولىدۇ.

1947-يىل 7-ئاينىڭ 16-كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سەنشى، خېبېي، سەندۇڭ، خېنەن-ئازاد رايونىدا نەشر قىلىنغان «خەلق گېزىتى»دە «شىنجاڭ سۆھبىتى بۇزۇلدى، جياڭ جيېشى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەلىپىنى رەت قىلدى، خەلق مەسئۇدنىڭ شىنجاڭغا رىياسەتچىلىك قىلىشىنى ئېتىراپ قىلمىدى» دېگەن ماۋزۇدا

خەۋەر ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭدىكى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى تەلەپ قىلغان مىللەتلەر تەرىپى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت يەتتىنچى كۈنى بۇزۇلدى. سۆھبەتنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، جياڭ جيېشى شىنجاڭدا مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەلىپىنى رەت قىلىپ، بۇ يىل 5-ئاينىڭ 20-كۈنى مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلىدى. شىنجاڭ خەلقى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەيىنلەپ ئەۋەتكەن ئۆلكە رەئىسىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلدى، دەپ يازدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەشكە مەدەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۈچىنچى، تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا پارتلىغان قوراللىق قوزغىلاڭنى باستۇرۇش، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىكى خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلىڭى (تۆۋەندە قىسقىچە قوراللىق قوزغىلاڭ دەپ ئاتىلىدۇ) ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىياسىي كۈرەشنىڭ داۋاملىشىشى ۋە راۋاجلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قوراللىق قوزغىلاڭنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل كۈچلىرىنىڭ زۇلۇم سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

1947-يىل 7-ئاينىڭ باشلىرىدا، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدە قوراللىق قوزغىلاڭ باشلاندى. 7-ئاينىڭ 8-كۈنى ئالدى بىلەن توقسۇن ناھىيىسىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاممىدىن نەچچە يۈز كىشى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرىدىغان خىزمەت باشچىلىقىدا ئالغوي جىلغىسى ئەتراپىدا تاشيوللاردىكى ئاپتوموبىللارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پىچان ناھىيىسىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاممىدىن 100 دىن ئارتۇق ئادەم لەمجىندىكى ساقچى ئورنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ھەممە ساقچىنى ئۆلتۈرۈپ، بارلىق قورال-ياراغ، ئاتلارنى قولغا چۈشۈردى. كېيىندىن يەنە غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ خاندۇ ساقچى ئورنىغا ھۇجۇم

قىلدى، قورغان ئىچىدىكى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغاچقا، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئامما پىچاننىڭ شەرقىي شىمالى، گۇچۇڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئارىلىقىغا جايلاشقان كۆكيار تېغىنىڭ شەرقى ۋە غەربىگە چېكىندى. 7-ئاينىڭ 10-كۈنى ئاشلىقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، پىچان ناھىيىسىنىڭ ياڭخى ئەتراپىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن 200دىن ئارتۇق ئامما شۇ يەردىكى ساقچى ئورنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بىر نەچچە ساقچىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئون نەچچە قورالنى قولغا چۈشۈردى ھەمدە شۇ جايدىكى ئامباردا زاپاس ساقلانغان ئاشلىقنى يۆتكەپ كەتتى. يۇقىرىقى ئۈچ جايدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئامما، گومىنداڭ ئارمىيىسى تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىن چىقىپ كەتسۇن، مەسئۇد ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانسۇن، دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

7-ئاينىڭ 10-كۈنى، سوڭ شىليەن تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىكى ئاممىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا جاڭ جىجۇڭغا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك تەكلىپ بەردى: ① تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى ۋەزىپىسىدىن يۆتكىۋېتىلسە؛ ② شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارغا باستۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلسە؛ ③ تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى كۆپەيتىلسە.

7-ئاينىڭ 12-كۈنى، توقسۇن ناھىيىسىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئامما ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان قاتناش تۈگۈنى كۈمۈشكە ھۇجۇم قىلىپ، شۇ يەرنى ساقلاۋاتقان 128-لۈيىنىڭ ئىككى ليەن ئەسكىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاممىدا ئېغىر تىپتىكى قورال بولمىغاچقا، جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن چىقىم ناھايىتى زور بولدى. 14-كۈنى، گومىنداڭنىڭ 128-لۈيىنىڭ بىر تۈەن ئەسكىرى كۈچى قاراشەھەردىن ياردەمگە كەلدى، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئامما زەربە يەپ تارقىلىپ كەتتى.

كۈمۈشتە جەڭ باشلانغاندىن كېيىن، تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى

ئابدۇراخمان مۇھىتى، مۇئاۋىن ھاكىمى باۋۇدۇن يۇسۇپ قاتارلىقلار ئاستانىگە بېرىپ، 1000دىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان قوراللىق قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى تەشكىللەپ، بىر يېنىك پىلىموت، 106مىلتىق، بەش ئاپتومات بىلەن 13-كۈنى سەھەردە ئۈرۈمچىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئۆتىدىغان مۇھىم جاي سىڭگىمگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار ئاۋۋال سىڭگىمنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئېگىزلىكنى ئىشغال قىلدى، ئارقىدىنلا ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان ھەربىي ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلدى، لېكىن، ئىستىھكام پۇختا بولغاچقا، ئىستىھكامنى ئالالمىدى، گۈگۈم چۈشكەندە ئابدۇراخمان مۇھىتى قوماندانلىق قىلىپ تۇرپان بىلەن پىچاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تېلېفون سىمىنى ئۈزۈۋەتتى، سىڭگىمغا يېقىن ئەتراپتىكى كۆۋرۈكنى كۆيدۈرۈۋەتتى. 13-كۈنى كەچتە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئامما يەنە بىر قېتىم ئىستىھكامغا يېقىنلىشىپ بېرىپ، شوتا قويۇپ خەندەكتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىستىھكام ئاستىغا يېقىنلىشىپ، قايتا-قايتا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. شۇ يەرنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر سىمسىز تېلېفون ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ باش شتابىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

جاڭ جىجۇڭ تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدە توپىلاڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال سۇڭ شىلىيەنگە قەتئىي باستۇرۇش، ئۈزۈل-كېسىل تازىلاشنى بۇيرۇق قىلدى. 13-كۈنى ئاخشىمى، سۇڭ شىلىيەن جىددىي يىغىن چاقىرىپ، بىر تەرەپتىن، كۈمۈش، سىڭگىم دېگەن ئىككى جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارغا بۇ ئىككى ئورۇننى مەھكەم ساقلاپ، ياردەم كۈتۈش توغرىسىدا تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى؛ بىر تەرەپتىن، يەنە توقسۇننىڭ ناھىيە بازىرىدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىگە قۇمۇلدىن ياردەمگە كېلىدىغان ئىككى يىڭ ئەسكىرىي كۈچ بىلەن بىرلىشىپ، سىڭگىمغا دەرھال ياردەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق 128-لۈيگە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ دەرھال كۈمۈشكە تېز ياردەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 179-لۈيگە بىر يىڭ ئەسكىرىي

كۆچنى داۋانچىلاڭ ئەتراپىنى قوغداشقا ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئامما بىلەن گومىنداڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ پەرقى چوڭ بولغاچقا، قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئابدۇراخمان مۇھىتى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاممىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ياڭخې، قارىغوجا، ئاستانە، مۇرتۇق، سۇبېشى قاتارلىق تەرەپلەرگە چېكىنىشكە يېتەكلىدى، يول ئۈستىدە توسۇش زەربىسىگە ئۇچراپ، 280نەچچە ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى، ئاخىرىدا قالغان 400نەچچە ئادەم كۆكيار تېغىنىڭ شەرقى ۋە غەربىگە كەتتى.

چېكىنىپ بېرىپ كۆكيار تېغىدا تۇرۇۋاتقان قوزغىلاڭچى ئامما بۇ يەرنى بازا قىلىپ، تۇرپان، پىچان بىلەن گۈچۈڭ، مورى دەرياسى ئارىلىقىدىكى قاتناشنى دائىم توسۇپ تۇردى، 7-ئاينىڭ 16-كۈنى تېخى گومىنداڭنىڭ يەتتەقۇدۇقتىكى قوشۇنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. قوزغىلاڭچى ئاممىنى يوقىتىش ئۈچۈن، سۇڭ شىلىيەن پىچان، يەتتەقۇدۇق، گۈچۈڭ قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا 7-ئاينىڭ 20-كۈندىن باشلاپ بۆلۈنگەن ھالدا تاغ ئىچىگە تەڭ كىرىپ قوزغىلاڭچى ئاممىنى قورشاپ يوقىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، 23-كۈنىگىچە ئۇلار ئىلگىرى -كېيىن بولۇپ، گوندىۋان، ئۈچبۇلاق، شياۋپىڭخۇ قاتارلىق جايلاردا قوزغىلاڭچى ئامما بىلەن جەڭ قىلدى، قوزغىلاڭچى ئامما ئېغىر زىيان -زەخمەتكە ئۇچرىدى. قالغان 100نەچچە ئادەم ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ باشچىلىقىدا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، تەڭرىتېغىنى بويلاپ غەربكە قاراپ چېكىنىپ، 1947-يىل 8-ئاينىڭ 6-كۈنى ئاخىرى غۇلجىغا يېتىپ باردى.

تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ مىلتىق ئاۋازى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلىتىپلا قالماي، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسىنىڭ مەنئۇى جەھەتتىن ياردەم بېرىشىگە سازاۋەر بولدى. 1947-يىل 11-ئاينىڭ 27-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەنئەندە نەشىر قىلىدىغان «ئازادلىق گېزىتى» نىڭ باش بېتىدە ھەمدە گەردىش ئىچىگە ئېلىنغان كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىدە خەۋەر قىلىندى. ئۇنىڭدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جياڭ جيېشىغا قورallلىق قارشى تۇرۇش ئاپتونومىيە ھەرىكىتى مەزكۇر ئۆلكىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىن تەدرىجىي ئىلگىرىلەپ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىغىچە كېڭەيدى. بۇ يەردىكى توقسۇن، تۇرپان، پىچان ناھىيىلىرىدىكى خەلقنىڭ قوراللانغان ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرلىرىدىن نەچچە مىڭلىغان كىشى بىر تۇتاش «تۈركىستان ئىنقىلابىي پارتىزانلار ئەترىتى» نى تەشكىللەپ، شۇ يەردە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، جياڭ جيېشى باندىتلىرىنىڭ ئاشلىق مەنبەسىنى قامال قىلىپ، جياڭ جيېشىغا قارشى كۆرەش قىلماقتا ھەمدە «جياڭ جيېشى باندىت ئارمىيىسى شىنجاڭدىن چىقىپ كەتسۇن»، «دېموكراتىك ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى يولغا قويايلى» دېگەن شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. 7-ئايدا پارتىزان ئەترەتلىرى كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغاپ، تايانچ پونكىتلارغا ھۇجۇم قىلىپ، تاشيوللارنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇدا غەلىبە قىلدى. جياڭ جيېشى باندىتلىرى شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى ساراسىمىگە چۈشۈپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى.»

تۇرپان، پىچان، توقسۇن قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇ رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى، مەسئۇد ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمىنى ئەۋەتىپ، تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى، جۇنتۇڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى لى خۇگيۇننى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇلار ۋەزىيەتكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاممىنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، گومىنداڭنىڭ جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى يەنە ھەدەپ ئادەم تۇتتى، قىشقەردىنلا 40 — 50

ئادەمنى ئۆلتۈردى.

گومىنداڭ سىياسىي جەھەتتە «25-فېۋرال ۋەقەسى»نى پەيدا قىلغانلىقى، پانتۈركىزمچى مەسئۇدنى يۆلەپ تەختكە چىقارغانلىقى، ھەربىي جەھەتتە ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىشىنى قوللىغانلىقى ھەمدە تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭچىلارنى قوراللىق كۈچ بىلەن باستۇرغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتى ئومۇميۈزلۈك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئەسلىدە بېكىتىلگەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىنى يولغا قويغىلى تېخىمۇ بولمىدى، ئەلۋەتتە. 1947-يىل 8-ئاينىڭ 12-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ كەتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈچ ۋىلايەتتىن بولغان ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، سەيپىدىن ئەزىزى، رەھىمجان سابىرھاجى، ئەنۋەرخانبابا قاتارلىقلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاران بىر يىل بىر ئاي داۋام قىلغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۇزۇل-كېسىل يىمىرىلىپ كەتتى.

شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، تىنچلىق بىتىمىنى ئىمزالاش ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشقانلىقى، ئۇ ئىككى تەرەپنىڭ ۋاقىتلىق مۇرەسسەلەشكەنلىكى ھېسابلىناتتى، بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ تۈپ زىددىيىتى ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشىنى ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يىمىرىلىش مۇقەررەر ئىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان ھەمدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى ماقۇللانغاندىن كېيىن، خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتتە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. خەلقئارادا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت چوڭقۇرلاشتى. سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى جىددىيلەشتى. مەملىكەت ئىچىدە، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى قوزغىغان كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ئۇرۇش بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، ئومۇميۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇشقا تەرەققىي قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇشنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كېڭەيدى، ئەكسىيەتچىل خورىكى تازا ئەۋج

ئېلىشۋاتقان پەيتتە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا چىداپ تۇرۇشى ناھايىتى قىيىن، شۇڭا، شىنجاڭدا سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولماسلىقى، زىددىيەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ھەتتاكى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ يىمىرىلىشى ھەرگىزمۇ يەككە-يېگانە ئىش ئەمەس، ئۇ خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

# بەشىنچى باب
# ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي خىزمىتى

## بىرىنچى پاراگراف ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

### 1. ئوسمان، چوجاپ، قالىبېكلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئارقا-ئارقىدىن توپىلاڭ كۆتۈرۈشى

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەت يەنە تىركىشىپ قالدى، بىرلىككە كەلگەنلىكتىن سەل پەسەيگەن شىنجاڭ ۋەزىيىتى يەنە جىددىيلىشىپ كەتتى. شىنجاڭدا سۇڭ شىلىيەن باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە قاتتىق پوزىتسىيە تۇتتى. لېكىن ئەسكىرىي كۈچ يېتىشمىگەچكە،

ئۇلار، بىر تەرەپتىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى ئاكتىپ پىلانلاپ، «ئىستىھكامغا ئىچكى قىسىمدىن ھۇجۇم قىلىش» كويىدا بولدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ماناس دەرياسى مۇداپىئە لىنىيىسىدىكى ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتتى. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۇرۇپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئالتايدىكى ئوسمان توپىلىڭى، ساۋەندىكى قالىبېك توپىلىڭى ۋە قوبۇقساردىكى چۆجاپ توپىلىڭىنى پەيدا قىلدى.

ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن ئاشكارا بۆلۈنۈپ چىقىپ، بەيتىك تېغىغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن، ئىشنى يېڭىۋاشتىن باشلاشقا ئورۇنۇپ، گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن بارغانسېرى زىچ تىل بىرىكتۈردى. 1947-يىل 7-ئايدا، ئوسمان بىۋاسىتە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭ گارنىزون شتابىنىڭ باش قوماندانى سۇڭ شىلىيەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئالتاينى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىشتەك ھەربىي پىلان ئۈستىدە مەخپىي مەسلىھەتلەشتى. 7-ئاينىڭ 28-كۈنى، سۇڭ شىلىيەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، گومىنداڭنىڭ تولۇق قوراللانغان 1-ئاتلىق شىسىنىڭ شىجاڭى ما چېڭشياڭ قاتارلىقلار بەيتىككە بېرىپ، ئوسمان قىسىملىرىنى تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلدى، ئوسمان قىسىملىرىدىن 700 ئادەمنى تاللاپ ئىككى چوڭ ئەترەت قىلىپ مەشىق قىلدۇردى ھەمدە ئوسمان قايىمغازىنى گومىنداڭ تەرەپ بەرگەن قورال-ياراغ، ئەسلىھە، ئاشلىق قاتارلىق ھەربىي لاۋازىمەتنى يۆتكەشكە مەسئۇل قىلىپ ئۈرۈمچىدە دائىملىق تۇرۇشقا ئەۋەتتى. گومىنداڭنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، قانتى كۈندىن-كۈنگە قاتقان ئوسمان 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئالتاي ۋىلايىتىگە كەلكۈن كۆلەمدە تۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغىدى. ئوسمان مىللىي ئارمىيە ئاساسىي كۈچىنىڭ ماناس ئالدىنقى سېپىدە گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن تىركىشىپ تۇرۇۋش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئالتاي ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىي كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تارقاق بولۇشتەك ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ، بەيتىكتىن بىرنەچچە يولغا بۆلۈنۈپ يولغا چىقىپ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي

قىسمىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەرگە غالجىرانە ھۇجۇم قىلدى. ئوسمان قىسىملىرى شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئالدى بىلەن سارتوقاي، چاغانقولى قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق مىللىي ئارمىيە ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3-تۇەنىنى چېكىندۇردى ھەمدە چىڭگىل، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازارلىرىنى تېزلا ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا قاراچۇل ئۇرۇشى ۋە ساربۇلاق ئۇرۇشىدا قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2-تۇەنىنى كاردىن چىقاردى. قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2-تۇەنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن، ئالتاي ۋەزىيىتىدە تېز ئۆزگىرىش بولدى، سارسۇمبە ناھىيە بازىرى خەۋپ ئىچىدە قالدى. 9-ئاينىڭ 16-كۈنى، ئوسمان قىسىملىرى گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، سارسۇمبىگە قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى. ياردەمگە ئېرىشىشتىن ئۈمىد قالمىغان، مۇداپىئەلىنىپ تۇرۇش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، مىللىي ئارمىيە شىمالىي يۆنىلىش ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى ۋە ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىدىكى خىزمەتچى خادىملار، شۇنىڭدەك قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2-تۇەنىنىڭ قالغان كىشىلىرى دەلىلقان سۇگۇربايوپنىڭ باشلامچىلىقىدا سارسۇمبىدىن چېكىنىپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ شىمالىي قىسمىدا جەڭ قىلىپ يۈرۈپ، كېيىن جېمىنەي ناھىيىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا چېكىندى. بۇ چاغدا ئوسمان پۈتۈن ئالتاي ۋىلايىتىنى كونترول قىلىۋالدى. ئوسمان ئالتايدا خىيالىغا كەلگىنىنى قىلىپ، ئالتاي يەرلىك ھۆكۈمىتىنى ۋەيران قىلدى، نۇرغۇن مال-مۈلۈكلەرنى بۇلاپ كەتتى، نۇرغۇن گۇناھسىز چارۋىچىلارنى دەھشەتلىك ئۆلتۈردى ھەمدە نۇرغۇن چارۋىلارنى بۇلاپ كەتتى. ئۇنىڭ جىنايىتى ھەقىقەتەن بەكمۇ كۆپ ئىدى.

ئالتاي خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، ساۋەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قالىبەك بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تاكىمان قاتارلىقلار گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىن ئايرىلىپ، ئادەم تەشكىللەپ تاغقا كىرىپ، ئايرىم تۇغ تىكلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن پۇقرالارغا زىيان سالدى. 7-ئاينىڭ 13-كۈنى، قالىبەك قىزىلئۆزەندە مىڭبېشى مەرۋىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنى ئۆز قارىمىقىدىكى ئىككى يۈزبېشىغا

بىقىندى بولۇش كاپالەتنامىسى يازدۇرۇشنى بۇيرۇدى. مەرۇپ 8-ئاينىڭ 4-كۈنى كاپالەتنامىنى قىزىلئۆزەنگە ئاپىرىپ بىرىشكە باتقۇلنى ئەۋەتتى. قالىبېك مۇشۇنداق چارىلەر بىلەن ساۋەن ناھىيىسىدىكى باشقا مىڭبېشىنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىدى، ئەگەر ئۇلار ماقۇل بولمىسا، ئادەم ئەۋەتىپ مال-مۈلكىنى بۇلىدى، ئۆيلىرىگە ئوت قويىدى. شۇ كۈنى قامزا قوتۇبىدىكى ئورازباي ئارقىلىق گومىنداڭ قولىدىن 500 مىلتىق ئېلىپ قالىبېككە ئاپىرىپ بەردى، 400 نەچچە باندىتنى قوراللاندۇرۇپ مەشىق قىلدۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار دائىم تاغدىن چۈشۈپ خەلقنى ئۆزلىرىگە مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ، تالان-تاراج قىلدى، چارۋىلارنى بۇلىدى، بىر قاتار بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

ئوسمان، قالىبېكلەر توپىلاڭ قوزغىغاندىن كېيىن، قوبۇقسار ناھىيىسىدىكى كونا تورغۇت موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ ئايال چىڭۋاڭى چۆجاپمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توپىلاڭ كۆتۈردى. 9-ئاينىڭ باشلىرىدا، ئۇ مويلىخبنى قوبۇقسار ناھىيىسىگە بېرىپ قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ، ئۈچ ۋىلايەتتە ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. 9-ئاينىڭ 24-ۋە 25-كۈنلىرى، ئۇلار ئالتاي ۋىلايىتىگە ئۇرۇشتا كېرەكلىك بولىدىغان ماددىي ئەشيالارنى توشۇۋاتقان مىللىي ئارمىيە ئاپتوموبىل ئەترىتىگە ئىككى قېتىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، ئارقىدىنلا 26-كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋالىي مەھكىمىسى تەرىپىدىن قوبۇقسارغا ئەۋەتىلگەن تەشۋىقات ئەترىتىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭدىن تارتىپ چۆجاپنىڭ قوراللىق ئۇنسۇرلىرى قوبۇقسار ئەتراپىدا پات-پات پاراكەندىچىلىك سېلىپ، مىللىي ئارمىيە بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى؛ بۇنىڭ بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ داۋالغۇش ئىچىدە قالدى.

ئوسمان، قالىبېك، چۆجاپلار ئارقا-ئارقىدىن توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەزىيىتى كۈندىن-كۈنگە جىددىيلىشىپ، ئېغىر قىيىنچىلىققا چۈشۈپ قالدى. مىللىي ئارمىيە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئەسكىرىي

كۆچىنى ماناس ئالدىنقى سىپىگە مەركەزلەشتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى؛ ئوسمان، قالىبېك، چوچاپ قىسىملىرىنىڭ توپىلىڭى مىللىي ئارمىيىنى يەنە بىر قىسىم قوشۇننى ئاجرىتىپ جەڭ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلارنىڭ ئارقا سەپ مۇداپىئەسە، ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرىغا قوشۇن كېرەك ئىدى، بۇ مىللىي ئارمىيە ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ئېنىق ئاشكارىلاپ قويىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى بۇ قىيىنچىلىقلىرى توپىلىدىن، پۈتكۈل ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى، ئەگەر ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بۇنداق خەتەرلىك ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلمىسە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مېۋىسى يوققا چىقاتتى.

## 2. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۆرىشى

ئوسمان ئىسلام قاتارلىق كىشىلەرنىڭ توپىلىڭى ئالدىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاب مېۋىسىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە توپىلاڭنى تىنچىتىپ، قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، بىرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىش كۆرىشىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلاندى. ئوسمان قىسىملىرى ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەتكە ئەڭ زور تەھدىت سالغان بىر توپىلاڭچى قوراللىق كۈچ ئىدى، ئۈچ ۋىلايەتتە توپىلاڭنى تىنچىتىش كۆرىشىنىڭ تىغ ئۇچى ئالدى بىلەن بۇ قىسىمغا قارىتىلدى.

9-ئاينىڭ 24-كۈنى، دەلىلقان سۈگۈرباييوپ شىمالىي يۈنىلىش ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق شتابى، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىدىن 200نەچچە ئادەمنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تارباغاتايغا قايتىپ كەلدى. 25-كۈنى، دەلىلقان سۈگۈرباييوپ مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، شىمالىي يۈنىلىش ئۇرۇش قوماندانلىقى شتابىنىڭ باش

قوماندانى نامى بىلەن، تارباغاتايدا ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقى چىقىرىپ، 18 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان قاۋۇل ياشلارنى ئەسكەر بولۇشقا سەپەرۋەر قىلدى، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەرنى قايتا ھەربىي سەپكە كىرىپ، ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3-تۇەنىنى ۋە قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2-تۇەنىنى قايتا قۇرۇشقا چاقىردى ھەمدە ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەپ، ئالتايغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشقا پائال تەييارلىق كۆردى.

ئۈچ ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئىسھاقبېك قاتارلىق كىشىلەر توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، سەپەرۋەر قىلىش، ماسلاشتۇرۇش، تەشكىللەش، قوماندانلىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئىلى ۋىلايىتى، بولۇپمۇ تارباغاتاي ۋىلايىتى ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى، بۇ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇش، دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇش روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى.

ئوسمان ئىسلامغا قايتۇرما زەربە بېرىش كۈرىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى «ئوسمان ئىسلامغا قايتۇرما زەربە بېرىش پەۋقۇلئاددە كومىتېتى» قۇردى ھەمدە ئۆزىگە قاراشلىق ھەرقايسى ناھىيىلەردە شۆبە كومىتېت قۇردى. ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى تەشكىللەپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالتاينى قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بەردى. تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئۆزىنىڭ 9-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 16-كۈنىگىچە ئىشلىگەن خىزمىتىنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىسھاقبېككە دوكلات قىلدى. دوكلاتتا مۇنداق دېيىلگەن:

«تارباغاتاي ۋىلايىتى ئوسمان باندىتقا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۈچۈن، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەردىن 966 ئادەمنى، رۇس قېرىنداشلاردىن 463 ئادەمنى، باشقا مىللەتتىن بولغان ياشلاردىن 1500 ئادەمنى ھەربىي سەپكە قوبۇل قىلدى. بۇ ئەسكەرلەرنى مىللىي ئارمىيىگە تولۇقلىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۆز ئىختىيارى بىلەن پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىكىگە قاتناشقانلار 1278گە، ھەربىي مەشق ئېلىپ بېرىۋاتقان ، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى، نىسى ئەزالىرى 1909غا، ئاما تەشكىللىگەن قوغدىنىش ئەترىتى 764كە يەتتى.

چۆچەك ناھىيىسى بىلەن دۆربىلجىن ناھىيىسى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق بېجى ھېسابىدا 507.5تونىنا ئاشلىق تاپشۇردى، شىخو ناھىيىسى ئۆزى يىغقان دېھقانچىلىق بېجى ۋە ئاشلىقنى ئوتتۇرا يۆنىلىش ئۇرۇش قوماندانلىقى شتابى ھەربىي لاۋازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسىغا بىۋاسىتە تاپشۇردى.

ۋىلايەت مالىيىسى 2314 ھەربىي ئات، 6400 پۇت سولۇ، 971 تۇياق كالا، 4000 قۇر قىشلىق كىيىم سېتىۋېلىپ ئارمىيىگە بەردى ھەمدە ھەربىي لاۋازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسىغا 210 مىليون دوللار پۇل ئاجرىتىپ بەردى.

پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئارمىيىگە 1990 دانە ئېگەر، 264 تۆگە، 796 دانە تاغار، 137 پارچە كىگىز، 474 دانە ئارقان، 16دانە قازان ئىئانە قىلدى.

ۋىلايەتلىك ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى ئارمىيىنى 15 دانە يېنىك پىلىموت، 193 دانە ھەر خىل مىلتىق، 85 دانە قىلىچ، ئالتە دانە دۇربۇن، 56 دانە ئوق دېسكىسى بىلەن تەمىنلىدى.

قاتناشنىڭ توسالغۇسىز، راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاما ئۆزلۈكىدىن دۆربىلجىن، خالۇنكو، ئاقسۇ كۆۋرۈكى، باقتۇ - دۆربىلجىن تاشيولىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈردى.»①

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ئاممىنىڭ كۆچىنى قوزغاپ، ئالتايدىكى ئاممىنى مىللىي ئارمىيە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ماسلىشىدىغان قىلىش ئۈچۈن، 10-ئاينىڭ باشلىرىدا دەلىلقان سوگۇربايوپ

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىغا دائىر تارىخاتاي ۋىلايىتىنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، قاراپ چىقىشقا سۇنۇلغان كۆپىيە، (1-توم) 133-، 138-بەتلەر.

ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، تارباغاتايدىن ئالتايغا مەخپىي ئالاقىلىشىش، «ئالتايدىكى بارلىق قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» نى تارقىتىش، ئالتاي خەلقىنى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە ماسلىشىشقا چاقىرىشقا كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ يەنە ئالتايدىكى شامشى مامىيوپ، ھاجى نەبى ۋەلىيوپ قاتارلىق ئاتاقلىق زاتلارغا خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئالتاي خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ ئوسمان ئىسلامغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «بىز مەغلۇپ بولمىدۇق، ئەسكەرلىرىمىز ۋە قوراللىرىمىزنىڭ ئەھۋالى ياخشى. ئىلى، تارباغاتاي خەلقى بىزگە پۈتۈن كۈچ بىلەن ياردەم بېرىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پات يېقىندا ئوسمان ئىسلامنى مەغلۇپ قىلىپ، سىلەر بىلەن جەم بولىمىز.»①

10-ئاينىڭ 15-كۈنى، بارلىق تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسىنىڭ ياردىمىدە ئەسكىرىي كۈچىنى ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلۈپ، ئالتاي ۋىلايىتىنى بېسىپ ياتقان ئوسمان ئىسلام قىسىملىرىغا ئومۇميۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىدى. بىرىنچى يۆنىلىشتە ئىلىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ماتورلاشقان، كۈچەيتىلگەن يېنىك فاتىي ئىۋانوۋىچ لېبىسكىننىڭ باشچىلىقىدا بۇرچىن ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى؛ ئىككىنچى يۆنىلىشتە يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3-تۈەنى دەلىلقان سۇگۇربايوپنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا نارىنقالا ئارقىلىق ئېرتىش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى جايلارنى ھۇجۇم بىلەن ئىگىلىدى؛ ئۈچىنچى يۆنىلىشتە يېڭىدىن تەشكىللەنگەن قوبۇقسار ئاتلىق ئەسكەرلەر 2-تۈەنى تۈەنجاڭ خەمىت ئەلىيوپنىڭ قوماندانلىقىدا ئوسمان قىسىملىرىنىڭ چېكىنىش يولىنى توسۇش ئۈچۈن، بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئىگىلىدى.

قايتۇرما ھۇجۇم باشلانغان 3-كۈنى، مىللىي ئارمىيە بۇرچىن ناھىيە

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 333 — 334-بەتلەر.

بازىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئالتاينىڭ غەربىي دەرۋازىسى ئېچىلدى، ئوسمان ئىسلام چوڭ ۋەزىيەتنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى بىلىپ، بۇرۇلتوقاي، سارسۈمبە ناھىيە بازىرىنى ساقلاۋاتقانلارغا شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كېتىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. 10-ئاينىڭ 18-كۈنى مىللىي ئارمىيە سارسۈمبىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. مىللىي ئاخىرلىرى، ئالتايغا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئۈچ يۈنىلىش مىللىي ئارمىيە يەنە يىغىلىشىپ كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيە بازىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئىگىلىدى. ئوسمان ئىسلام قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ بەيتىك رايونىغا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مىللىي ئارمىيە ئالتاي رايونىنى قايتۇرۇۋالدى، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى ئالتايدا ئەسلىگە كەلدى.

ئوسمان ئىسلام توپىلىڭى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئەسكىرىي كۈچىنى دەرھال يۆتكەپ، تىغ ئۇچىنى بارغانسېرى غالجىرلىشىپ كېتىۋاتقان قالىبېك قىسىملىرىغا قاراتتى. غۇلجىدىن پىيادە ئەسكەرلەر 2-تۈەنى ۋە توپچىلار يىگىنى، بورتالادىن موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگىنى يۆتكەپ كەلدى ھەمدە غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2-تۈەننىڭ 2-يىگىنى ساۋەن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى قىلىپ كېڭەيتتى، غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2-تۈەنىگە مايتاغقا كىرىپ ئورۇنلىشىش، مەزكۇر تۈەننىڭ 5-ۋە 6-لىيەنلىرى ساۋەنگە كىرىپ ئورۇنلىشىش، يەنە توپچىلار يىگى، شىخو پىيادە ئەسكەرلەر 1-تۈەننىڭ بىر قىسمىغا يەنسىخەي، سەندوخوزىغا كىرىپ ئورۇنلىشىش، ساۋەن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى، موڭغۇل ئەسكەرلەر يىگىنىغا ئۇلانتۇسۇ ۋە شىخەنزە ئەتراپىغا بېرىپ ئورۇنلىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپ، سەپ تۈزۈپ قالىبېككە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشكە تەييارلاندى.

11-ئاينىڭ 6-كۈنى، قالىبېك، تاكمانلار 1000 كىشىگە يېقىن قوراللىق ئادەم بىلەن ئىككىگە بۆلۈنۈپ شىخو ناھىيە بازىرى ۋە ساۋەن ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە كۈيتۇندىن يەنسىخەيگىچە بولغان ئارىلىقتىكى كۆۋرۈكلەرنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، دۇڭدى، چىچاڭ، بورتۇڭگۇ، چازىگۇ، قىزىل،

بايىنغول، لاماياۋ ئەتراپىدا بۆلەكچىلىك قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالدى.

11-ئاينىڭ 16-كۈنى، ئىسھاقبېك مونونوپ شىخودا ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىنى قۇرۇپ، شىخەنزىدە تۇرۇشلۇق ساۋەن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ ئىككى لىيەنىگە بىرىنچى يول بولۇپ قىزىلتۆپەككە، دۈگدىغا ھۇجۇم قىلىپ، قالىبېك بىلەن ماناستىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىش؛ غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 2-تۈەنىنىڭ بىر يىڭىنى ئىككىنچى يول بولۇپ تاكىمان قىسمىغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. كەسكىن جەڭ ئارقىلىق 12-ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە باندىتلارنىڭ 200دىن ئارتۇق ئادىمى ئەسىرگە ئېلىندى، قالىبېك بىلەن تاكىمان قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونغا قېچىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن قالىبېك بىلەن تاكىماننىڭ توپىلىڭى تارمار قىلىندى.

ئارقىدىنلا چوجاپ تەشكىللىگەن قوراللىق قوزغىلاڭ تىنچىتىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيىتى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تۇرلۇك قۇرۇلۇشىنى ئۇرۇش ھالىتىدىن تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 10-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن باشلاپ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى يېڭىباشتىن تېز قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئوسمان ئىسلام توپىلىڭىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە كەلتۈرگەن زىيىنىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بەرگەندىن باشقا، يەنە ئىلى ۋىلايىتى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قايتا قۇرۇلۇش خىزمىتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم كادىر ئاجرىتىشنى قارار قىلدى.

گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەتكە ھەربىي جەھەتتە بېسىم ئىشلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسىي يول ئارقىلىق ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مۇددىئاسىنى ئىگىلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە يەنە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، جاڭ جىجۇڭ

1947-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 1948-يىل 10-ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرگە ئۈچ قېتىم خەت يازدى. ئۇ ئۆز خېتىدە ئۈچ ۋىلايەتنى، پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىسىدە «ئالاھىدە بولۇۋېلىش»نى يولغا قويۇپ، يالغۇز بىر تەرەپ كونترول قىلىش مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇندى، دەپ ئەيىبلىگەندىن باشقا، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، بارلىق تالاش-تارتىشنى كېڭىشىپ ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۈچ قېتىم جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تىنچ ھەمكارلىشىش ئۈمىدىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكى، تىنچلىق بىتىمى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى، شىنجاڭنى ۋەتەندىن ئايرىپ چىقىش غەرىزى ھەرگىز يوقلۇقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە خىلاپلىق قىلىش پاكىتلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، گومىنداڭ تەرەپتىن دېموكراتىك زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى توختىتىش، تۇرمىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى قويۇپ بېرىش؛ ئوسماننى خەلقنىڭ سوتلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىش؛ مەسئۇدنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش؛ تىنچلىق بىتىمىنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى مۇشۇ ئاساستا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. بۇ مەزگىلدە، گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەتكە ۋەكىل ئەۋەتىپ، نەنجىڭدە ئېچىلىدىغان مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىش توغرىسىدا تەكلىپ ئالاقىسى ئەۋەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، 1948-يىل 1-ئاينىڭ 10-كۈنى، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرى ۋە ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقلىرى غۇلجىدا بىرلەشمە يىغىن ئاچتى. يىغىندا ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ھەققانىي تەلىپى قاندۇرۇلمىغۇچە، مىللىي قۇرۇلتايغا قايتىدىن ۋەكىل ئەۋەتمەسلىك قارار قىلىندى.

جاڭ جىجوڭ ئۈچ ۋىلايەتنى ئىمكانقەدەر تېزرەك قايىل قىلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ماسلاشتۇرۇشىنى

كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تاشقى ئىشلار ئالاھىدە خادىمى ليۇ زېرۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ دۆلەتكە قايتىشىدا غۇلجىدىن ئۆتكەندە، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى. قاتمال ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن، جاڭ جىجوڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن يول قويدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان جاھىل سۇڭ شىلىيەننى شىنجاڭدىن يۆتكىۋېتىپ، ئاندىن ئامال قىلىپ مەسئۇدنىمۇ يۆتكەپ، 1948-يىل 12-ئاينىڭ 31-كۈنى بۇرھان شەھىدىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى ھەمدە 1949-يىل 2-ئاينىڭ 10-كۈنى ئۈچ ۋىلايەتكە تۆتىنچى قېتىم خەت يېزىپ مۇنداق دېدى: «بۇلتۇر 10-ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەۋەتكەن خېتىڭلارنى بۇرۇنلا تاپشۇرۇۋالغانىدىم. سىلەر 〈خەلقنىڭ قانۇنلۇق، توغرا تەلىپىگە تولۇق جاۋاب بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز〉 دەپسىلەر، مېنىڭچە بۇ نۇقتىدا بىز يەنە خەت يېزىپ قايتا-قايتا تالاش-تارتىش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، سەمىمىيلىك بىلەن پاكىت ئارقىلىق 〈تولۇق جاۋاب〉 بېرىش كېرەك. شۇڭا، مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، مەركەزدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ھەمدە ئىلگىرى سىلەر كۆرسەتكەن بۇرھان ئەپەندىنى ئۆلكىگە رەئىس قىلىشنى تەكلىپ قىلدىم، سىلەرنىڭ ئورۇمچىدىن قايتىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەبچى بولغان مۇھىم ئامىل ھازىر مەۋجۇت ئەمەس. مانا بۇ مەن سىلەرگە بېرىدىغان 〈تولۇق جاۋاب〉. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىلەرنىڭمۇ پاكىت ئارقىلىق ماڭا 〈تولۇق جاۋاب〉 بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، ئىلگىرى ئىككى تەرەپ ئىمزالىغان تىنچلىق بىتىمى ماددىلىرىنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىشىڭلار، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىشىڭلار، بۇلارنى تولۇق، كونكرېت پاكىت بىلەن ئىپادىلىشىڭلار كېرەك. مەن ھازىر لەنجۇغا قايتىپ كەلدىم، ئورۇمچىگە ھەر ۋاقىت قايتىپ بارسام بولىدۇ، سىلەرنىڭ تىنچلىق بىتىمىنى ئەمەلىيەتتە تولۇق ئىجرا قىلىپ، ئورۇمچىگە قايتىپ كېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، ئورۇمچىدە كۆرۈشەيلى، بىز بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى ئۈچۈن، شۇنداقلا پۈتۈن

ئۆلكە خەلقىنىڭ دېموكراتىيىسى، ئەركىنلىكى، بەختى ئۈچۈن ئورتاق تىرىشايلى.»① ئەخمەتجان قاسىمى بۇرھاننىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىشىنى «ئۆلكىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشتىكى جىددىي تەدبىرلەرنىڭ بىرى» دەپ قارىغان بولسىمۇ، مەسئۇدنىڭ شېرىكلىرىدىن مۇھەممەتئىمىننى مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەشتىن يەنىلا نارازى بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قىسمەن تەلىپىنىلا قاندۇرغانىدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تىنچلىق بىتىمىنى قورال قىلىپ دېموكراتىيە، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى جاڭ جىجوڭنىڭ نەزىرىدە «ئالاھىدە بولۇۋېلىش»، «بىر تەرەپ كونترول قىلىش» ھېسابلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۇنى تامامەن يوللۇق ۋە ھەققانىي ئىش دەپ قارىدى. ئىككى تەرەپ بۇ نۇقتىدا زادىلا ئورتاق قاراشقا كېلەلمىدى. مانا بۇ دەل ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا تىنچلىقتا بىللە تۇرالمىغانلىقىدىكى ئاچقۇچلۇق سەۋەب ئىدى. ئەگەر ئۈچ ۋىلايەتنىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ھەمدە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرغانلىقىنى ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت بەلگىلىگەن دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا 1948-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 1949-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئىچكى ئازادلىق ئۇرۇشى ۋەزىيىتى ناھايىتى ئايدىڭ بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى، گومىنداڭنىڭ مەغلۇپ بولۇش تەقدىرى پېشانىسىگە پۈتۈلدى، دېيىشكە بولاتتى، مەملىكەت ئىچىدىكى چوڭ ياخشى ۋەزىيەت ئالدىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىشى بىر، نىيىتى بۆلەك گومىنداڭ بىلەن تىنچ ئۆتۈشنى ئەمەس، بەلكى پارلاق كەلگۈسىنى كۈتكەنىدى. جاڭ جىجوڭنىڭ تىرىشچانلىقى ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر ئۈچ ۋىلايەت گومىنداڭ كونتروللۇقىدىكى يەتتە ۋىلايەت بىلەن تىركىشىش ھالىتىدە بولۇپ كەلدى.

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتقان 5-1-1-ئارخىپتىن ئېلىنغان.

## ئىككىنچى پاراگراف ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىدىيىنى تەرتىپكە سېلىشى

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى ئىچكى-تاشقى بېسىمنىڭ جىددىي سىنىقىغا دۇچ كەلدى. ئوسمان، قالىبېك ۋە چۆجاپ گومىنداڭنىڭ قولىلىشى ۋە قۇترىتىشى ئارقىسىدا، قوراللىق توپىلاڭ قوزغاپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مۇقىملىقىنى بۇزۇش سۇيىقەستىدە بولدى؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە مىللىي ئۆچمەنلىك يەنە مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى؛ ئورگانلاردا بيۇروكراتلىق ئىستىلى ئەۋج ئېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت مەمۇرى ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى ۋە ئابرۇيىغا ئېغىر تەسىر يەتتى. بۇنىڭغا نىسبەتەن، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى مەسىلىنى توپتىن ھەل قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلابىي كۈچىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش، زورايتىش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن، ھالقىلىق مەسىلىنى تۇتۇش كېرەكلىكىنى، يەنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىدىيىنى تەرتىپكە سېلىپ، مەسىلىنى ئىدىيە جەھەتتىن نۇقتىلىق ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۈچ ۋىلايەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گېزىت-ژۇرناللاردا تەشۋىق قىلىش، ئاساسلىق رەھبەرلەر نۇتۇق سۆزلەش، دوكلات بېرىش، يىغىندا قارار، بەلگىلىمە چىقىرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىل، ئۇسۇل ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا ئىدىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى.

**1. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىق ئۈستىدە ئويلىنىپ ۋە ئۇنى تۈزىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە توغرا مىللەت قارىشى بىلەن تەربىيە بېرىش**

ئېلىخان تۆرە قاتارلىق پانتۈركىزمچىلار تەختتىن چۈشكەن، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقنى تەدرىجىي تۈزەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مىللىي مۇناسىۋەت تۈپتىن ياخشىلانمىدى، بەزىلەر يەنىلا ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خەنزۇ ئاممىسىنى بوزەك ئەتتى ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. مىللىي مەسىلىدىكى خاتا ئىدىيىنىڭ تۈگىتىلمىگەنلىكى بۇنىڭغا سەۋەب بولغانىدى. 1947-يىل 7-ئاينىڭ 31-كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى تارباغاتاينىڭ ۋالىيسى باشباي چولاق ئوغلى بايىنغا خەت يېزىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «خەلق دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىگە شۇ جاي دائىرىسىدە ياشاپ تۇرغان خەلقنىڭ ھەممىسى كىرىشى كېرەك، شۇ جۈملىدىن خەنزۇ خەلقىمۇ شۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. . . خەلقىمىزدىكى بىر تەرەپلىمە قاراشنى تۈزىتىش لازىم، خەلقىمىزنىڭ بۇرۇندىن ئېزىلىپ كېلىشىگە خەنزۇ خەلقى ئەيىبلىك ئەمەس، ئۇنىڭغا خەنزۇ ھۆكۈمران ئىستىبداتلىرى ئەيىبلىك. . . شۇنىڭ ئۈچۈن سىزلەرنىڭ ئاممىغا بولغان تەربىيە خىزمىتىڭلارغا ئارتۇقچە دىققەت قىلىشىڭىزلارنى ئۈتۈنىمەن.»① بۇ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقنى تۈزىتىش ۋە ئاممىغا تەربىيە بېرىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۈچ ۋىلايەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىللىي مەسىلە ئۈستىدە

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتى ۋە ماقالىلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىل 12-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 55 — 56-بەتلەر.

ئىدىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئىمتاس ھالدا قانات يايدۇردى.

ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار، خەنزۇ يولداشلارنى بوزەك قىلىش، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ۋەقەلىرى داۋاملىق يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزگە پايدىسىز، دەپ جىددىي كۆرسەتتى ھەمدە «بىز سادىر قىلغان خاتالىقلىرىمىزنى يوشۇرمايمىز، بەلكى بۇ خاتالىقلىرىمىزنى پاش قىلىپ، خاتالىقلارنىڭ كۆرۈلۈشىدىكى مەنبەنى تېپىپ چىقىپ، خاتالىقلارنى تۈگىتىشىمىز كېرەك»① دېدى. خاتالىقنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا تەرەققىيپەرۋەر زاتلار مۇنداق قارىدى: خاتالىقنىڭ مەنبەسى شۇكى، دەسلەپكى مەزگىللەردە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ كۈچىنىڭ بارىچە ئازدۇرغانلىقى، قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقىدىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئۇزاق مۇددەت خەنزۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇمىغا ئۇچراپ، خاتا ھالدا ئادەتتىكى خەنزۇ ئاممىسى بىلەن خەنزۇ ھۆكۈمرانلارنى باراۋەر ئورۇنغا قويۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۆزنى ئايرىماسلىق خاتالىقىنى سادىر قىلدى. خەنزۇ يولداشلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىغا ئوخشاش ئۆز مىللىتىدىن بولغان ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ۋە زۇلۇمىغا ئۇچرىغانلىقى، ئۇلارنىڭمۇ ماھىيەت جەھەتتە ئۆز مىللىتىدىن بولغان ھۆكۈمرانلارغا قارشى تۇرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭمۇ مىللىي ئازادلىق بىرلىك سېپىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىدى. ئەخمەتجان قاسىمى خەنزۇ دېموكرات زاتلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: «ئۈرۈمچىدىكى بىر تۈركۈم خەنزۇ خەلقچىللىرى 1945-يىلى بىزنىڭ ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈشىمىزنى كۈتۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ھازىرلىق كۆردى. ئۈرۈمچىدىكى بىر تۈركۈم خەنزۇ خەلقچىللىرى بىز بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە ‹تىنچلىق بىتىمى›دىن كېيىن

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتى ۋە ماقالىلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىل 12-ئاي ئۇيغۇرچە 1- نەشرى 184-بەت.

يۈرگۈزۈلگەن رېئاكسىيون سىياسەتلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان دەلىل ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئىلگىرىكى پۈتۈن بىر مىللەتكە قارشى تۇتقان يولىمىز خاتا، ناتوغرا يول ئىدى.»① تەرەققىيپەرۋەر زاتلار تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ زىيىنى توغرىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ قارشىلىششى خەنزۇلار بىلەن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئارازلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۆڭلىگە تولىمۇ ياقىدۇ. شۇڭا، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ئۈچۈن ئېيتقاندا، «چوڭ خەنزۇچىلىقنىڭ زىيىنى قانچە چوڭ بولسا، تار مىللەتچىلىكنىڭ زىيىنىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ».② «بىزنىڭ مىللەتلىرىمىزنىڭ ئازادلىقى، باراۋەرلىكى ۋە ئەركىنلىكى مەسىلىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ خەلقچىل ئېقىم تەرەپدارلىرىنىڭ يولداشلارچە بىرلىشىپ كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدىلا ھەل بولىدىغان مەسىلە.»③ شۈبھىسىزكى، بۇ بايانلار ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بىلەن خەنزۇ ئاممىسىغا نىسبەتەن چوڭقۇر تەربىيە رولىغا ئىگە. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى يەنە ياش-ئۆسمۈرلەرگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بېرىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. 1947-يىل 1-ئاينىڭ 13-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كۇلۇبىدا غۇلجىدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا مۇھىم نۇتۇق سۆزلەپ، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتى ۋە ماقالىلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىل 12-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 100-بەت.
② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتى ۋە ماقالىلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىل 12-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 105-بەت.
③ «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ مەركىزى كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتى ۋە ماقالىلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىل 12-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 100-بەت.

تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي باراۋەرلىك قارشىسىنى ئاشۇرۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىدىيە جەھەتتە ھەر مىللەت ئاممىسىغا تەربىيە بەرگەندىن باشقا، بىر قاتار تەدبىر. سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتتى ھەمدە خەنزۇ پۇقرالارنىڭ مەنپەئىتىگە ئېغىر ھالدا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەن بەزى ئۇنسۇرلارنى جازالاپ، مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتە مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشتى. 1947-يىل 9-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە ۋە 10-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۈچ ۋىلايەتتە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ موڭغۇل خەلقى قۇرۇلتىيى ۋە شىبە-داغۇر مىللىتى قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى تەكىتلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقى پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، تىنچلىق بىتىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىلدى. قۇرۇلتايدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا موڭغۇل مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى ۋە شىبە-داغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەتتە يەنە خەنزۇلار مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىنى تەشكىللەش تەشەببۇس قىلىندى ۋە قۇرۇلدى، شۇنداقلا ھەرقايسى مىللەت ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى بىلەن تەربىيىلەيدىغان مەكتەپلەرنى قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىندى. 1949-يىل 4-ئاينىڭ 19-كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلىي ھەيئىتى 21-سانلىق يىغىنىدا خەنزۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، خەنزۇلار مەكتىپىنى كۆپەيتىپ ئېچىشنى قارار قىلدى، رەھىمجان سابىرھاجى، ئەنۋەر خانبابا، ئەسقەت ئىسھاقوپ قاتارلىق كىشىلەر مەخسۇس كومىتېت بولۇپ تەشكىللىنىپ بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا قارىماي، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا گېزىت - ژۇرنال نەشر قىلىشىغا ياردەم بەردى. 1949-يىل 5-ئايغا قەدەر، غۇلجىدا ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، رۇس، شىبە، موڭغۇل قاتارلىق ئالتە مىللەت يېزىقىدا گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلىندى. ھەرقايسى مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىدىكى دەرسلىكلەر ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بېسىپ

تارقىتىلدى. ھەرقايسى مىللەتتىن بولغان مۇنەۋۋەر كادىرلار ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلدى، جايلاردىكى مەمۇرىي تارماقلارنىڭ باش ۋە مۇئاۋىنلىق ۋەزىپىلىرىگە، شۇنداقلا بۆلۈم، بۆلۈمچىلەرنىڭ خىزمەتچىلىكىگە شۇ جايدىكى نوپۇسى بىرقەدەر كۆپ مىللەتتىن بولغانلار قويۇلدى. 1948-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى غۇلجىدا قۇرۇلغاندىن كېيىن تارقاتقان تۇنجى ھۆججەت «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىدىن پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت» تە خەنزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت ئىنقىلابىي بىرلىك سېپىنى بەرپا قىلىش تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئۆلكىمىزدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۆزبېك مىللەتلىرى ۋە باشقا بارلىق خەلق نامراتلىق، قالاقلىق، ھوقۇقسىز قۇللۇق ئورنىنى مەڭگۈ يوقىتىش يولىدا بىرلىشىدۇ، شىنجاڭ خەلقى چوقۇم تىنچلىق، دوستلۇق، ھەققانىيەت، ھەقىقەت ۋە ھۆرىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ» .① مانا بۇ ئۈچ ۋىلايەتتە ھەرقايسى مىللەت سىياسىي جەھەتتە بىردەك باراۋەر بولغانلىقى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەتتە خەنزۇ ئاممىسى بىلەن خەنزۇ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار پەرقلەندۈرۈلگەنلىكى ھەمدە خەنزۇ خەلقى مىللىي ئازادلىق بىرلىك سېپىگە ئەزا قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى خەنزۇ ئاممىسىغا زىيانكەشلىك قىلىشتەك ئاپىغى ئۈزۈلمىگەن قانۇنسىز قىلمىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، جايلاردىكى ئەدلىيە تارماقلىرىدىن كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 1948-يىل 1-ئاينىڭ 22-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى تارباغاتاي خەنزۇ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىغا خەت يېزىپ، تارباغاتايدا يېقىنقى بىر مەزگىلدە ئارقا-ئارقىدىن يۈز بەرگەن خەنزۇ ئاممىسىنى ئۆلتۈرۈش، مال-مۈلكىنى

① «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ھۆججەتلىرىدىن تاللانما» (بېكىتىلگەن نۇسخا) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار گۇرۇپپىسى 1994-يىل 2-ئاي، 6-بەت.

بۇلاش ۋەقەلىرىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ خىتىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «مەيلى قانداق ئادەم، قانداق مىللەت بولسۇن، جۈملىدىن خەنزۇ خەلقى بولسۇن، ئۇلار قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، لو دې، ۋاڭ خۇاۋېن، ۋاڭ ماۋسۇ قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىللار قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. بۇ ھەقتە مەن ئەدلىيە تارماقلىرىغا مەخسۇس يوليورۇق بەردىم. سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلاركى، بۇنىڭدىن كېيىن قاچانلا بولمىسۇن، بۇنداق ۋەقە سادىر قىلغان قاتىللارنى ئەدلىيە تارماقلىرى قەتئىي جازالايدۇ. سىلەر قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي تۈردە ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئادىل ئىش كۆرىدىغان تارماق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلارسىلەر».①

## 2. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش

تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكەن بولدى. لېكىن، ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى يەنىلا ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، بولۇپمۇ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن، بۆلگۈنچىلىك يەنە باش كۆتۈردى، شۇڭا مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەنقىدلەپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشى يەنىلا ناھايىتى كەسكىن بولۇپ، ئۇ ئۈچ ۋىلايەتتە ئىدىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىكى مۇھىم بىر تەرەپكە ئايلاندى.

1947-يىل 2-ئاينىڭ 17-كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 353-بەت.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاممىۋى چوڭ يىغىندا بەزى كىشىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان تۇغىنى داۋاملىق كۆتۈرۈۋېلىپ، «مۇستەقىللىق» تەلەپ قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش مەسىلىسىگە قارىتا جىددىي ھالدا مۇنداق كۆرسەتتى: «بىز مىللىي قۇرۇلتايدا① شىنجاڭدا مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. لېكىن بۇ مۇستەقىل بولۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. بىزنىڭ موھتاج بولۇۋاتقىنىمىز مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى، بۇ ھەرگىز بىر مىللەت بىلەن چەكلەنمەيدۇ... ئۇ يەنىلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر بولۇشى ئاساسىدىكى مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى بولۇپ، بۇنىڭدا دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇش مەقسىتىگە يېتىش كۆزدە تۇتۇلغان. ئومۇمەن مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى پەقەت بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىل، ئەركىن بولۇشى دەپ قارىلىدىكەن، بۇنداق قارىغان ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى بەك خاتا بولغان بولىدۇ.» ئارقىدىنلا ئۇ يەنە ئېنىق قىلىپ قەتئىي ھالدا مۇنداق دېدى: «‹تىنچلىق بىتىمى› ئىمزالانغاندىن كېيىن، ‹شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى› ھۆكۈمىتى ئۆز ئىززىتىنى ساقلاپ، تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى، باشقا ۋىلايەتلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭغا يەنىلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى... ئەگەر بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بەزىلەر يەنىلا ‹شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى›نى تەرغىب قىلىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ‹تىنچلىق بىتىمى›غا قارشى تۇرغان بولىدۇ.» «خەلقىمىز بۈگۈنكى كۈندە قانداقتۇر ‹شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى› ھۆكۈمىتى قۇرماقچى ئەمەس، شۇنداقلا ‹تىنچلىق بىتىمى›نىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاشىلا تۇغدۇرۇشقىمۇ ھەرگىز يول قويمايدۇ.» ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ

① بۇ 1946-يىلى 11-ئايدا نەنجىڭدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى چاقىرغان مىللىي قۇرۇلتاينى كۆرسىتىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى شۇ چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىلى بولۇپ شۇ قۇرۇلتايغا قاتناشقان.

ئوبيېكتى مەسىلىسى توغرىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «شۇنى بىلىش كېرەككى، مىللىتىمىزنىڭ دۈشمىنى خەنزۇلار ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى مۇستەبىت تۈزۈم شارائىتىدىكى چىرىك خەنزۇ ئەمەلدارلار. بىز بۇ ئىككىسىنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىمىساق، ھەتتا خاتا ھالدا خەنزۇلارنى دۈشمىنىمىز دەپ قارىساق بولمايدۇ.» ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىزنىڭ بۇ قېتىمقى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز قايسىبىر مىللەتكە قارشىلىغان ھەرىكەت ئەمەس. بۇ قېتىمقى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى — ئۆلكىمىزدە مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ھەرىكەت، مۇستەبىت ھاكىمىيەت بىلەن چېتىشلىقى بولمىغان خەنزۇلار كۆتۈلمىگەن ھالدا ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە زەربىگە ئۇچرىدى. گەرچە بۇ بەزىبىر ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قىلمىشى بولسىمۇ، لېكىن بىز بۇنداق ئىشنىڭ بولغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز. . . بىزنىڭ دۈشمىنىمىز خەنزۇلار ئەمەس، بەلكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ھىمايىچىلىرى ۋە خەلق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغان جاھىللار ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرى.» شۇنداق قىلىپ، ئۇ خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشتەك بارلىق خاتا ئىدىيىلەرنى ناھايىتى ئېنىق تەنقىدلىگەنىدى. ئاخىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مۇنداق دەپ جاكارلىدى: «خەلقىمىز شۇنى چۈشىنىشى لازىمكى، بۈگۈنكى كۈندە بىز خەنزۇلارغا ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرۇۋاتقىنىمىز يوق، ئەگەر بەزىلەر خەنزۇلارغا ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ ‹تىنچلىق بىتىمى›غا ۋە ‹ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى›غا قارشى تۇرغان بولىدۇ، ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز ئەمەس. شۇڭا ‹تىنچلىق بىتىمى›دىن باشقا ھەرقانداق ھەرىكەتنى قەتئىي قوللىمايمىز.»①

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرى «مۇستەقىللىق» يولىنى ئېنىق

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 284 — 286-بەتلەر.

ئىنكار قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا مىللىي باراۋەرلىك ۋە دېموكراتىيە، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشتەك مىللىي ئىنقىلاب يۆنىلىشىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشىنى ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش جەھەتتە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. 1947-يىل 11-ئاينىڭ 19-كۈنى، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى 80-نومۇرلۇق پەرمان چىقىرىپ، ئالتاي ۋالىيى مەھكىمىسىگە قاراشلىق ھەرقايسى تارماق، ھەرقايسى ناھىيىلەردىن ۋىۋىسكا، تامغا، ھۆججەت، جاي نامىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن سۆزنى بىردەك چىقىرىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. 1948-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى قۇرۇلغان شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەي، شىنجاڭ دېگەن بۇ نامنى قوللىنىشتا چىڭ تۇردى. ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدى: «سۆز ئەركىنلىكى بولۇش روھى بويىچە ئۆلكىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك نامىنى خالىغانچە ئاتاشقا بولىسمۇ، لېكىن سىياسىي جەھەتتە، تەرتىپ جەھەتتە ئۇنى شىنجاڭ دەپ ئاتاش كېرەك، بۇ ھەقتە، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنى قۇرۇش يىغىنىدا مەخسۇس بەلگىلىمە چىقىرىلدى.»① بۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئارزۇسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1949-يىلى ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىملىق يىغىلىشتا نۇتۇق سۆزلەپ، بەزى خاتا كۆز قاراشلارنى ناھايىتى تاكتىكىلىق ھالدا يەنە بىر قېتىم تەنقىدلەپ مۇنداق دېدى: «تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئىنقىلاب نىشانىمىز ۋە يۆنىلىشىمىز تۆپتىن

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 380-بەت.

ئۆزگەردى. لېكىن ياشلىرىمىز، ئۆسمۈرلىرىمىز، ھەتتا خېلى كۆپ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بۇمەسىلىنى ئىزچىل چۈشەنمەي، ھەممىشە‹ھۆررىيەت›، ‹ئازادلىق› دېگەن بۇ سۆزلەرنى ‹مۇستەقىللىق› دېگەن بۇ سۆزگە باغلاپ قويۇپ، مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن جايلاردىلا ھۆررىيەت بولىدۇ، مۇستەقىللىققا ئېرىشەلمىگەن جايلاردا ھۆررىيەت بولمايدۇ، دەپ قاراپ قويىدىكەن.» ئۇ ھۆررىيەت بىلەن مۇستەقىللىقنى باراۋەر ئورۇنغا قويۇشتەك خاتا تونۇشلارنى تەنقىدلەپ، «بۇنداق ئىدىيىنى تۈپتىن تازىلاپ، ئۆلكىمىزدىكى خەلقنىڭ كۈرىشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك»[1] دەپ كۆرسەتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى كادىرلار ۋە ئاممىنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئاڭلىق قوغداشقا يېتەكلەش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن پۈتكۈل جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇناسىۋىتىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستىقبالى بىلەن پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىستىقبالىنىڭ مۇناسىۋىتىنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت جەھەتتىن چۈشەندۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت بۇ جەھەتتىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، نەزەرىيە جەھەتتىن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1947-يىل 6-ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇمغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتتە چىقىدىغان گېزىت-ژۇرناللاردا ئۈزلۈكسىز ھالدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن غەلىبە قىلغانلىقى خەۋىرى بېسىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەر ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ يۆنىلىشى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئىنتايىن يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلدى. 1949-يىل 5-ئايدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئاكتىپلار ۋەكىللىرى يىغىنىغا بەرگەن «نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت ۋە

---

① «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى 1949-يىل 4-سانىدىن ئېلىنغان.

ۋەزىپىلىرىمىز» دېگەن دوكلاتىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن جوڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مەخسۇس بىر باب ئارقىلىق شەرھلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز باشقا ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ۋەزىپىسى جەھەتتە جوڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا ئوخشاش بولۇپ قالماستىن، بەلكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى جوڭگودىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ۋە توغرا ھەل قىلىنىشى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، جوڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق.» «شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەر جوڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ ياردىمى ئاستىدىلا تېز سۈرئەت بىلەن ئۆز مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. شۈبھىسىزكى، جوڭگو خەلق ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشكەن ئەھۋال ئاستىدا شىنجاڭ خەلقى ئاندىن ئازادلىققا ئېرىشەلەيدۇ. شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلە ئاندىن ئۈزۈل - كېسىل ۋە توغرا ھەل قىلىنىدۇ. شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىستىقبالى ئاندىن پارلاق بولىدۇ.»① ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ بۇ بايانلىرى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا نىسبەتەن چوڭقۇر تەربىيىۋى رول ئوينىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتە ئىدىيىنى تەرتىپكە سېلىش كۈندىن-كۈنگە چوڭقۇرلاشتى، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز مەنپەئەتى بىلەن ئىچكىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك دېگەن قارىشى كۈچەيدى. جوڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئومۇملۇق، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قىسمەتلىك ئىكەنلىكىگە بولغان تونۇش سەۋىيىسى ئۆستى.

### 3. بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، خىيانەتچىلىك - چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك - دىيانەتلىك بولۇش، ھۆكۈمەتسىزلىككە قارشى تۇرۇپ، تەشكىلىي ئىنتىزامنى كۈچەيتىش

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتقا يوللىغان دوكلاتى ۋە ماقالىلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىل 12-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 191 — 192-بەتلەر.

قەدىمدىن ھازىرغىچە بارلىق يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەھۋالغا ئوخشاش، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىمۇ مۇنداق ئۈچ چوڭ مەسىلىگە، يەنى ھاكىمىيەت قولغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن بەزىلەرنىڭ ئورنىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن، يېڭى بيۇروكراتلىق ئىستىلىنىڭ پەيدا بولۇشى؛ ئىدىيىسى ساپ بولمىغان بىر قىسىم ئۇنسۇرلار ئىنقىلاب داۋامىدا موقۇق تۇتۇش ھەمدە موقۇقتىن پايدىلىنىپ ھەتتا خۇسۇسىي مەنپەئىتىنى كۆزلىشى، بەزى ئادەملەر تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ، مۇرۇنلىشىپ ھۆكۈمەتسىزلىككە ئادەتلىنىپ قېلىشى، تەشكىلسىزلىك، ئىنتىزامسىزلىق قىلىشى، خىيانەتچىلىك قىلىپ چىرىكلىشىشى؛ بەزى ئادەملەر ھۆكۈمەتسىزلىككە ئادەتلىنىپ قالغانلىقىدىن، نەزەرىدە تەشكىلىي ئىنتىزام بولماسلىق، مۇرۇن، چېچىلاڭغۇ بولۇش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. بۇ مەسىلىلەر بىر مەھەل تەرەققىي قىلىپ ناھايىتى ئېغىر دەرىجىگە يېتىپ بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىگە ئېغىر زىيان سالدى. بۇ ھادىسىلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، يەنى گېزىت - ژۇرناللاردىن پايدىلىنىپ داغدۇغىلىق ھالدا تەشۋىقات ئېلىپ باردى؛ ئەمىر-پەرمان، قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇردى؛ بۇ ناتوغرا كەيپىياتنى يەنە ئىدىيە جەھەتتە تۈزىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

1948-يىل 1-ئايدا، ئەخمەتجان قاسىمى تارباغاتاي خەلق كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن قارشى ئېلىش يىغىنىدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ خىزمەت ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: «ئايرىم جايلاردا ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلماسلىق ئەھۋالى، ـ لمن، خالىسا ئىشقا كېلىش، خالىمىسا ئىشقا كەلمەسلىك، خىزمەت ۋاقىـ١٠ تويغا بېرىش، سەيلە-ساياھەتكە چىقىش، ئوغلاق تارتىش، ئۆزئارا مېھمان چاقىرىش ئەھۋالى بار. بۇنداق ئەھۋال خىزمىتىمىزگە زىيانلىق. ئەگەر ھەقىقەتەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز، خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمىز

دېدىكەنمىز، بۇنداق يېتەرسىزلىكلەرنى قەتئىي تۈزىتىشىمىز كېرەك. كىمكى ئۆز مىللىتىنى سۆيىمەن، دېموكراتىيە، ھۆررىيەتنى ھىمايە قىلىمەن دېدىكەن، ئۇ ئەمگەك ئىنتىزامىنى كۈچەيتىشى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.»① 1949-يىل 3-ئاينىڭ 6-كۈنى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى سېپىنىڭ پولاتتەك ئىنتىزامى بولۇشى كېرەك» دېگەن قارارنى چىقاردى. قاراردا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» سېپى — خەلقىمىزنىڭ سىياسىي ئەركىنلىكى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان خەلق تەشكىلاتى، شۇڭا، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى سېپىنىڭ پولاتتەك ئىنتىزامى بولۇش كېرەك. چۈنكى ئىنتىزام — تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئامىل. ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىشتا ئىشنى ئالدى بىلەن رەھبەرلىك ئورگانلىرىدىن باشلاش لازىم، رەھبىرىي ئەزالار ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك. شۇ يىلى 7-ئاينىڭ 6-كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجا ناھىيىسىدىكى خىزمەتچى خادىملار يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلەپ، خىزمەتچى خادىملار ئارىسىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، پاك-دىيانەتلىك، ئۈنۈم ۋە ئىنتىزام قاتارلىق بىرنەچچە جەھەتتىن چوڭقۇر شەرھلەپ ئۆتتى، ئۇ مۇنداق دېدى: «خىزمەتچىلىرىمىز دىققەت قىلىدىغان جاي شۇكى، مەنسەپنى ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان قورال قىلىۋالساق بولمايدۇ، بىزنىڭ ئىنقىلابنى قوزغىيالىشىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەزەلدىن ھۆكۈمەت مەنپەئىتىنى شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ۋە

① «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» 27-سانىدىن ئېلىنغان. 1948-يىل 2-ئاينىڭ 2-كۈنى نەشر قىلىنغان.

ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن زۇلۇمىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەگەر بىز ھازىر مەنسىپىمىزدىن ئۆز شەخسىي مەنپەئەتىمىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن پايدىلانساق، ئىنقىلابىمىز ئالدىدا، خەلقىمىز ئالدىدا، چوڭ خىيانەت قىلغان بولىمىز. ئۇ چاغدا بىزنى ھېچكىم كەچۈرمەيدۇ ھەم تارىخىمىزدا خەلقنىڭ نەزەرىدىكى قارايۈزلەردىن بولۇپ قالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ جامائەتىمىز ئۇنداق شەخسىيەتچىلەر بىلەن ھېسابلىشىدۇ.» ئۇ بيۇروكراتلارنى قاتتىق تەنقىدلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «پەقەت ئىش بېجىرگىلى كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئالدىمىزدا، ئىدارىلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئالدىدا ئىنتىزار بولۇپ، سارغىيىپ ئولتۇرۇشلىرى بىلەنلا ئۆلچەمەك، بۇ كەمچىلىكنىڭ سىياسىي ماھىيىتىنى ۋە ئىقتىسادقا كەلتۈرگەن زىيىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىۋالىمىز.» ئۇ كادىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ھازىر ھەقىقەتەن بىر مۇنچە ئىدارىلىرىمىز ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنىۋاتقانلار بار. ئەگەر بىز يەنىمۇ قاتتىقراق باشقۇرمىساق، ئۇ ھالدا شىكايەت قىلىنىۋاتقانلار بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ، بىزدە ئۇنداق شىكايەتلەرگە ئورۇن بولماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى بىز پۈتۈن ئىشىمىزنى ئادالەتچىلىك ئاساسىدا ئېلىپ بارىمىز دەپ كېلىۋاتىمىز.» ئۇ پاك-دىيانەتلىك بولۇش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «ئىدارە-ئاپپاراتلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئىشنى ئادىل ئېلىپ بارىمىز دەيدىكەنمىز، پاك بولۇشىمىز كېرەك. پاك بولۇش ئۈچۈن خىيانەتچىلىككە يول قويماسلىقىمىز لازىم، خىيانەتچىلىك خەلقچىللىق سىياسىتىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر. خىيانەتچىلىك دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى تۆپ نېگىزىدىن چىرىتىدۇ. بىز ئۇنداق تۆپ نېگىزىدىن چىرىگەن دۆلەت ئاپپاراتىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. مەسىلەن، گومىنداڭ دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يىمىرىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، ئۇلاردىكى يۇقىرىدىن-تۆۋەنگە قەدەر ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى پاراخور بولغانلىقىدىندۇر. ئەگەر بىز خەلقنىڭ ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىمىز دەيدىكەنمىز، خىيانەتچىلىككە قارشى رەھىمسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.» «سۆزدە خەلقچىللىق دەپ ۋارقىراپ، ئەمەلىيەتتە

پارىخورلۇق بىلەن زەھەرلەنگەن دۆلەت ئاپپاراتى بولىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا خەلقچىللىق بولمايدۇ، ئۇ خەلقنى ئالدايدىغان يالغانچىلىق بولىدۇ، ئۇنداق ئاپپاراتى بار دۆلەت مۇستەھكەم بولمايدۇ، ئۇنداق ھۆكۈمەت قۇمنىڭ ئۈستىگە سالغان ئىمارەتكە ئوخشاش بولىدۇ.»① ئۇ يەنە تەشكىلىي ئىنتىزام مەسىلىسىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئەمگەك ئىنتىزامىغا تولۇق رىئايە قىلىپ، رەھبەرلەر تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ۋاقتىدا ئورۇنداپ، خىزمەتكە ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ھەربىر خىزمەتچىدىن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، خىزمەت ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ نۇتقى ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يەنە بىر قاتار بەلگىلىمە ۋە تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت داۋاملاشقان ئىدىيىنى تەرتىپكە سېلىشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. مەلۇم دائىرە ئىچىدە، مەلۇم دەرىجىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۆنىلىشى توغرىلاندى، خىزمەت ئىنتىزامى چىڭىتىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياخشى شارائىت يارىتىلدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى تاشقىنىغا قوشۇلۇشىغا مۇھىم ئىدىيىۋى، سىياسىي شارائىت ھازىرلاندى.

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتى ۋە ماقالىلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىل 12-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 110 — 112-بەتلەر.

## ئۈچىنچى پاراگراف ئۈچ ۋىلايەتتە ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچەيتىلىشى

### 1. ئۈچ ۋىلايەتتە ئىنقىلابىي تەشكىلاتنى بەرپا قىلىش ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي دەسلەپكى مەزگىلدە مۇكەممەل سىياسىي تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىكى يوق ئىدى، بىرلىككە كەلگەن، توغرا سىياسىي پروگراممىغا ئىگە سىياسىي پارتىيە تېخىمۇ يوق ئىدى. بۇ — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئېغىر ئاجىزلىقى، كەسكىن، مۇرەككەپ كۈرەش داۋامىدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلار توغرا سىياسىي پروگراممىغا ئىگە ئىنقىلابىي سىياسىي پارتىيە قۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى كۈندىن-كۈنگە تونۇپ يەتتى. پارتىيە ۋە ئۇنىڭ ھەر دەرىجىلىك مۇكەممەل تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق ئۆز ئەزالىرىغا سىياسىي تەربىيە بېرىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، جەڭگىۋارلىقنى ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش ھەمدە باشقا كادىرلار ۋە ئاممىغا قارىتا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش ۋە نەمۇنىچىلىك، باشلامچىلىق قىلىش رولىنى ئويناش ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا ئايلاندى.

ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى كۈرەش داۋامىدا تەدرىجىي بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ باشتىلا بىر مۇكەممەل، توققۇزى تەل ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، ئومۇمىي پىلان تۈزۈپ چىقىشى ھەمدە ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى شۇ ئومۇمىي پىلان بويىچە تەرتىپلىك قۇرۇپ چىقىشقا ۋاقتى ۋە ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەر

دەرىجىلىك ھاكىمىيىتى كۈرەش داۋامىدا ئالدىراپلا قۇرۇلغان بولۇپ، ئاپپارات تەسىس قىلىش ئىشى، فۇنكسىيە، ھوقۇق دائىرىسى، چەكلىمە، نازارەتچىلىك قاتارلىقلاردا بىرلىككە كەلگەن ئېنىق قىلىپ بولالمىغاچقا، بىر تەرەپتىن قۇرۇش، بىر تەرەپتىن ياخشىلاشقا توغرا كەلگەندى.

ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئاپپاراتى ئەسلىدە ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئىدى. 1945-يىل 12-ئايدا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەر مىللەت ۋەكىللىرى يىغىنى غۇلجىدا ئۆتكۈزۈلۈپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى، كېيىن تىنچلىق بىتىمىغا ئاساسەن ئۇ يەنە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغان بولدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىقلار ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشتى. لېكىن ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىپ، گومىنداڭ تەرەپكە قارشى سىياسىي كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، تىنچلىق بىتىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىلى ۋىلايىتى ئەمەلىيەتتە ئۈچ ۋىلايەتكە رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغانىدى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىغانىدى. لېكىن ئۆتكۈنچى خاراكتېرنى ئالغان، ئۇ ھەقتە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھوقۇق مېخانىزمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىنكى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمىدى.

ئۈچ ۋىلايەت توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشى غەلىبىسىدىن كېيىن ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت بىرقەدەر مۇقىم بولغان مەزگىلدىن پايدىلىنىپ، تەشكىلات، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىلگىرىكى

كىشىلەرنىڭ كۆڭلى چېچىلىپ كېتىش، ئۈچ ۋىلايەتكە بولغان مەركەزلەشكەن رەھبەرلىك يېتەرلىك بولماسلىق، ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق مېخانىزمى راۋان بولماسلىق ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتتى.

## 2. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

1948-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى قۇرۇش يىغىنى غۇلجىدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى. يىغىنغا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنونوپ قاتارلىق 30 نەچچە كىشى قاتناشتى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى قاتلام ۋەكىل زاتلىرى، يەتتە ۋىلايەت دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلارمۇ يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىپ، 35نەپەر مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى، بەش نەپەر مەركىزىي كومىتېت كاندىدات ئەزاسىدىن تەركىب تاپقان شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، ئەخمەتجان قاسىمى مەركىزىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى ھەمدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ئاپپاراتى — شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى رەسمىي قۇرۇلدى.

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى سىنىپلار بىرلەشكەن ئاممىۋى

خاراكتېردىكى بىرلىك سەپ تەشكىلاتى بولۇپ، سىياسىي پارتىيىنىڭ مەلۇم رولىغا ئىگە، ئۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئەمەلىي رەھبەرلىك كۈچىگە ئايلاندى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا بىر نەچچە خەنزۇ كاندىدات ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇ خەنزۇ مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا قاتناشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ پروگراممىسى ئۇنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا ئېلان قىلىنغان «پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت»دە مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلدى. «پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت» نى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي خىتابنامىسى دېيىشكە بولىدۇ، ئۇنىڭدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى ھەرقايسى مىللەتلەر جۈملىدىن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۆزبېك ۋە باشقا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ، نامرات، قالاق ۋە ھوقۇقسىز قۇللۇق ئورنىنى مەڭگۈ يوقىتىپ، شىنجاڭنى تىنچلىق، دوستلۇق، ئادالەت، ھەققانىيەت، ئەركىنلىك بولىدىغان جەمئىيەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.① بۇ ئومۇمىي پروگراممىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ چوڭ يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بېرىلدى.

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» بۇ ئومۇمىي كۈرەش پروگراممىسى ئاساسىدا «پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت»تە 12ماددىلىق كونكرېت سىياسىي پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكىچە:

---

① «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھۆججەتلىرىدىن تاللانما»، (بېكىتىلگەن نۇسخا) دىن ئېلىنغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار گۇرۇپپىسى، 1994-يىل 2-ئاي تۈزگەن، خەنزۇچە 6-بەت.

(1) سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش، جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشۇش ۋە دىنىي ئېتىقات ھەقىقىي ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش.

(2) شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرىدىكى ئورنى ۋە خىزمەت ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش.

(3) خەلق ئىشەنگەندىغان يەرلىك كىشىلەردىن مەمۇرىي رەھبەرلەرنى سايلاش پرىنسىپىنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

(4) ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ياردەملىشىدىغان ھەم نازارەتچىلىك قىلىدىغان، سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن، خەلق ئىشەنگەندىغان كېڭەش ئەزالىرىنىڭ تۈرمۇش ۋە خىزمەت شارائىتىغا كاپالەتلىك قىلىش.

(5) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان باشقا جەمئىيەتلەرنى قۇرۇش.

(6) شارائىت يارىتىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۆز تىل -يېزىقىدا مەتبۇئات بۇيۇملىرى، دەرسلىك ۋە باشقا ئەدەبىيات -سەنئەت ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش.

(7) ئۆز مىللىتىنىڭ تىل -يېزىقىدا دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپلەرنى كۆپەيتىپ، نامراتلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئوقۇيدىغان، تاماق -ياتاق ھەقسىز مەكتەپلەرنى قۇرۇش؛ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك ھەر خىل كەسپىي ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەيدىغان تېخنىكوم ۋە ئالىي مەكتەپلەرنى قۇرۇش؛ كىنوخانا، تىياترخانىلارنى قۇرۇپ، رادىئو ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

(8) قانۇن ئىشلىرىدا شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىش. سوت مەھكىمىسىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىجرائىيە ئاپپاراتلىرىدىن ئايرىپ چىقىپ مۇستەقىل قىلىش.

(9) ھەربىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى باشقا پۇقرالارنىڭكىگە ئوخشاش سىياسىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن قىلىش.

(10) دوختۇرخانا، شىپاخانا ۋە باشقا داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى

كۆپەيتىپ، يۇقىرىلارنى ھەقسىز داۋالاشنى يولغا قويۇش.

(11) شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەر قايسى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى يەر، قىشلاق، چارۋا-مال، سانائەت ئىنشائاتلىرى ۋە باشقا تۇراقلىق مۈلۈك، كۆچمە مۈلۈكنىڭ شەخسىي ئىگىدارچىلىقىدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش.

(12) يېزا ئىگىلىكى ۋە سۇ ئىنشائاتىغا سىپلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ، يايلاق، قىشلاقلارنىڭ ئوتلاق قورۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ بۇ پروگراممىسىدا ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئىككى چوڭ كۆرەش نىشانى، يەنى شىنجاڭنىڭ ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ پروگرامما بىرقەدەر ئەتراپلىق بولغان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب پروگراممىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ مەقسىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ئۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش بايرىقىغا ئايلاندى.

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشى، شەك-شۈبھىسىزكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى بىر چوڭ ئىش بولدى. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى رەھبەرلىك قىلىش رولىنى ھەقىقىي تۈردە ئويناش ئۈچۈن، يەنە ھەر دەرىجىلىك تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى ھەرقايسى جەھەتلەر، ھەرقايسى جايلاردا رول ئوينايدىغان قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ناھايىتى زور زېھنىي كۈچ بىلەن تەشكىلىي قۇرۇلۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

1948-يىل 8-ئايدا، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلىي خىزمىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزامى» نى ئېلان قىلدى. بۇ نىزامدا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى، ناھىيە دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتى ۋە ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئىلتىماس سۇنۇشى، ئۇلارنى تەكشۈرۈش، تەستىقلاش تەرتىپى ۋە ھوقۇق دائىرىسى، ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى قۇرۇش شەرتى، ھوقۇقلۇق ئاپپاراتلار ۋە قۇرۇلتايلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش، ئاۋازغا قويۇش تۈزۈمى، ئىتتىپاق بەدىلىنى يىغىش ۋە ئىشلىتىش قاتارلىقلار بەلگىلەندى. بۇ نىزامغا ئاساسەن، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە ۋە مىللىي ئارمىيەدە تېز قۇرۇلدى.

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش كېرەك ئىدى. 1948-يىل 8-ئايدا، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشنى، يەنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى؛ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى مەدەنىيەت-مائارىپ بۆلۈمى؛ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى خوجىلىق بۆلۈمى؛ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى رەئىسىيە بۆلۈمى؛ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزى كومىتېتى ئاخبارات باشقارمىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

زۇنۇن تېيىپوپ مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى؛ ئىبراھىم تۇردى مەركىزىي كومىتېت مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى؛ ئابدۇرېھىم ئەيسا مەركىزىي كومىتېت خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى؛ جابۇقباي ئاقلاقچى مەركىزىي كومىتېت رېۋىزىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى؛ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ مەركىزىي كومىتېت ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي تەشكىلىي كومىتېتى ئۈچ ۋىلايەتتە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ۋىلايەتلىك تەشكىلات ھېسابلىنىدۇ. 1948-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنى تەشكىللەپ قۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. 9-ئاينىڭ 9-كۈنى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رەسمىي قۇرۇلۇش يىغىنى ئېچىلدى. ئالىمجان ھاكىمبايوپ كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولدى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەرھال خىزمەتنى باشلاپ، ئىتتىپاق ئەزاسىنى قوبۇل قىلىپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلىك، رايونلۇق كومىتېتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى قۇردى. 11-ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ دۆربىلجىن، چۆچەك، شىخو، ساۋەن، چاغانتوقاي، قوبۇقسار قاتارلىق ئالتە ناھىيىدە ناھىيە دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتى قۇرۇلدى ھەمدە رايون دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتىدىن 100نەچچىسى قۇرۇلدى، 10مىڭغا يېقىن ئىتتىپاق ئەزاسى قوبۇل قىلىندى.

تارباغاتايدىن كېيىن، ئىلى ۋىلايىتىدىمۇ 9-ئاينىڭ 4-كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئىلى ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى رەسمىي قۇرۇلدى. قېيۇمبەگ غوجا رەئىس، ئوسمان

زىيا مۇئاۋىن رەئىس بولدى. ئىلى ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى خىزمەتنى رەسمىي باشلاپ، ۋىلايەتكە قاراشلىق ھەرقايسى ناھىيىلەردە ناھىيە، رايون دەرىجىلىك يەرلىك تەشكىلىي كومىتېتلارنى قۇرۇپ چىقتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئىلگىرى -كېيىن بولۇپ غۇلجا، سۈيدۈڭ، نىلقا، چاپچال قاتارلىق ناھىيىلەردە ناھىيە دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتتىن 14ى، رايون دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتتىن 188ى قۇرۇلدى. ئىتتىپاق ئەزاسى 6700دىن كۆپرەككە يەتتى.

9-ئاينىڭ 10-كۈنى، ئالتاي ۋىلايەتلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا دەلىلقان سۈگۈرباييوپ غۇلجىغا بېرىپ يىغىنغا قاتنىشىش ئەھۋالى ۋە يىغىننىڭ روھىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ۋەكىللەر يىغىندا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىنى قۇرۇش قارار قىلىندى. 9-ئاينىڭ 13-كۈنى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى رەسمىي قۇرۇلدى، شامىس ماميوپ رەئىس بولدى، قامى ئاسلقان بىلەن مۇقاش جاكىلەر مۇئاۋىن رەئىس بولدى ھەمدە خىزمەتنى دەرھال باشلىدى. 11-ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، سارسۈمبە، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي قاتارلىق ئالتە ناھىيىدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتى قۇرۇلدى، رايون دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتتىن 78ى قۇرۇلدى، ئىتتىپاققا 7000غا يېقىن ئەزا قوبۇل قىلىندى.

مىللىي ئارمىيە — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۈۋرۈكى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مىللىي ئارمىيىدە ئۆز تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، مەخسۇس نىزاملارنى ئالاھىدە تۈزۈپ چىقتى ھەمدە پىلانلىق ھالدا يولغا قويۇشنى تەشكىللىدى.

1948-يىل 10-ئاينىڭ 11-كۈنى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مىللىي ئارمىيە تەشكىلىي

كومىتېتى غۇلجىدا رەسمىي قۇرۇلدى، ئابدۇرېھىم ھەسەنوپ رەئىس بولدى. مىللىي ئارمىيە تەشكىلىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە ئىچىدىكى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتلىرى قۇرۇپ چىقىلدى. مىللىي ئارمىيىدىكى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ليەن، يىڭ، تۈەن، جۈنلەردە ئايرىم-ئايرىم قۇرۇلدى، يىڭ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى قىسىملاردا بىردەك تەشكىلىي كومىتېت قۇرۇلدى. 10-ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، مىللىي ئارمىيىدە تۈەن دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتتىن 16سى، يىڭ دەرىجىلىك تەشكىلىي كومىتېتتىن 20سى قۇرۇلدى، ئىتتىپاققا 1300دىن كۆپرەك ئەزا قوبۇل قىلىندى.

مىللىي ئارمىيىدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقى تۈپەيلىدىن، مىللىي ئارمىيىگە بولغان سىياسىي رەھبەرلىك كۈچەيتىلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ سىياسىي ساپاسى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆستۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن مىللىي ئارمىيىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشىگە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەزىپىسىنىڭ غەلىبىلىك ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

ئۈچ ۋىلايەتتىكى ياشلار ھەرىكىتى، خانىم-قىزلار ھەرىكىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى مىللىي ئارمىيىدە ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى قۇرۇش ئىشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ياشلار تەشكىلاتى ۋە خانىم-قىزلار تەشكىلاتىنى قوشۇۋېتىش خىزمىتىگە تۇتۇش قىلدى.

1948-يىل 12-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا رەسمىي قوشۇۋېتىلىپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى مەخسۇس ئۈچ ۋىلايەت ياشلار خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىش ئۈچۈن ياشلار تەشكىلىي كومىتېتىنى

كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى. 1949-يىل 4-ئاينىڭ 2-كۈنى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي ياشلار تەشكىلىي كومىتېتى غۇلجىدا كەڭ ياشلار قاتناشقان چوڭ يىغىن ئاچتى. يىغىندا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىپىسى كەڭ ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ياشلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، كەڭ ياشلارنى جەمئىيەتكە يارامل‍ىق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت دەپ بەلگىلەندى. كېيىن، يىغىننىڭ روھىغا ئاساسەن، جايلاردا ھەر دەرىجىلىك ياشلار تەشكىلاتلىرى تېزلىكتە قۇرۇلدى. 6-ئاينىڭ 19-كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى ياشلار تەشكىلىي بۆلۈمى قۇرۇلدى ھەمدە ھەرقايسى ناھىيىلەرگە دەرھال ۋەكىل ئەۋەتىپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ياشلار تەشكىلاتلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇپ چىقتى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭكى بىلەن تەڭ بىر كۈندە، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتىمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىشنى قارار قىلىپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى ياشلار تەشكىلىي بۆلۈمىنى قۇردى.

ياشلار تەشكىلاتى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، 1949-يىل 3-ئاينىڭ 8-كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى يەنە قارار چىقىرىپ، ئۈچ ۋىلايەت خانىم-قىزلار جەمئىيىتىنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىپ، شۇ كۈنى شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى خانىم-قىزلار تەشكىلىي بۆلۈمى

قۇرۇپ، مەخسۇس ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خانىم ـ قىزلار خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىمۇ نىسپىي ھالدا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى خانىم-قىزلار تەشكىلىي بۆلۈمى قۇرۇلدى. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى خانىم-قىزلار تەشكىلىي بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خانىم-قىزلار ھەرىكىتى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئۈچ ۋىلايەت خانىم ـ قىزلار جەمئىيىتى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى خىزمىتى تاماملاندى. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مۇكەممەللىشىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ تۈرلۈك سىياسەت، فاڭجېنلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە بولدى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى رەھبەرلىك ئورنى ۋە رولىغا ئىشەنچلىك ئاساس سېلىندى، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە توغرا يول، توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشقا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

بەۋقۇلئاددە كۈرەشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ھەم ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى تەبىقىلەر بىلەن بىرلىشىدىغان بىرلىك سەپ تەشكىلاتى بولدى، ھەم ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق فۇنكسىيىسىنى ۋاقىتىنچە يۈرگۈزىدىغان ئاپپارات بولدى، شۇنداقلا ئۇ يەنە بەزى سىياسىي پارتىيىنىڭ رولىغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى بىر چوڭ ئىش، كېيىنكى مەزگىلدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش بولدى. بىرىنچى، ئۈچ ۋىلايەتتە ھەرقايسى ۋىلايەت بىر تۇتاش قارايدىغان ھاكىمىيەت ئاپپاراتى بولمىغان ئەھۋالدا،

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئاپپاراتى فۇنكسىيىسىنى ۋەكالەتەن يۈرگۈزدى. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى بۇيرۇق چۈشۈرۈش، قارار چىقىرىش، يوليورۇق بېرىش شەكلى بىلەن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى ماس قانات يايدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئىلگىرىكى ئىلى ۋىلايىتى باشقا ئىككى ۋىلايەتكە تەڭ دەرىجىدە تۇرۇپ رەھبەرلىك قىلىشتەك غەيرىي نورمال ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سىياسەتنىڭ بىردەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئىككىنچى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا كەڭ بىرلىك سەپنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىنقىلابىي كۈچنى ئۈلغايتتى. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى تەبىقە بىرلەشكەن كەڭ بىرلىك سەپ تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇ خەنزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى مىللەت بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئەركىنلىكى، خەلقچىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتلىغاندىن بۇيان، تۇنجى قېتىم خەنزۇ خەلقىنى ئېنىق ھالدا ئىنقىلابنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى سۈپىتىدە بىرلىك سەپ دائىرىسىگە كىرگۈزگەن مۇھىم ھۆججەت، ئۇ شىنجاڭدىكى خەنزۇ خەلقى بىلەن باشقا ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە ياخشى، ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچنى زورايتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى ۋە يېتىم قالدۇردى، ئۈچىنچى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش

ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى توغرا سىياسىي نىشانغا ئىگە قىلدى ھەم ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى تاشقىنىغا قوشۇلۇشىغا مۇھىم شارائىت ھازىرلىدى.

## 3. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتى قۇرۇلۇشى

ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلىرى كۆرەش داۋامىدا ئالدىراش - تېنەش قۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئاپپاراتىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، فۇنكسىيىسى، ھوقۇق دائىرىسى، چەكلىش، نازارەت قىلىش قاتارلىقلاردا ئېنىق بىرلىككە كەلگەن قېلىپ يوق ئىدى، ئۇ پەقەت ئۆدۈللۈق قۇرۇلۇپ، ئۆدۈللۈق ياخشىلاندى. ئۇنىڭ كادىرلىرىمۇ تۈزەش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن ۋە ئۆسۈپ يېتىلگەن، بۇ كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى، سىياسىي، مەدەنىيەت ساپاسى، خىزمەت ئىقتىدارى تەكشى ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەم خىزمەت ئىقتىدارى بىرقەدەر كۈچلۈك، سىياسىي سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى مۇنەۋۋەرلەرمۇ؛ ھەم ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسى كەم بولغان، سىياسىي-ئىدىيۋى سەۋىيىسى يۇقىرى بولمىغان ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ بار ئىدى؛ ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىنقىلاب دولقۇنىغا قوشۇلۇۋېلىپ، كادىرلار قوشۇنىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ناچار ئۇنسۇرلارمۇ بار ئىدى. ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەر جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن كۈچەيتتى.

بىرىنچى، ئۈچ ۋىلايەتتە مەمۇرىي ئاپپاراتنىڭ تەسىس قىلىنىشى. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، دەرھال ئۇنىڭ مۇناسىپ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىشقا كىرىشتى. ئالدى بىلەن، ھوقۇقى ئەڭ زور بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىلدى، ۋىلايەت ۋە

ناھىيىلەردە ئۇنىڭ مۇناسىپ شۆبىسى قۇرۇلدى، بۇلار ئۆز جايىنىڭ بانكا، باج قاتارلىق ئورگىنىغا رەھبەرلىك قىلىپ، مالىيە خامچوتى ۋە مالىيە كىرىم-چىقىمىغا ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولدى. ئۇنىڭدىن قالسا، 1948-يىلى يېڭى يىلدا ئېلان قىلىنغان «ئىلى ۋىلايىتى سوت مەھكىمىسى خىزمەت نىزامى» يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، قانۇنىي نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش سىستېمىسى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتە قانۇن ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ شۆبىسى قۇرۇلدى، ھەرقايسى شۆبە كومىتېتنىڭ مەسئۇلىيىتى كومىتېتنىڭ مەسئۇلىيىتى بىلەن بىردەك بولدى، يەنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھەرقايسى ۋىلايەتنىڭ ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ ھۆكۈمىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولۇپ، زور، مۇرەككەپ دېلولارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا قارىتا پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تەپتىش بۆلۈمىنى سوت مەھكىمىسىدىن ئايرىپ چىقىپ، تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇش قارار قىلىندى. مەمۇرىي چىقىمنى ئازايتىپ، دېلو بىجىرىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 1949-يىلى يېڭى يىلدىن ئېتىبارەن ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئىخچاملاندى ۋە تەرتىپكە سېلىندى. مەسىلەن، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىگە قاراشلىق 12 ناھىيىدە ناھىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا قاراپ بىرلەشتۈرۈپ، تۆت شۆبە سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. قانۇن ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش كومىتېتى ئىلى ۋىلايىتىدىكى مەھكىمەئى شەرئىيە ۋە سوت مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنىمۇ ئېنىق بەلگىلىدى: مەھكىمەئى شەرئىيە دىنىي ئىشلار ۋە نىكاھ، مىراس قاتارلىق دېلولارنى تەكشۈرۈپ ھەل قىلىشقا مەسئۇل بولىدىغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئىجرا قىلىدىغان بولدى، يەرلىك سوت مەھكىمىسى قەرز ھوقۇقى، جىنايى ئىشلار، ھەق-تەلەپ دېلولىرىنى قانۇن بويىچە سوتلاشقا، زور، مۇرەككەپ دېلولاردا قانۇن ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش كومىتېتىنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ئاندىن قانۇن بويىچە مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىشقا مەسئۇل بولدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەربىيلەردىن قانۇنغا چېتىلىپ قالغانلارنى

ھەربىي سوتنىڭ سوت قىلىشى بەلگىلەندى. مۇشۇنداق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەدلىيە سىستېمىسى پەيدىنپەي شەكىللەندى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ ۋىلايەت يەنە ھەر دەرىجىلىك دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق كومىتېتى تەسىس قىلدى، بۇمۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى بولدى. ئەينى ۋاقىتتا دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ 8-، 9-، 10-رايونلىرى ناھىيە بازىرىدىن بەك يىراق بولغاچقا، بۇ رايونلارنى ئاجرىتىپ ئايرىم كەرەي يېرىم ناھىيىسى تەسىس قىلىندى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىنى تولىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ جايلارنىڭ دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە يېقىندىن رەھبەرلىك قىلىشقا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىلدى. ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ سىستېمىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە ماسلىشىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1949-يىل 6-ئاينىڭ 20-كۈنى يەنە ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ كومىتېتى تەسىس قىلىندى.

قىسقىسى، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيەت ئاپپاراتىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش، تەڭشەش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، سىستېما بىلەن رايون بىرلەشتۈرۈلگەن بىرقەدەر چىڭ تەشكىلىي رەھبەرلىكنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ تەشكىلىي شەكلىنى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىساد ۋە باشقا تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

ئىككىنچى، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش — ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى ئاچقۇچلۇق تەدبىر. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىڭ شىسەي، گومىنداڭنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىنقىلابچىلار بەزى ۋاقىتلىق ئىتتىپاقداشلار بىلەن بىرلىك سەپ ئورناتقانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنقىلاب قوشۇنىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان بەزى ناچار ئۇنسۇرلارمۇ بولغان. بەزى فېئودال دىنىي يۇقىرى قاتلام

كىشىلەر بىر مەھەل مۇھىم ۋەزىپىلەرنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ توغرا يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. قانداق قىلىپ كادىرلار قوشۇنىنى ساپلاشتۇرۇپ، ھوقۇقنى ھەقىقىي ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇش، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان جىددىي ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى تەدرىجىي تەدبىر قوللىنىپ، سىياسىي ئىنتىزام، قانۇن ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان كادىرلارنى جىددىي بىر تەرەپ قىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلغان كىشىلەرنى جازالىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىرقەدەر ياخشى بىر تۈركۈم كادىرنى ئۆستۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارغا قويۇپ، ھۆكۈمەت پەرمانىنىڭ ئىزچىللىشىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىشتىن بۇرۇن گومىنداڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ھوشيارلىقنى ساقلاپ كېلەلىگەنىدى، لېكىن تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، بەزى كادىرلار «ۋەزىپىمىز ئورۇندىلىپ بولدى» دەپ قاراپ، غەلىبىدىن ئېسەنكىرەپ كېتىپ، تەدرىجىي بوشىشىپ كېتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىشلىرىغا ناھايىتى زور زىيان كەلتۈردى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەر بۇ ئەھۋالنى سەزگەندىن كېيىن دەرھال تەدبىر قوللاندى. 1948-يىلى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئورگىنىنىڭ ئىنتىزامىنى كۈچەيتىشكە دائىر تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەم خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئەمگەك ئىنتىزامىغا بويسۇنۇش، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن كادىرلار قوشۇنىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى.

ئۈچ ۋىلايەت يەنە بىر قاتار كادىر باشقۇرۇش تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقتى، تۈرلۈك كادىر يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق، كادىرلارنىڭ سىياسەت سەۋىيىسى ۋە مەمۇرىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. كادىرلار

رېۋىزىيە ئاپپاراتى تەسىس قىلىش ئارقىلىق كادىرلار خىزمىتىدە تەشكىلىي ئىنتىزام بىلەن چەكلەشنى يولغا قويۇپ، بارلىق كادىرلار قوشۇنىنى خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتى ئاستىغا ئالدى. بۇ تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى، شەك-شۈبھىسىزكى، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنىڭ مەمۇرىي ئىش ئۈنۈمىنى كۈچەيتتى.

ئۈچىنچى، مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. مىللىي ئارمىيە — ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى، شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مېۋىسىنى قوغدىغۇچى. مىللىي ئارمىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىش، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ تەكتى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى بولۇپ، ئۇ قوراللىق كۈرەش داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلدى. بۇ قوشۇن قۇرۇلغان ۋاقىت قىسقا، ھەربىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى كەمچىل، ئاز سانىدىكى ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ھەربىيلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپ سانىدىكىلەر دېھقان-چارۋىچىلار بولغاچقا، مۇنتىزىملىشىش سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس، قورال-جابدۇقلىرى ھەر خىل ئىدى، ئۇرۇشتا گومىنداڭ قوشۇنىدىن غەنىيمەت ئالغان قورالمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم قىلغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋالغان سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋە گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن مىلتىق، زەمبىرەكلەرمۇ بار ئىدى، ھەربىي فورمىسى سوۋېت ئارمىيىسى فورمىسى ئىدى، قاتناش قورالى ئات ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ئاپتوموبىل ئىدى، غۇلجا ئايرودرومىدا گومىنداڭدىن غەنىيمەت ئالغان ئايروپىلانمۇ بار ئىدى. ئەسكەر مەنبەسى جەھەتتە ئىختىيارىي ھالدا ھەربىيگە كىرىش بىلەن ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى بىرلەشتۈرۈلگەنىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللىي ئارمىيىنىڭ سىياسىي ساپاسى بىلەن ھەربىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە ئوسمان، قالىبېك

قاتارلىقلار قىسمىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ نىسبىي مۇقىملىقىدىن پايدىلىنىپ، ئارمىيىنىڭ تۇرلۇك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى.

تىنچلىق بىتىمىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، مىللىي ئارمىيىنىڭ خىراجىتى ۋە ئارقا سەپ تەمىناتىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەسئۇل ئىدى. لېكىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەتكە ھەربىي تەمىنات ۋە يەرلىك مەمۇرىي خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىشنى رەت قىلىپ، مىللىي ئارمىيىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بوغۇپ يوقىتىشقا ئۇرۇندى.

گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلىپ، ھەربىي ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈردى. تارباغاتاي ۋىلايىتى بارلىق چارۋىچىلىق بېجى كىرىمىنى ھەربىي ئېھتىياجغا ئاجرىتىپ بەردى، ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە 22 مىڭ 221 قوي، 2633 ئۆچكە، 1354ئات، 1524كالا، 526مىليون 990مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى. كېيىن مىللىي ئارمىيىنىڭ پۈتۈن ھەربىي خىراجىتىنى چىقىم قىلىپ بېرىشكە ئىلى ۋىلايىتى مەسئۇل بولدى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىق بېجى تولۇقلىما قىلىندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي ئارمىيە يەنە كەڭ كوماندىر-جەڭچىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتناشتۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. 1948-يىلى ھەربىي قوشۇن ئاشلىق، كۆكتات بويىچە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىگەن قىسىم ئايرىم-ئايرىم ھالدا 20 پىرسەنتتىن 30 پىرسەنتكە يەتتى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەربىي - خەلقنىڭ بىر-نىيەتتە ھەمكارلىشىپ كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا، مىللىي ئارمىيە ئاخىرى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ھەربىي خىراجەت جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ ئارمىيىنىڭ ھەر جەھەتتىكى قۇرۇلۇشىنى

كۆچەيتىش ۋە ئۇنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ماددىي ئاساس سالدى.

مۇرەككەپ كۈرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە ئۆزىدىكى سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1948-يىلىدىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ قەدەممۇ قەدەم غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىدە ئىنقىلابىي مەسىلىلەرگە دائىر سىياسىي تەربىيە ۋە تەشۋىقاتنى كۆچەيتتى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋەزىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىگە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى دېگەن ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىپ، كەڭ كادىر، جەڭچىلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ توغرا يۆنىلىشى ۋە يولىنى ئېنىق تونۇشىغا ياردەم بەردى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى يەنە مىللىي ئارمىيىدە «8-ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمەت قوللانمىسى» نى تەشۋىق قىلدى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» نى تونۇشتۇردى، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇشنى تەكىتلىدى؛ مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى مۇسۇلمان بولغاچقا، بەزى دىنىي زاتلار ئارمىيىدە ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ ناماز ئوقۇشىغا ئىمالىق قىلىۋاتقانلىقىنى، دىنىي ئېتىقادتىن پايدىلىنىپ، باشقا دىندىكىلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراشقا قوترىتىۋاتقانلىقىدەك ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى يەنە مىللىي ئارمىيىنىڭ كادىر، جەڭچىلىرىگە توغرا مىللىي سىياسەتنى قايتا-قايتا تەشۋىق قىلىپ، پانئىسلامىزم، تار مىللەتچىلىكنىڭ ناچار تەسىرىنى ئازايتتى ۋە تەدرىجىي تۈگەتتى؛ ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى يەنە گېزىت-ژۇرنال قاتارلىق جامائەت پىكرى قوراللىرىنىڭ تەشۋىق رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، بولۇپمۇ مىللىي ئارمىيىنىڭ «ئىنقىلاب تاڭ نۇرى» ژۇرنىلىنىڭ سىياسىي تەسىرى ۋە تەشۋىق ئۈنۈمىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى. «ئىنقىلاب تاڭ نۇرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئىككى خىل يېزىقتا نەشر قىلىندى،

تارقىتىلىش تىراژى تەخمىنەن 5000دىن ئېشىپ كەتتى، ئۇنىڭ مىللىي ئارمىيىدە تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرى بۇ ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىش، يولىيورۇق بېرىش ۋە نۇتۇق سۆزلەش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن ئارمىيىگە ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە ئېلىپ باردى؛ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىدە يەنە مەخسۇس ھەر دەرىجىلىك سىياسىي ئاپپارات تەسىس قىلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى.

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى، مىللىي ئارمىيىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ۋەزىپە تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ تۈيۈقسىز ھۇجۇمىغا ۋە كۈتۈلمىگەن ۋەقەگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئەسكەر كۆپەيتىشكە ۋە قورال-ياراغ، جابدۇقلارنى كۈچەيتىشكە توغرا كەلدى. 1947-يىل ياز ۋە كۈزلەردە مىللىي ئارمىيە گومىنداڭنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، شتاتىنى كۆپەيتتى، ئەمەلىي كۈچىنى زورايتتى. 1949-يىل 8-ئايغىچە جەمئىي سەككىز تۇەن قىلىپ كېڭەيتىپ تۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى بەش، پىيادە ئەسكەرلەر تۇەنى ئۈچ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر مۇستەقىل پىيادە ئەسكەرلەر يىگى ۋە 500نەپەر ئارقا سەپ تەمىنات خادىملىرى بولۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 14020دىن كۆپرەككە يېتىپ، قورال-ياراغ، جابدۇقلىرى مىللىي ئارمىيىدىن ياخشى بولغان گومىنداڭ قوشۇنىنى مىللىي ئارمىيە بىلەن ماناس دەرياسىنى پاسىل قىلىپ تىركىشىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. مىللىي ئارمىيە ئۆزىنىڭ يەر شارائىتى بىلەن تونۇشلۇق بولۇش، ئاممىۋى ئاساسى كۈچلۈك بولۇش، پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ماسلىشىپ جەڭ قىلىش، تاكتىكىدا جانلىق بولۇشتەك پايدىلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، دۈشمەننىڭ ئىغۋاگەرچىلىكىنى قايتا-قايتا تارمار قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى يەنە ھەر خىل يوللار ئارقىلىق مىللىي ئارمىيىنىڭ قورال-ياراغ، جابدۇقلىرىنى ياخشىلىدى.

1949-يىل 8-ئايغا قەدەر، مىللىي ئارمىيە 9088 ھەر خىل مىلتىققا، 184 تاپانچىغا، 405 يېنىك پىلىموتقا، 68 ئېغىر پىلىموتقا، 66 مىناميوت، 12 زەمبىرەك، يەتتە زىنىت توپقا، 55 گرانات ئاتقۇچقا، 14480 گراناتقا، ھەربىر مىلتىققا ئوتتۇرىچە 180دىن توغرا كەلگۈدەك ھەر خىل مىلتىق ئوقى، ھەربىر يېنىك پىلىموتقا 1500دىن توغرا كەلگۈدەك يېنىك پىلىموت ئوقى، ھەربىر ئېغىر پىلىموتقا 3000 دىن توغرا كەلگۈدەك ئېغىر پىلىموت ئوقى ۋە 5522 جەڭ ئېتىغا، 521 هارۋا ئېتىغا، 311 هارۋىغا، ئىككى يېنىك تانكا، بىر برونېۋىكقا ئىگە بولۇپ قالغانىدى، يەنە گومىنداڭ قوشۇنىدىن قىلىپقالغان بۇزۇق ئايروپىلاندىن 42 سى بولۇپ، بۇنىڭدىن 14ىنى، جۈملىدىن ئالتە بومباردىمانچى ئايروپىلان بىلەن سەككىز قوغلىغۇچى ئايروپىلاننى ماشىنسازلىق رېمونتخانىسى رېمونت قىلىپ ئىشلىگە كەلتۈردى. قاتناش -ترانسپورت جەھەتتە 30 ھەربىي ئاپتوموبىلمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ قورال -ياراغ، جابدۇقلىرى ئىلگىرىكىدىن كۆچەيتىلگەنىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىللىي ئارمىيە يەنە ھەربىي مەشىقنى كۈچەيتىپ، ھەربىي ساپانى ئۆستۈردى. ئەينى ۋاقىتتا، قورال ئىشلىتىشنى بىلىش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى، جۈڭجياڭ ئىسھاقبېك مونونوپ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: مىللىي ئارمىيە تىنچ مەزگىلدە ئۆگىنىشلىك ئۇسۇپ يېتىلىش ئۈچۈن، كۈندىلىك ھەربىي مەشىقنى كۈچەيتىشى كېرەك، پۈتۈن ئارمىيىدە ھەربىي مەشىق دولقۇنىنى قوزغاپ، قارىغا ئېتىشنى، گرانات تاشلاشنى مەشىق قىلىش، ئۇرۇش مانېۋىرى ئۆتكۈزۈش، پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى ئۆگىنىش، كېچىدە ئۇرۇش قىلىشنى ئۆگىنىش، ھەرقايسى ئەسكەرىي تۈرلىرى ماسلىشىپ جەڭ قىلىدىغان دالا مەشقى قاتارلىقلارنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلىپ ھەم كەڭ جەڭچىلەرنىڭ ھەربىي تېخنىكىسىنى چېنىقتۇردى، ھەم ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلەرنىڭ قوماندانلىق ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي ساپاسى تېز ئۆستى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە ھەربىي ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى

بىلەن، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي قىياپىتى ياخشىلاندى ۋە ئىنتىزامى چىڭىدى، ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى، ئارمىيە بىلەن خەلق مۇناسىۋىتى بارغانسىرى قويۇقلاشتى. ئامما كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن قىسىمدىن ھال سورىدى. 1948-يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايلار ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدىن ھال سوراش پائالىيىتىدە جەمئىي 8851 پارچە ھەر خىل كىتاب ـ گېزىت، 5086 لۆڭگە، 38 دۇتار، 37 تەمبۇر، 17 دومبىرا، تۆت پاتېفون، تۆت گارمون، 1132 موخۇركا خالتىسى، 4000 پارچە ئېلىپبە، يەنە نۇرغۇن تەنتەربىيە سايمىنى قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلدى. بۇلار قىسىمنىڭ مەدەنىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا ماددىي ياردەم بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەلق ئاممىسى يەنە سەييارە سەنئەت ئەترىتى تەشكىللەپ، قىسىملارغا بېرىپ ھال سوراپ ئۆيۈن قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىسىملاردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، قىسىملارنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

ھەربىيلەرگە ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش خىزمىتىمۇ بىرقەدەر ياخشى قانات يايدۇرۇلدى. 1948-يىلى مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قىسىم كوماندىر-جەڭچىلىرى ۋەزىپىنى ئورۇنداپ قايتىپ كەلگەندە، شۇ يەردىكى ھۆكۈمەت ۋە ئامما ئۇن چاقىرىم يىراق يەرگە ئالدىغا چىقىپ گۈل تەقدىم قىلىپ، چاي قويۇپ، زىيابەت بېرىپ كۈتۈۋېلىپ، خۇددى بايرام ئۆتكۈزگەندەك كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ غەلىبە بىلەن كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى. تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوشۇمچە ياردەم بەردى. ئىنقىلابىي ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ھۆكۈمەت نەپىقە پۇلى بەرگەندىن سىرت، باشقا جەھەتلەردىمۇ ئېتىبار بېرىپ كۆڭۈل بۆلدى. ئىنقىلابىي ئۇرۇشتا يارىلانغان كوماندىر-جەڭچىلەرگىمۇ ھۆكۈمەت ئۇزاق مۇددەت نەپىقە پۇلى بەردى. يېمەك-ئىچمەك، ياتاق بىلەن تەمىن ئەتتى. ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ھەسسىلەپ سازاۋەر بولدى.

ئارمىيە تۇرۇۋاتقان جايدىكى خەلق ئاممىسى قىيىنچىلىققا يولۇققاندا،

قىسىم ھامان پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسىنى غەم-ئەندىشىدىن خالاس قىلىشىغا ھەمكارلاشتى. مەسىلەن، 1948-يىلى ئىلى، تارباغاتاي ئىككى ۋىلايەتنىڭ بەزى ناھىيىلىرىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەندى، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە دەرھال چېكەتكە يوقىتىش كۈرىشىگە ئاتلاندى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، چېكەتكە ئاپىتىنىڭ زىيىنى ئازايتىلىپ، زىرائەت قوغداپ قېلىندى. مىللىي ئارمىيىنىڭ تىببىي خادىملىرىمۇ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ كېسەللىنى قىزغىنلىق بىلەن كۆرۈپ داۋالىدى. بۇنداق ياخشى ئارمىيە - خەلق مۇناسىۋىتى، شەك - شۈبھىسىزكى، ئارمىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئاشۇردى.

قىسقىسى، ئىككى يىللىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى قۇرۇلۇشىدا خۇشاللىنارلىق ئىلگىرىلەش بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى كۈنلەردە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشىغا ماسلىشىشنى ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى.

## تۆتىنچى پاراگراف ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتى

### 1. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت دۇچ كەلگەن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق

ئۈچ ۋىلايەت بىلەن بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەتنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قامال

قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى يامانلاشتۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي داۋالغۇشنى كۈچەيتىۋەتتى. بىرىنچىدىن، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە مىللىي ئارمىيىگە بېرىدىغان راسخوتنى ئۇزۇن مۇددەت توختۇۋالدى، بۇ راسخوتلار ئۈچ ۋىلايەت خامچوتىنىڭ مۇھىم تۈرى ئىدى. ئىككىنچىدىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تارقاتقان كۇرسى چۈشكەن پۇلنى ھەر خىل يول بىلەن ئۈچ ۋىلايەت بازىرىغا كىرگۈزگەنىنىڭ ئۈستىگە، گومىنداڭ ئۈچ ۋىلايەتكە ئېقىپ كىرگەن پۇللار ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنى تالىشىپ سېتىۋېلىپ، كۆپ قىسمىنى ئۈچ ۋىلايەتتىن يۆتكەپ چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە ماددىي ئەشيانى قىس قىلىۋەتتى، مال باھاسىنى ئۆرلىتىۋەتتى. 1947-يىل ياز، «ئىلىدا ئۇننىڭ باھاسى ئۈرۈمچىنىڭكىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىغىلا، گۆشنىڭ باھاسى ئۈرۈمچىنىڭكىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىغىلا، كۆمۈرنىڭ باھاسى ئۈرۈمچىنىڭكىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىغىلا توغرا كېلەتتى. 1948-يىلنىڭ بېشىدا ئىلىدا مال باھاسى زور ھەجىمدە ئۆرلەپ كەتتى، ئۇننىڭ باھاسى ئۈرۈمچىنىڭكىنىڭ سەككىزدىن بىر قىسمىغا، گۆشنىڭ باھاسى ئۈرۈمچىنىڭكىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا، كۆمۈرنىڭ باھاسى ئۈرۈمچىنىڭكىنىڭ يەتتىدىن بىر قىسمىغا يەتتى. بۇ، گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي كاشىلىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەخمەتجان قاسىمى «ئۇلار (گومىنداڭ ھۆكۈمىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) سىياسىي سىقىشنىڭ يولىنى تاپالماستىن، ئىقتىسادىي سىقىش يولى بىلەن خەلقىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد يوللىرىغا ماگدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ»① دېدى. بۇ سۆز گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەتنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قامال قىلىشىنى ۋە ئۇنىڭغا كاشىلا سېلىشىدىكى رەزىل غەرىزىنى چوڭقۇر پاش قىلدى.

ئۈچ ۋىلايەتنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قامال قىلغان، بۇزغۇنچىلىق

---

① «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتى ۋە ماقالىلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىل 12-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 57-بەت.

قىلغاندىن باشقا، گومىنداڭ قوللىغان ئوسمان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىنى ناھايىتى چوڭ زىيانغا ئۇچراتتى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئوسمان باندىتلىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغاندىن كېيىنكى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «باندىتلار خەلققە 10 مىليارد 575 مىليون 360 مىڭ يۈەن شىنجاڭ پۇلى، ھۆكۈمەت ئورگىنىغا 2 مىليارد 942 مىليون 340مىڭ يۈەن شىنجاڭ پۇلى زىيان سالغان. بۇنىڭدىن باشقا. . . زورلۇق بىلەن چىڭگىل، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي قاتارلىق جايلاردىن مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ ئەكەتكەن قېرىنداشلىرىمىز يەنىلا ئۇلارنىڭ ئىبلىس تىرنىقى ئاستىدا خارلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق ئاپەتنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقانلار 3694 ئائىلە، 17831 كىشى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە 3842 ئات، 6555 كالا، 17212 قوينى ھەيدەپ ئەكەتتى» .① ئوسمان بايلىقلارنى بۇلاشتىن سىرت يەنە ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى، خەلقنى قىردى ۋە نابۇت قىلدى، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى خەلققە ئىنتايىن چوڭ تېررورلۇق قىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، 1947-يىلى كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن بوران ئاپىتى، چېكەتكە ئاپىتى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ئاشۇرۇۋەتتى.

گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە يۈرگۈزگەن ئىقتىسادىي قامىلىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتىدا چارە-تەدبىر قوللىنىپ، ئىقتىسادىي خىزمەتنى تەرتىپكە سالدى ۋە كۈچەيتتى.

## 2. گومىنداڭنىڭ ئىقتىسادىي قاشلىشىنى تۈگىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىي تەرتىپىنى تۈزەش

ئىقتىسادنى تەرتىپكە سېلىشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ،

① «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ 1948-يىل 10-ئاي 1-سانىدىن ئېلىنغان.

گومىنداڭنىڭ ئىقتىسادىي كاشىلىسىنى تۈگىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىنى ساغلام، مۇقىم ئالغا ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئۈچ جەھەتتىن تەدبىر قوللاندى: -

بىرىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ئاپپاراتنى قايتا قۇردى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت يەنىلا مەلۇم دەرىجىدىكى مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى تارقىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاجىزلىشىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئۆز ئالدىغا بىۋاسىتە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغان بولدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئىقتىسادىي كاشىلىسىنى تۈگىتىپ، ئىقتىسادىي تەرتىپنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىدىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، ئۇرۇشقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت بەزى ئىقتىسادىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قايتا قۇرۇشقا باشلىدى. 1947-يىل 9-ئاينىڭ 10-كۈنى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى 28-نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىي رېۋىزىيە كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلدى: جانى بولداش، جانپولاتلار رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىس بولدى. يەنە شۇ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلدى، پولات ئالىمى مۇدىرلىققا تەيىنلەندى. ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئاساسىي خىزمەت ۋەزىپىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولدى: پۇل ئاجرىتىپ بېرىش تالونلىرىنى بېجىرىش ئارقىلىق ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ كىرىم - چىقىمىنى باشقۇرۇش؛ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ باج ئىدارىسى، بانكا ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئاپپاراتلار بىردەك مۇشۇ كومىتېتنىڭ قارمىقىدا بولۇش ھەمدە پىلان ۋە خامچوت بويىچە باشقۇرۇش؛ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ باج ئىدارىلىرى، بانكىلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئاپپاراتلارنىڭ رەھبەرلىرىنى مۇشۇ كومىتېت تەيىنلەش.

1947-يىل 11-ئاينىڭ 16-كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىسادىي كومىتېتى

بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىي رېفورمىيە كومىتېتى شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتكە ئاساسەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا خەلق ئىقتىساد باشقۇرۇش باشقارمىسى ۋە ئىقتىسادىي رېفورمىيە باشقارمىسى قىلىپ قايتىدىن قۇرۇلۇپ، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1948-يىلى 7-ئاينىڭ 31-كۈنى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى غۇلجىدا ئېچىلدى. يىغىندا ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قۇرۇش، ئەخمەتجان قاسىمىنى مۇدىرلىققا تەيىنلەش ۋە تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ شۆبە ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىنى ماسلاشتۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇش قارار قىلىندى.

ئىككىنچى، ئۈچ ۋىلايەت قەغەز پۇلى تارقىتىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تارقاتقان قەغەز پۇلىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتە ئوبوروت قىلىنىشىنى چەكلىدى. 1947-يىلى 8-ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۈچ ۋىلايەتكە قايتىپ كېلىشى بىلەنلا، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى پۇل مۇئامىلە، مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت چېگرىسى ئىچىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بېسىپ تارقاتقان قەغەز پۇللارغا قوشۇمچە تامغا بېسىپ، ئۇنىڭ ئوبوروت مىقدارىنى چەكلىدى. 1948-يىلى 2-ئاينىڭ 13-كۈنى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى گومىنداڭ مەركىزىي بانكىسى تارقاتقان قەغەز پۇل ۋە قىممىتى 500يۈەندىن يۇقىرى شىنجاڭ ئۆلكە پۇلىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئوبوروت بولۇشىنى قەتئىي مەنئى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 1947-يىلى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئىلى شۆبە بانكىسىنىڭ نامىدا 2000، 2500، 3000 يۈەنلىك ئۈچ خىل قەغەز پۇل (ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قەرەللىك چېكى) نى تارقىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە ئوبوروت قىلدى. كېيىن يەنە ئارقا-ئارقىدىن قىممىتى ئوخشاش بولمىغان قەغەز پۇللارنى تارقاتتى ھەمدە گومىنداڭ تارقاتقان قەغەز پۇلنىڭ ئۈچ

ۋىلايەتكە كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي كاشىلىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تارقاتقان قەغەز پۇلنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئۈچىنچى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ماللىرىنى كۆپلەپ سېتىۋېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشنى توسۇپ قېلىش، مال باھاسىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار بىلەن بولىدىغان سودا توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى. مەسىلەن، تارباغاتاي ۋىلايىتى ئۆز جايىنىڭ مال باھاسىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن مۇنۇلارنى قارار قىلدى: (1) تارباغاتايغا سىرتتىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى خام ئەشياغىلا تېگىشىشىگە بولىدۇ، نەق پۇل ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، بانكا ئارقىلىق ھېساب يۆتكەش رەسمىيىتى بېجىرىدۇ. (2) بازارلاردا ئۈرۈمچى تارقاتقان 500يۈەنلىك قەغەز پۇلنى ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ. (3) ئۈرۈمچىگە مال يۆتكەيدىغان ئەتكەسچىلىك ۋە بېسىمدارلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىلىدۇ. 1947-يىل 12-ئاينىڭ 25-كۈنى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى 100-نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئومۇمەن ئۈرۈمچى تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەتكە كەلگۈچىلەر ئەكەلگەن پۇلنى يەرلىك باج ئىدارىلىرى بانكىنىڭ ساقلاپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلىشنى، ئۈرۈمچىدىن ئۈچ ۋىلايەتكە توشۇپ كېلىنگەن تۈرلۈك ماللارغا تاموژنا بېجى نىسبىتى بويىچە باج ئېلىشنى بەلگىلەپ، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئۈرۈمچى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلدى.

### 3. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ قۇرۇلۇشى خىزمىتى

ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىنىڭ تۈۋرۈكى ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدى، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىقنىڭ ھەر خىل

بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى پائال تەدبىر قوللىنىپ، خەلق ئاممىسىنى دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ھەرىكەتلەندۈردى.

ھەر تەرەپتىكى كۈچنى ئىشقا سېلىپ، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەر قېتىم ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، يازلىق يىغىمنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتى يېتىپ كەلگەندە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يىغىن ئېچىپ، يولىيورۇق چۈشۈرۈپ سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىپ تۇردى. 1948-يىل ئەتىيازدا، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىرھاجى، ئىسھاقبېك مونونوپ، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىقلار بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ «ئۈچ ۋىلايەتتىكى دېھقان قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» ئېلان قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى دېھقان-چارۋىچىلارنى ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانچىلىق بانكىسى ئارقىلىق دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا بەرگەن قەرز پۇل، ئۇرۇقلۇق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئات-ئۇلاغ جەھەتتىكى ياردىمىدىن پائال پايدىلىنىپ، نۆۋەتتىكى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۈچ ۋىلايەت مىقياسىدا كەڭ كۆلەمدە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈپ، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىق قىلدى. 1949-يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ پەيتىدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى يەنە مەخسۇس يىغىن ئېچىپ قارار چىقىرىپ، تەشكىلىي كومىتېتنىڭ بارلىق ئەزالىرىدىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنى نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم مەركىزىي ۋەزىپە قىلىپ، ئۇنىڭغا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشنى ھەم جايلارغا ئۆزى بېرىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشقا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى كونكرېت تەقسىمات بويىچە ئەخمەتجان قاسىمى موڭغۇلكۈرەگە، ئىسھاقبېك مونونوپ كۈنەسكە، سەيپىدىن ئەزىزى سۈيدۈڭگە، رەھىمجان سابىرھاجى ئالتايغا باردى.

ھەرقايسى ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتلاردىن ۋالىي مەھكىمىسىگە ھەمكارلىشىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىشنى، ناھىيىلەرنىڭ ناھىيىلىك ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتى قۇرۇشنى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جايلارغا ئەۋەتكەن خادىملىرىنىڭ ناھىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتى بىلەن بىرگە بارلىق يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالى، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ رېمونت قىلىنىش ئەھۋالى، لاي-لاتقىلارنى چىقىرىۋېتىش خىزمىتى، ئۇرۇق سۈپىتى ۋە ئۇرۇق تاللاش تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي، دېھقانچىلىق مەۋسۈمىنى كېچىكتۈرمەي، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە ئوبدان رەھبەرلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. يازلىق يىغىم پەيتىدىمۇ شۇنداق قىلدى.
1949-يىل 8-ئاينىڭ 9-كۈنى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى يەنە «بارلىق دېھقانلارغا مۇراجىئەت» چىقىرىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى دېھقانلارنى يازلىق يىغىم خىزمىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىشقا چاقىردى: جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، يازلىق يىغىم خىزمىتىنى ئىمكان بار تېز ئورۇنداشنى؛ تۆۋەنتىكى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇش كېرەك؛ جەمئىيەتتىكى بارلىق كۈچنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئەر-ئايال، قېرى-ياش دېمەي ھەممەيلەن يازلىق يىغىمغا ئاتلىنىش كېرەك؛ يازلىق يىغىم داۋامىدا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ياردەملىشىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى يازلىق يىغىمدا نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىشى كېرەك؛ يازلىق يىغىمدا كومبايىننىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ يۇرتتىكى چوڭلار، يۈزبېشى، مىڭبېشى، ئىمام، خەلىپىلەر ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى جەھەتتىن سەپەرۋەر قىلىش ئىشىنى ئوبدان

ئىشلەپ، جەمئىيەتتىكى بارلىق بىكار خادىملارنىڭ ھەممىسىنىڭ يازلىق يىغىمغا ئاتلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئۆيۈشتۇرغاندىن باشقا، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يەنە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. مەسىلەن، 1948-يىل 12-ئاينىڭ 3-كۈنى، ئالتاينىڭ ۋالىيسى دەلىلقان سۇگۇربايوپ «ئالتاي خەلقىغە مۇراجىئەت» ئېلان قىلىپ، تەدبىر قوللىنىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، چېشى چارۋا ۋە تۆللەرنى سويۇشنى مەنئى قىلىشنى تەكىتلىدى. 1949-يىل 6-ئاينىڭ 27-كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتى جازانىخورلۇق قىلىپ دېھقانلارنى شىلىۋېلىشنى چەكلەش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت دېھانچىلىق-چارۋىچىلىق بانكىسى دېھقان-چارۋىچىلارغا قەرز پۇل تارقىتىدۇ، ھەم ھەربىر پۇتىنىڭ باھاسىنى 90مىڭ يۈەن قىلىپ دېھقانلار بىلەن سېتىۋېلىش توختامى تۈزىدۇ، جازانىخورلار بىلەن مۇشۇنىڭدىن تۆۋەن باھادا توختام تۈزگەن دېھقانلار مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن توختامنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلسا ياكى ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق بانكىسى بەلگىلىگەن باھا بويىچە جازانىخورلار بىلەن ھېسابات قىلسا بولىدۇ، دەپ قارار چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا گېزىتى»مۇ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «جازانىخورلارنىڭ دېھقانلارنى شىلىۋېلىشىنى چەكلەيلى» دېگەن تېمىدا مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يەنە باجنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئىلگىرى بەزى مۇۋاپىق بولمىغان باجنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللەتتى؛ تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دېھقان-چارۋىچىلاردىن ئېلىنىدىغان باجنى كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى، شۇنداقلا باشقا جايدىن ئاشلىق يۆتكەپ ئاپەتتىن قۇتقۇزدى. يەنە گېزىتتە شەرەپ تاختىسى

چىقىرىپ، دېھقان-چارۋىچىلارنى ئىشلەپچىقىرىش نەمۇنىچىسى بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى.

يۇقىرىقى فاكتىن، سىياسەت ۋە كونكرېت تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىقىدا ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، 1949-يىلىدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ دېھانچىلىق-چارۋىچىلىق ئەھۋالى مۇنداق بولغان: ئىلى ۋىلايىتىدە جەمئىي 471مىڭ نوپۇس، 267 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە 202 مىڭ گېكتار ئۆلكە يەر، 65 مىڭ گېكتار بىنەم يەر بولغان، شۇ يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 230 مىڭ تونىنا بولغان، قولدىكى تىرىك چارۋا 2 مىليون تۇياقتىن كۆپرەك بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليون 520 مىڭ قوي، 234 مىڭ ئات، 266 مىڭ كالا بولغان، ئالدىنقى يىلدىكى يىللىق كىرىمى 8 مىليون 300 مىڭ سوم (ھۆكۈمەتلەر ئوتتۇرىسىدا راسچوت قىلىشقاندا، بىر سوم 9000 يۈەنگە سۇندۇرۇلغان)، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 200نەچچە مىڭ نوپۇس بولغان، دېھقانچىلىق ئەھۋالى ستاتىستىكا قىلىنمىغان، قولدىكى تىرىك چارۋا 780مىڭدىن ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە 610مىڭ قوي، 58مىڭ ئات، 106مىڭ كالا، 11مىڭ تۆگە بولغان، شۇ يىللىق كىرىمى 1مىليون 437مىڭ سوم بولغان؛ ئالتاي ۋىلايىتىدە جەمئىي 70مىڭدىن كۆپ نوپۇس بولغان، ئاشلىق مەھسۇلاتى 7. 184 توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، خەلقنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ ئېشىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىنغان، تىرىك چارۋىنىڭ قولدىكى سانى 180مىڭدىن كۆپرەككە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە قوي 180مىڭ، تۆگە 6000غا يەتكەن، شۇ يىللىق كىرىم 847 مىڭ سوم بولغان.

بۇنىڭدىن باشقا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئوتلاق قۇرۇلۇشى، سۇ قۇرۇلۇشى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشتا شۇنداق بولدى. 1949-يىل 2-ئاينىڭ

10-كۈنى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى چاقىرغان ئىشلەپچىقىرىش يىغىنىدا كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپ، زېمىننى كۆكەرتىش ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، كەڭ ئامما پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا چاقىرىلدى، 4-ئاينىڭ 1-كۈنى كۆچەت تىكىش بايرىمى قىلىپ بەلگىلەندى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى ۋە بارلىق ئاھالىدىن بىرەيلەن بىر تۈپ كۆچەت تىكىش، شۇنداقلا تىكىپ ئەي قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىندى؛ ئارقىدىنلا ئۈچ ۋىلايەت ئالىي ئىقتىساد كومىتېتى يەنە يىغىن ئېچىپ قارار چىقىرىپ، ئورمان بەلۋېغىدا پادا بېقىش، كۆچەتلەرنى كېسىشنى قاتتىق چەكلىدى، ئورماننى تازىلاش، كۆيدۈرۈشنى مەنئى قىلدى، ياغاچ كېسىشنى 50 پىرسەنت ئازايتماقچى بولدى. نەتىجىدە، ئىلى ۋىلايىتىدە ئورمان بىنا قىلىش خىزمىتىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك تەقدىرلەشكە مۇيەسسەر بولغانلار 1004 كىشىگە يەتتى، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 123مىڭ 860 تۈپ مېۋىلىك كۆچەت، 650مىڭ 996 تۈپ مېۋىسىز كۆچەت تىكىلىپ، پىلان كۆرسەتكۈچى 31 پىرسەنت ئاشۇرۇلدى. تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىمۇ بىرقەدەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇ خىزمەت داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت زېمىنى كۆكەرتىلدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق مۇھىتى ياخشىلاندى، بۇ تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم بېرىپلا قالماستىن، شەك - شۈبھىسىزكى، كېيىنكى ئەۋلادلارغا بەخت - سائادەت يارىتىدىغان ھەرىكەتتۇر.

ئۈچ ۋىلايەت سانائىتىنىڭ ئاساسى ئەسلىدىلا ئاجىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ۋە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ داۋالغۇپ تۇرۇشى قاتارلىق سۈنئىي بۇزغۇنچىلىقلار تۈپەيلىدىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سانائىتى تېخىمۇ ئارقىدا قالدى، 1947-يىلى تەرتىپكە سېلىش مەزگىلىدە ئىلى تېرە-خۇرۇم زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتىلا قالغانىدى، جايلاردىكى كان قازمىچىلىقى قاتارلىق بىر-تۈركۈم كىچىك تىپتىكى كارخانا

ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ مۈشكۈللۈك ئىچىدە كۈن كەچۈرۈۋاتاتتى.
ئۈچ ۋىلايەت سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى كۆپ تەسەۋۋۇرلارنى قىلىپ كۆرگەن، مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر خىل ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولمىدى، ئاران ئۈچ ۋىلايەت سودا-سانائەت تەرەققىيات پاي شىركىتى ۋە ئۇنىڭ ۋىلايەتلەردىكى شۆبىسىنى قۇردى. ئۈچ ۋىلايەت يەنە يېڭىدىن بىر تۈركۈم كىچىك كۆلەمدىكى كارخانا قۇرۇشقا باشلىدى، ئىقتىسادىي شارائىتى بىر قەدەر ناچار ئالتاي ۋىلايىتىمۇ دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كان قېزىش، ئالتۇن قېزىش، تۇزچىلىق، بېلىقچىلىق، تېرە-خۇرۇم قاتارلىق كىچىك كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆڭۈل-كۆڭگە ئەھمىيەت بەردى. بۇ كىچىك كارخانىلار ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىدا تۇتقان نىسبىتى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن خەلق تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش، ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ماددىي ئەشيا يەتكۈزۈپ بېرىشكە شۇبھىسىزكى ئىنتايىن زور رول ئىدى.
سودا جەھەتتە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سودىسىنى كۆپ خىل يول بىلەن جانلاندۇردى. بىرىنچىدىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ۋىلايەت، ناھىيىلەر ئارا سودا باردى-كەلدىنى كۈچەيتتى؛ ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئارقىلىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار بىلەن مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش سودىسى قىلدى. ئۈچىنچىدىن، جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىقتىسادىي سودىنى راۋاجلاندۇردى، بۇ — ئۈچ ۋىلايەت سودىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. مۇشۇ يوللار ئارقىلىق، ئۈچ ۋىلايەت سودىسى مەلۇم تەرەققىياتقا ئېرىشتى: 1948-يىل 3-ئايدىن 5-ئايغىچە، ئۈچ ۋىلايەت گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار بىلەن ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش سودىسىدىن ئۈچ تۈركۈم پۈتتۈشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ

ۋىلايەت قارشى تەرەپكە بەرگەن مال ئاساسلىقى قەغەز، تۆمۈر، سەرەڭگە، تاختاي، توك ماتېرىياللىرى بولدى، قارشى تەرەپ ئۈچ ۋىلايەتكە توشۇپ ئەكىلىپ بەرگىنى ئۇخشاش باھادىكى چاي، رەخت قاتارلىق ماللار بولدى. 1948-يىل 6-ئايدا، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى بەش ناھىيە سۇمبە چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا 20مىڭدىن كۆپ تىرىك مال، 20توننىدىن كۆپ قوي يۇڭى ئېكسپورت قىلدى؛ شۇ يىلى 7-ئايدا، ئالتاي ۋىلايىتى جىمىنەي چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 840مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئىمپورت قىلدى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا تىرىك چارۋا ئېكسپورت قىلدى؛ 1949-يىل 7-ئايدا، تارباغاتاي تاموژنىسى قۇرۇلدى ھەم خىزمەتنى قانات يايدۇردى، شۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا 12مىڭ توننا بۇغداي ئېكسپورت قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى 5000 توننا ئېكسپورت قىلدى، شەخسلەر 7000 توننا سودا قىلدى. بۇ سودا ئارقىلىق ماددىي ئەشيالارنىڭ مەنبە يولى كېڭەيتىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت بازىرى جانلاندۇرۇلدى.

قاتناش-ترانسپورت — ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ ۋاستىسى، قاتناش-ترانسپورت راۋان بولمايدىكەن، ئىقتىسادىي ئالاقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، ھالبۇكى، ئىقتىسادىي ئالاقە بولمايدىكەن، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودا قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى قاتناش-ترانسپورت ۋە خەۋەرلىشىش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر تەرەپتىكى كۈچنى ئىشقا سېلىپ، قاتناشنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 1948-يىل 7-ئايدا، دۆربىلجىن ناھىيىسى گۆرتىدىن لاۋفېڭكوغىچە بولغان تاشيولنى ياساش ئۈچۈن، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى باشباي چولاق ئوغلى باپىن مۇدىرلىقىدىكى مەخسۇس 46كىشىلىك كومىتېت قۇرۇلدى، ئۇلار ئامما پۇل ئىئانە قىلىش، ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ بېرىش يولى بىلەن جەمئىي 500مىليون يۈەن پۇل توپلاپ، ئۈچ ئايدىلا شۇ يولنى پۈتتۈرۈپ قاتناش باشلىدى. شۇ يىلى 11-ئايدا ئالتاي ۋىلايىتىمۇ ئوسمان باندىتلىرى

بۇزۇۋەتكەن سارسۇمبىدىن بۇرچىنغىچە بولغان خەۋەرلىشىش يولىنى، قابادىن بۇرچىنغىچە بولغان تاشيولنى ھەم سارسۇمبىدىن شىبىتكىچە بولغان تاشيولنى رېمونت قىلىپ ئىشلىتىشكە كەلتۈردى، بۇرچىن لەيلىمە كۆۋرۈكىنى، چوڭقۇر لەيلىمە كۆۋرۈكىنى قايتىدىن ياسىدى، ئالتە تاشيول كۆۋرۈكىنى يېڭىدىن ياسىدى، سارسۇمبە ناھىيە بازىرى ئىچىگە 20 دىن كۆپ ئورۇنغا كىچىك تىپتىكى كۆۋرۈك سالدى ۋە شىبىت لەيلىمە كۆۋرۈكىنى سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ترانسپورت باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. 1948-يىل 1-ئاينىڭ 18-كۈنى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، دۆلەت ئورگانلىرى، يەككە سودا-سانائەتچىلەرنىڭ ئالتاي، تارباغاتايلار ۋە ئىلىغا قاراشلىق ناھىيىلەر ئارىلىقىدا توشۇيدىغان مېلىنى مال توشۇش شىركىتىنىڭ بىر تۇتاش توشۇشىغا تاپشۇرۇشنى، مال توشۇش شىركىتىنىڭ توشۇشىغا قورىبى يەتمىگەن ئەھۋالدىلا، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە يەككە ئىلىپساتار سودىگەرلەرنىڭ مېلىنى ئاندىن يەككە ھارۋىكەشلەرنىڭ توشۇشىغا بېرىشكە بولىدىغانلىقىنى، مەيلى مال توشۇش شىركىتى بولسۇن، ھەرقانداق ئورگان، ئورۇن بولسۇن، خۇسۇسىي ئاپتوموبىلى بارلار بولسۇن ھەق ئېلىش ئۆلچىمىگە بويسۇنۇشى لازىملىقىنى بەلگىلىدى.

ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت-مائارىپ جەھەتتە، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پەن-مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بەردى ھەم مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى مائارىپ خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، نۇرغۇن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ئاجرىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ مائارىپىنى راۋاجلاندۇردى. ئالدى بىلەن رەھبەرلىك ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولدى. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىدا

مەدەنىيەت-مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلدى، مائارىپ سىستېمىسىغا بولغان رەھبەرلىكنى ۋە ماسلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1949-يىل 6-ئايدا، يەنە ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ كومىتېتى قۇرۇپ، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەنۋەرخانبابا قاتارلىق كىشىلەرنى مائارىپ سىستېمىسىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس مەسئۇل قىلدى. ئۇنىڭدىن قالسا، كۆپ تەرەپتىن راسخوت توپلاپ، مائارىپ خىراجىتى چىقىمىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەر جەھەتتىكى مالىيە كىرىم-چىقىمى ئىنتايىن جىددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مائارىپقا ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان پۇلنى ئازايتماي، مەكتەپلەرنىڭ ئۇسكۈنە ئېھتىياجى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىناتىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قاندۇرۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان تەمىنات تۈزۈمى ۋە ياردەم بېرىش تۈزۈمى قاتارلىقلاردا چىڭ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈردى ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئۈچ ۋىلايەت ھەر يىلى 8-ئايدا بىر ئايلىق ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ، ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى بەلگىلىدى؛ ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەكتەپتىن يۆتكىلىپ كېتىشىنى چەكلەپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇردى؛ توققۇز يىللىق تۈزۈمدىكى مائارىپ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، موڭغۇل، خەنزۇ، شىبە مەكتەپلىرىنى كۆپەيتىپ قۇردى، 1948-يىل 4-ئايدىن ئېتىبارەن، ئىلى ئوتتۇرا مەكتىپىنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇردى، دوختۇرلۇق، سىسترالىق، بوغالتىرلىق، مال دوختۇرلۇق، سۇچىلىق، دارىلمۇئەللىمىن، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش قاتارلىق مەخسۇس پەن سىنىپلىرىنى تەسىس قىلدى، ئايرىم تولۇق ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى تەسىس قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكوم، تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلىرىغا تاماق، ياتاق ۋە ئۆگىنىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرى جەھەتتە تەمىنات تۈزۈمىنى يولغا قويدى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ قوشۇمچە ياردەم

بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

قانچىلىك ئەچىر قىلساڭ، شۇنچىلىك ھوسۇل ئالىسەن. تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1948 — 1949-ئوقۇش يىلى ئۈچ ۋىلايەتتە 545 ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 56مىڭ 982گە يەتتى، ئۆلكىلىك ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئوقۇغۇچى 504كە يەتتى. ئوقۇتقۇچىلار جەمئىي 2059غا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاممىۋى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىمۇ بىر قەدەر ياخشى ئىلگىرىلەش بولدى. ئىلى ۋىلايىتىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسى 394كە يېتىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتكەنلەر سانى 10مىڭ 353كە يەتتى، ئالتاي ۋىلايىتىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسىنىڭ كۇرسانتلىرىمۇ 1828گە يەتتى.

سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى خەلق سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، بولۇپمۇ 1948 — 1949-يىللىرى قىش-ئەتىياز ئارىلىقىدا شىخو ۋە تېكەس قاتارلىق ناھىيىلەردە چېچەك تارقالغاندى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى دەرھال يۇقىرى - تۆۋەننى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ھەرخىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى مەخسۇس يەتتە كىشىلىك ئالاھىدە كومىتېت قۇردى، داۋالاش ئەترىتى ئۇيۇشتۇرۇپ كېسەل تارقالغان رايونغا ئەۋەتتى، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ئاھالىدىن بىردەك ھەقسىز چېچەك چەكتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى، چەكتۈرمىگەنلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتە قىلدى؛ تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئوقتۇرۇش چىقىرىپ، كېسەل يۇقتۇرۇۋالغانلارنى ھەقسىز داۋالىدى ھەم پۈتۈن ۋىلايەت دائىرىسىدە چېچەك ۋاكسىنىسى سالدى. نەتىجىدە، ئۈچ ۋىلايەتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاھالە ۋاكسىنا سالدۇردى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئىلى ۋىلايىتىدە ۋاكسىنا سالدۇرغانلار 400مىڭدىن كۆپرەك كىشىگە، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 128مىڭ 900كىشىگە، ئالتاي ۋىلايىتىدە 12مىڭ كىشىگە

يەتكەن، تەدبىر ۋاقتىدا، كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقۇملۇق چېچەك كېسىلىنىڭ تارقىلىشى ناھايىتى تېز كونترول قىلىنىپ، خەلقنىڭ تەن سالامەتلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ھەر خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى پائال ئۇيۇشتۇردى، قانات يايدۇردى. ۋىلايەتلەردە، مىللىي ئارمىيىدە ئاممۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى ئىنتايىن جانلىنىپ كەتتى، ھەر خىل مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ۋالىي باشباي چولاق ئوغلى باپىن مۇدىرلىقىدىكى تەنتەربىيە پائالىيىتى كومىتېتى قۇرۇلدى ھەم 1948-يىل 9-ئاينىڭ 15-كۈنى چۆچەكتە ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقە تۈرلىرى يېنىك ئاتلېتىكا، گىمناستىكا، توپ مۇسابىقىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، جايلار يەنە ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرىنى تەشكىللەپ، ئويۇن قويۇپ، ئاممۋى مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى كۆپ جانلاندۇردى.

قىسقىسى، 1947-يىل 8-ئايدىن 1949-يىل 8-ئايغىچە بولغان توپتوغرا ئىككى يىل ۋاقىت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئىنتايىن مۇھىم باسقۇچ بولدى، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئېغىر خاتالىق دەسلەپكى قەدەمدە تۈزىتىلىپ، ئىنقىلابنىڭ نىشانى تەدرىجىي ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ئىنقىلابنىڭ يۆنىلىشى توغرىلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنى تەشۋىق قىلىش كۈنسېرى كېڭەيتىلىپ، كەڭ كادىرلار، مىللىي ئارمىيىنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى، خەلق تۇرمۇشىدا مەلۇم ياخشىلىنىش بولدى، بۇلار شىنجاڭنىڭ ئازادلىقىنى كۈتۈۋېلىش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى تاشقىنىغا قوشۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى.

# ئالتىنچى باب
# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تاشقىنىغا قوشۇلۇپ كېتىشى

## بىرىنچى پاراگراف شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىقىنىڭ تاڭ نۇرى

### 1. 1949-يىلىدىكى ئىچكى ۋەزىيەت

1948-يىل كۈزدە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ئۈچىنچى يىلغا قەدەم قويدى، دۈشمەن بىلەن ئۆز كۈچىمىز سېلىشتۇرمىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ئەمەس، خەلققە پايدىلىق تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. تېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1948-يىل 9-ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى خېبېي ئۆلكىسى پىڭشەن ناھىيىسىنىڭ شىبەيپو كەنتىدە سىياسىي بيۇرو يىغىنى

چاقىرىپ، بەش يىلغىچە (1946-يىل 6-ئايدىن ئېتىبارەن) بولغان ۋاقىت ئىچىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىپ بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر قايسى ئىستراتېگىيىلىك رايونلاردىن ئازادلىق ئۇرۇشى ئۈچىنچى يىلغا قەدەم قويغان چاغدا تېخىمۇ زور كۆلەمدىكى يوقىتىش جېڭى قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئارقىدىنلا مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، گومىنداڭ قوشۇنى بىلەن ئىستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىشنى قەتئىيلىك بىلەن قارار قىلىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ لياۋ. شېن، خۇەي-خەي، پىڭ-جىن ئۈچ چوڭ ئۇرۇشنى ئېلىپ باردى ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلدى.

ئۈچ چوڭ ئۇرۇش 1948-يىل 9-ئاينىڭ 12-كۈنى باشلىنىپ، 1949-يىل 1-ئاينىڭ 31-كۈنى ئاخىرلاشقانغا قەدەر تۆت ئاي توققۇز كۈن داۋام قىلدى، گومىنداڭ قوشۇنىدىن جەمئىي 1مىليون 540مىڭ كىشى، تەخمىنەن 147 پۈتۈن شىسى يوقىتىلدى، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاشتا تايىنىدىغان ئاساسلىق ھەربىي كۈچى ئاساسەن يوقىتىلدى. ئۈچ چوڭ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى بىلەن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە غەلىبە قىلىشى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ گۇمران بولۇشى مۇقىملاشتى.

ئۈچ چوڭ ئۇرۇشتىن كېيىن، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە غەلىبە قىلىشىنى نوقۇل ھەربىي ۋاستە بىلەن توسۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ رېژىسسورلۇقىدا «تىنچلىق سۆھبىتى» سۇيىقەستىنى پىلانلىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ «تىنچلىق سۆھبىتى» قىلىپ ھەم ھەربىي كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، تەبىئىي توسۇق چاڭجياڭ دەرياسى ۋە چەت، يىراق ئۆلكىلەردىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن داۋاملىق قارشىلىشىپ، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۈچ توپلاپ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە ئۇرۇندى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنقىلاب لاگېرى ئىچىدىن ئۆكتىچىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ،

كۆپچىنىڭ بارچە ئىنقىلابنى جايىدا توختىتىشقا ياكى مۆتىدىل تۈس ئالدۇرۇپ، جاھانگىرلىك ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئىتىنى ساقلاپ قېلىش خام خىيالىدا بولدى.

گوۋاڭشى سىستېمىسى مىلىتارىستلىرىنىڭ كاتتىبېشى لى زۇڭرېن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئورنىغا دەسسىمەكچى بولۇپ، ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، تىنچۋىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، «چاڭجياڭ دەرياسىنى پاسىل قىلىپ ئىدارە قىلىش»نى يولغا قويدى. 1948-يىل 12-ئاينىڭ 24-كۈنى، گوۋاڭشى سىستېمىسىدىكى بەي چۇڭشى جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما بېرىپ، «تىنچلىق سۆھبىتى بايرىقى»نى ئالدى بىلەن كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ غەرىزىنىڭ تەسىرىدە، گومىنداڭ خۇبېي ئۆلكىلىك كېڭىشى، خېنەن ئۆلكىلىك ۋە خۇبېي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىرىمۇ تىنچلىق سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەكلىپىنى بەردى ھەم تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، جياڭ جيېشىدىن «ئىككىلەنمەستىن تەختتىن چۈشۈپ كېتىش»نى تەلەپ قىلدى.

1948-يىل 12-ئاينىڭ 30-كۈنى، ماۋزېدۇڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقىغا يېزىپ بەرگەن يېڭى يىل بېغىشلىمىسىدا «ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارايلى» دېگەن ئۇلۇغ چاقىرىقنى چىقىرىپ، مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: «ئىنقىلابىي ئۇسۇل قوللىنىپ، بارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى قەتئىي، تەلتۆكۈس، پاك -پاكىز ۋە تولۇق يوقىتىش، جاھانگىرلىكنى، فېئودالىزمنى ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنى يوقىتىشنى تەۋرەنمەي قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىدىغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىلىقىدىكى جۇمھۇرىيەتنى قۇرۇش لازىم.»①

---

① «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 4-توم، مىللەتلەر نەشرىياتى 1967-يىلدىكى ئۇيغۇرچە نەشرى 477-بەت.

1949-يىلى يېڭى يىلدا، جياڭ جيېشى «تىنچلىق تەلەپ قىلىش» باياناتى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن گومىنداڭنىڭ ساختا ئاساسىي قانۇننى، ساختا قانۇن سىستېمىسىنى ۋە ئەكسىيەتچى قوشۇنىنى ساقلاپ قېلىش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. روشەنكى، بۇ تىنچلىقنىڭ شەرتى ئەمەس، بەلكى داۋاملىق ئۇرۇش قىلىش شەرتى ئىدى.

1949-يىل 1-ئاينىڭ 14-كۈنى، ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى نامىدىن ئېلان قىلغان ۋەزىيەت توغرىسىدىكى باياناتىدا جىددىي ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ قالدۇق ھەربىي كۈچلىرىنى ئانچە ئۇزاققا قالماي تامامەن يوقىتىشقا يېتەرلىك كۈچ، يېتەرلىك ئاساس ۋە ھەقىقىي ئىشەنچ بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشنى تېزلىكتە ئاياغلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاش، ساختا ئاساسىي قانۇننى ۋە ساختا قانۇن سىستېمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە بارلىق ئەكسىيەتچىل ھەربىي قوشۇنلارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش قاتارلىق سەككىز شەرت ئاساسىدا، نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ۋە گومىنداڭنىڭ ھەرقانداق يەرلىك ھۆكۈمەتلىرى ھەم ھەربىي گۇرۇھلىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى خالايدۇ. ماۋ زېدۇڭنىڭ باياناتى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، پارتىيە-گۇرۇھسىز دېموكراتىك زاتلار ۋە ھەر قاتلامدىكى ئاممىنىڭ قىزغىن ھىمايە قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئازاد رايونغا كەلگەن لى جىشېن، شېن جۈنرۇ، گو مورو، تەن پىڭشەن قاتارلىق 55 كىشى 1-ئاينىڭ 22-كۈنى بىرلىشىپ «ۋەزىيەت توغرىسىدىكى پىكرىمىز» دېگەن باياناتنى ئېلان قىلىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ باياناتىنى قەتئىي قوللىدى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلابنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش يولىدا پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىشنى خالايدىغان» لىقىنى بىلدۈردى.

1-ئاينىڭ 21-كۈنى، جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ «تەختىدىن چېكىنىپ

تۇرىدىغان» لىقىنى، لى زۇڭرېننىڭ مۇۋەققەت «زۇڭتۇڭ» بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەتىسى لى زۇڭرېن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان سەككىز شەرت ئاساسىدا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇرۇشنى بالدۇر ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 4-ئاينىڭ 1-كۈنى جۇ ئېنلەي باش ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى جاڭ جىجۇڭ باش ۋەكىللىكىدىكى گومىنداڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بېيپىڭدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. يېرىم ئاي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان سەككىز شەرت ئاساسىدىكى «ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ ئاخىرقى تۈزىتىلگەن لايىھىسى» تەييارلاپ چىقىلدى. گومىنداڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ تىنچلىق كېلىشىمگە بىردەك قوشۇلدى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلدى، لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى كېلىشىمگە قول قويۇشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن سۆھبەت بۇزۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرەپنىڭ تۇرۇپ قېلىشنى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۆتۈنۈشى ئارقىسىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بېيپىڭدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزالىرى قېپقېلىشنى قارار قىلدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئارقىدىنلا يېڭى جۇڭگو قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىدىغان جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشتى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ ئاخىرقى تۈزىتىلگەن لايىھىسى»گە قول قويۇشنى رەت قىلغانلىقتىن، گومىنداڭنىڭ «تىنچلىق سۆھبىتى» سۈيىقەستى ئۈزۈل-كېسىل ئېچىپ تاشلاندى. 4-ئاينىڭ 21-كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن باش قوماندان جۇ دې پۈتۈن مەملىكەتكە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقى ئېلان قىلدى: «جۇڭگو زېمىنىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنغان بارلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى قەتئىي، تەلتۆكۈس، پاك-پاكىز ۋە تولۇق يوقىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئازاد قىلىڭلار، جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ۋە ئىگىلىك

ھوقۇقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداڭلار» .① ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىدىكى 2-، 3-دالا ئارمىيىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھەربىي رايونىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش ئۇرۇشىنى قوزغىدى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مىليون كىشىلىك قوشۇنى تەبىئىي توسۇق چاڭجياڭ دەرياسىدىن جاسارەت بىلەن ئۆتتى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى چاڭجياڭ دەرياسى مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلىغاندا، نەنجىڭدىكى سابىق گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئالاقزادە بولۇپ گۇاڭجۇغا قېچىپ كەتتى. 4-ئاينىڭ 23-كۈنى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى نەنجىڭنى ئېلىپ، 22يىل داۋام قىلغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى يول چوڭ قوشۇنى داۋاملىق ئوتتۇرا جەنۇب، غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇبتىكى ئۆلكىلەرگە غەلىبىلىك چوڭ يۈرۈش قىلدى.

غەربىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1-دالا ئارمىيىسى پېڭ دېخۇەي قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدا، 1949-يىل 5-ئايدىن 6-ئايغىچە ئوتتۇرا شەنشى رايونىغا كېلىپ، شىئەننى ۋە ئوتتۇرا شەنشىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى ئازاد قىلدى. 7-ئاينىڭ 14-كۈنى فۇمېي (شەنشى ئۆلكىسىنىڭ فۇفېڭ، مېيشيەن ۋىلايىتى) ئۇرۇشىنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرۇپ، غەربىي شىمالنى بېسىپ ياتقان خۇ زوڭنەن گورۇھىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىپ، غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى ئۇرۇشتا تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى تامامەن ئۆز قولىدا تۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

خۇ زوڭنەننىڭ ئاساسىي كۈچى يوقىتىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ما بۇفاڭ-ما خۇڭكۈي گورۇھى گەنسۇنىڭ شەرقىگە چېكىندى، خەلق

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 4-توم، مىللەتلەر نەشرىياتى 1967-يىلدىكى ئۇيغۇرچە نەشرى 616-بەت.

ئازادلىق ئارمىيىسى غەلىبىسېرى قوغلاپ زەربە بېرىپ، 1000 چاقىرىم يول يۈرۈپ 20دىن كۆپ ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلدى. 8-ئاينىڭ 20-كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى لەنجۇنى قورشاۋغا ئالدى. 25-كۈنى ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، شىددەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق 26-كۈنى لەنجۇنى ئازاد قىلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش يولىنى ئېچىپ، غەربىي شىمالدىكى دۈشمەن ئارمىيىسىنى پارچىلىنىش، يېتىم قېلىش ھالىغا چۈشۈرۈپ قويدى. غەربىي شىمال ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ۋەزىيىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ناھايىتى پايدىلىق بولدى.

8-ئاينىڭ ئاخىرى، 9-ئاينىڭ بېشىدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ، چىڭخەيگە، گەنسۇ خېشى كارىدورىغا ۋە نىڭشياغا قاراپ قوغلاپ زەربە بېرىپ ئىلگىرىلىدى. سول يۆنىلىش 1-بىڭتۇەنى 9-ئاينىڭ 5-كۈنى شىنىڭنى ئازاد قىلدى، ما بۇفاڭنىڭ ئۇۋىسىنى ئۇزۇل-كېسىل بىتچىت قىلدى. ئارقىدىنلا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بوران-چاپقۇن، قار-شىۋىرغانغا قارىماي، چىلىيەنشەن تېغىدىن ئېشىپ، 9-ئاينىڭ 19-كۈنى جاڭيېنى ئازاد قىلدى. ئوتتۇرا يۆنىلىش 2-بىڭتۇەننىڭ ئاساسىي كۈچ قوشۇنى لەنجۇ-شىنجاڭ تاشيولىنى بويلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، 9-ئاينىڭ 21-كۈنى جاڭيېدە سول يۆنىلىش بىڭتۇەن بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشتى. 19-بىڭتۇەن 9-ئاينىڭ 23-كۈنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەپ يىنچۈەننى غەلىبىلىك ئېلىپ، پۈتۈن نىڭشيانى ناھايىتى تېز ئازاد قىلىپ، ما خۇڭكۇينىڭ نىڭشيادىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. 9-ئاينىڭ 25-كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى مۇھىم شەھەر جيۇچۈەن، يۈمېنلەرنى ئازاد قىلدى. 28-كۈنى ئەنشى ناھىيىسىگە يېتىپ بېرىپ، شىنجاڭغا قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان دۈشمەننىڭ چېكىنىش يولىنى توسۇپ، گومىنداڭ غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلار مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئورۇنلاردىكى 40مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋە ھەقىقەتكە قايتىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن

غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكىدىن شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي تۆت ئۆلكە ئازاد بولدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يۈمىن قوۋۇقى ئالدىغا كېلىپ، شىنجاڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا 80مىڭ كىشىلىكتىن كۆپ ئارمىيىسى بار ئىدى، سىرتىدا كۈچلۈك قوشۇن چېگرىغا يېقىنلاپ كەلگەن، ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسى تەھدىت سېلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، سىرتتىن كېلىدىغان ياردەم ئۈزۈلۈپ قالغان، ئىچكى جەھەتتە قاچىدىغان يولى توسۇلۇپ قالغان، قاتناش، تەمىنات قىيىنلاشقانلىقتىن، كەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەر يەنە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كەتمىنىنى چېپىشنى خالىمىغانلىقتىن، جەڭگىۋارلىقى بەك چۈشۈپ كەتكەنىدى. چوڭ قوشۇن چېگرىغا يېقىنلاپ قالغان ۋەزىيەتتە، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھەربىي-مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پارچىلىنىش تېزلەپ كەتتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىققا تەشنا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئۇرۇمچىنىڭ غەربىدىكى ماناس دەرياسى سېپىدە ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتىپ، غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى بىلەن يىراقتىن ماسلاشتى، گومىنداڭ قوشۇنى شەرق -غەرب تەرەپتىن زەربىگە ئۇچراش، ئالدى -ئارقىدىن ھۇجۇمغا دۇچ كېلىشتە ۋەزىيەت شەكىللەندى، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىشقا ئىنتايىن پايدىلىق بولدى.

## 2. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. 1949-يىل 3-ئايدا چاقىرىلغان 7-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭ، جۇ دې، جۇ ئېنلەي قاتارلىق رەھبەرلەر شىنجاڭنى ئازاد قىلىش

مەسىلىسى ئۈستىدە ۋاڭ جېن قاتارلىقلار بىلەن سەممىمىي سۆزلىشىپ، ئۇلارنى قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇزۇن مۇشكۈل سەپەردىن ھېچقاچان قورقمايدىغان ئىنقىلابىي روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، چوڭ غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىغا ئىلھام بەردى.

1949-يىل 6-ئايدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى لىيۇ شاۋچى ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى موسكۋاغا جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى، دېڭ لىچۈن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ بىللە باردى. سۆھبەت مەزگىلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ تەمىنلىگەن ئىشەنچلىك ئاخباراتقا قارىغاندا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى تەسىر كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چىڭخەي، نىڭشيا، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى يەرلىك مىللىتارىست ۋە باشقا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى توپلاپ، شىنجاڭدا مۇستەقىل «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇپ، جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىش قەستىدە بولۇۋېتىپتۇ. بۇ سۈيىقەست ئىشقا ئېشىپ قالسا، شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئىشىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ، جۇڭگو ئىنقىلابىغا ناھايىتى زور زىيان كەلتۈرىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ پايدىسىز. شۇڭا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشىنى تېزلىتىشىنى تەكلىپ قىلىمىز، دېدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدىن يولىيورۇق سوراش ۋە ستالىن بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ سۈيىقەستىنى بىتچىت قىلىپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلىش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئەسلى بېكىتىلگەن 1950-يىلى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش قارارىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش ۋاقتىنى 1949-يىلىنىڭ ئاخىرى قىلىپ بېكىتتى. يۇقىرىقى ھەرىكەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۈچىدىن پايدىلىنىپ گومىنداڭ

ئەكسىيەتچى كۈچلىرى ھەربىي جەھەتتىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دېڭ لىچۈننى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىشكە ھەم شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

1949-يىل 8-ئايدا، ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان ليۇ شاۋچى، ۋاڭ جياشياڭلارغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى لەنجۇنى ئالغاندىن كېيىن دەرھال شىنجاڭغا كىرىشكە تەييارلىق كۆرسە بولىدۇ، دېدى. 9-ئاينىڭ 10-كۈنى ماۋ زېدۇڭ پېڭ دېخۇيغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ 11-ئاينىڭ باش-ئوتتۇرىلىرىدا يۇمېندىن شىنجاڭغا كىرىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، دېدى. ھەربىي يۈرۈشنىڭ يول ئۈستىدىكى ئارقا سەپ تەمىناتى، قاتناش - ترانسپورت قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇردى. لېكىن ۋەزىيەت تەرەققىياتى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھەربىي-مەمۇرىي دائىرىلىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تېلېگراممىدا ماۋ زېدۇڭ «شىنجاڭ مەسىلىسى ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسى ئەمەس، تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مەسىلىسى بولۇپ قالدى»① دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1-دالا ئارمىيىسى 9-ئاينىڭ 20-كۈنى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنىڭ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تېلېگرامما ئارقىلىق مەركىزىي كومىتېتقا دوكلات قىلدى.

ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ھەر تەرەپتىن، ھەر خىل

① «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990-يىل 5-ئاي خەنزۇچە 1-نەشرى 57-بەت.

يوللار بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىپ، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا خىزمەتلەرنى ئىنچىكە ئىشلىدى.

1949-يىلى 5-ئايدا، ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەيلەر بېيجىڭدىكى جاڭ جىجوڭغا تاۋ سىيۆ، بۇرھان شەھىدى قاتارلىقلارغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ نەسىھەت قىلىپ، شىنجاڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى تىرىشىپ قوغداپ، تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش يولىغا مېڭىشقا تەييارلىق كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىشنى ھاۋالە قىلدى. جۇ ئېنلەي چۈي ۋۇغا گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە سۆھبىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن دەرھال ئۈرۈمچىگە قايتىپ، شىنجاڭ ھەربىي-مەمۇرىي دائىرىلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئىچىدە تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ئىشىنى مەخپىي پىلانلاش، ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. 9-ئاينىڭ 8-كۈنى، ماۋ زېدۇڭ جاڭ جىجوڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ شىنجاڭ ھەربىي-مەمۇرىي دائىرىلىرىگە تېلېگرامما بېرىپ، ئۇلارنى ھەقىقەتكە قايتىشقا چاقىرىشىنى ئۈمىد قىلدى. 10-كۈنى، جاڭ جىجوڭ تاۋ سىيۆ، بۇرھان شەھىدىلەرگە تېلېگرامما يوللاپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋە شىنجاڭ ھەربىي-مەمۇرىي دائىرىلىرىگە قىلغان غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىتىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى «گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، خەلق دېموكراتىيىسى لاگېرىغا ئۆتۈش»كە دەۋەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پېڭ دېخۇەي قاتارلىقلار لەنجۇنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ لەنجۇدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىغا ۋە تاۋ سىيۆ قىسمىدىكى ئوفىتسېرلارغا سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش لازىملىقىنىڭ قائىدىسىنى شەرھلىدى؛ شىنجاڭ تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، تەتقىق قىلدى؛ ئاتلىق ئەسكەرلەر 5-جۈننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ،

ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنى خەلق قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشقا سەپەرۋەر قىلىشقا ئۈيۈشتۇردى؛ تاۋ سىيۈننىڭ سىچۈەن يېزىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئۇبدان قوغداپ، تاۋ سىيۈننىڭ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى.

شىنجاڭدا تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش غۇلغۇلا قىلىنىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، 1949-يىل 8-ئاينىڭ 14-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ليۇ شاۋچىغا ھەمراھ بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىشقا بارغان دېڭ لىچۈننى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى سالاھىيىتى بىلەن ئۈچ نەپەر خىزمەتچى خادىم ۋە بىر راتسىيە بىلەن موسكۋادىن ئالمۇتا ئارقىلىق غۇلجىغا ئەۋەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە «لىچۈن راتسىيىسى» قۇردى. «لىچۈن راتسىيىسى» 8-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 11-ئايغىچە بولغان ئۈچ ئايدىن كۆپ ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا جەمئىي 85 پارچە تېلېگراممىا يوللاپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ۋە غەربىي شىمال ئۇرۇش مەيدانى قوماندانى پېڭ دېخۇەينىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئورناتتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلدى.

ئالدى بىلەن، دېڭ لىچۈن ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ قىلغان دوكلاتىغا ئاساسەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخى، ھازىرقى ھالىتى، سىياسەت-تەدبىرلىرى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ ئەھۋالى، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى، شتاتى، قورال-جابدۇقى، مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋاتقان يېرى، شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ تارىخى، مىللەت، ئۆرپ-ئادەت، جۇغراپىيە، كىلىمات قاتارلىق ئەھۋالىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا سىستېمىلىق، ئەتراپلىق

ئىنكاس قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ سىستېمىسى، ۋەكالەت نومۇرى، ئەسكىرىي كۈچى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە مۇداپىئە ئورنى، ئاساسلىق ھەربىي-مەمۇرىي باشلىقلىرىنىڭ سىياسىي خاھىشى ۋە يۈزلىنىشى، ھەر خىل ئەكسىيەتچى كۈچلەر، جۈملىدىن ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ھەرىكىتىنى ھەر خىل يوللار بىلەن توپلىدى ۋە رەتلىدى. بۇ مۇھىم ئەھۋاللار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش فاڭجېنىنى بەلگىلىشى، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنىڭ كونكرېت چارىسى، قەدەم-باسقۇچى ۋە ھەربىي، سىياسىي تەدبىرلىرىنى تۈزۈشنى تەدبىر بەلگىلەش ئاساسى بىلەن تەمىن ئەتتى.

9-ئاينىڭ 2-كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى غۇلجىغا كېلىپ دېڭ لىچۈنگە تاۋ سىيۇ، بۇرھان شەھىدى قاتارلىق گومىنداڭ ھەربىي-مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى قارار قىلغانلىقىنى يەتكۈزدى ھەم مۇنداق دەپ تەكلىپ بەردى: «بۇرھان شەھىدى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى مەركىزىي ئەرباب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەقىقىي تەرەققىيپەرۋەر، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە كىشى. ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغاندىن كېيىن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى، ھۆكۈمەتتىن ئەكسىيەتچىلەرنى تازىلىۋەتتى، تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرگە يار-يۆلەك بولدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئالىدۇ. ئۇ ھازىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە يوليورۇقىغا بالدۇرراق ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىلىغا ئادەم ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ، شۇڭا سىلەر بىلەن ئىمكان بار تېز ئالاقىلىشىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن. قارىغاندا ھازىر شارائىت پىشىپ يېتىلگەندەك تۇرىدۇ، سىز ئۆزىڭىز ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۇلار بىلەن ئۇچراشسىڭىز قانداق

بولار؟»① بۇنىڭ ئۈچۈن دېڭ لىچۈن مەركىزىي كومىتېتقا تېلېگرامما يوللاپ يوليورۇق سورىدى، مەركىزىي كومىتېت دېڭ لىچۈننىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشىنى تېزلا تەستىقلىدى.

9-ئاينىڭ 15-كۈنى، دېڭ لىچۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، جاڭ جىجۇڭنىڭ تاۋ سىيۆ، بۇرھان شەھىدىلەرگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى ئېلىپ ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلان بىلەن مەخپىي كەلدى، بۇرھان شەھىدى ئۆزى ئايرودرومغا ئالدىغا چىقتى ھەم دېڭ لىچۈن بىلەن بىر ماشىنىدا ئولتۇرۇپ قايتىپ، دېڭ لىچۈننى ئۆز ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇردى. دېڭ لىچۈن كۆپ قېتىم تىنچ ھەقىقەتكە قايتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ۋە ھىمايە قىلىدىغان گومىنداڭ ھەربىي-مەمۇرىي دائىرىلىرى بىلەن شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى. بىر تەرەپتىن، ھەر خىل ئەھۋاللارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىگىلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىپ تۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئۇلارغا ۋەزىيەتنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، ھەقىقانىيەتنى بىلدۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشتىكى فاڭجېن، سىياسىتىنى شەرھىلىدى، گومىنداڭ ھەربىي - مەمۇرىي خادىملىرىنىڭ ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ھەربىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشى، تەمىناتى قاتارلىقلار توغرىسىدا ئىزاھات بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، ھەقىقەتكە قايتىش ئىرادىسىنى چىڭىتتى. دېڭ لىچۈننىڭ ئەتراپلىق خىزمەت ئىشلىشى بىلەن، تاۋ سىيۆ ۋە بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ھەربىي-مەمۇرىي دائىرىلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قويغان تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش

① دېڭ لىچۈن: «ئۇنتۇلماس يىللار، قىممەتلىك دوستلۇق»، «خەلق گېزىتى» 1996-يىل 2-ئاينىڭ 26-كۈنى.

تەلىپىنى شەرتسىز قوبۇل قىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، 9-ئاينىڭ 18-كۈنى دېڭ لىچۈن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي-مەمۇرىي دائىرىلىرىدىن لەنجۇغا ۋەكىل ئەۋەتىپ مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. 19-كۈنى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي-مەمۇرىي دائىرىلىرى ھەربىي ئىشلار جەھەتتە زېڭ جېنۋۇ (8-تەمىنات رايونىنىڭ قوماندانى) نىڭ تاۋ سىيۆ ۋە خېشى كارىدورىدىكى خۇاڭ، جۇ ئىككى جۇن (گومىنداڭ خۇاڭ زۇشۇن قىسمى 91-جۇنى بىلەن جۇ جيابىن قىسمى 120-جۇننى دېمەكچى) گە ۋەكىل بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە چۈي ۋۇ (ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى)، قاسىمجان (ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بوغالتىرلىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) ۋەكىل بولۇپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئايروپىلان بىلەن لەنجۇغا بېرىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇرھان شەھىدى رەئىس ماۋ زېدۇڭغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشكە بەل باغلىغانلىقىنى ھەم « جانابلىرى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان پۈتكۈل جۇڭگونىڭ ئازادلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى بارلىق كۈچ بىلەن يوقىتىپ، رەھبەرلىكىڭلارنى قوبۇل قىلىپ، ھەممە جايدا يېڭى ھاياتنى ئورتاق تەبرىكلەشكە تەييار»[1] ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

دېڭ لىچۈن ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە يەنە يەر ئاستى ئىلغار تەشكىلات «كۈرەش تەھرىراتى»، «ئاۋانگارت تەھرىراتى» بىلەن ئالاقىلەشتى ھەمدە ئۇلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھەر جەھەتتىكى ئەھۋالنى تەپسىلىي سورىدى، ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەتلىرى ئۈستىدە پىكىر بەردى ھەمدە خىزمەتلەرنى جۇڭگو

---

① «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990-يىل 5-ئاي خەنزۇچە 1-نەشرى 250-بەت

كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئىگە قىلىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىش مەسىلىسىدىكى قەدەم-باسقۇچى بىلەن بىردەك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. «كۆرەش تەھرىراتى»، «ئاۋانگارت تەھرىراتى» ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئاخبارات توپلاش، يۇقىرى قاتلامدىكى زاتلار بىلەن ئالاقە باغلاش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش جەريانىدا ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇردى.

### 3. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ، تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشنى كۈتۈۋېلىشى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرىدە پارتلىغان بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىگە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىگە بولالماي كەلگەنىدى، لېكىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا، خەلقچىللىق، ئىلغارلىقتا چىڭ تۇرىدىغان رەھبەرلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىگە ئېرىشىشنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرگە ئازادلىققا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ كەلدى. شۇڭا ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى بارلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدىدى.

1946-يىلىلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ نەنجىڭغا بېرىپ قورچاق مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل مۇناسىۋەت ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى پائال ئىزدەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقىلەشتى. ئۇ 12-ئاينىڭ 5-كۈنى كەچقۇرۇن جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى دۇڭ بىۋۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. كۆرۈشۈش داۋامىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوپ دۇڭ بىۋۇغا خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ داھىيسى ماۋ زېدۇڭ، جۇ دېلارغا بىلدۈرگەن ئېھتىرامىنى يەتكۈزدى، خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوبۇل قىلىدىغانلىق قارارىنى يەتكۈزدى، شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا يازغان خېتىنى تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈچ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى:

(1) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنى ئۆز قارمىقىدىكى تەشكىلات قىلىپ قوبۇل قىلىشىنى سورايمىز؛

(2) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلەشكە بىرنەچچە كادىر ئەۋەتسە؛

(3) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇش ئۈچۈن، بىر تېخنىك كادىرنى راتسىيە ئېلىپ شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلەشكە ئەۋەتىشىنى سورايمىز.

دۇڭ بىۋۇ شۇ كېچىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن كۆرۈشكەن ئەھۋالنى تېلېگرامما ئارقىلىق مەركىزىي كومىتېتقا دوكلات قىلدى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلدى:

«ئىلىنى قۇرۇلتاينىڭ شىنجاڭدىن كەلگەن ۋەكىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپى، بۇرۇنقى غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ سابىق رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىكەن، ئۇ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شىنجاڭدا بىر كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى بار ئىكەن، ئۇ ئازاد رايوندا ئاشكارا تەشكىلات بولغىنى بىلەن، ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلاردا تېخى

مەخپىي ئىكەن. ھازىر ئۇنىڭ 15مىڭ ئەزاسى بار ئىكەن، ئىتتىپاقنىڭ رەھبەرلىرى جەمئىي 11كىشى بولۇپ، ئۇلار ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغانىكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، رۇخسەت قىلماپتۇ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى:

(1) پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىغا رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش. بۇ ئىتتىپاقنىڭ مەركەزگە يوللىغان بىر پارچە خېتى بار (ئايرىم تېلېگراممىغا قارالسۇن).

(2) ئىتتىپاق رەھبەرلىرىدىن 11كىشى پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(3) سىياسىي، مالىيە ۋە ھەربىي ئىشلار خادىملىرىنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(4) ئالاقە ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(5) پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ئېنىق سىياسەت بەلگىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ......①

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ تېلېگراممىسىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، 12-ئاينىڭ 6-كۈنى جۇ ئېنلەينىڭ تەييارلىشى، ليۇ شاۋچىنىڭ ئىمزا قويۇشى بىلەن جاۋاب تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

«(A) يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپتىن مۇنۇلارنى ئېنىق سوراپ باقسىڭىز: (1) شىنجاڭنىڭ پۈتۈن سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، دىپلوماتىيە قاتارلىق ئەھۋاللىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى. (2) شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ كونكرېت تەشكىلىي ئەھۋالى (3) يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ خىزمەتچى ئېلىپ شىنجاڭغا قايتسا ھەمدە يەنئەن بىلەن تېلېگراف ئالاقىسى ئورناتسا بولامدۇ،

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر جۇڭگو ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 275-بەت.

يوق. (B) ئەگەر مۇمكىن بولسا، سىز قابىلىيەتلىك ئەمما قىزىللاشمىغان بىر يولداشنى ئالاقىلەشكۈچى ۋەكىل قىلىپ، ئۇنىڭغا مەخپىي ئالاقە خادىمىدىن ئىككىنى قوشۇپ، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن بىللە شىنجاڭغا ئەۋەتسىڭىز ھەمدە يولداش ئابدۇكېرىم ئاببباسوپقا تۆۋەندىكى ئۇقتىلارنى ئېنىق ئېيتسىڭىز: (1) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى بىلەن بىرىنچــى قەدەمدە دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدۇ. (2) ئەۋەتىلگەن ۋەكىلنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى ئالاقىلىشىش ۋە كۆزىتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. (3) شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىدىن جەمئىي 11كىشىنىڭ پارتىيىگە كىرىشىنى پرىنسىپ جەھەتتىن قارشى ئالىمىز، لېكىن كونكرېت ھەل قىلىشقا كەلسەك، ئۇنى ئالاقىلەشكۈچى ۋەكىل يېتىپ بارغاندىن كېيىن تېلېگرامما ئارقىلىق قارار قىلىمىز. (4) شىنــجاڭ خىزمىتىدە شىنــجاڭ كوممۇنىزمــچىلار ئىتــتىپاقىنى رەھــبەرلىك مەركىزى قىلىش كېرەك. (5) خىزمەتچى خادىم ئەۋەتىشنى شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي ئەھۋالى ۋە قاتناش شارائىتىغا قاراپ بەلگىلەيمىز. (C) ئەگەر يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئادەمنى ئەكېتەلمىسە، ئۇنىڭ بىلەن سىمسىــز رادىئو ئارقىلىق ئالاقىلىشىش چارىسى ۋە مەخپىي سىگنال ھەققىدە كېلىشىۋالسىڭىز بولىدۇ. ئالدى بىلەن تېلېگراممىا ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە يەنئەننىڭ خەنزۇچە، ئىنگلىزچە رادىئو ئاڭلىتىش ۋاقتىنى، رادىئو چاستوتىسىنى، چاقىرىش بەلگىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىڭ. (D) مەيلى ئادەم بارسۇن ياكى بارمىسۇن، ماۋ جۇشىــى ئەسەرلىرى، پارتىيە نىزامنامىسى، ليۇ شاۋچىنىڭ دوكلاتى ۋە بېسىپ تارقىتىلغان باشقا ھۆججەتلەرنى ئۇنىڭغا بېرىپ قويۇڭ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۇيغۇرچە، قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.»①

ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىــڭ

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر جۇڭگو ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 276 — 277-بەتلەر.

تېلېگراممىدا ئارقىلىق شۇنچە تېز جاۋاب قايتۇرۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك يادروسىدا بولغان جۇئېنلەينىڭ بىۋاسىتە تەييارلىشى، ليۇ شاۋچىنىڭ ئىمزا قويۇشىدىن مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. جاۋاب تېلېگراممىسىدىن مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىپەرۋەر تەشكىلاتىغا نېمىدېگەن ئىشىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىزكى: (1) شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ پارتىيىگە كىرىشىنى قارشى ئالدى ھەم ئابدۇكېرىم ئابباسوپنى يولداش دەپ ئاتىدى. (2) ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتى يوق ئىدى، شىنجاڭ خىزمىتىگە كىم كونكرېت رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك؟ تېلېگراممىدا «شىنجاڭ خىزمىتىدە شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنى رەھبەرلىك مەركىزى قىلىش كېرەك» دەپ ئېنىق دېيىلدى، بۇ تەشكىلاتقا تامامەن ئۆز يولداش ۋە ئۆز تەشكىلاتقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدى.

12-ئاينىڭ 11-كۈنى كەچتە، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئىككىنچى قېتىم مېييۈەن يېڭى كەنتىگە بېرىپ دېڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشتى. دېڭ بىۋۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تېلېگراممىسى ئارقىلىق بەرگەن يوليورۇقنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىگە جاۋاب بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا شىنجاڭدىكى تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلاتلار بىرلىشەلەيدىغانلا بولسا، كېيىنچە ئارقىلىق بىرلىشىشى كېرەكلىكى، بۇنداق قىلىشنىڭ كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇشقا، تېخىمۇ ياخشى كۈرەش قىلىشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، لېكىن تەشكىلاتنىڭ ئىسمى مەسىلىسىدە، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، ئاممىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتقاندا، كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم دېگەن تۈغنى تولىمۇ بالدۇر كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ئېيتتى.

— دېڭ بىۋۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوپقا پېلك گوئېن (يەنى پېلك چاڭگوي، شىنجاڭدىكى ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى ۋاڭ نەندى) نى بىر -راتسىيە ئېلىپ

شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداقلا پېڭ گوئەننىڭ ئاشكارا سالاھىيىتىنى ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ ئايالىنىڭ (ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ ئايالى خەنزۇ) تۇغقىنى، چىگداۋدىن نەنجىڭغا كېلىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن بىرگە شىنجاڭغا تۇغقان يوقلىغىلى كەلگەن دېيىشنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتتى. 1-ئاينىڭ 14-كۈنى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ پېڭ گوئەن بىلەن بىر ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7-قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى، ماۋ زېدۇڭ، ليۇ شاۋچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلىپ مىللىي قۇرۇلتايغا قاتناشقان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق شىنجاڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىگە قايتتى. پېڭ گوئەننىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئۇنى ئۆز ئائىلىسىدە تۇرغۇزدى. بىراق، پېڭ گوئەن ئەكەلگەن راتسىيىنىڭ ئىقتىدارى يېتەرلىك بولمىغاچقا، يەنئەن بىلەن ئالاقە قىلىشقا مۇمكىن بولمىدى. لېكىن پېڭ گوئەن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت خادىملىرى بىلەن بىرگە غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن، بۇ راتسىيە شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان خەۋەرلەرنى دائىم قوبۇل قىلىپ كۆچۈرۈپ ئېلان قىلىپ، تەشۋىقات ئېلىپ باردى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ نەنجىڭدا دۆلەت بىۋۇ بىلەن كۆرۈشۈشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن بۇيان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم بىۋاستە ئالاقىلىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسىنى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئىپادىلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئىنتايىن تەخىرسىزلىك بىلەن بىلدۈردى ھەتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىشنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلەشكە كادىر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبى ۋە ئارزۇسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇردى، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى

تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر ئارىسىدا يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ ئىپادىلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىمۇ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلىنىڭ ئارزۇسىنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنى ئىنتايىن خالىدى ھەمدە بەزى خىزمەتلەر توغرىسىدا پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. راتسىيىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئالاقە ئورنىتالمىغان ھەم ئوبيېكتىپ شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئىككى تەرەپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇچرىشالماي، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە ئالاقە ۋە رەھبەرلىك مۇناسىۋىتى ئورنىتىش كېچىككەن بولسىمۇ، لېكىن مەيلى قانداق بولسۇن، بۇ قېتىم ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ دۇڭ بىۋۇ بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىشى ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى، ئۇ ئىككى تەرەپنىڭ چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، ئىككى تەرەپنىڭ ئالاقە ئورنىتىشىدىكى ياخشى باشلىنىش بولدى ھەم بۇنىڭدىن كېيىن ئالاقىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات يارىتىلدى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولدى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىلىك تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى.

بىرىنچىدىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دۇڭ بىۋۇنىڭ پىكرىگە بىنائەن، ئۈچ ۋىلايەت خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ بەزى مەسئۇل كادىرلىرى بىلەن شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرىپ، تەشكىل قۇرۇش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى، دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى، 1947-يىل 2-ئاينىڭ 3-كۈنى، دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى ئۈرۈمچىدە مەخپىي قۇرۇلدى. بۇ پارتىيە ئابدۇكېرىم ئابباسوپنى رەئىسلىككە، لى تەيىۋ، ئىسقەت ئىسھاقوپ ئىككىيلەننى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىدى. سەيپىدىن ئەزىزى، لو جى قاتارلىقلار مەركىزىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى. «دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى»دە مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە

تارىخىي ماتېرىيالىزم ئارقىلىق ئۆزىنى قوراللاندۇرۇش» ، «ئاما، بولۇپمۇ ياش ۋە ئوتتۇرا ياش زىيالىيلارنىڭ پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى، چوڭ مىللەتچى ياكى تار مىللەتچى بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارغا پارتىيە توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە سىياسىتى بىلەن قوراللاندۇرۇش لازىم.»① دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن دەرھال تەشكىلاتنى كېڭەيتىشكە تىرىشىپ، بەزى مۇھىم ۋىلايەتلەردە ۋىلايەتلىك كومىتېت قۇردى ھەم بەزى ناھىيە ياكى مۇھىم ئورۇنلاردا ياچېيكا تەسىس قىلدى. 3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بۇ پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنى غۇلجىغا چېكىندۇرۇشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنى قۇرۇپ، لو جىنى ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى قىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى خادىملارنىڭ داۋاملىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ پارتىيىنىڭ خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان ئەزاسى لى تەيىيۇ، چېن شىخۇالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم مۇھىم ئەزالىرى 3-ئاينىڭ 19-كۈنى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا مەخپىي چېكىندى. شىنجاڭدا بىرىنچى خەنزۇ ئىنقىلابىي يولداشنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئىشلىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ پارتىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىت ئۇزاق بولمىسىمۇ (1948-يىل 7-ئاينىڭ 29-كۈنى تارقالغانلىقىنى جاكارلىدى) ، ئەزالىرى بەك كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر مىللەت (جۈملىدىن خەنزۇ مىللىتى) تىن بولغان بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەرلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرىدىغان تايانچ كۈچلەرنى بىر يەرگە توپلىدى، پارتىيە ئىچىدە توغرا مىللەت قارشى تەربىيىسى ئېلىپ باردى، خەلق ئازادلىق

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۈيغۇرچە 1-نەشرى 283-بەت.

ئۇرۇشى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

ئىككىنچىدىن، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى گېزىت-ژۇرناللاردا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرى ئېلان قىلىنغان، ئازاد رايونلارنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىتى تەشۋىق قىلىنغان ئاخبارات خەۋەرلىرىنىڭ، ئېلان قىلىنغان ماۋ زېدۇڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باشقا رەھبەرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەم مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيدى. بولۇپمۇ تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «خەلق ئاۋازى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1947-يىل 7-ئايدا ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش ياساشقا كىرىشىپ، گومىنداڭ قوشۇنىغا ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇم قوزغىغان پەيتتە، بۇ گېزىت «جۇڭگو ۋەزىيىتى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى ئۇرۇش مەيدانىدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇرۇش نەتىجىلىرىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. ئارقىدىنلا بۇ گېزىت يەنە شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى بېسىپ، ليۇ بوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭ يېتەكچىلىكىدىكى سەنشى، خېبېي، سەندۇڭ، خېنەن دالا ئارمىيىسى ئاساسىي كۈچىنىڭ خۇاڭخې دەرياسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، 1000 چاقىرىم مۇساپە بېسىپ دابيېشەنگە يۈرۈش قىلىپ، گومىنداڭ قوشۇنىنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىتىپ، ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇمنىڭ غايەت زور غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بۇ گېزىت يەنە ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئازاد

رايونلارنىڭ يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. «ئازاد بولىدىغان كۈنگە ئاز قالدى» دېگەن ماقالىدە «گەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئازاد قىلىدىغان زور قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئاڭلىق ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، زور قايتۇرما ھۇجۇمنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك » دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بەزى گېزىت-ژۇرناللار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ماۋ زېدۇڭنىڭ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت توغرىسىدا» ، «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسى توغرىسىدا» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. بەزى گېزىت -ژۇرناللار تېخى «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى خىتابنامىسى» نى تولۇق تېكىستى بىلەن باستى. ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» ئىلىدىكى خەنزۇچە گېزىت «خەلقچىل گېزىتى» نىڭ «پۈتۈن مەملىكەت دېموكراتىك بىرلىك سېپى قۇرايلى» دېگەن باش ماقالىسىنى كۆچۈرۈپ باستى، ماقالىدە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان پۈتۈن مەملىكەت دېموكراتىك بىرلىك سېپىنى قۇرۇش تەشەببۇسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلارنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى» دەپ كۆرسىتىلدى.

گېزىت-ژۇرناللاردا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتكەندىن سىرت، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ھەر خىل پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزى بىۋاسىتە تەشۋىق قىلدى. 1948-يىل 2-ئايدا، ئابدۇكېرىم ئاباسوپ قاتارلىقلار ئۆزى مىللىي ئارمىيىگە «8-ئارمىيە سىياسىي خىزمەت قوللانمىسى» نى سۆزلەپ چۈشەندۈردى؛ 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئەخمەتجان قاسىمى ئالتايدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پات ئارىدا شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىدۇ، شىنجاڭ پۈتۈن

مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرگە ئازادلىققا ئېرىشىدۇ، مىللىي ئارمىيىمۇ ئازادلىق ئارمىيە تەركىبىگە كىرگۈزۈلىدۇ» دېدى. 11-ئاينىڭ 12-كۈنى، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئاچقان «12-نويابىر» ئىنقىلابىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا، دەلىلقان سۈگۈرباييوپ ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت ۋە پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا ئۇزۇن دوكلات بەردى. ئۇ دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردىكى خەلقنى دەھشەتلىك ئېزىۋاتقان ۋە ۋەھشىيانە باستۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار خەلق ئازادلىق ھەرىكىتىنى ھەرگىز توسۇپ قالالمايدۇ. چۈنكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى چىڭ تۇرۇۋاتقان فاكجىن ۋە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەت پۈتۈن مەملىكەتتىكى 450مىليون خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، يېقىن كەلگۈسىدە مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك يېڭى جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۇنياغا كېلىدۇ.»①

يۇقىرىقى تەشۋىقات، خەۋەر ۋە رەھبەرلەرنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك كۈچى ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگونىڭ بىر رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ۋە پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغان ۋەزىيەتتىلا غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئىدىيە جەھەتتىكى توسالغۇلارنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بەزى سىياسەتلەرنى توغرا ئىزغا سالدى. بولۇپمۇ مىللەت قارىشى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش جەھەتتە كۆپ

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 374-بەت.

خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ھەمدە ليۇ شاۋچىنىڭ «ئىنتېرناتسىئونالىزم ۋە مىللەتچىلىك توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدى. 1949-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى، «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» گە «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەيلى» دېگەن تېمىدىكى باش ماقالىسى كۆچۈرۈپ بېسىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنۇلار ئېنىق كۆرسىتىلدى: «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ئەڭ كەسكىن باسقۇچقا كىردى. خەنزۇ خەلقى ئىچىدىكى دېموكراتىك كۈچلەر خەلقنى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازادلىققا چىقارماقتا»، «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. مەملىكەت ئىچىدىكى دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ غەلىبىسى بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنى تېزلىتىدۇ. شۇنداقلا، بىزنىڭ غەلىبىمىزمۇ مەملىكەت ئىچىدىكى دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ غەلىبىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، بىزنىڭ ئىتتىپاق ئەزالىرىمىز مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ خەنزۇ خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىشى، خەلققە كەڭ تەشۋىق قىلىشى لازىم. بۇ — ئىتتىپاق ئەزالىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى.»① شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىنى ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتىن تولۇق بىرلەشتۈردى.

ھەر مىللەت خەلقىنى يەنىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1949-يىل

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 402-403-بەتلەر.

8-ئاينىڭ 4-كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى 30-سانلىق يىغىنىدا تۆۋەندىكى ئىنتايىن مۇھىم قارارنى چىقاردى:

«① مىللىي زىددىيەت پەيدا قىلىدىغان قىلمىشلار مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزغا ۋە دېموكراتىك تۈزۈمىمىزگە قارشى ئەكسىلئىنقىلابىي قىلمىشتۇر.

② مىللىي كەمسىتىش، مىللىي زۇلۇم، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ھاقارەتلەش قىلمىشلىرى چېكىدىن ئاشقان قەبىھ جىنايى قىلمىشتۇر.

③ شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىر تەشكىلاتى ۋە ئەزاسى ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە، مىللىي زىددىيەت تۇغدۇرغان ئۇنسۇرلارغا قارشى رەھىمسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

④ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار قالدۇرغان مىللىي ئۆچمەنلىكنىڭ زەھەرلىرىنى تازىلاپ، خەلقنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە باراۋەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تەشكىلاتى بۇ جەھەتتىكى تەشۋىقات ۋە تەربىيىنى بوشاشماي كۈچەيتىشى، ئۇنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك دائىملىق خىزمىتى قىلىشى كېرەك.»①

يۇقىرىقى قارار ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي مەسىلە ۋە مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى تونۇشىنىڭ تېخىمۇ ئايدىڭ بولغانلىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھىمايە قىلىش -قىلماسلىقنى ئىنقىلاب ۋە ئىنقىلابقا قارشى تۇرۇش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تونۇغانلىقى ۋە مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئەكس

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 403-بەت.

ئەتتۈردى. روشەنكى ئۇ ئادەتتىكى تەشۋىق-تەربىيە بولماستىن، بەلكى قانۇن-نىزام شەكلى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا ئىنتىلغانلىق. بۇ قارارنى ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ مىللەت قارىشى جەھەتتىكى تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقى، شۇنداقلا ئىدىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ مول مېۋىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قارار پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە باشقا رەڭگارەڭ مىللەتچىلىككە قاتتىق زەربە بولدى؛ ۋەتەننىڭ بىرلىكىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستانە ھەمكارلىششى ۋە ئىناق ئۆتۈشىدە چىڭ تۇرىدىغان ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ناھايىتى زور ئىلھام ۋە مەدەت بولدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر قاتار تەشۋىق-تەربىيە ۋە نۇرغۇن جاپالىق ئەمەلىي خىزمەتلەر ئارقىلىق ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسى، مىللىي ئارمىيە كوماندىر-جەڭچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بەزى خاتالىقلار ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا تەدرىجىي تۈزىتىلدى، مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا جەمئىيەت مۇقىم، سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ھەر مىللەت خەلقى كۆنسايىن تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئازاد بولۇشىنى كۈتۈۋالماقتا ئىدى.

1949-يىل 8-ئاينىڭ 14-كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى راۋانلاشتۇردى. بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. 1946-يىلنىڭ ئاخىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقە باغلىغاندىن بۇيان، ئىككى تەرەپنىڭ تىرىشچانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشى ۋە تۈرتكە بولۇشى بىلەن، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى، ھەر مىللەتتىن بولغان ۋەتەنپەرۋەر ۋە

تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىش ئارزۇسى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يۈنىلىشىنى توغرىلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىدى.

دېڭ لىچۈننىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنى ناھايىتى شادلاندۇرۇۋەتتى. 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، دېڭ لىچۈن ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوپ بىلەن رەسمىي كۆرۈشتى، ئابدۇكېرىم ئاباسوپ قوشۇمچە تەرجىمانلىق قىلدى. دېڭ لىچۈن لىيۇ شاۋچىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم كېلىشتىكى ۋەزىپىسى بۇ يەردىكى رەھبەرلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت، مىللىي ئىشلار قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى مەركىزىي كومىتېتقا سىستېمىلىق دوكلات قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئۈتۈندى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە جاپالىق ۋەزىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئەھۋالدا، يەنە چەت ـ ياقا رايونغا جايلاشقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇرسەن ئىكەنلىكىنى، بارلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدىغانلىقىنى، ھەرقايسى جەھەتلەرنىڭ مەسئۇللىرىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دېڭ لىچۈنگە مۇنداق دەپ تېلېگرامما ئەۋەتتى: «ئالدى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى نامىدىن ئىلى مەسئۇل دائىرىلىرىگە 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەتراپىدا بېيپىڭدا ئېچىلىدىغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد

قىلىمىز، ۋەكىل سانى بەش بولسا، ئۇيغۇر، قازاقلاردىن ئادەم كەلسە، شۇنداقلا بىر خەنزۇ يولداش بىللە كېلىپ، قوشۇمچە تەرجىمانلىق قىلسا.»① شۇ كۈنى دېڭ لىچۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشقا ئاغزاكى تەكلىپ قىلدى ھەمدە بۇ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، جەمئىي بەش ئادەم بولىدىغانلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلىدىن تۆت كىشى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايوندىن بىر كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ مەسئۇللىرىدىن ئىككى-ئۈچ كىشى، خەنزۇ ۋەكىلدىن بىر كىشى بولىدىغانلىقىنى (ئەينى چاغدا لەنجۇ ئازاد بولمىغاچقا، بېيپىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېرىشقا توغرا كېلەتتى)، شۇڭا ئىلىدىن مانجۇرىيىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلان بىلەن يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى، مانجۇرىيىدىن بېيپىڭغا بېرىشقا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ئادەم ۋە مەخسۇس پويىز ئەۋەتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۈچ ۋىلايەتتىكىلەر، ئىلگىرى يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئادەم ئەۋەتىپ قاتناشتۇرغۇمىز بار ئىدى، ئەمدى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي تەكلىپ قىلغانلىقىدىن ۋە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدىن بارلىق ئىشلار ھەققىدە يوليورۇق سوراشقا مۇيەسسەر بولغانلىقىمىزدىن ئىنتايىن مەمنۇن ۋە خۇرسەن بولماقتىمىز، دەپ ئىپادە بىلدۈردى ھەمدە ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، دەلىلقان سۇگۇربايوپ، لوجى قاتارلىق بەش كىشىنىڭ شىنجاڭ ۋەكىلى بولۇپ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىشىنى بېكىتتى.

8-ئاينىڭ 18-كۈنى، ماۋ زېدۇڭ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 407-بەت.

يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى نامى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىغا رەسمىي تەكلىپ خېتى ئەۋەتىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى بېيپىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. تەكلىپ خېتىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭ غۇلجا ئالاھىدە رايونى خەلق ھۆكۈمىتىگە:

ئەخمەتجان ئەپەندىگە:

مەملىكىتىمىزدىكى جاھانگىرلىك، فېئودالىزم، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋە جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى پات ئارىدا پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. پۈتۈن جۇڭگودىكى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ دالا ئارمىيىلىرى، ئازاد رايونلار، دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ۋە چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەملىكەتلىك يېڭى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى پۈختا تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق 9-ئاي ئىچىدە بېيپىڭدا ئومۇمىي يىغىن ئاچماقچى. بۇ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىن مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، ئۆزىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقىقاندىن تاشقىرى، يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنى سايلاپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىرى راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ پۈتۈنلەي ئازاد بولۇشىغا ئانچە ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى. سىلەرنىڭ

كۆرۈشكىلى پات ئارىدا ئەلىڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بىز سىلەرنىڭ ئۆز ۋەكىللىرىڭلارنى سۈپىتىدە بەش كىشىنى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىشىڭلارنى چىن قەلبىمىزدىن قارشى ئالىمىز. ئەگەر قوشۇلساڭلار، 9-ئاينىڭ باشلىرىدا بېيپىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز. تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپ بارغاندىن كېيىن جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى

ماۋ زېدۇڭ

1949-يىل 8-ئاينىڭ 18-كۈنى بېيپىڭ»①

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ماۋجۇشىنىڭ رەسمىي تەكلىپ خېتىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى، بولۇپمۇ ماۋجۇشىنىڭ «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېگەن سۆزىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بارلىق يوليورۇقلىرى ۋە قارارلىرىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. 8-ئاينىڭ 20-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ئالاھىدە رايون خەلقىنىڭ ۋەكىلى نامىدىن يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ھەققىدە ماۋ زېدۇڭغا جاۋاب تېلېگراممىسى يوللىدى، تېلېگراممىنىڭ تېكىستى مۇنداق:

مەملىكەتلىك يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى

قەدىرلىك ماۋ زېدۇڭ ئەپەندىگە:

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇم. خېتىڭىزدە

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چولپان ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 408 — 409-بەتلەر.

پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ئۆزلىرىدىن بۇيان ئارزۇ قىلىشىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپسىز. بىز، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ غەلىبىسى، دەپ ھېسابلايمىز. شۇڭا بىز قەدىردان ماۋ زېدۇڭ ئەپەندىگە ئەڭ يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن مىننەتدارلىقىمىزنى ۋە خۇشاللىقىمىزنى بىلدۈرىمىز ھەمدە بېيپىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشتۇرىمىز. ئالاھىدە بۇ تېلېگراممىنى يوللىدىم.

ئالاھىدە رايون ۋەكىلى

ئەخمەتجان

8-ئاينىڭ 20-كۈنى، ئىلى»①

شۇ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى 75-نومۇرلۇق بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، مەن كاماندىروپكىغا چىققان مەزگىلدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى سەيپىدىن ئەزىزى مۇۋەققەت ئۆتەپ تۇرىدۇ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، دەپ جاكارلىدى. 8-ئاينىڭ 22-كۈنى، يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش ۋەكىل ۋە بىللە ماڭغان ئۈچ نەپەر خادىم غۇلجىدىن يولغا چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭغا ماڭدى. مېڭىشتىن ئىلگىرى ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى دېڭ لىچۈن ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا تەپسىلىي دوكلات قىلدى، دېڭ لىچۈن ھەممىنى ۋاقتىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگرامما ئارقىلىق يوللاپ، مەركىزىي كومىتېتنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالىدىن

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر جولاڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 412-بەت.

ئەتراپلىق، ئېنىق، يىغىنچاق چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ۋە شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى تەرەپلەردە سىياسەت بېكىتىشنى ئىنتايىن مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئەتتى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپ خېتى ماۋ زېدۇڭ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن پۈتۈن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىستىقبالى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا تۈنجى قېتىم چىقىرىلغان توغرا، ئىلمىي نەزەرىيىۋى يەكۈن ئىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا يۈز بەرگەن بىر مەيدان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب ئىكەنلىكى، قانداقتۇر «مۇستەقىل» ، «پەۋقۇلئاددە» ، «جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن مۇناسىۋەتسىز» مىللىي ھەرىكەت ئەمەسلىكى كۆرسىتىلدى. چۈنكى ئۈچ ۋىلايەت شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ھالبۇكى شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، ئۈچ ۋىلايەتتە يۈز بەرگەن ئىنقىلاب تەبىئىي ھالدا جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بەزىلەر «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى ھەدەپ تەرغىب قىلىپ، مۇستەقىل بولۇش توغرىسىدا جار سېلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىغا خىلاپ بولغاچقا، دەسلەپتىلا ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، بۇ بايراق ئۇزۇن ئۆتمەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىككىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى، ئۇ كونا شەكىلدىكى بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىكىدىكى مىللىي ھەرىكەت ياكى كونا شەكىلدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى ئەمەس، شۇڭا، ئۇ

بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتكە قارشى تۇرىدىغان پاكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلارغا قارشى تۇرىدىغان مىللىي ھەرىكەت ئەمەس. گەرچە ھەرىكەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بەزىلەر كۈچىنىڭ بىرىچە پانتۈركىزىم، پانئىسلامىزمنى تەرغىب قىلىپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا چاقىرىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئوخشاشلا تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىغا خىلاپ بولغاچقا، ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە مىللىي مەسىلە جەھەتتىكى خاتالىقلار تەدرىجىي تۈزىتىلدى. ئۈچىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىنقىلاب غەلىبە قىلغان ئەھۋال ئاستىدىلا ئىشقا ئاشاتتى. چۈنكى مىللەتلەر مەسىلىسى ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئومۇمىي مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ھەرقانداق دۆلەت، ھەرقانداق دەۋردىكى مىللىي مەسىلە پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىنقىلابىدىن ئايرىلغان ھالدا ھەل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر 1946-يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە ئورناتقاندىن باشلاپ، 1949-يىل 8-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىنى رەسمىي قوبۇل قىلغۇچىلىك تەخمىنەن ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتنى باشتىن كەچۈردى. بۇ مەزگىلدە جۇڭگو چوڭ ئۆزگىرىش، چوڭ ئىنقىلاب دەۋرىدە تۇرۇۋاتاتتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى توغرا سىياسىي لۇشيەننى ۋە كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىدىغان تورلۇك سىياسەتلىرى ئارقىلىق بارغانسېرى كۆپلىگەن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى ھەمدە ئۇلۇغ خەلق ئازادلىق كۈرىشى داۋامىدا ياۋۇز ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە ئۇنىڭ غالچىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن جەڭ قىلغانسېرى

قۇدرەت تېپىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋەتكۈدەك زورايدى، ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى باشقا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئوخشاشلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا مىللىي زۇلۇم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۈزۈل -كېسىل ئازادلىققا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئۇرۇشى غەلىبىگە ئېرىشكەندىلا ئۈزۈل-كېسىل غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسى چىڭىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئىچكى قىسمىدىكى ۋەتەنپەرۋەر ۋە تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا بۆلگۈنچى ۋە ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىچكى قىسمىدا دەسلەپتىلا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مەۋجۇت ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، فېئوداللىزم كۈچلىرى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇپ، ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىۋېلىپ، خەنزۇ خەلقىگە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشتەك جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن ھەدەپ شۇغۇللاندى، ۋەتەنپەرۋەر تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر ئۇنى توسۇغان، ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىكى كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ئۇنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرىنى توسۇشقا تولۇق ئامالسىز ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەرنىڭ جاپالىق خىزمەت قىلىشى

ئارقىسىدا، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ ئىنقىلابقا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىش قىلمىشىنى تونۇپ يەتتى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بارا-بارا ئاممىدىن ئايرىلىپ قالدى؛ ھالبۇكى ۋەتەنپەرۋەر ۋە تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر زور كۆپچىلىك ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى، ۋەتەنپەرۋەر ۋە تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئالغانلىقىنىڭ ھەممە ئۆزىدىكى خاتالىقلارنى يېڭىشقا قادىر بولۇپ، توغرا يۆنىلىشكە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

# ئىككىنچى پاراگراف شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تاشقىنىغا قوشۇلۇپ كېتىشى

## 1. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش سۈرئىتى تېزلىتىلدى. شىنجاڭدىكى گومىنداڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار بىلەن ئۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ كۈنسايىن كەسكىنلەشتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

بىرىنچىدىن، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە، ئۇرۇش تەييارلىقىنى

كۆچەيتىپ، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا ئىستىھكاملارنى ياسىدى، مۇستەھكەملىدى، مۇداپىئە سىپىنى قاتتىق ساقلىدى، قورال-ياراغ، ئوق-دورىلارنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ، گومىنداڭغا بولغان تەھدىت كۈچىنى شەكىللەندۈردى، بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ قوشۇنىنى ئىچكىرىگە بېرىپ، گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىدىكى جەڭگە ياردەم بېرەلمەيدىغان قىلىپ قويدى. ئۇلار گومىنداڭنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئالدى.

1949-يىلى 8-ئايدا، ماناس ناھىيىسى، قۇتۇبى ناھىيىسى ۋە سانجى ناھىيىسىدە ئۈچ ۋىلايەتتىكىلەرنىڭ ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى، پات ئارىدا ئۇرۇش قوزغىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزلەر تارقالدى. بۇنىڭ بىلەن ئامما خاتىرجەمسىزلىنىپ قېچىشقا تەييارلاندى. ماناستا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسى چېكىنىشتە ترانسپورت قورالى قىلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن شۇ يەردىكى خەلقتىن 150تىن كۆپرەك چوڭ ھارۋا يىغىۋالدى. بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلا ئۇرۇمچىگە تارقىلىپ، تۈرلۈك پىتنە-ئىغۋالارنى پەيدا قىلدى. ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 9-ئاينىڭ 9-كۈنى مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى چېن فاڭبو باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ماناسقا ئەۋەتىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا سەپتە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى، مىللىي ئارمىيە پىيادە ئەسكەرلەر 1-تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى مەرغۇپ بىلەن سۆھبەتلەشتى. چېن فاڭبو بۇرھان شەھىدى ۋە تاۋ سىيۆلەرگە ۋەكالىتەن ئۈچ ۋىلايەتكە قورال كۆچى ئىشلەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بەردى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەتنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇش، جەمئىيەتنىڭ قالايمىقانلىشىشىدىن ساقلىنىش، تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن، مەرغۇپ چېن فاڭبوغا، بىز مۇنتىزىم ئارمىيە، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ھەرقانداق قوراللىق ھۇجۇم قوزغىمايمىز، دېدى ھەمدە قارشى تەرەپنىڭ خەلقتىن يىغىۋالغان قاتناش قوراللىرىنى خەلققە قايتۇرۇپ بېرىشكە، مىللىي ئارمىيە خادىملىرى دەريادىن سۇ ئالغاندا، ئات سۇغارغاندا، قارشى تەرەپنىڭ خالىغانچە ئوق

چىقارماسلىقنى كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، گومىنداڭنىڭ ماناس بىرىنچى سېپىدىكى مىللىي ئارمىيە بىلەن شۇ جايدىكى گومىنداڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا ھەربىي توقۇنۇش بولدى، دېگەن ئىغۋاسىنى پاش قىلدى. يېقىندا ھېچقانداق ھەربىي توقۇنۇش بولمىغانلىقىنى، ئەگەر شۇنداق گەپلەر بولسا، ئۇنىڭ ئىغۋا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. چېن فاڭبو قاتارلىق كىشىلەر ماناس، قۇتۇبى، سانجىلاردا يول بويى ئاممىغا مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىپ، خاتىرجەمسىزلەنگەن ئاممىنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇردى. ئىككى تەرەپ ئاغزاكى كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىدىكى غەم-ئەندىشىدىن خالاس قىلدى.

ئىككىنچىدىن، سىياسىي جەھەتتە، ئۈچ ۋىلايەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا پائال ماسلىشىپ، مەركەزگە شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

(1) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى جياڭ جيېشى گورۇھىدىن مۇناسىۋىتىنى ئاشكارا ۋە رەسمىي ئۈزىدۇ.

(2) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلىدىكى مۇھەممەتئىمىن، جانىمقان، ۋاڭ زىڭشەن قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ ھەم كەڭ دېموكراتىيە ئاساسىدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋە دېموكراتىك پارتىيە-گورۇھلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلغان ھالدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدۇ. ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىشى لازىم.

(3) پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا دېموكراتىيە ئەركىنلىكى — سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولۇشىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەر-ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك باراۋەر بولۇشىنى

دەرھال جاكارلايدۇ.

(4) گومىنداڭ تەشكىللىگەن ھەر خىل ئەكسىيەتچىل ۋە ھەربىي ئىشلار ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرى دەرھال تارقىتىۋېتىلىدۇ، ئەكسىيەتچىل گېزىت ۋە ژۇرناللار پېچەتلىۋېتىلىدۇ.

(5) گومىنداڭ تۈرمىگە قامىغان بارلىق سىياسىي مەھبۇسلار دەرھال قويۇپ بېرىلىدۇ.

(6) ماچېڭشياڭ، يې چېڭ، مۇھەممەتئىمىن، مەسئۇد، ئەيسا، يولۋاس، جانىمقان، خادىۋاڭ، ئوسمان، قالىبېك، زاكچىن، سېيىتئەمەت خوجا، سوپىبەگ قاتارلىق سىياسىي ۋە ھەربىي جىنايەتچىلەر جازالىنىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

(7) يېڭى دېموكراتىك ھۆكۈمەت تەشكىللىنىشتىن ئىلگىرى، گومىنداڭ چېكىنگەن رايونلاردا ھازىرقى مەمۇرىيەت ساقلىنىپ، شۇ جاينىڭ ئامانلىقى ۋە تەرتىپىگە مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ جىنايىتىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ھۆججەت-ئارخىپلار قوغدىلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇشتىكى غەلىبىلىرى ۋە جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىندى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يەنىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشنى كۈتۈۋېلىشقا چاقىرىق قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، گومىنداڭ جاھىل ئۇنسۇرلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى پاش قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل نوخولىسى ئېلىنىپ، جەڭگىۋارلىقى بوشاشتۇرۇلدى، ئوتتۇرىدا قالغان بارلىق كۈچلەرنىڭ خەلق تەرەپتە تۇرۇشى قولغا كەلتۈرۈلدى، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلاشتى. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى سارىسۈمبەدە ئاممىۋى چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈپ، «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن قول تۇتۇشۇپ جەڭ قىلىپ، ئەكسىيەتچىلەرنى

ئەلتۈكۈس يوقىتىپ، پۈتۈن ئۆلكىدە دېموكراتىك سىياسىينى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدىكى قارارنى ماقۇللىدى.

شىنجاڭدىكى گومىنداڭنىڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن كۈنسايىن پايدىسىز بولۇۋاتقان ۋەزىيەت ئالدىدا خەلق تەرەپكە ئۆتۈپ ئېقىمغا ئەگىشىپ ماڭامدۇ؟ ياكى ئېقىمغا قارشى مېڭىپ خەلق بىلەن ئاخىرغىچە دۈشمەنلىشەمدۇ؟ بۇ جەھەتتە ئىچكى قىسىمدا كەسكىن تالاش-تارتىش بولدى. ئۇلار ئاساسەن ئىككى گۇرۇھقا ئايرىلدى. تاۋ سىيۆ، بۇرھان شەھىدى، ليۇ مېڭچۈن، چۈي ۋۇ، تاۋ جىنچۇ ۋەكىللىكىدىكىلەر جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ئارقا-ئارقىدىن غەلىبە قىلىۋاتقان ۋەزىيەتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش فاڭجېنىنىڭ چاقىرىقى، جاڭ جىجۇڭنىڭ نەسىھىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا گومىنداڭنىڭ تۈگەشكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئۈزۈل-كېسىل ئادا-جۇدا بولۇپ خەلق تەرىپىدە تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتە يې چېڭ، ما چېڭشياڭ، لو شۇرېن، مۇھەممەتئىمىن، مەسئۇد، ئەيسا، يولۋاس، جانىمقان، ئوسمان ۋەكىللىكىدىكىلەر شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇشقا تەييارلىنىپ، خەلق بىلەن ئاخىرغىچە قەتئىي دۈشمەنلەشمەكچى بولدى.

1949-يىل 2-ئايدا، لى زۇڭرېن تاۋ سىيۆگە شىنجاڭغا مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن بىر لۈيتى قالدۇرغاندىن باشقا؛ قالغان قىسىملارنى ئىچكىرىگە يۆتكەپ ئىچكى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەندى. ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېنلار بۇيرۇققا بويسۇنۇپ ئىچكىرىگە يۆتكىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچۈن داۋاملىق كەتمەن چېپىشنى تەشەببۇس قىلغان. تاۋ سىيۆ، جاۋ شىگۇاڭ قاتارلىقلار ۋاقىتنى ئارقىغا سۈرۈش چارىسىنى قوللىنىپ، ئىچكىرىگە بېرىشنى رەت

قىلغان. ئۇلار قوشۇننى ئىچكىرىگە يۆتكەشنى باھانە قىلىپ گومىنداڭ
ھۆكۈمىتىگە كۆپلەپ ئاپتوموبىل، بېنزىن ھەمدە 8مىليون كۈمۈش تەڭگە
يولغا چىقىش خىراجىتى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ھالبۇكى بۇنى
ھەل قىلىشقا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قۇربى يەتمەيتتى. تاۋ سىيۆ
شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، نەنجىڭ، گۇاڭجۇلارغا
بېرىپ خىزمىتىدىن دوكلات بېرىشنى رەت قىلغان. 7-ئاينىڭ
ئوتتۇرىلىرى، بۇرھان شەھىدى تاۋ سىيۆ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىنى نەنسەنگە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ
ئارقىسىدىنلا تاۋ سىيۆ يەنە بۇرھان شەھىدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى قاتارلىق كىشىلەرنى ئۈرۈمچى شەھەر
ئەتراپىغا تەكلىپ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئىستىقبالى توغرىسىدا
قايتا-قايتا پىكىر ئالماشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن پوزىتسىيىلىرى بارغانسېرى
ئوچۇقلىشىپ، ئورتاق تونۇشقا كەلدى. شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت
دائىرىلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ھەقىقەتكە قايتىشنى بىردەك
تەشەببۇس قىلىش ئاساسىدا بىرلەشتى.

8-ئاينىڭ 19-كۈنى، تاۋ سىيۆ قىسىملارنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىنى
تەكشۈرۈش نامى بىلەن قەشقەردە تۇرۇشلۇق شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ
مۇئاۋىن باش قوماندانى جاۋ شىگۇاڭنى قاراشەھەردە مەخپىي
سۆھبەتلىشىشكە تەكلىپ قىلدى، ئىككىسى مۇنداق كېلىشتى: (1) خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا يېقىن كەلگەندە ئادەم ئەۋەتىپ
ئالاقىلىشىپ، زور قوشۇننىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش؛
(2) قىسىمنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ھەربىيدىن چېكىنىپ يۇرتىغا قايتىش؛
(3) شىمالىي شىنجاڭغا تاۋ سىيۆ، جەنۇبىي شىنجاڭغا جاۋ شىگۇاڭ
مەسئۇل بولۇپ، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، شەرقىي شىنجاڭ تەرەپ
گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى بىلەن تۇتىشىپ تۇرغاچقا، جيۇچۇەندىن
شىنجاڭغا ئۆتۈشتىكى دەرۋازا بولىدۇ، شۇڭا، تاۋ سىيۆ ئەينى چاغدا
جيۇچۇەندە تۇرۇشلۇق غەربىي-شىمال ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار
مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى پېڭ مىڭدىڭ، 8-تولۇقلاپ تەمىنلەش

رايونىنىڭ قوماندانى زىيلىڭ جىنۋۇ بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىنى قوللىشىغا تۈرتكە بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەكسىيەتچىل مەيداندا چىڭ تۇرۇۋاتقان جاھىل ئۇنسۇرلارمۇ پائال ھەرىكەت قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىشىغا قارشىلىق كۆرسەتتى. ما بۇفاڭ غەربىي شىمال ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ كۈچ دائىرىسى دەپ قاراپ، شىنجاڭدىكى پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى تېزلەتتى. 1949-يىل 6-ئايدا، يولۋاس لەنجۇغا بېرىپ شىنجاڭدا ما بۇفاڭ بىرسلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشنى پىلانلىدى. ئەيسا ما بۇفاڭغا تايىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى بازا قىلىپ، قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ، بۇرھاننى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىيدىغانلىقى ھەمدە قانداقتۇر مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى قۇرماقچى بولغانلىقى توغرىسىدا جار سالدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىمۇ بۇ سۈيىقەستنى پائال قوللىدى. جانىمقان بىلەن ئوسمان پائال تىل بىرىكتۈرۈپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇردى.

8-ئاينىڭ ئاخىرى، 9-ئاينىڭ باشلىرى، تاۋ سىيۈ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ليۇ مېڭچۇن، بۇرھان شەھىدى، ما چېڭشياڭ، يې چېڭلارنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ قايسى يولدا مېڭىشى مەسىلىسىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا ما چېڭشياڭ قىسمىنى چىڭخەيگە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرغاندىن باشقا، قالغانلار بىردەك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان سەككىز تۈرلۈك شەرت ئاساسىدىكى «دۆلەت ئىچى تىنچلىق كېلىشىمى (ئەڭ ئاخىرقى تۈزىتىلگەن لايىھە)» نى قوبۇل قىلىپ، قىسمەن تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تاۋ سىيۈ قاتارلىقلار كۆپ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ باش

كونسۇلىنىڭ قېشىغا بېرىپ، سۆھبەتنى باشلاشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقە باغلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئىلى تەرەپكە ئىككى ھەپتىگىچە ئەسكەر چىقارماسلىقنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندى.

شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلەرنىڭ بالدۇرراق ھەقىقەتكە قايتىشى ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭ 9-ئاينىڭ 8-كۈنى جاڭ جىجۇڭنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ لەنجۇ ۋە چىڭخەيدىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى، جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللىرىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇلارنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە شىنجاڭدىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرىدىن قارىغاندا، جاڭ جىجۇڭ تېلېگرامما ئەۋەتسىلا، ئۇلارنىڭ چوقۇم شۇ بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ يەنە مۇنداق دېدى: بىز غۇلجىدا راتسىيە قۇردۇق، تېلېگراممىڭىزنى غۇلجا ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يوللاپ، غۇلجىدا مەسئۇل بولۇپ تۇرۇۋاتقان يولداش دېڭ لىچۈنتى ۋاقىپلاندۇرسىڭىز بولىدۇ.

9-ئاينىڭ 10-كۈنى، جاڭ جىجۇڭ تاۋ سىيۆ، بۇرھان شەھىدىلەرگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تىنچلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ھەمدە پۈتۈن ئۆلكىدىكى خەلقلەر ۋە بارلىق ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئىپادە بىلدۈرۈپ، گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىلەرنى ئۈزگەنلىكىڭلارنى رەسمىي جاكارلاپ، خەلق دېموكراتىيىسى لاگېرىغا قايتىپ كىرىڭلار» ① دەپ ئۈمىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جاڭ جىجۇڭ تاۋ سىيۆگە تېلېگرامما

① جاڭ جىجۇڭ: «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر» «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى» 2-قىسىم، خەنزۇچە نەشرى 583-بەت، تارىخ ماتېرىياللىرى نەشرىياتى، 1985-يىل 2-ئاي 1-نەشرى 315-بەت.

ئەۋەتىپ مۇناسىۋەتلىك توققۇز مەسىلىنى تەپسىلىي سورىدى ۋە بۇ توغرىسىدا كېڭەشتى. تېلېگراممىدا ما چېڭشياڭ گارمىيسىگە ئەڭ ياخشىسى چۈشەندۈرۈش بېرىپ قايىل قىلىش، بولمىغاندا ئۇنى قاراشەھەرگە، بۇگۇرگە يۆتكەش، جۇڭ زۈيىن لۈيىنى (129-لۈي، لۈي شتابى قاراشەھەردە ئىدى) تۇرپان، پىچان، توقسۇنغا يۆتكەش؛ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باشقا قوماندانلارغا كۆپرەك چۈشەنچە بېرىش، ئاخىرغىچە جاھىللىق قىلغان، قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىغانلىرىنى ئالدى بىلەن ئالماشتۇرۇۋېتىشنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتتى؛ سىبيىت (ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى)، ئۆمەر (قەشقەرنىڭ ۋالىيسى)، يولۋاس (قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى)، مەسئۇد، مۇھەممەتئىمىن، جانىمقان قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى كونسېرۋاتىپلارغا قارىتا بۇرھان شەھىدى بىلەن بىرلىكتە ئايرىم-ئايرىم چۈشەنچە بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەيدانىنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلدى؛ ئىلى ئۈچ ۋىلايىتى بىلەن بولغان ئالاقىدە ئەڭ ياخشىسى يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنى ۋاستە قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىشنى ئۈمىد قىلدى. تېلېگراممىنىڭ ئاخىرى مۇنداق يېزىلغانىدى: «سىزنىڭ ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، ھەربىي ۋە خەلقلەرنى قوغداپ قېلىش يۈزىسىدىن ئىنقىلابىي ھەرىكەت قوللىنىشىڭىز ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلىنىپ، ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى پۇختا ئىشلەپ، ۋەزىپىلەرنى سالماقلىق، ئوڭۇشلۇق ئورۇندىشىڭىزغا ئىشىنىمەن.»

9-ئاينىڭ 17-كۈنى، تاۋ سىيۆ بىلەن بۇرھان شەھىدى جاڭ جىجۇڭغا جاۋاب تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، دۆلەت زېمىنىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ھەممە ھەربىي قوشۇننىڭ ئورۇنسىز قۇربان بېرىشىدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك پرىنسىپ ئاستىدا پەيت تاللاپ، تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تېلېگراممىدا ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېن قاتارلىقلارنىڭ ئۆز مەيدانىدا تۇرۇۋېپ ئاز ساندىكى ئادەمنى باشلاپ كېتىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ قولىدىكى قىسىمغا ما چېڭشياڭ كەتكەندىن كېيىن تاۋ سىيۆنىڭ رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقى، شۇ چاغدا گوۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى

چاكارلايدىغانلىقى، دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىق كېلىشىمى بويىچە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ئىپتىلدى.

تاۋ سىيۆ باشچىلىقىدىكى ھەربىي تەرەپ ھەقىقەتكە قايتىش تەييارلىقىنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتقان چاغدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپمۇ پائال تۈردە يېرىم ئاشكارا ھەرىكەت قىلدى. 1949-يىل 9-ئاينىڭ 9-كۈنى، بۇرھان شەھىدى ھەر مىللەتتىن بولغان ھەر ساھە زاتلىرىنى تەكلىپ قىلىپ سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەمدە ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ئىرادىسىنى بىلدۈردى. شۇ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى چۇي ۋۇ ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ 8-نۆۋەتلىك تەنتەربىيە بايرىمى ۋە بالىلار «تەنتەربىيە لوڭقىسى» ۋاسكېتبول، پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ باشلانغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا شىنجاڭنىڭ تىنچلىق سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، شىنجاڭنىڭ قانغا بويالغان ۋە ئۇرۇش قاپلىغان شىنجاڭ بولماستىن، تىنچ شىنجاڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇ ئاممىنى غەربىي-شىمال ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش ئەمەلدارى تاۋ سىيۆ، ئۆلكە رەئىسى بۇرھان شەھىدىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، شىنجاڭنى پارلاق يولغا ئېلىپ چىقىشقا پاقىرىق قىلدى. بۇرھان شەھىدى يەنە ئارمىيىدىكى قىسمەن قوماندانلارغا سۆز قىلغاندا، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىشىغا ۋە ئۇنى پارچىلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش يولىدا ماڭىدىغانلىقىدىن، ئارمىيىنىڭ قوللىشى كېرەكلىكىدىن بېشارەت بەردى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆلۈم ئالدىدىمۇ تىركەشتى. جياڭ جيېشى، بەي چۇڭشى قاتارلىقلار شىنجاڭدىكى يېقىنلىرىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ «تۈرلۈك چارىلەرنى قىلىپ، شىنجاڭنى ساقلاپ قېلىشى»

تۇغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ئۇلار قوشۇننى گەنسۇ بىلەن شىنجاڭ چېگرىسىدىكى شىڭشىڭشياغا ئاپىرىپ، مۇداپىئە سېپىنى ئورنىتىش سۈيىقەستىدە بولۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇش خام خىيالىدا بولدى. ئەگەر بۇ پىلان ئاقمىسا، شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى يول بويىدىكى شەھەر، بازار ۋە يېزا-كەنتلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىپ، ئۇ يەرلەرنى «ئادەمسىز رايون»غا ئايلاندۇرۇۋەتمەكچى بولدى. ئاندىن جەنۇبىي شىنجاڭنى بېسىۋېلىپ، تەڭرىتېغى، كۇئېنلۇن تېغىنى ئاساس قىلىپ، چەت ئەل كۈچلىرىگە تايىنىپ ئۇزاققىچە قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولدى. جياڭ جىڭگو چۇي ۋۇغىمۇ تېلېگرامما بەردى. موڭغۇل-زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ باشلىقى جۇ كۇنتيەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى توسۇماقچى بولدى. ئارمىيىسىنى تاپشۇرۇشقا قوشۇلغان ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېن قاتارلىقلار 9-ئاينىڭ 21-كۈنى تاۋ سىيۆنى تۇتقۇن قىلىپ، ئارمىيە، ھۆكۈمەت ساھەسىدىكى ھەقىقەتكە قايتىشقا رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنى قولغا ئېلىپ، ئارمىيىنىڭ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشىگە قوماندانلىق قىلماقچى بولدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، تاۋسىيۆ كەسكىن ھالدا ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېنلارنى چاقىرىپ، سەمىمىي سۆھبەتلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى پەۋقۇلئاددە، ئەگەر ئوق ئاۋازى چىقسىلا، يەرلىكنىڭ پارچىلىنىپ كېتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولامدۇ؟ ئۇنداق بولغاندا، سىلەرگە نېمە پايدىسى؟ دەپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ چىقىش يولىنى نەزەردە تۇتقان ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېنلار ھەممىنى دوغا تىكمىدىغان ئەكسىيەتچىل تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكىتىدىن ۋاز كەچتى. ئەتىسى تاۋ سىيۆ ئاتلىق ئىسكەرلەر 1-شى شتابىغا يالغۇز بېرىپ، بۇ ئۈچەيلەن بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى. ھەرقايسى تەرەپتىكى ئامىللارنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، بولۇپمۇ شەخسىي ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى (ما چېڭشياڭنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى شياڭگاڭغا ساق- سالامەت يېتىپ بارغانىدى، لو شۇرېننىڭ ئايالىمۇ 1948-يىلى شياڭگاڭغا كەتكەنىدى، يې چېڭنىڭ ئايالىمۇ تېزرەك قېچىپ جان ساقلاش جىددىلىنى قىلىۋاتاتتى) تۇپەيلىدىن

ئۈچەيلەن قىسمىنى تاپشۇرۇپ، رەسمىيەتنى تولۇق بېجىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى.

يې چېڭ، ما چېڭشياڭ، لو شۇرېن ئۈچەيلەننى شىنجاڭدىن بالدۇرراق كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان چەت ئەلگە چىقىش پاسپورتى بېرىش، قىسىم ئەۋەتىپ دۆلەت چېگرىسىغىچە ئاپىرىپ قويۇش، يول خىراجىتى بېرىش ھەمدە شەخسىي مال-مۈلكىنى ئالتۇنغا سۇندۇرۇپ بېرىش مەسىلىسىدە بۇرھان شەھىدى، تاۋ سىيۆ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئىمكانقەدەر قاندۇردى. 9-ئاينىڭ 22-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتى ئادەم ئەۋەتىپ ما چېڭشياڭ، يې چېڭنىڭ تۇراقلىق ۋە تۇراقسىز مۈلۈكلىرىنى ئالتۇنغا سۇندۇردى. ما چېڭشياڭنىڭ بىر پىكاپى 300سەردىن كۆپرەك ئالتۇنغا، قورۇ-جايى 300سەردىن كۆپرەك ئالتۇنغا سۇندۇرۇلدى؛ يې چېڭنىڭ پىكاپى 300سەردىن كۆپرەك ئالتۇنغا، باشقا بۇيۇملىرى قوشۇلغاندا جەمئىي 1000سەردىن ئارتۇق ئالتۇنغا سۇندۇرۇلدى. 9-ئاينىڭ 23-كۈنى، ما چېڭشياڭ، لو شۇرېن، جۇكۇنتيەن، ۋاڭ زىڭشەن، مۇھەممەتئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، تاشقورغان ئارقىلىق چەت ئەلگە قاچتى. ئەتىسى يې چېڭ، ليۇ خەندۇڭلارمۇ چەت ئەلگە قاچتى. ما چېڭشياڭلار قاچقان كۈنى تاۋ سىيۆ دەرھال خەن يۇۋېننى ما چېڭشياڭنىڭ ئورنىغا، مۇۋورونى يې چېڭنىڭ ئورنىغا، لو رۇڭبېڭنى لوشۇرېننىڭ ئورنىغا ئەۋەتىپ قىسىمنىڭ ھوقۇقىنى ئىگىلىدى.

ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ھەقىقەتكە قايتىش شارائىتى پىشىپ يېتىلدى.

9-ئاينىڭ 25-كۈنى، تاۋ سىيۆ شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتقانلىقى توغرىسىدا ئومۇمىي تېلېگراما يوللاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل گۇرۇھى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتىپ، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. تېلېگرامىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

بېيپىڭدىكى رەئىس ماۋ زېدۇڭ، باش قوماندان جۇ دې، مۇئاۋىن باش

قوماندان پېڭ دېخۇەي، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ھەمدە ئۇلار ئارقىلىق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى دالا ئارمىيە قوماندانلىرى، مۇئاۋىن قوماندانلىرى، سىياسىي كومىسسارلىرى ۋە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1-نۆۋەتلىك يىغىنىدىكى ۋەكىل جانابلارغا:

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىمىز ئۈچ-تۆت يىلدىن بۇيان گېنېرال جاڭ ۋېنبەي (جاڭ جىجۇڭ) نىڭ دانا رەھبەرلىكىدە، ئىچكى جەھەتتە تىنچ بولۇش، سىرتقا قارىتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق ئۆتۈش سىياسىتىنى ھىمايە قىلىپ، دۆلىتىنى، خەلقىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ كەلدى، خىزمەتلىرىنى باشتىن-ئاخىر ئىجتىھات بىلەن ئىشلىدى. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ غەربىي شىمالدىن كەتكەندىن بۇيان ئىچكىرىنىڭ ۋەزىيىتى ياخشىلاندى، شىنجاڭ ئۆلكىسى چەت چېگرىغا جايلاشقان، ھەر مىللەت زاتلىرىدىن گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ ئىزچىل سىياسىي تەشەببۇسىنى ئىجرا قىلىشنى، يەرلىكنىڭ تىنچ-ئامان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلمايدىغانلىرى يوق. ۋەھالەنكى، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ بىزگە غەمخورلۇق بىلەن قايتا-قايتا خەت يېزىپ، ئىنقىلاب ھەقىقانىيىتى ئالدىدا جاۋابكار بولۇش ئۈچۈن، پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرگە خەلق دېموكراتىيىسى لاگېرىغا تېز ئۆتۈپ، دۆلەت ئۈچۈن ئاز-تولا تۆھپە قوشۇشنى تاپىلىدى. پېقىر تاۋ سىيۇ قاتارلىق ھەربىيلەر دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەخسىي ئۆزىنىڭ شان-شەرىپى ۋە ئار-نومۇسىنى ئاللىقاچان بىر چەتكە قايرىپ قويدى. ھازىر جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1-نۆۋەتلىك يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تەشنا بولۇپ كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، يېڭى جۇڭگو تىنچلىق ئاساسىدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتەك پارلاق يولغا قەدەم تاشلىماقتا. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر مەمۇرىي ئۆلكىسى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار دۆلەتنىڭ چېگرىسىنى قوغداشتىكى قوراللىق كۈچ، ئۇلار دۆلەتنىڭ مۇستەقىل، ئەركىن بولۇشىغا، گۈللىنىشىگە، روناق

تېپىشغا تولىمۇ تەشنا بولماقتا. ئۇلار خەلق ئىنقىلابىي ئىشلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى تەقدىم قىلىشنى خالايدۇ. پېقىر تاۋ سىيۆ باشچىلىقىدىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر تەنتەنىلىك ھالدا شۇنى جاكارلايدۇكى، بۈگۈندىن ئېتىبارەن گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزىدۇ، ماۋ جۇشى ئوتتۇرىغا قويغان سەككىز ماددىلىق تىنچلىق باياناتى ۋە ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىدۇ. پۈتۈن ئارمىيە ئەسلىدىكى مۇداپىئە ئورنىدا تۇرۇپ، يەرلىكنىڭ تەرتىپىنى ساقلاپ، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتىدۇ. ھۆرمەت بىلەن تېلېگراما يوللىدۇق، يوليورۇق بېرىشىڭلارنى سورايمىز. شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزوننىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆ، مۇئاۋىن باش قوماندانى قوشۇمچە تولۇق تەشكىللەنگەن 42-شىنىڭ شىجاڭى جاۋ شىگۇاڭ، تولۇق تەشكىللەنگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر 1-شىسىنىڭ شىجاڭى خەن يوۋېن، تولۇق تەشكىللەنگەن 78-شىنىڭ شىجاڭى مۇ ۋورو، لۈيجاڭ جۇڭ زۇيىن، لى زۇتاڭ، تيەن زېمبى، خەن رۇڭفۇ، گو چۈەنلياڭ، جۇ مىڭگاڭ، لو رۇجياڭ، ليۇ لۇنيۈەن، ياڭ تىڭيىڭ، ما پىڭلىن قاتارلىقلاردىن. 9-ئاينىڭ 25-كۈنى.

9-ئاينىڭ 26-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە جىددىي يىغىن چاقىردى، يىغىنغا باش كاتىپ ليۇ مىڭچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۈي ۋۇ قاتارلىقلار قاتناشتى، يىغىندا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تېلېگراما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتىدىغانلىقى، گومىنداڭنىڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بارلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدىغانلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدىغانلىقى قارار قىلىندى. ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

بېيپىڭدىكى رەئىس ماۋ زېدۇڭ، باش قوماندان جۇدې، مۇئاۋىن باش قوماندان پىڭ دېخۇەي، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1-نۆۋەتلىك يىغىنىدىكى

جانابلارغا:

شىنجاڭ ئۆلكىسىدە 1946-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن، ھەر مىللەت خەلقى ۋەكىللىرىنىڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى تەشكىللەنگەندىن كېيىن، ئىزچىل ھالدا گېنېرال جاڭ ۋېنبەي (جاڭ جىجوڭ) نىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ھىمايە قىلىۋاتقان تىنچلىق، بىرلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ كەلدى. ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بولۇپمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ توسالغۇلۇق قىلىشى تۈپەيلىدىن ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇندىيالمىغان بولساقمۇ، لېكىن پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ھەمدە ئۇلۇغ دوست دۆلەتنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ ئۆلكىسى تىنچ ۋەزىيەتنى ساقلاپ قالدى. گېنېرال جاڭ ۋېنبەي (جاڭ جىجوڭ) پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچلىق ھەرىكىتى ئۈچۈن غەربىي شىمالدىن ئايرىلغان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل كۈچلىرى داۋاملىق جاھىللىق بىلەن تىركىشىۋاتقان ۋاقىتتىمۇ ئۆلكىمىز تىنچلىقنى قوغداش، تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بىز بىرلىككە كەلگەن، مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك بولغان ۋەتەننىڭ ياردىمىدە باي، قۇدرەتلىك، شاد-خۇرام يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچلىق ئاساسىدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىغا تۆھپە قوشۇش شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندۇق. ھازىر جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ 1-نۆۋەتلىك يىغىنى ئېچىلدى. بىرلىككە كەلگەن، مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك بولغان يېڭى دېموكراتىزملىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تارىختىن بۇيانقى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلى سېلىنغانلىقى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىشماقتا. شىنجاڭدىكى پۈتۈن ئۆلكە خەلقى يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن ئاجايىپ شادلانماقتا. بىز ھازىر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋە پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا ۋەكالىتەن

شۇنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايمىزكى، بۈگۈندىن ئېتىبارەن گوۋاڭجۇ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزدۇق. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ سەككىز ماددىلىق تىنچلىق باياناتىنى ۋە ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىمىز ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىمىز. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى ۋاقىتىنچە باشقۇرۇپ تۇرىمىز، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، غۇلجىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىپ ئورتاق ھەمكارلىشىشقا تەكلىپ قىلىمىز. ئۆلكىمىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇلۇغ داھىي ماۋ زېدۇڭنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە، تىنچلىق ئاساسىدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش پارلاق داغدام يولىغا تېزلىكتە ماڭىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمىز. ھۆرمەت بىلەن بۇ تېلېگراممىنى يوللىدۇق، يولىيورۇق كۈتىمىز. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى، ئەزا ليۇ مېڭچۈن، چۈي ۋۇ، ليۇ شاۋلى، چېن فاڭبو، ليۇ يۇڭشياڭ، بەي ۋېنيۇ، ليۇدېئېن، ئېردەنى، بۇلاڭ دىخۇالاردىن 9-ئاينىڭ 26-كۈنى.

تاۋ سىيۆ، بۇرھان شەھىدىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبە بىلەن شىنجاڭغا كىرىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ شىنجاڭدا گۇمران بولغانلىقى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى ۋە مىللىي زۇلۇم تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلاندى. بۇ شىنجاڭ تارىخىدىكى بىر ئۇلۇغ بۇرۇلۇش بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پارلاق كەلگۈسىگە قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىدى.

گومىنداڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ھەقىقەتكە قايتقانلىق خەۋىرى ناھايىتى تېزلا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالدى،

ئۈرۈمچى شەھىرى شادلىق تەنتەنىسىگە چۆمدى. ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسى بەس-بەستە تەبرىكلەپ نامايىش ئۆتكۈزدى.

9-ئاينىڭ 27-كۈنى، شىنجاڭ ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقنى تەبرىكلەش يىغىنى چاقىردى ھەمدە پۈتۈن شىنجاڭغا تېلېگراممىا يوللىدى. بۇرھان شەھىدى، دېڭ لىچۈنلەر يىغىندا سۆز قىلدى.

9-ئاينىڭ 28-كۈنى، غۇلجا شەھىرىدە 30 مىڭ كىشىلىك ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى تەبرىكلەندى. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوپ ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭغا تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭغا:

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا، بولۇپمۇ يېقىندىن بېرى غەربىي شىمالدا غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن جانابىڭىزنى ھەمدە يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنى تەبرىكلەيمەن. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى خەلق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك يېڭى تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىنى ئورناتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسىي زۇلۇمى، ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلىقى، مىللىي كەمسىتىشى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ئۇچراپ كەلدى. بۇ قېتىم خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەسىرىدە ئۆلكىمىزدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يوقىتىلدى. پۈتۈن ئۆلكە خەلقىمىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە باش ئەگكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ چەكسىز شادلاندى ھەمدە

تەنتەنىلىك ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، نامايىش ئۆتكۈزۈپ، بۇ تارىخىي ۋەقەنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقى ۋە تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقى جانابىڭىزغا ئەڭ چوڭ ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن سىرت، شۇنى ئالاھىدە بىلدۈرىدۇكى، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى جانابىڭىزنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، ئىگىلىكنى مۇستەھكەملەش، بەختىيار، مەدەنىيەتلىك ۋە ھەممە مىللەت بىردەك باراۋەر بولۇش ئاساسىدا، يېڭى تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

شىجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى

ئەسئەت ئىسھاقوپ

1949-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى، غىلى» ①

سارسۇمبە ۋە چۆچەكتىكى ھەر مىللەت ئاممىسى داغدۇغىلىق يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شۇ كۈنى ماۋ زېدۇڭ بىلەن جۇ دې تاۋ سىيۆ، بۇرھان شەھىدىنىڭ 25-، 26-كۈنلىرى يوللىغان ھەقسەقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىغا جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتتى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«گېنېرال تاۋ سىيۆگە ۋە قول ئاستىڭىزدىكى قوشۇنلارنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىگە:

رەئىس بۇرھان شەھىدىگە ۋە قول ئاستىڭىزدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرىغا:

سىلەرنىڭ 9-ئاينىڭ 25-، 26-كۈنلىرى ئەۋەتكەن تېلېگراممىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدۇق؛ بىز سىلەرنىڭ مەيدانىڭلارنى توغرا دەپ قارايمىز. سىلەر گوۋاڭجۇ ئەكسىيەتچى قالدۇق ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، خەلق

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 435 — 436-بەتلەر.

دېموكراتىيىسى لاگېرىغا ئۆتۈپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىمىز، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا ۋە بىر تەرەپ قىلىشىغا بويسۇنىمىز دەپ بايانات ئېلان قىلدىڭلار. بۇ پوزىتسىيەڭلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. سىلەرنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە يەرلىك تەرتىپنى قوغدىشىڭلارنى ھەمدە ھازىر جىيايۈگۇەندىن چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كونا تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، يېڭى تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز!

ماۋ زېدۇڭ

جۇ دې

1949-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى»①

ئارقىدىن، ماۋ زېدۇڭ ئەسئەت ئىسھاقوپقا جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتتى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«ئەسئەت ئىسھاقوپ ئەپەندىگە ھەمدە سىز ئارقىلىق شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىدىكى بارلىق يولداشلارغا ۋە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى بارلىق قېرىنداشلارغا:

سىلەرنىڭ تەبرىكلىگىنىڭلارغا رەھمەت. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى خەلقىنىڭ كۈرىشى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى ۋە پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ھەمكارلىشىپ، خەلق دېموكراتىيىسى ئاساسىدىكى يېڭى شىنجاڭنى ئورتاق قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا تىلەكداشلىق

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر جۇڭگو ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 449-بەت.

بىلدۈرىمەن.

ماۋزېدۇڭ

1949-يىل 10-ئاينىڭ 21-كۈنى» ①

ماۋ زېدۇڭ تېلېگراممىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسىگە يەنە بىر قېتىم يۈكسەك باھا بەردى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىدىن سەمىمىي ئۈمىد كۈتتى.

## 2. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تاشقىنىغا قوشۇلدى

قاراڭغۇ زۇلمەت ئۆتۈپ، سۈبھى تاڭ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ناھايىتى ھاياجانلانغان ۋە شادلانغان ھېسسىياتتا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتا ناھايىتى ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان يىغىن — جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا ماڭدى. ئويلىمىغان يەردىن بىر بەختسىز ۋەقە يۈز بەردى، يەنى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار چۈشكەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانى 8-ئاينىڭ 27-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىركۇتسكىدىكى تاشقى بايقال كۆلى رايونىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا بارغاندا، ھاۋانىڭ ناچار بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئايروپىلان تاغقا سوقۇلۇپ كېتىپ، ئايروپىلاندىكى ھەممەيلەن بەختكە قارشى قازا تاپتى. 9-ئاينىڭ 3-كۈنى، سەيپىدىن ئەزىزى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قۇربان بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دېڭ لىچۈن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كادىر، ئاممىنىڭ كەيپىياتىنى

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 436-بەت.

مۇقىملاشتۇرۇش، ئويلىمىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ خەۋەرنى ئەسئەت ئىسھاقوپ، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، نەبىجان قاتارلىق كىشىلەردىن باشقا ھېچكىمگە ئېيتماي، ۋاقىتىنچە قەتئىي مەخپىي تۇتۇشنى بېكىتتى. شۇ كۈنى دېڭ لىچۈن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ بېيپىڭغا كېتىۋېتىپ ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى قازا تاپقانلىقىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دېڭ لىچۈنگە جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قازا تاپقانلىقىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يېڭىدىن ئۈچ كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قايتىدىن تەشكىللەپ بېيپىڭغا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. دېڭ لىچۈن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان ھاكىمبايوپ (ئۇ چاغدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئىدى)، تۇ جى (ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى) قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ يىغىنغا قاتنىشىشىنى بەلگىلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ بېيپىڭغا قىلغان سەپىرىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، جۇ ئېنلەي يەنە گاۋ گاڭ، لى فۇچۈن قاتارلىقلارغا مەخسۇس ماشىنا تەييارلاپ ۋە مەسئۇل كادىر ئەۋەتىپ مانجۇرىيىگە بېرىپ، شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇلارنى قوغداپ بېيپىڭغا ئەكېلىش ھەققىدە مەخسۇس تېلېگرامما ئەۋەتتى.

9-ئاينىڭ 8-كۈنى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق ئۈچ نەپەر ۋەكىل ۋە ھەمراھ بولۇپ ماڭغان خادىملار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەخسۇس خادىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانىغا چۈشۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭغا ماڭدى. ئايروپىلان ئىركۇتسكىغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى ئوفىتسېرى سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلارغا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار قازا تاپقان

كونكرېت ئورۇننى ۋە جەرياننى تونۇشتۇردى. 15-كۈنى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار بېيپىڭغا يېتىپ بېرىپ، لىن بوچۈي ۋە بېيپىڭ شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى شۇنىڭدەك يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى. 18-كۈنى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ماۋ زېدۇڭ، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي، جۇ دې قاتارلىق رەھبەرلىرى جۇڭنەنخەيدىكى زىڭۋاڭگې زالىدا سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيپىڭغا كەلگەنلىكىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە بىرلىكتە سۆكۈتتە تۇرۇپ ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈردى. سەيپىدىن ئەزىزى رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ باشقا رەھبەرلىرىگە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ رەھمىتىنى ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئۇلارنى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ كاتتا يىغىنغا تەكلىپ قىلغانلىقىغا بولغان خۇشاللىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى، بۇنىڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە نۇقتىلىق توختالدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولدى، بولۇپمۇ ئىلگىرىكى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەن، يېڭىدىن شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى[①] قۇرۇلغانلىقىنى

① 1950-يىلى 6-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 9-كۈنىگىچە چاقىرىلغان شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيىسى ئىتتىپاقىنىڭ 1-قۇرۇلتىيىدا، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنى شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيىسى ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىش قارار قىلىنىپ، شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيىسى ئىتتىپاقى بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى شىنجاڭ خەلقىنىڭ دېموكراتىك بىرلىك سەپ ئاممىۋى تەشكىلاتى، ئۇ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئورتاق پروگرامما» ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاڭجېنى بويىچە ئىش قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. 1954-يىل 8-ئاينىڭ 4-كۈنى شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيىسى باش ئىتتىپاقى 2-قېتىملىق (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيىسى ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى، داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى» دەپ قارىلىپ، 1954-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى.

ئاڭلىغاندىن كېيىن، رەئىس ماۋ زېدۇڭ شۇ ھامان: «ئۇنداق ۋەزىيەتتە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ خىزمىتىنى توختىتىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ (تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى) قۇرۇشى توغرا، (ئىتتىپاق) قۇرۇلغاندىن كېيىن قولغا كەلتۈرۈلگەن غەلىبىلەر ئوخشاشلا سىلەرگە مەنسۇپ» دېدى. ئاندىن كېيىن جۇ ئېنلەيگە: «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بىۋاسىتە قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، كاندىدات مۇددىتى بولمىسىمۇ بولىدۇ»① دېدى.

سەيپىدىن ئەزىزى 10-ئاينىڭ 15-كۈنى «پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى» نى سۇندى. ئىلتىماسنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا:

مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى ۋە تۈپ مەقسىتىنى ئېتىراپ قىلىمەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇشنى ئىلتىماس قىلىمەن ھەمدە بۇندىن كېيىنكى ھاياتىمدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەربىيىسى ۋە رەھبەرلىكىدە خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالايمەن. پارتىيىگە قوبۇل قىلىشنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن ئىلتىماس قىلدىم.

سەيپىدىن ئەزىزى 1949-يىل 10-ئاينىڭ 15-كۈنى②

رەئىس ماۋ زېدۇڭ 10-ئاينىڭ 23-كۈنى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى» غا بىۋاسىتە مۇنداق تەستىق سالدى: «يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقا قوشۇلىمەن. بۇ خەتنى سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزى ئالغاچ كېتىپ، يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرسۇن. شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى قۇرۇلغاندىن كېيىن،

① سەيپىدىن ئەزىزى: «شىنجاڭنىڭ ئاق شەپىقى»، «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990-يىل 5-ئاي خەنزۇچە 1-نەشرى 364 — 365-بەتلەر.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» (سۈرەتلەر توپلىمى)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994-يىل 10-ئاي 1-نەشرى 112-بەت.

يولداش سەيپىدىن ئەزىزى شۆبە بيۇرودا ئانكىت تولدۇرۇپ پارتىيىگە كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتىسۇن.

ماۋ زېدۇڭ 1949-يىل 10-ئاينىڭ 23-كۈنى ①

1949-يىل 9-ئاينىڭ 21-كۈنى، مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1-يىغىنى جوڭنەنخەيدىكى خۇەيرېنتاڭ زالىدا غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى. سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە يىغىندا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى ھەمدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ماۋ جۇشىغا بولغان سەمىمىي مۇھەببىتىنى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا بالدۇرراق كىرىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سەيپىدىن ئەزىزى ئۆز سۆزىدە: «شىنجاڭ خەلقى يېقىنقى بىرقانچە يىللىق كۈرەش تەجرىبىلىرىدىن شۇنى چۈشەندىكى، جۇڭگو خەلقى (جۈملىدىن شىنجاڭ خەلقى) پەقەت جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسى ئارقىلىقلا تۈزۈل-كېسىل ئازادلىققا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ غەلىبىسى دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، شىنجاڭ خەلقى تىنچلىق ۋە كۈرەش مۇھىتىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتتى. شىنجاڭ خەلقى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى باشقا خەلققە ئوخشاش يولغا قويۇلۇش ئالدىدا تۇرغان يېڭى دېموكراتىزمغا بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدىنى قەتئىيلەشتۈرۈپ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە تەشكىلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدىغان بۇ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا خۇشاللىق بىلەن ۋەكىل ئەۋەتتى. بۇ — شىنجاڭ خەلقى پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىش» دېدى. ②

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» (سۈرەتلەر توپلىمى)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994-يىل 10-ئاي 1-نەشرى 112-بەت.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 429 — 430-بەتلەر.

سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سەيپىدىن ئەزىزى ئۇيغۇرلارنىڭ تونى ۋە تۇمىقىنى ئۆز قولى بىلەن رەئىس ماۋزېدۇڭغا كىيگۈزۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ رەئىس ماۋ زېدۇڭغا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى.

يىغىن كاتىباتى باشقارمىسى مەخسۇس شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈچۈن بىر قېتىم ئىككى سائەتتىن كۆپرەك مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. يىغىندا سەيپىدىن ئەزىزى مۇنداق دېدى: جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىشى بىلەن شىنجاڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەركىن يېڭى شىنجاڭغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۈگۈن پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى نەچچە يىلدىن بۇيان قان تۆكۈپ كۈرەش قىلىشتىكى مەقسىتىگە يەتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك. سەيپىدىن ئەزىزى مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە، شىنجاڭنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى بايان قىلىپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: يېڭى دېموكراتىزم پرىنسىپى بويىچە ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش بىزنىڭ يېڭى ۋەزىپىمىز، بۇ ۋەزىپىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى ۋاقىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت. پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە دانا داھىيىمىز ماۋ جۇشىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشتىن ئىبارەت زور ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇندىيالايدۇ.

مەملىكەتلىك 1-نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەر شىنجاڭغا تارقالغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى خۇشاللىققا چۆمدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقى تۆرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى.

1949-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى، ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. سەيپىدىن ئەزىزى شەرەپلىك ھالدا تيەنئەنمېن راۋىقىدا دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى. شۇ كۈنى

غۇلجىدا 3000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىلىش ئۆتكۈزدى. يىغىندا ئەسئەت ئىسھاقوپنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭغا يوللايدىغان تەبرىك تېلېگراممىسى ماقۇللاندى. تېلېگراممىدا: «بۈگۈن ئۈچ ۋىلايەت خەلقى جايلاردا تەبرىكلەش يىغىلىرىنى ئۆتكۈزدى، . . . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز، . . . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بىزگە تاپشۇرغان ھەرقانداق ۋەزىپىنى قەتئىي، يۈزدەيۈز ئورۇندايمىز» دېيىلدى.① 10-ئاينىڭ 2-كۈنى، چۆچەكتە ھەر مىللەت ئاممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىن رەئىس ماۋزېدۇڭغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېيىلدى: «سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدىكى قەھرىمان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۆزىنى جاھانگىرلارنىڭ قوينىغا ئاتقان ۋەتەن ساتقۇچ جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. بۇ ئۇلۇغ غەلىبە ئۆلكىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇزۇل-كېسىل ئازادلىققا ئېرىشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن بەش يىلدىن بۇيان ئېلىپ بارغان جاپا-مۇشەققەتلىك ئازادلىق ئىنقىلابىي كۈرىشىمىز ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىگە يەتتى. . . . . . مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ پروگراممىسىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز، سىزنىڭ دانا رەھبەرلىكىڭىزدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، يېڭى دېموكراتىزملىق يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىمىز.»② ئالتاي ۋىلايىتىمۇ تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 440-بەت.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 440-بەت.

دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىنىڭ ھۆرمەت توپىنىڭ ساداسى پۈتۈن مەملىكەتتە ياڭراپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەۋاتقاندا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەر يول چوڭ قوشۇنلىرى جەسۇرلۇق بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلىپ، كۈز شاملى غازاڭنى سۈپۈرۈپ تاشلىغاندەك ھەيۋەت بىلەن تېخى ئازاد بولمىغان رايونلارغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

شىنجاڭدىكى گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرى ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، بىر ئۈچۈم ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلار يەنىلا ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تېخى شىنجاڭغا كىرمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرۈش غەرىزىدە بولدى. شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تىنچلاندۇرۇش، غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئازادلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1-بىڭتۈەنىگە شىنجاڭغا چاقماق تېزلىكىدە يۈرۈش قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، قاتنىشى قولايسىز، ئارقا سەپ تەمىناتى ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۇشكۈل ئىدى. ماۋ زېدۇڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش مەسىلىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، شىنجاڭدىكى گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ھەقىقەتكە قايتىشنى غۇلغۇلا قىلىۋاتقان چاغدىلا، پېڭ دېخۇەيگە مۇنداق دەپ يوليورۇق بەرگەن: «① زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، 11-ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا يۈمېندىن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈڭلار. ② قىلماقچى بولغان ئىشىڭلارنى چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىڭلار. چېدىر، سۇدان، ئاشلىقتىن باشقا جۇۋا، قولاقچا، پىيما قاتارلىقلارنى تىلغا ئالماپسىز، بۇ نەرسىلەر ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرھال تەييارلاش كېرەك، بۇ نەرسىلەرنى بىز ياردەملىشىپ ھەل قىلىپ بېرەمدۇق، قانداق، قانچىلىك جۇۋا كېرەك، دەرھال خەۋەر قىلىڭ. ③ بىز تەييارلىماقچى بولغان

400 — 500 ماشىنا، 500 مىڭ كومۇش تەڭگە ۋە مەخسۇس شىنجاڭدا ئىشلىتىدىغان خەلق پۇلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. سىلەر تېلېگراممىا ئارقىلىق (9-ئاينىڭ 4-كۈنى — تەھرىردىن) تەلەپ قىلغان 4000 ماشىنىنى ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ④ تاۋ سىيۈ، جاۋ شىگۇاڭ قاتارلىقلار بىز بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلماقچى، شىنجاڭنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى ئىلى ئەتراپىغا تىنچلىق سۆھبىتى ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. بىز دېڭ لىچۈنگە راتسىيىنى ئېلىپ بىر-نەچچە كۈن ئىچىدە ئۈرۈمچىگە بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردۇق. شۇڭا، شىنجاڭدىكى مەسىلە ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مەسىلىسى بولۇپ قالدى.»① ئارقىدىنلا، ماۋ زېدۇڭ پېڭ دېخۋەي ۋە غەربىي شىمال بيۇروسىغا يەنە تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش خىزمىتىنى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى: «شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىمىزنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىشىدا. مۇشۇ ئاساستا گومىنداڭنى (گومىنداڭ قوشۇنى ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت دائىرىسىدە جەمئىي 70 — 80 مىڭچە ئادەم بولۇپ، 100 مىڭ ئادەم دەپ ئاتىلاتتى) مەجبۇرىي بويسۇندۇرۇش ھەمدە جاڭ جىجۇڭ، تاۋ سىيۈ، ليۇ مېڭچۈن قاتارلىقلارنى بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن، كۆپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان ھالدا ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەم گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تەرتىپلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش كېرەك ...... شىنجاڭنىڭ قوماندانلىق ئاپپاراتى شىنجاڭ ھەربىي-مەمۇرىي كومىتېتى بولۇشى كېرەك، پېڭ دېخۋەي قوشۇمچە مۇدىر بولسۇن، ۋاڭ جېن، جاڭ جىجۇڭ، بۇرھان شەھىدىلەر مۇئاۋىن مۇدىر بولسۇن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندە بۇرھان شەھىدى يەنىلا رەئىس بولۇۋەرسۇن. ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە خەنزۇلار ئاز

① «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990-يىل 5-ئاي خەنزۇچە 1-نەشرى 57-بەت.

سانى ئىگىلىشى، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر كۆپ سانى ئىگىلىشى كېرەك.»①

غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى ئالدىنقى سەپ كومىتېتى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. پېڭ دېخۇەي كادىرلار يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيۈش، شىنجاڭدىكى مىللىي ئارمىيە بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى ياخشى قىلىش، مىللىي سىياسەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق چوڭ ئائىلىسىگە ئۇيۇشتۇرۇشنى تەكىتلىدى. كەڭ كوماندىر-جەڭچىلەرنى ئۇزۇن سەپەر روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، بارلىق قۇربان بېرىشتىن ۋە قىيىنچىلىقلاردىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى پامىر ئېگىزلىكىگە قاداپ، چوڭ غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلىش، پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا چاقىردى.

10-ئاينىڭ 10-كۈنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش ماشىنىلىرى تۇنجى ئالدى بىلەن جيۇچۇەندىن يولغا چىقىپ، غەربكە قاراپ مېڭىپ يۈمېن ئۆتكىلىدىن چىقىپ، شىمالغا قاراپ شىڭشىڭشيادىن ئۆتۈپ، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارقىلىق داغدۇغىلىق ھالدا شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغۇچى قىسىمغا 1-بىڭتۇەننىڭ قوماندانى ۋاڭ جېن قوماندانلىق قىلدى. 2-جۈن گو پېڭ، ۋاڭ ئېنماۋلارنىڭ باشچىلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. 6-جۈن لو يۈەنفا، جاڭ شيەنيۆلەرنىڭ باشچىلىقىدا شىمالىي شىنجاڭغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئىككى

① «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990-يىل 5-ئاي خەنزۇچە 1-نەشرى 75-بەت.

يول زور قوشۇن يۈرۈش قىلىش داۋامىدا قەھرىتان سوغۇق، بىپايان قۇملۇق، دالادا قوشۇش قاتارلىق تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاز ساندىكى گومىنداڭ قوشۇنى ۋە باندىتلارنىڭ توپىلاڭلىرىنى تىنچىتىپ، 1950-يىلىنىڭ باشلىرىدا بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە قادىدى.

ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەرمىللەت خەلقى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىك خوش خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئوخشاشلا ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، بۇ خوش خەۋەرنى ئۆزئارا بىر-بىرىگە يەتكۈزدى ھەمدە ئارقا-ئارقىدىن بارلىق كۈچى بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، كەلگۈسى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى پۇلى بارلار پۇل، چارۋىسى بارلار چارۋا، ئاشلىقى بارلار ئاشلىق ئىئانە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىش ۋە ئۇلاردىن ھال سوراشقا چاقىرىشنى قارار قىلدى ھەمدە ھەرقايسى ناھىيىلەرگە ۋەكىل ئەۋەتىپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى تەشۋىق قىلدى.

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا» «ئومۇمىي خەلق ھەرىكەتكە كېلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سوراش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشايلى» دېگەن باش ماقالىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسى — بىزنىڭ غەلىبىمىز، شۇنداقلا پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ غەلىبىسى. بىز ئۇ قان تۆكۈش، قۇربان بېرىشتىن باش تارتماي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسى بولغانىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان كۈتۈپ كەلگەن ئازادلىققا تەشنا بولۇش غايىمىز

قۇربان بەرمىگەن ۋە مال-مۈلكىمىزنى زىيانغا ئۇچراتمىغان ئەھۋالدا ئەمەلگە ئاشتى. بۇ پۈتۈنلەي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىزگە مۇشۇنداق رېئال ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن بولدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يۇرتىمىزغا يۈرۈش قىلىش ئالدىدا تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە، بىز قارشى ئېلىش ۋە كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى خۇشاللىق بىلەن ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش يولىدا قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغانلىقىغا ۋە ئۆلكىمىز خەلقى ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئۇلۇغ تۆھپىسىگە سەمىمىي دوستلۇق بىلەن چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىشىمىز لازىم. كەڭ خەلق ئاممىسى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، پۇل ۋە مال ئىئانە قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سورىشى لازىم. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق ئەزالىرى خەلق ئاممىسىغا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ ۋە ئۇلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن داغدۇغىلىق ھال سوراش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى يەنە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سوراش ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ، شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرىدىن ھال سوراشنى قارار قىلدى. 10-ئاينىڭ 25-كۈنى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سوراش ۋەكىللەر ئۆمىكى غۇلجىدىن 300 توننا بۇغداي، گۈرۈچ، كالا-قوي گۆشى، پاپىروس، موخوركا، شېكەر، سوپۇن، سەرەڭگە، مېۋە-چېۋە ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ ئاپتوموبىل بىلەن ئۈرۈمچىگە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سوراش ئۈچۈن يولغا چىقتى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئىلگىرىكى يىللاردىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئېشىنچىسىدىن 200 توننا ئاشلىق، 200 توننا

بېنزىن، 20 ئاپتوموبىل قاتارلىقلارنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سوراش ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قىسمى بۇيرۇققا بىنائەن شەرقىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا ئورۇنلاشتى. ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى بىر قىسىم مىللىي ئارمىيە ئۈرۈمچىگە ئورۇنلاشتى. ئىلىدا تورۇشلۇق بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەنگە ئورۇنلاشتى. ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىن ئىلىغا چىكىنىپ بارغان 20گە يېقىن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى خىزمەت ئۆمىكى بولۇپ تەشكىللىنىپ، سەيدۇللا سەيپۇللايوپنىڭ باشچىلىقىدا قىسىمغا ئەگىشىپ شۇ جايلارغا باردى.

10-ئاينىڭ 20-كۈنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1-بىڭتۇەنىنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسىمنىڭ ئۇرۇش ماشىنىلىرى تۈەنى تۈەنجاڭ خۇ چيەننىڭ باشچىلىقىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. 11-ئاينىڭ 6-كۈنى، ۋاڭ جېن 1-بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابىدىكى خادىملارنى باشلاپ، ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. 11-ئاينىڭ 28-كۈنى، غەربىي شىمال ھەربىي-مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى پېڭ دېخۇەي، مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن دۇچ كەلگەن چوڭ-چوڭ ۋەزىپىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. پېڭ دېخۇەينىڭ بىۋاسىتە رىياسەتچىلىكىدە ئۈرۈمچىدە ھەرقايسى مىللەتلەر، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە تەبىقىلەر، شىنجاڭدا تورۇشلۇق قىسىملارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئۈرۈمچىدىكى دېموكراتلاردىن بولۇپ 30 نەچچە كىشى قاتناشقان ھەر مىللەت، ھەر ساھەلەرنىڭ كېڭەشىش يىغىنى ئېچىلدى. پېڭ دېخۇەي يىغىندا: شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى، لېكىن يەنە سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىساد جەھەتلەردە

زوّروٗر بولغان مەسىلىلەرنى ... زۆرۈر بولغان ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن تىنچلىق ۋە ئىستىقلالىقنى مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆزئۆل - كېسىل ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش كېرەك. بارلىق مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشتا مىللىي باراۋەرلىك ۋە دېموكراتىيە پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يىراق كەلگۈسىدىكى كوممۇنىزملىق غەلىبىنى چىقىش قىلىش كېرەك، دېدى.

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، 12-ئاينىڭ 17-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە بۇرھان شەھىدى رەئىس، گاۋ جىنچۈن، سەيپىدىن ئەزىزى مۇئاۋىن رەئىس بولدى. پېڭ دېخۇەي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى، ۋاڭ جېن بىرىنچى مۇئاۋىن قوماندانلىققا، تاۋ سىيۋ ئىككىنچى مۇئاۋىن قوماندانلىققا، سەيپىدىن ئەزىزى ئۈچىنچى مۇئاۋىن قوماندانلىققا، جاڭ شىچىن سەنمۇجاڭلىققا، زېڭ جېنۋۇ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭلىققا، شۈي لىچىڭ سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا، زېڭ دى، ئابدۇرېھىم ھەسەنوۋ سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. شۇ كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن قىسمى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ۋە گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملىرى ئۆرۈمچىدە ئۈچ قوشۇن بىرلىشىپ شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. پېڭ دېخۇەي، ۋاڭ جېن، جاڭ جىجۇڭ، بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى، تاۋ سىيۋ قاتارلىقلار قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۆرۈمچىدە غەلىبىلىك ئۇچراشتى.

مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر 10-ئاينىڭ ئاخىرى شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى. سەيپىدىن ئەزىزى تولۇپ تاشقان خۇشاللىق ھېسسىياتى بىلەن رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە يوللىغان سەمىمىي سالىمىنى يەتكۈزدى ھەمدە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارغا ئاتاپ يازغان

تەزيىيە تېلېگراممىسى ۋە قەبرە تاش يادنامىسىنى ئەكېلىپ، ئۇلارغا تەزيىيە بىلدۈردى.

رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ تەزيىيە تېلېگراممىسىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىدىكى قەدىرلىك يولداشلارغا:

شىنجاڭ خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشقۇچى بىرىنچى تۈركۈم ۋەكىللىرى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبېك مونونوپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەلىلقان سۇگۇربايوپ ۋە جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت جەمئىيىتىدىكى يولداش لو جى 1949-يىل 9-ئايدا (ئەسلى 8-ئاينىڭ 27-كۈنى — تەھرىردىن) بېيپىڭغا كېلىش سەپىرىدە ئايروپىلان ۋەقەسى تۈپەيلىدىن بەختسىزلىككە ئۇچراپ قازا تاپتى.

بۇ — شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش. مەن بۇنىڭغا چوڭقۇر تەزيىيە بىلدۈرىمەن. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش يولداش ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قەھرىمانانە كۆرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئىشى يولىدا قۇربان بولدى. ئۇلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ. يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، يولداش ئىسھاقبېك مونونوپ، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، يولداش دەلىلقان سۇگۇربايوپ ۋە يولداش لوجى مەڭگۈ ھايات!

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى

ماۋزېدۇڭ

1949-يىل 10-ئاينىڭ 22-كۈنى»①

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 449 — 450-بەتلەر.

رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ بەش نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانغا يازغان قەبرە تاش يادنامىسىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

**«مىللىي ئازادلىق ۋە خەلق دېموكراتىيىسى ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا قۇربان بولغان يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، يولداش ئىسھاقبېك مونونوپ، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، يولداش دەللىقان سۈگۈربايوپ، يولداش لو جىنىڭ روھى مەڭگۈ هايات!**

**ماۋزېدۇڭ**

1949-يىل 10-ئاينىڭ 22-كۈنى»①

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى، زۇڭلى جۇ ئېنلەي ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىقلارمۇ تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچراپ قۇربان بولغانلىقىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى.

10-ئاينىڭ 31-كۈنى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۆۋەندىكى قارارنى چىقاردى: (1) غۇلجىدا ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئۈچۈن خاتىرە مۇنارى ئورنىتىش، سارسۈمبىدە دەللىقان سۈگۈربايوپ ئۈچۈن خاتىرە مۇنارى ئورنىتىش. (2) ئۇيغۇر سايرانى مۇدىرلىقىدا خاتىرە مۇنارىنى لايىھىلەش كومىتېتى قۇرۇش. (3) غۇلجىدىكى بىلىم يۇرتىغا ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى دەپ نام بېرىش. (4) مىللىي ئارمىيىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق بىر تۈمەنگە ئىسھاقبېك مونونوپ تۈمەنى دەپ نام بېرىش. (5) ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 3-تۈمەنگە دەللىقان سۈگۈربايوپ

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر جوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 450-بەت.

ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى دەپ نام بېرىش. (6) غۇلجا نەشرىياتىغا ئابدۇكېرىم ئابباسوپ نەشرىياتى دەپ نام بېرىش. (7) ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە نەپىقە بېرىش.

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى يەنە قايغۇلۇق ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، بارلىق ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئايروپىلان بىلەن غۇلجىدىن بېيجىڭغا كېتىۋاتقاندا ھاۋا بۇزۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىركۇتسكىدىكى تاشقى بايقال كۆلى رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا بارغاندا ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى قازا تاپقانلىق خەۋىرىنى ئېلان قىلدى. ھەمدە غۇلجىدا شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى، ھەر مىللەت ئاممىسى قاتناشقان ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ بەختكە قارشى قازا تاپقانلىقىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى. سەيپىدىن ئەزىزى يىغىندا تەزىيە نۇتقى سۆزلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: يولداش ماۋ زېدۇڭ ئېيتقاندەك، رەھبەرلىرىمىز ئىنقىلاب ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ قۇربان بولدى. ئۇلارنىڭ روھى خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات، ئۇلارنىڭ گۈزەل نامى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە ساقلىنىدۇ. دېلىڭ لىچۈنمۇ يىغىندا تەزىيە نۇتقى سۆزلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ بەختكە قارشى قازا تاپقانلىقى شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن، ھەتتا پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئۈچۈنمۇ بىر زور يوقىتىش. ئۇلار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار تارىخىي بۇرچنى ئادا قىلىش يولىدا قۇربان بولدى. شۇنداقلا ئۇلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا قۇربان بولدى. بەش نەپەر ئىنقىلابىي قۇربان بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلار ئورۇنداپ بولالمىغان

ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇۋىشىمىز لازىم.

11-ئاينىڭ 6-كۈنى، سەيپىدىن ئەزىزى غۇلجىدا ئېچىلغان شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئاكتىپلىرى، ھۆكۈمەت كادىرلىرى ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلار قاتناشقان يىغىندا ھەر مىللەت خەلقىگە مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە «ئورتاق پروگرامما» نىڭ روھىنى يەتكۈزدى. شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى بىلەن ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى بىرلەشمە يىغىن ئېچىپ قارار چىقاردى. قاراردا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە-گورۇھلار ۋە ئۆلكىلەرنىڭ خەلق ۋەكىللىرى قاتناشقان سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىدا چىقىرىلغان قارار، ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىياسىي پروگرامما، مىللىي سىياسەت ئېلىمىزنى ھەقىقىي مۇستەقىل، تەرەققىي تاپقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، ھەر مىللەت خەلقىنى تەلتۆكۈس ئازادلىققا چىقىرىپ، ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىزگە دېموكراتىك، پارلاق، توغرا يول كۆرسىتىپ بەردى.» «بىز مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىدا بارلىققا كەلگەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى چىقارغان تۈرلۈك قارارلارنى قەتئىي ئىجرا قىلىمىز، ئۇنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىجرا قىلىنىشىغا ئىنقىلابىي ئىنتىزام ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىمىز.»①

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى بەزى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ ئايروپىلان ۋەقەسى بىلەن بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۇلگۇنچىلىك سېلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 456-بەت.

بۆزغۇنچىلىق قىلىش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق ئەھۋاللارغا قارىتا 11-ئاينىڭ 12-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بەش يىللىقىنى خاتىرىلەش شوئارىنى ئېلان قىلىپ، مۇنداق دەپ چاقىرىق قىلدى:

«پۈتۈن ئارمىيىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەر خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، خەلقنىڭ ئەركىن تۇرمۇشىنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلايلى!» «مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە مىللەتچىلىك ئۇرۇقىنى چاچقۇچى بۇزۇقلارغا قەتئىي زەربە بېرەيلى!» «مىللەتلەر ئارىسىدا سەمىمىي دوستلۇق ۋە ھەقىقىي باراۋەرلىكنى ئورنىتىش ۋە كۈچەيتىش يولىدا كۈرەش قىلايلى!» «خەلق مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىپ، جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلەر ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان پانتۈركىزمغا قەتئىي قارشى تۇرايلى!» «ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى دۆلەت ئورگانلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خىزمەت ئىنتىزامىغا قاتتىق بويسۇنۇپ، پاك-دىيانەتلىك بولۇشتا چىڭ تۇرايلى!» ۋەھاكازا. بۇ شوئارلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۈچ ۋىلايەتكە كىرىشىدە ناھايىتى ياخشى رول ئويناپ، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئۈچۈن ناھايىتى زور زەربە بولدى.

شۇ كۈنى غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بەش يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ سەيپىدىن ئەزىزىگە مۇنداق دەپ تېلېگىراممىا ئەۋەتتى: «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، خەلق دېموكراتىيىسى ئاساسىدا يېڭى تۇرمۇش بەرپا قىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.»① ۋاڭ جېن يىغىندا سۆز قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ بارلىق كوماندىر-جەڭچىلىرىگە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە شىنجاڭدا

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر مۇھىم ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 457-بەت.

تۆرۈشلۈق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بارلىق كوماندىر-جەڭچىلىرىنىڭ سەمىمىي سالىمىنى يەتكۈزدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش جەھەتتە ئوينىغان رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى دېموكراتىزملىق يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تاشقىنىغا تامامەن قوشۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە خەلق دېموكراتىيىسى يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى جەھەتلەردىن بىر قاتار مۇشكۈل خىزمەتلەر ئىشلەندى.

بىرىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتى قۇرۇلدى.

ئۈچ ۋىلايەتتىمۇ پۈتۈن شىنجاڭغا ئوخشاش ئازادلىقتىن ئىلگىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشكىلاتى يوق ئىدى. پارتىيىنىڭ سىياسىي، ئىدىيە ۋە تەشكىل جەھەتلەردىكى رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە تەشكىلاتىنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىش كېرەك ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدا مىللىي رايونلاردا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا چوقۇم يەرلىك مىللەتلەرنىڭ داھىيلىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىرىنى قاتناشتۇرۇش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا تۈزلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەش قىيىنغا توختايدۇ، دېگەن قىممەتلىك تەجرىبىنى يەكۈنلەپ چىققانىدى. ماۋ زېدۇڭ: «مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىش، مىللىي ئەكسىيەتچىلەرنى پۈتۈنلەي يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان زور بىر

تۈركۈم كوممۇنىستىك كادىرلار بولمىسا بولمايدۇ»① دەپ كۆرسەتتى. شىنجاڭغا ئوخشاش كۆپ مىللەتلىك ۋە يېڭىدىن ئازاد بولغان رايوندا يەرلىك مىللەتلەردىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش پارتىيە قۇرۇلۇش خىزمىتىنىڭ بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، 1949-يىل 10-ئاينىڭ 12-كۈنى ۋاڭ جېن باشچىلىقىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك، كونكرېت رەھبەرلىك قىلدى. شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئالدى بىلەن، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى، ھەرقايسى رايونلۇق، شەھەرلىك، ۋىلايەتلىك پارتكوملار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن ھەر مىللەتتىن بولغان بىر تۈركۈم ئىلغارلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىدۇ، دېگەن بەلگىلىمىنى چىقاردى. ئۇلارنى پارتىيە خىزمىتىگە تېزرەك قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى يەنە: كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ھەقىقىي ئىگە بولغان ھەمدە كۈرەش داۋامىدا سىناقتىن ئۆتكەن باشتىن كەچۈرگەنلەرگە «پەۋقۇلئاددە» چارە قوللىنىشقا، يەنى رەسمىي پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، كاندىدات مۇددىتى بولمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقاردى.

شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ «پەۋقۇلئاددە» چارە قوللىنىشى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، چېن يۈن، تېڭ دەيۈەن، لى شيەننيەن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلىگەن، قىزىل ئارمىيىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرمۇ شىنجاڭغا

① ماۋ زېدۇڭ: «غەربىي شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەت خىزمىتى توغرىسىدا يوليورۇق»، 1973-يىل 3-ئاينىڭ 15-كۈنى «خەلق گېزىتى»دىن ئېلىندى.

كەلگەن. ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىغا كوممۇنىزم ئۇرۇقىنى چاچقان. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابىي كۈچتىن باشقا، يەتتە ۋىلايەتتە «ئاۋانگارت تەھرىراتى» قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر يەر ئاستى ئاممىۋى تەشكىلاتى بار ئىدى. بۇ تەشكىلاتلاردىكى بىر قىسىم كىشىلەر پارتىيىگە كىرىش شەرتلىرىنى ھازىرلاپ بولغان. ئىككىنچىدىن، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ بەزىلىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارى، بەزىلىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك قوماندىرى بولدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاساسىي جەھەتتىن شەرتكە توشىدىغان يولداشلارنى پارتىيىگە ئەزا قىلىپ قوبۇل قىلغاندا، ئۇلارنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەربىيىسىگە بىۋاسىتە ئېرىشتۈرگىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنتىزامى بىلەن چەكلىگىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىتى بويىچە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

1949-يىل 12-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ئالدى بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى، بۇرھان شەھىدى، چېن شىخۇا (خەنزۇ)، جاۋدېلىن (شىبە)، شۇمۇتۇلۇڭ (شىبە)، مەرغۇپ ئىسھاقوپ (تاتار)، ئابدۇراخمان مۇھىتى، ئابدۇللا زاكىروپ، ئەنۋەر جاكولىن (قازاق)، ئىسمايىل ياسىنوپ، داشجاپ مىڭجۇلىيوپ (موڭغۇل)، ئەنۋەر خانبابا (ئۆزبېك)، ئىبراھىم تۇردى، ئۆيغۇر سايرانى، ئابلىمىت مەخسۇتوپ قاتارلىق 15 كىشىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى. ئۇلار بىردەك ئۆزلىرى ئىلتىماس قىلىش ئاساسىدا ئايرىم تەكشۈرۈش ۋە ئىككى نەپەر رەسمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ بىۋاسىتە تەستىقلىشى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان، ئۇلارنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتى يوق. ئۇلار ئاساسلىقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلاتلاردىكى رەھبىرىي تايانچلار ۋە شۇ جايدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا

تەسىرى بار تەرەققىيپەرۋەرلەر بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شۇ جايدىكى مىللەتلەر ئارىسىدىن قوبۇل قىلغان بىرىنچى تۈركۈم پارتىيە ئەزالىرىدۇر.

12-ئاينىڭ 31-كۈنى، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق پارتىيىگە يېڭىدىن كىرگەن يولداشلار ئۈچۈن تەنتەنىلىك پارتىيىگە كىرىش قەسەمياد مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى شۈي لىچىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى، ۋاڭ جېن يېڭى پارتىيە ئەزالىرىغا ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ قەسەمنامىنى ئوقۇدى ۋە سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ خەلقى ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنقىلابىي بازىنى قۇرۇپ، ھەر مىللەت پەرزەنت ئەسكەرلىرىدىن تەركىب تاپقان كۈچلۈك مىللىي ئارمىيىنى قۇرۇپ چىقتى ھەمدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېموكراتىك بىرلىك سەپ تەشكىلاتى — شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ چىقتى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ھازىر شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى بىر قىسمىغا ئايلاندى. مىللىي ئارمىيە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5-كورپۇسى (جۇنى) قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. يولداشلار پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى يولداشلار ئارقىلىق 5-كورپۇسقا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، 5-كورپۇسنى ھەقىقىي تۈردە كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى، ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھ بىلەن تەربىيىلەنگەن قوشۇن ۋە ئەمگەكچى خەلققە سادىق قوراللىق كۈچ قىلىپ قۇرىدۇ. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ھازىر 50 مىڭدىن كۆپرەك ئەزاسى بار، ئۇ بۇندىن كېيىن پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كەڭ دېموكراتىك بىرلىك سېپى تەشكىلاتى بولىدۇ. يولداشلار پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا

تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىدىن چېكىنمەستىن، بەلكى ئۇنىڭغا بولغان رەھبەرلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك. ئارقىدىنلا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان بىر تۈركۈم تەرەققىيپەرۋەرلەر پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇلار خەنزۇ كادىرلار بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۆرەش قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستى ۋە باشقا تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ئىستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ باردى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيە رەھبەرلىكى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولدى. 1950-يىل 10-ئايدا، شۇ جايلاردىكى مىللەتلەردىن بولغان يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر تۈركۈم پارتىيە ئەزالىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. ئالايلۇق، سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن بۇرھان شەھىدى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ ئەزالىقىغا؛ مەمتىمىن ئىمىنوپ بىلەن سەيدۇللا سەيپۇللايوپ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا؛ ئابدۇراخمان مۆھىتى، ئەنۋەر جاكولىن ۋە داشجاپ مىڭجۇلىيوپلار ئۈرۈمچى رايونلۇق پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا؛ لېسكىن، مەرغۇپ ئىسھاقوپ ۋە چېن شىخۇالار ئىلى رايونلۇق پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

ئىككىنچى، ھاكىمىيەت ئاپپاراتى تەڭشىلىپ ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، خەلق دېموكراتىيە ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى.

1949-يىل 11-ئايدا، پېڭ دېخۇەي، جاڭ جىجۇڭ، ۋاڭ جېنلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، ھەرقايسى قاتلامدىكىلەر ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ۋەكىللىرى قاتناشقان ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە دېموكراتىك ئاساستا كېڭەشىش ئېلىپ بېرىلدى. يىغىندا شىنجاڭنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق ھاكىمىيىتى ئورگىنىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بولىدىغانلىقى قارار قىلىندى. 1949-يىل 12-ئاينىڭ 16-كۈنى، مەمۇرىي

كېڭەشنىڭ 11-سانلىق مەمۇرىي ئىشلار يىغىنىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىدىكى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى ماقۇللاندى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىقىغا 33 كىشى تەيىنلەندى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرىي تايانچلىرىدىن سەيپىدىن ئەزىزى، قېيۇمبەگ خوجا، فاتىي ئىۋانوۋىچ لېسكىن، ئابدۇللا غېنىي، ئەنۋەر جاكولىن، ئەنۋەرخانبابا، ئەسئەت ئىسھاقوپ، ئىبراھىم تۇردى، پاتىقان سوگۇربايوپ، ئابدۇراخمان مۇھىتى، شۇمۇتوڭ، داشجاپ مىڭجۇلىيوپ، ئوبۇلخەيرى تۆرە قاتارلىق 13 كىشى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى بولدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 1949-يىل 12-ئاينىڭ 17-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1-قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاڭجېنى» مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈلدى.

«ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاڭجېنى» پېڭ دېخۇەي بىلەن ۋاڭ جېننىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئورتاق پروگرامما» غا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئالغاندىن كېيىن تۈزۈپ چىقىلدى. ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى ئون ماددا. «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاڭجېنى» نى تۈزگەندە، پېڭ دېخۇەي مۇنداق ئۈچ مەسىلىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى: بىرىنچىسى، مىللىي سىياسەتنى ئۆزۈل-كېسىل يولغا قويۇش؛ ئىككىنچىسى، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى قەدەم-باسقۇچلۇق، پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىش؛ ئۈچىنچىسى، دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئىدىيىۋى قاراش ۋە ئىستىل جەھەتتە زور ئۆزگىرىش ياساش. «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاڭجېنى» دىكى بەزى مەزمۇنلار «ئورتاق پروگرامما» پرىنسىپى ئاساسىدا، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇلدى. مەسىلەن، «ئورتاق پروگرامما»دا «چوڭ مىللەتچىلىك ۋە تار مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» بەلگىلەنگەن،

«هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قائىدىسى» دا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، «ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى تەشەببۇس قىلغان پانتۈركىزمغا قارشى تۇرۇش» دېگەن مەزمۇن قوشۇلدى. يەنە مەسىلەن، «ئوتتۇز ماددىلىق پروگرامما» دا، «دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بار» دەپ بەلگىلەنگەن، «هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قائىدىسى» دا شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، «دىننىڭ ئەدلىيە، مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلىشىشىغا رۇخسەت يوق» دېگەن مەزمۇن قوشۇلدى، ۋەھاكازا. «هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قائىدىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسىغا ئايلاندى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتتىن زور تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈرۈمچى ۋە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا خىزمەت قىلىشقا يۆتكەپ ئەۋەتىلىپ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى تولۇقلاندى ۋە كۈچەيتىلدى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋالىي مەھكىمىلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ئاپپاراتلىرى تەڭشەلدى ۋە تولۇقلاندى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يېڭىدىن تەيىنلەندى، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك زور بىر تۈركۈم مىللىي كادىرلار ئۆستۈرۈلدى، بەزى ئەكسىيەتچى، چىرىك ئۇنسۇرلار ئالماشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى ساپلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىگىبېشى، يۈزبېشى قاتارلىق فېئودال تۈزۈملەر بىكار قىلىنىپ، خەلق دېموكراتىيىسى ئاساسىدىكى رايونلۇق، يېزىلىق، كەنتلىك ھۆكۈمەتلەر قۇرۇلۇش بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ خاراكتېرى ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزگەرتىلىپ، ھەقىقىي خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىلىقىدىكى ھاكىمىيەتكە ئايلاندى.

دۆلەت بايرىقى — بىر دۆلەتنىڭ سىمۋولى، ئۈچ ۋىلايەت — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قىسمى، شۇڭا شۈبھىسىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى ئېسىشى كېرەك. لېكىن ئۈچ ۋىلايەت

ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا تېگى يېشىل رەڭلىك ئاي ۋە يۇلتۇزلۇق شەرقىي تۈركىستان بايرىقى ۋە ئاق رەڭلىك ئىسلام دىنىي بايرىقىنى ئاسىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسۋى توقۇنۇشىنى ئازايتىش ئۈچۈن، يېشىل رەڭلىك بايراق ئاساي، پەقەت جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى — بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق بىلەن ئاق رەڭلىك بايراقنىلا ئېسىش بەلگىلەندى. ئاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئاق رەڭلىك دىنىي بايراقنى ئاسمايدىغان بولۇپ، پەيدىنپەي دىنىي تەشكىلاتلاردىن باشقا خەلق ئارىسى ۋە ھەربىي قىسىملاردا دىنىي بايراق ئاساسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئۈچىنچى، مىللىي ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى.

«ئورتاق پروگراما» دىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە بىرلىككە كەلگەن ئارمىيە، يەنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسمى قۇرۇلىدۇ، ئۇ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىغا بويسۇنىدۇ، ئۇنىڭدا بىر تۇتاش قوماندانلىق، بىرلىككە كەلگەن تۈزۈم، بىرلىككە كەلگەن شتات ۋە بىرلىككە كەلگەن ئىنتىزام يولغا قويۇلىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى 1949-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، مىللىي ئارمىيىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5-كورپۇسى (جۈنى) قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇردى. لېكىننى جۇنجاڭلىققا، مەرغۇپ ئىسھاقوپنى مۇئاۋىن جۇنجاڭ، قوشۇمچە سەنمۇجاڭلىققا، دۇن شىگيۇننى سىياسىي كومىسسارلىققا (1950-يىلى 2-ئايدا كېلىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان)، ساۋدانوپ زاھىرنى مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىققا تەيىنلىدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر شىسى ۋە ئىككى مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى بار. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 5-كورپۇس جىددىي تەرتىپكە سېلىش ۋە قىسىملارنى ئالماشتۇرۇش

خىزمىتىنى ئىشلىدى، كەڭ كوماندىر-جەڭچىلەر زىمىستان سوغۇققا قارىماي ئورغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تېز سۈرئەت بىلەن بەلگىلەنگەن جايغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. ئارقىدىنلا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى بويىچە پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇپ، سىياسىي كومىسسار تەيىن قىلىپ ۋە سىياسىي خىزمەتنى قانات يايدۇرۇپ، قوشۇننى سىياسىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىپ، قىسىمدىكى كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ سىنىپىي ئېڭى ۋە سىياسىي-ئىدىيىۋى ساپاسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. مۇشۇ ئاساستا باندىتلارنى قورشاپ يوقىتىش، چېگرا رايونىنى قوغداش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى پائال ئورۇندىدى. بولۇپمۇ يەرلىككە زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى.

تۆتىنچى، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەتنىڭ مالىيە، ئىقتىساد، قاتناش، سودا قاتارلىقلىرى تەدرىجىي بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن سىياسەت، قانۇن-نىزام ۋە تۈزۈم يولغا قويۇلدى.

بىرىنچى قەدەمدە ئالدى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەت، يەنى پۈتۈن ئۆلكە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. ئىككىنچى قەدەمدە، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئاساسىدا، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن تۈزۈم يولغا قويۇلدى. كۆپ قېتىم كېڭىشىش ئارقىلىق، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەتنىڭ ئەركىن سودىسى ۋە قاتناش ترانسپورتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مەزكۇر ئۆلكىدە خەلق پۇلى تارقىتىشتىن بۇرۇن، سابىق ئۈچ ۋىلايەت تارقاتقان ۋاقىتلىق چەك بىلەن يەتتە ۋىلايەت تارقاتقان پۇلنى دۆلەت بەلگىلىگەن سېلىشتۇرما باھا بويىچە پۈتۈن شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىش، خەلق پۇلى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئىككى خىل پۇلنى ئوبوروت قىلىشنى تەڭ توختىتىپ، تەدرىجىي يىغىۋېلىش؛ ئۈچ ۋىلايەتتىكى سودا بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنى بىر بانكا قىلىپ قوشۇۋېتىپ، ئۇنى

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسى پالانى ۋىلايەتلىك شۆبىسى، پۆكۈنى ناھىيىلىك تارماق بانكىسى دېپ ئاتاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا بىلەن خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىلارنى خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىگە قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش؛ مەركەز باج تۈزۈمىنى تۈزگەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ باج تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، مەركەزنىڭ باج تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش؛ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن باشقا ۋىلايەتلەر ئارىسىدا رەسمىي پوچتا ئالاقىسى ئورنىتىپ، خەۋەرلىشىش تورى شەكىللەندۈرۈش بەلگىلەندى.

نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئۆزۈندىن بۇيان يىغىلىپ قالغان نۇرغۇن مەسىلىلەر ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش ئاساسىدا پەيدىنپەي ھەل قىلىندى. ئۈچ ۋىلايەتمۇ پۈتۈن شىنجاڭغا ئوخشاش سىياسىي جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى كونكرېت سىياسەت ۋە تۈزۈم جەھەتتىمۇ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىگە ۋە بەلگىلىمىسىگە تامامەن بويسۇندى. ئارقىدىنلا مەركەز بەلگىلىگەن سىياسەت ۋە شىنجاڭنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا قەدەم-باسقۇچى بولغان ھالدا ئىجارە، ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىقلار يولغا قويۇلۇپ، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلىپ، فېئودال كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، مىڭلىغان يىللاردىن بۇيان فېئودال كۈچلەرنىڭ زۇلۇمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراپ كەلگەن دېھقانلار ئۇزۇل - كېسىل ئازادلىققا ئېرىشتى، ئىلگىرى ئورۇندالمىغان دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، دېموكراتىك ھاكىمىيەت تەدرىجىي ئورنىتىلدى. ئارقىدىنلا، يېزا ئىگىلىكى، كاپىتالىستىك سودا-سانائەتچىلەر ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرگە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى، كېيىن يەنە چارۋىچىلارغىمۇ سوتسىيالىستىك

ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىپ، شىنجاڭدا سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلدى ھەمدە تىرىشىپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى راۋاجلاندۇرۇلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى، ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەندىن ئىبارەت ئىللىق چوڭ ئائىلىدە باراۋەر، ئىتتىپاق، دوستانە ھالدا ھەمكارلىشىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ، سوتسىيالىزمنىڭ گۈللەنگەن، راۋاجلانغان داغدام يولىدا ماڭدى.

# ئاخىرقى سۆز
# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى، ئەھمىيىتى ۋە تارىخىنىڭ ئىلھامى

## 1. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى

بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشى، تەرەققىياتى ۋە غەلىبىگە ئېرىشىش جەريانىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق، ئۇنداقتا بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ خاراكتېرى زادى قانداق؟ يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىنى مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپ ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق شەرھلىدى. ئۇ: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى «بىزنىڭ پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىزنىڭ بىر قىسمى» دېدى. نېمە ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى، دېيىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئوبيېكتى ۋە ۋەزىپىسىدىن قارىغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئوبيېكتى جاھانگىرلىك ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى جاھانگىرلىكنى، فېئودالىزمنى ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سىياسىي جەھەتتىن باراۋەر، ئىگىلىكى گۈللەنگەن، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان يېڭى شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئىدى. كونا جۇڭگودا يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودallıق جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەت جۇڭخوا

مىللەتلىرى بىلەن جاھانگىرلىك ئوتتۇرىسىدىكى، خەلق ئاممىسى بىلەن فېئودالىزم ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جاھانگىرلىك بىلەن فېئودالىزمنىڭ باش ۋەكىلى ئىدى، جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي تەلىپى ئىدى، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىدى. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە پارتىيىنىڭ مىللىي مەسىلە جەھەتتىكى ۋەزىپىسى: بىرىنچىدىن، سىرتقا قارىتا جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىغا ۋە زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش. ئىككىنچىدىن، ئىچكى جەھەتتە مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەرگە بىردەك باراۋەرلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەش قىلغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە گەرچە بەزى ئېغىر خاتالىقلار سادىر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تىغ ئۇچى ئىزچىل ھالدا جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتىلغانىدى، شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىسىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك دېيىشكە بولىدۇ.

گەرچە ئېلىخان تۆرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 1945-يىل 1-ئاينىڭ 5-كۈنى ئېلان قىلغان توققۇز تۈرلۈك باياناتتا جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ

ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىدى، شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر تۈرلۈك سورۇنلاردا بۇ نۇقتىنى قايتا-قايتا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى، بولۇپمۇ ئېلىخان تۆرە تازىلاپ چىقىرىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى قالايمىقانچىلىق ھالىتى ئۆزگىرىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ باشچىلىقىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان خىزمەت ئىشلەپ، مۇجمەل تونۇشلارنى ئۆزلۈكسىز ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خاتا ئىدىيىلەرنى تۈزىتىپ، كۆپچىلىكنى ئىنقىلابنىڭ ئوبيېكتى ۋە ۋەزىپىسىنى ئېنىق بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىزدىكى مىللىي ئازادلىق كۈرەشنىڭ ئاساسىي تىغ ئۇچىنى خەلق ئەركىنلىكىنىڭ دۈشمىنى مۇتتەھەم گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە جاھانگىرلارغا قارىتىش كېرەك.» ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «ئۆلكىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق كۈرىشىنىڭ تىغ ئۇچى جۇڭگودىكى فېئودالىزم قالدۇقلىرىغا، مىلىتارىستلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى، ھىمايىچىسى — دۇنيا جاھانگىرلىرىغا قارىتىلغان بولىدۇ. خەنزۇ خەلقچىللىرى جۇڭگودىكى فېئودالىزم قالدۇقلىرى ۋە ئۇنىڭ ھەربىي-سىياسىي كۈچى بولغان گومىنداڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى دۇنيا جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، خەنزۇ خەلقچىللىرى بىزنىڭ ئىتتىپاقدىشىمىز؛ جۇڭگو مىلىتارىستلىرى گومىنداڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى، دۇنيا جاھانگىرلىكى بىزنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىمىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولىدۇ.»① بىر قېتىملىق ئاممىۋى يىغىندا ئەخمەتجان قاسىمى يەنە بىر قېتىم مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىزنىڭ بۇ قېتىمقى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز قايسىبىر

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتى ۋە ماقالىلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىل 12-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 100 — 102-بەتلەر.

مىللەتكە قارىتىلغان ھەرىكەت ئەمەس، . . . بىزنىڭ دۈشمىنىمىز خەنزۇلار ئەمەس، بەلكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ھىمايىچىلىرى ۋە خەلق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغان جاھىللار ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرى.» «خەلقىمىز شۇنى چۈشىنىشى لازىمكى، بۈگۈنكى كۈندە بىز خەنزۇلارغا ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرۇۋاتقىنىمىز يوق، ئەگەر بەزىلەر خەنزۇلارغا ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ ‹تىنچلىق بىتىمى›غا ۋە ‹ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى›غا قارشى تۇرغان بولىدۇ، ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز ئەمەس.»① ئابدۇكېرىم ئابباسوپمۇ كۆپ قېتىم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەمدە چەتئەل جاھانگىرلىكىنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا قارشى تۇرىدىغان مىللىي خەلقچىل ئىنقىلاب.» «ئۇنىڭ ۋەزىپىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەمدە سىياسىي جەھەتتە ئېزىلىۋاتقان، ئىقتىسادىي جەھەتتە نامراتلىقتا تۇرۇۋاتقان، مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان شىنجاڭنى سىياسىي جەھەتتە باراۋەر، ئىقتىسادىي جەھەتتە گۈللەنگەن، مەدەنىيەت جەھەتتە تەرەققىي قىلغان ئۆلكە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.» ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئۆلكىمىزدە نۇرغۇن مىللەت بار، بىز خەنزۇلارغا قارشى تۇرمايمىز، بەلكى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىگە ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرىمىز.»② ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ سۆزلىرىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ مۇستەقىل بولۇش، بۆلگۈنچىلىك قىلىش ۋە خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش بولماستىن، بەلكى جاھانگىرلىكنى، فېئودالىزمنى ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، قالاق شىنجاڭنى سىياسىي جەھەتتە

---

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 285 — 286-بەتلەر.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتى ۋە ماقالىلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىل 12-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 182 — 183-بەتلەر.

باراۋەر بولغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە گۈللەنگەن، مەدەنىيەت جەھەتتە تەرەققىي قىلغان يېڭى شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىنى تامامەن كۆرۈپ يېتەلەيمىز. بۇلاردىن يەنە ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر ئىنقىلابىنىڭ ئوبيېكتى ۋە ۋەزىپىسى مەسىلىسىدىكى يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ ئايدىڭ ئىمكانىيىتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دەل ئاشۇ تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر توغرا نىشاندا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكتىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئىنقىلابىنىڭ ئوبيېكتى ۋە ۋەزىپىسى مەسىلىسىدە يۆنىلىشىنى توغرىلاپ، تەدرىجىي ھالدا زور كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى پۈتۈن مەملىكەت خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تاشقىنىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

ئىككىنچىدىن، ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك كۈچى ۋە ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدىن قارىغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار رەھبەرلىك قىلغان بولۇپ، ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نامرات دېھقان-چارۋىچىلاردۇر. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ئەزالار ئىچىدە ئىنقىلابىي ئىدىيىگە ئىگە تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارمۇ، فېئودال كۈچلەر ۋە دىندارلارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا سىياسىي مەيدانى، ئىدىيىۋى قارىشى، ئىنقىلابقا قاتنىشىش مەقسەت-مۇددىئاسى بار بولۇپ، ئۇلار پەقەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش جەھەتتىلا باغلىنىشلىق بولغانىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى، دىنىي كەسپتىكى كىشى ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىق ئاز ساندىكى تەرەققىيپەرۋەر ياشلاردىن باشقا كۆپ ساندىكى ئەزالار فېئودال يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر، دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر، مىللىي بۆلگۈنچىلەر، پانتۈركىزمچى ۋە پانئىسلامىزمچىلار ئىدى. ھەرىكەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، رەھبەرلىك ھوقۇقى ئاساسلىقى مۇشۇ كىشىلەرنىڭ قولىدا بولغانلىقتىن، ئۇلار ئاز

ساندىكى ئاممىنىڭ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش كەيپىياتىنى قوزغىتىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلغانىدى، تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر گەرچە ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرىنى توسۇغان، ئۇلارغا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ يولسىزلىقلىرىنى پۈتۈنلەي توسۇپ كېتەلمەيتتى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بىر تۈركۈم تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر قەدەممۇ قەدەم رەھبەرلىك گۇرۇھىغا كىرىپ، ئېلىخان تۆرە تازىلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر تەشكىللىي جەھەتتىن تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، بەزى ئەكسىيەتچىل ئۇنسۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىنقىلابقا سادىق تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى رەھبەرلىك ئورنىغا كىرگۈزۈشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر رەھبەرلىك قاتلىمىدا بارا-بارا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، ئۇلار بەزى سىياسەتلەرنى تەڭشەپ، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى خاتالىقلارنى زور كۈچ بىلەن تۈزىتىپ، ئىدىيە-ئىستىلنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى بارا-بارا توغرا يولغا باشلىدى. بۇ تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر ئارىسىدا بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇپ كەلگەن، بەزىلىرى ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگەن، بەزىلىرى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن تەربىيە ئېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇلار سىياسىي، ئىدىيىۋى جەھەتلەردە سوتسىيالىزمغا، كوممۇنىزمغا تەلپۈنەتتى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شىڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئىنقىلابتا بىر قەدەر قەتئىي بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئوڭاي چۈشىنەلەيتتى ۋە قوبۇل قىلالايتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىستىقبالى زادى قانداق بولىدۇ؟ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۇ ھەقتە كەسكىن تالاش-تارتىش يۈز بەرگەن. بىر ئوچۇم پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەر جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىپ «مۇستەقىل» شەرقىي تۈركىستان

جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى جېنىنىڭ بارىچە تەشەببۇس قىلغان؛ نۇرغۇن تەرەققىيپەرۋەرلەر شىنجاڭ — جۇڭگونىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى، جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى، شىنجاڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابنى تاماملىشى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشى كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلغان. جۇڭگو ئىنقىلابىي ۋەزىيىتىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتى شۇنداقلا باشقا تۈرلۈك سىياسەتلىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە بارغانسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقتىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر كۈنسېرى زورايدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقئارالىق ۋەزىيەت ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى قوللىمايدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم بىلدۈرۈپ، دىپلوماتىيە جەھەتتە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نى باشتىن-ئاخىر ئېتىراپ قىلمىدى. 1948-يىل 10-ئايدا ۋەزىيەتتىن دوكلات بېرىش ئۈچۈن ۋەتىنىگە قايتقان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇلى ساۋلىيېپ موسكۋادىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى مەسىلىلەر ئاساسلىقى دىپلوماتىيە ۋە مىللەتلەر مەسىلىسىدۇر، دىپلوماتىيە جەھەتتە ھېچقانداق چوڭ مەسىلە يوق؛ لېكىن مىللەتلەر مەسىلىسى جەھەتتە ئالاھىدە دىققەت-ئېتىبارنى قوزغاش لازىم. ھازىر ئەۋج ئېلىۋاتقان بۈيۈك تۈركىزمچىلەرنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ كېتىش ھەرىكىتىگە ھەرگىز ھېسداشلىق قىلمايمەن، چۈنكى ھەرقانداق بىر دۆلەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ ھەرگىز پارلاق يول تاپالمايدۇ، ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشتەك مۇنداق ھەرىكەت ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زىيانلىق؛ لېكىن دۆلەتمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا

مۇۋاپىق سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، ئۇلار بىلەن دۆلەتنى ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.»① روشەنكى، باش كونسۇلنىڭ بۇ سۆزلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ پىكرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇنى باش كونسۇلنىڭ شەخسىي پىكرى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى قوللىمىغانلىقى، جۇڭگو خەلقى جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مۇستەقىل بولۇپ كېتىشىگە قەتئىي قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان توغرا تەشەببۇس مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى، شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر ۋە ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان مۇتلەق كۆپ سانلىق ئامما نامرات دېھقان-چارۋىچىلار، ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا، ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى فېئودال سىنىپلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە ئېزىشىگە قاتتىق نەپرەتلەنگەنلىكتىن، جاھانگىرلىك، فېئودالىزم (جۈملىدىن ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى فېئودال كۈچلەر) ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ، گومىنداڭغا قارشى باتۇرانە، قەتئىي كۈرەش قىلغانىدى، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تايانچ كۈچلىرى ئىدى، ئەگەر ھەر مىللەت كەڭ دېھقان-چارۋىچىلار ئاممىسى قاتناشمىغان

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 371-بەت.

بولسا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بۇنداق زور غەلىبىگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئىچىگە فېئودال كۈچلەرنىڭ بەزى ۋەكىللىرى ھەتتا جېدەلخور لۈكچەكلەر سوقۇنۇپ كىرىۋالغان بولۇپ، ئۇلار پۈتكۈل ئىنقىلابىي قوشۇندا ناھايىتى ئاز سانىنى ئىگىلەيتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، لېكىن كۈچى خېلى زور بولۇپ، نۇرغۇن يامان ئىشلارنى دەل شۇلار قىلغانىدى، ئۇلار ئىنقىلابىي قوشۇنغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، «ئىنقىلاب» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، خەنزۇ خەلقىنىلا بوزەك قىلىپ، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ قالماستىن، ئۆز مىللىتىدىكىلەرنىمۇ بوزەك قىلىپ ئەزگەنىدى، ئىسلىدىكى بەزىبىر فېئودال ھۆكۈمرانلار، پومېشچىكلار ۋە زومىگەرلەر بىر دومىلاپلا باشقا تۇسكە كىرىپ، مەلۇم تارماق، مەلۇم رايوننىڭ رەھبىرى بولۇۋېلىپ، خەلقنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋېلىپ داۋاملىق زورلۇق-زومبۇلۇق قىلغانىدى. كېيىن ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر ئاشۇنداق ئەسكىلىك قىلغان بۇزۇق ئادەملەرنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئىچكى قىسمىنى بارا-بارا ساپلاشتۇرغانىدى. شۇڭا بىز ئىنقىلابىي قوشۇنغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ئاز ساندىكى بۇزۇق ئادەملەر بىلەن ئىنقىلابنىڭ ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بولغان نامرات دېھقان-چارۋىچىلارنى پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك، ئاز ساندىكى بۇزۇق ئادەملەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئاز ساندىكى ئەسكى ئادەملەر يامان ئىشلارنى قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى بىرمۇ توغرا يېرى يوق، دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئىنقىلاپ سېپىدىن قارىغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا پارتلىغان، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 30 - يىللاردىن باشلاپ بىرمۇنچە پارتىيە ئەزالىرىنى شىنجاڭغا خىزمەت ئىشلەشكە ئارقا-ئارقىدىن ئەۋەتكەن، گەرچە ئۇلار ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن،

شىنجاڭدا پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرالمىغان ۋە راۋاجلاندۇرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تۈزگەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرىشى ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە پاك دىيانەتلىك بولۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتەك ئېسىل پەزىلىتى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ياخشى ئوبراز تىكلەپ بەردى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ھىمايە قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى خالايتتى، ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر ئۈچ ۋىلايەتتىكى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەچكە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاخىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى ئۆزۈل-كېسىل قولغا كەلتۈردى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئاستىدا پارتلىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇشى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇ مۇقەررەر ھالدا جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇراتتى. شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئىنقىلابىي سەپ جەھەتتىن دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابى كاتېگورىيىسىگە تەۋە دېيىشكىمۇ بولىدۇ. گەرچە ھەرىكەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشقا قوزغاش ئۈچۈن، مىللىي، دىنىي جەھەتلەردىكى خاتا شوئارلارغا يول قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈچ ۋىلايەتتىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنى داۋاملىق ئەسەبىيلەرچە تەرغىب قىلغاندا ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، ئۈچ ۋىلايەت

ئىنقىلابىنىڭ ئىشلىرىغا زىيادە كۆپ ئارىلىشىۋالدى، دەپ ئافرىنىپ يۈرگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا ئۇنى مەخپىي ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنقىلاب پرىنسىپىدا چىڭ تۇرالايدىغان ۋە توغرا تەدبىرلەرنى ئىجرا قىلىدىغان كىشىنى رەھبەر قىلىپ ئالماشتۇردى.

يۇقىرىقى ئۈچ جەھەتتىكى تەھلىلدىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى، دېگەن ھۆكۈم ئەمەلىيەتكە تامامەن ئۇيغۇن.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغانىكەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى پۈتكۈل جۇڭگو ئىنقىلابىغا باغلاپ كۆزىتىش كېرەك. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئېلىمىز خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى رايون خاراكتېرلىك ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى بىلەن ئايرىلماس ئورگانىك باغلىنىشى بار، شۇنداقلا ئۇ پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلابى ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىپ كەلگەن. پۈتۈن مەملىكەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىلىك تەرەققىي قىلىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە غەلىبە قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا غەلىبە قىلغان ھەم گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى تۈپتىن ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىلا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەتتى. ئەكسىچە، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى غەلىبىسى بولمىغان بولسا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ماركسىزم ئەزەلدىن مىللىي مەسىلە تارىخىي ۋە كونكرېت بولىدۇ، ئۇ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمى، ھەرقانداق دۆلەت، ھەرقانداق

دەۋردىكى مىللىي مەسىلىنىڭ پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىنقىلابىدىن ئايرىلغان ھالدا ھەل بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قاراپ كەلدى. خۇددى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىقىمىز، باراۋەرلىكىمىز ۋە ئەركىنلىكىمىز پەقەت مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى دېموكراتىك سەپلەردىكى بارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئورتاق كۈرىشى ئارقىسىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.»① ئابدۇكېرىم ئابباسوپمۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىمىز جاھانگىرلار ئىنتايىن ئەسەبىيلەشكەن دەۋردە پارتلىدى، ئۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق كۈرىشى غەلىبە قازانغان چاغدىلا، تېز سۈرئەت بىلەن غەلىبىگە ئېرىشىدۇ»، «شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەر جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ ياردىمى ئاستىدىلا، تېز سۈرئەت بىلەن ئۆز مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. شۈبھىسىزكى، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشكەن ئەھۋال ئاستىدىلا، شىنجاڭ خەلقى ئاندىن ئازادلىققا ئېرىشەلەيدۇ، شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلە ئاندىن ئۈزۈل-كېسىل ۋە توغرا ھەل قىلىنىدۇ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىستىقبالى ئاندىن پارلاق بولىدۇ.»② دېمەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلغاندىلا، ئاندىن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقارغىلى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئازادلىققا ۋە باراۋەرلىككە ئېرىشتۈرگىلى، ئۇلارنى خاتىرجەم جاھاندارچىلىق قىلىش، گۈللەپ روناق تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن پۈتكۈل

① شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 394-بەت.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتى ۋە ماقالىلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىل 12-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 192 — 193-بەتلەر.

جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تولۇق تونۇپ يەتكەندىلا، ئاندىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىشىپ كۈرەش قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن پۈتكۈل جۇڭگو ئىنقىلابى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، تار مىللەتچىلىك، بولۇپمۇ جاھانگىرلارنىڭ پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمدىن پايدىلىنىپ بۇ ھەرىكەتنى توغرا لۇشيەندىن چەتلەشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىش يولىغا ماڭغۇزۇش سۇيىقەستىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىشىپ كۈرەش قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۈزۈل-كېسىل ئازادلىققا ئېرىشتۈردى. جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ دۈشمەنلىرى كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئاساسلىق يىلتىزى ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىدى. شىنجاڭ پەقەت يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدەك چېگرا رايوندا قىسمەن غەلىبىگە ئېرىشەلىگەن تەقدىردىمۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىن قوشۇن يۆتكەپ يەنىلا ئۇلارنى يوقىتىۋېتەلەيتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۈچ ۋىلايەت مىقياسىدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، گومىنداڭ بىلەن ماناس دەرياسى پاسىل قىلىنغان تىركىشىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرەلىشىدىكى سەۋەب، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ باتۇرانە جەڭ قىلغانلىقىدىن سىرت، يەنىلا ئەڭ ئاساسلىقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى پۈتۈن مەملىكەت خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ كۈنسايىن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىرى راۋاجلىنىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئېغىر تەھدىت سالغانلىقىدا ھەمدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەممىلا جايدا ئۇر-ئۇرغا قېلىپ، شىنجاڭ تەرەپكە

قاراشقىمۇ ماداري قالماي، زور قوشۇننى شىنجاڭغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى بېسىقتۇرۇشقا يۆتكەشكە ئامالسىز قالغانلىقىدا، شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسى ۋاقتىنچە مۇستەھكەملەنگەن، مانا بۇ دەل خەنزۇ خەلقى ئاساسلىق كۈچ قىلىنغان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قىلغان ئەڭ چوڭ ياردىمى ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھمىيىتى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى — شىنجاڭ رايونىنىڭ ھازىرقى زامان ئىنقىلابى تارىخىدىكى بىر قېتىملىق مۇھىم مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەت، شۇنداقلا ئۇ ئېلىمىزدىكى خەلق ئىنقىلابى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن يىللاردا يۈز بەرگەن بولغاچقا، ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 1949-يىل 10-ئاينىڭ 21-كۈنى، ماۋ زېدۇڭ ئەسئەت ئىسھاقوۋقا قايتۇرغان جاۋاب تېلېگراممىسىدا: «ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى خەلقىنىڭ كۈرىشى — پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى ۋە پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە»① دەپ ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈردى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھمىيىتى، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغا ماسلىشىپ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كەسكىن قوراللىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتتىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنى يوقىتىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتىپ قويدى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى دائىرىلىرى

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 449-بەت.

ئۇرۇش ئوتلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىلا يالقۇنجاپ، گومىنداڭ ئارمىيىسى ھەدەپ مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپلا قالماي، شىنجاڭغىمۇ ئىنقىلاب ئوتلىرىنىڭ تۇتىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ھالاكەت يولىغا كىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ چىقىش يولى ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ۋە غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئىككى تەرەپتىن تەھدىت سېلىشى ئاستىدا، گومىنداڭنىڭ كەلگۈسىدىكى دەرىجىلىك ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى تۆۋەنلەپ، جياڭ جەمەتى خاندانلىقىنىڭ كەتمىنىنى داۋاملىق چېپىشنى خالىماي، ئارقا-ئارقىدىن تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى تەلەپ قىلدى. ھالبۇكى، گومىنداڭ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئاتاقتىكى 100 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇنىنى شىنجاڭدا دائىملىق تۇرغۇزۇشقا مەجبۇر بولدى. دېمەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گومىنداڭنىڭ بىر قىسىم ھاياتىي قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، پارچىلاپ ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكىلىپ ئىچكى ئۇرۇشقا قاتنىشالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي شىمال جەڭ مەيدانىدىكى يۈكىنى مەلۇم دەرىجىدە يەڭگىللىتىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا ماسلاشتى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈردى. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئېلىمىزدىكى خەلق ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

ئىككىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىنقىلابىي بازا قۇردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بازىسى ئېلىمىزنىڭ ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدىكى بىردىنبىر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بازا ئىدى، ئۇنىڭ ئىنقىلابتا چىڭ تۇرغان ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن، كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش ھاكىمىيەت تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە قائىدە-تۈزۈملىرى، شۇنداقلا خېلى مۇنتىزىم بولغان مىللىي ئارمىيىسى

بار ئىدى، بۇنداق ئەھۋال شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان ئىنقىلابىي تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى سىياسىي جەھەتتە، گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلىرىنى بىتچىت قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىپ چىقتى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە، باجنى يەڭگىللىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا ئالاقىسىنى ئورنىتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سىرتقا چىقىرىش ۋە تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنى كىرگۈزۈۋېلىشقا يول ئېچىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلىدى؛ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى تەشكىللەپ، نۇرغۇن گېزىت - ژۇرناللارنى نەشر قىلدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى زور مىقداردا كۆپەيدى.

ئۈچىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش ئېڭى ۋە جاسارىتىنى ئاشۇردى. ئۇنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلىپ، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، گومىنداڭنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى ھەمدە گومىنداڭ خادىملىرىنى ئىچكى جەھەتتىن قوزغىلىشقا ئۈندىدى؛ تاشقورغان، تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قوراللىق كۈرەش پارتلاپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى زەربىگە ئۇچراتتى، كۈرەش داۋامىدا ھەر مىللەت خەلقى يەنە ئىنقىلابىي كۈچلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى بارا-بارا تونۇپ يەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى ئېڭى ئۆستى.

تۆتىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يەنە نۇرغۇن يەرلىك مىللىي

كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ ۋە چېنىقتۇرۇپ چىقتى. ئۇلار ئىنقىلابنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ئىدى. ئىنقىلاب داۋامىدا ئۇلار مەمۇرىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرگە قاتنىشىپ، ماھارەت يېتىلدۈرۈپ، ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مىللىي كادىرلىرى بىلەن شىنجاڭغا كىرگەن خەنزۇ كادىرلار كادىرلار قوشۇنىنىڭ تايانچلىرى بولۇپ قالدى، ئۇلار مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارغا ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، پارتىيە قۇرۇش، ھۆكۈمەت تەشكىللەش، ئىجارە كېمەيتىپ، ئۆسۈم ئازايتىش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە باشقا تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇكى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مۇشۇ كادىرلىرى بولمىغان بولسا، ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەر تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايتتى.

بەشىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيە قۇرۇپ، 10 مىڭچە كوماندىر-جەڭچىنى چېنىقتۇردى. ئىنقىلاب داۋامىدا ئۇلار گومىنداڭ ئارمىيىسىگە باتۇرلۇق بىلەن زەربە بېرىپ، گومىنداڭنىڭ ھاياتىي كۈچلىرىنى يوقاتتى، پارچىلىدى ۋە ئىسكەنجىگە ئالدى؛ شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇلار تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىپ، قېرىنداش قىسىملارغا ماسلىشىپ، خەلققە زىيان كەلتۈرگەن باندىتلارنى يوقىتىپ، ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىنى قوغداپ، دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىغا كۈچ قوشتى ھەمدە جايلارغا نۇرغۇن كادىرلارنى يەتكۈزۈپ بەردى.

ئالتىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىرلىك سەپ تەشكىلاتى بولغان شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئەينى چاغدىكى شىنجاڭدىكى دېموكراتىك تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇش، خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى يولىدا مېڭىش ئۈچۈن، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتىنىڭ ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئازايتىپ، ياردەمنى، كۈچنى ئاشۇردى.

## 3. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي ئىلھامى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىمۇ ئۆتكەنكى ھەرقانداق ئىنقىلابقا ئوخشاش ئۆز تەرەققىيات جەريانىدابەزى خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەردىن ساقلىنىشى تەس ئىدى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە پرولېتارىيات پارتىيىسى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلمىغاچقا، ئىنقىلابىنىڭ بەزى تۈپ مەسىلىلىرىدە روشەن چەكلىمىلىك ساقلاندى ھەم ئېغىر خاتالىقلار سادىر بولدى، شۇنداقلا ناھايىتى مۇھىم تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئىگە بولدى، بۇ تەجرىبە-ساۋاقلار بىزگە چوڭقۇر تارىخىي ئىلھام ئاتا قىلدى. بۇ تارىخىي ئىلھاملار زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز بۇ ئىنتايىن پايدىلىق تارىخىي ئىلھاملارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشىمىز ھەم توغرا پوزىتسىيە بىلەن پائال قوبۇل قىلىشىمىز، ئۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. بۇ ئاساسلىق تارىخىي ئىلھاملار تۆۋەندىكىچە:

(1) ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە زېمىننىڭ پۈتۈنلۈكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقانداق مۇستەقىللىق ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش لازىم

دۆلەتنىڭ بىرلىكى — دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاساسىي شەرت، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى. دۆلەتنىڭ بىرلىكى

ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاقتىن بۇيان جاھانگىرلار ۋە باشقا تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ پىلە قۇرتىدەك يېيىش، پارچىلاش سۇيىقەستىگە قارشى ئېگىلمەي-سۇنماي كۈرەش قىلىپ كەلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى چارروسىيە، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ۋە بارلىق چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش ئېلىپ بېرىش داۋامىدا ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى. ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ چېكىنىشتىن، بالايىئاپەتتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى.

ماركسىزم ئەزەلدىنلا پرولېتارىيات دىكتاتورىلىقىدىكى دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، ھەر مىللەت بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «مەركەزلەشكەن يىرىك دۆلەت — ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارقاق ھالەتتىن كەلگۈسىدىكى پۈتۈن دۇنيا سوتسىيالىستىك بىرلىككە قاراپ تاشلانغان غايەت زور تارىخىي قەدەمدۇر. . . »① لېنىن يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «بىز سوتسىيال دېموكراتلار ھەرقانداق مىللەتچىلىكنىڭ دۈشمىنىمىز ۋە دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تەرەپدارىمىز. بىز پارتىكۇليارىزمغا قارشى تۇرىمىز، بىز شۇ نەرسىگە چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، باشقا شارائىتلار بىر خىل بولغان چاغدا، كاتتا دۆلەتلەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋەزىپىلىرىنى ۋە پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەش ساھەسىدىكى ۋەزىپىلىرىنى، كىچىك دۆلەتلەرگە قارىغاندا خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىكرەك ھەل قىلالىدى. »② بارلىق

① لېنىن: «مىللىي مەسىلە توغرىسىدا تەنقىدىي مۇلاھىزىلەر»، «لېنىن ئەسەرلىرى» 1995-يىل 6-ئاي خەنزۇچە 3-نەشرى 2-توم 385-بەت.

② لېنىن: «مىللىي سىياسەت مەسىلىسى توغرىسىدا»، «لېنىن ئەسەرلىرى» 1988-يىل 10-ئاي خەنزۇچە 2-نەشرى 25-توم 285-بەت.

ئىنقىلاب كۈچلىرى بىرلەشكەندىلا، ئىتتىپاقلاشقاندىلا، بىرلىككە كەلگەندىلا، قۇدرەتلىك ماددىي كۈچ شەكىللىنىپ، ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ. ئەكسىچە، بۆلگۈنچىلىك ۋە مۇستەقىللىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي تاشقىنىدىن ئايرىلىپ، يەككە-يېگانە ھالدا ئۇرۇش قىلغاندا، مۇقەررەر ھالدا پۈتكۈل ئىنقىلاب كۈچلىرى ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، ئۆزىمۇ كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن، رەڭگارەڭ ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايدۇ ۋە ئازادلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئىنقىلابتىن بۇرۇن توغرا ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى تەييارلىقى يېتەرلىك بولمىغاچقا، مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ سىياسەت ئىدىيىسى ئېنىق ئەمەس ئىدى، ئىنقىلاب باشلانغاندا، رەھبەرلىك ھوقۇقى ئاساسلىقى ئېلىخان تۆرە قاتارلىق فېئودال دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكتىن، ئۇلار ۋەتىنىمىز ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخىنى خالىغانچە بۇرمىلاپ ۋە ئۆزگەرتىپ، ئەسەبىيلەرچە خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنى غالجىرلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، مىللىي ئۆچمەنلىك كەيپىياتىنى زور دەرىجىدە ئەۋج ئالدۇردى. ئۇلار ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىپ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى. بۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىگە، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىغا خىلاپ بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىنقىلابى ئىشلىرىغا پايدىسىز ئىدى. ئۇ پەقەتلا جۇڭگونى پارچىلاش غەرىزىدە بولغان بارلىق ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىلا خۇشاللاندۇرالايتتى. ئەمما ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ھىمايە قىلىدىغان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي

قارشى تۇرۇشقا ئۇچرايتتى. ئېلىخان تۆرە قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئېقىمغا قارشى ئىش كۆرۈشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى، شۇڭا ئۈچ ۋىلايەتتىكى ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇنى تۈكۈرۈپ تاشلىۋەتتى، ئۇ تېزلا ھوقۇقىنىڭ چوققىسىدىن غايىب بولدى. بۇنىڭدىن خەلقنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلىپ، تارىخنى ئېقىمغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارغان كىشىلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىنىڭ ھامان قىسقا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ باشچىلىقىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر تارىخنى ئېقىمغا ئۇيغۇنلىشىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر ئۆلكىسى ئىكەنلىكىدە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش يولىدا قۇربان بولدى. شۇڭا ئۇلار پۈتۈن مەملىكەت پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىش ئىزلىرىنى ھەر مىللەت خەلقى مەڭگۈ مەدھىيىلەيدۇ.

(2) مىللەتلەر باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقانداق مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش لازىم

مىللەتلەر باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش — ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشىدىكى تۈپ پرىنسىپى. ھەر مىللەت پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قازىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. پەقەت مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ئىشەنچسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، مىللەتلەرنىڭ سەمىمىي ئىتتىپاقلىقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئىشچىلارنىڭ پرولېتارىياتچە

ھەمكارلىقى، سىنىپىي كۈرەشنىڭ بۇرادەرلەرچە بىرلىكى مەنپەئەتلىرى ھەتتا ئازغىنا بولسىمۇ مىللىي ئىشەنچسىزلىك، يىراقلىشىش، گۇمانلىنىش ۋە دۈشمەنلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ئەڭ تولۇق باراۋەرلىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.»①

گومىنداڭ چوڭ خەنزۇچىلىقنى يولغا قويۇپ، مىللىي زۇلۇمنى يولغا قويۇپ، مىللەتلەر باراۋەرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى (جۈملىدىن خەنزۇ خەلقى) نىڭ كۈچلۈك نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گومىنداڭنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇش داۋامىدا پارتلىغان بولۇپ، ئىنقىلابقا غۇلغۇلا قىلىش مەزگىلىدە ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى پانئىسلامىزمچى پانتۈركىزمچى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر گومىنداڭغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە، مىللىي يەكلىمىچىلىك، مىللىي ئۆچمەنلىك، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى يەكلەشنى ھەدەپ تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە دوستلۇقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئىنقىلاب ئوبيېكتى مەسىلىسىدە دۈشمەن بىلەن دوستنى ئايرىماسلىقتەك ئېغىر خاتالىقنى سادىر قىلدى، يەنى پۈتكۈل خەنزۇلارنى پەرقلەندۈرمەيلا دۈشمەن دەپ قاراپ، خەنزۇ ھۆكۈمرانلار سىنىپى بىلەن ئېزىلگۈچى خەنزۇ خەلقىنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلمىدى. بىر تەرەپتىن، بىر تۈركۈم خەنزۇ ئەكسىيەتچىلىرىنى باستۇردى، بۇ ناھايىتى زۆرۈر ئىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى ئەمگەكچى خەنزۇ خەلقىنى خاتا ھالدا ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتتى، بۇ ناھايىتى خاتا بولدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئېچىنغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بىز مىللىي ئازادلىق كۈرىشى داۋامىدا ھۆكۈمران مىللەت ئارىسىدا

---

① لېنىن: «ئىشچىلارنى ئازۇكلاشقان مىللەتچىلىك بىلەن بۇزۇش»، «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 25-توم 306-بەت.

ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ۋە ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ بارلىقىنى نەزەرگە ئالمىدۇق، شۇ تۈپەيلىدىن ھۆكۈمران مىللەت ئىچىدىكى ئەزگۈچى بىلەن ئېزىلگۈچىنى ئېنىق پەرقلەندۈرمىدۇق. نەتىجىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن پۈتكۈل خەنزۇلارنى بىر گەۋدە دەپ قارايدىغان خاتالىق يۈز بەردى، ھەتتا تا ھازىرغا قەدەر ئاز ساندىكى ناچار ئۇنسۇرلار خەنزۇلارغا دۈشمەنلەرچە مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ، ھەتتا خەنزۇلارنىڭ مال-مۈلكىگە چاڭ سېلىپ، قەرزلىرىنى قايتۇرۇشنى رەت قىلىۋاتىدۇ، ھەتتاكى ئۇلارنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ، خەنزۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى كۆزگە ئىلمايۋاتىدۇ.»①

ئەخمەتجان قاسىمى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى «بىزدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە. . . خەنزۇلارنىڭ ھەممىسىنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرىدىغان قاراش بولغان. نەتىجىدە، بىز دوست بىلەن دۈشمەننى ئېنىق ئايرىماي، بارلىق خەنزۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدۇق، بۇنىڭ ئىچىدە دوستلىرىمىزغا زەربە بېرىپ، ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىدىن تېخىمۇ قەبىھ بولغان مىللىي مۇناپىقلارنى قوغداپ قالدۇق. نەتىجىدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى بولغان خەنزۇ خەلقىنى دۈشمەنلەر تەرەپكە ئىتتىرىۋەتتۇق. بۇ — پۈتۈنلەي خاتا سىياسەت». «چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيىسى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە قانداق زىيان يەتكۈزگەن بولسا، تار مىللەتچىلىكنىڭ ئۆز مىللىتى ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن باشقا مىللەتلەرنى بوزەك قىلىشى ۋە ئېزىشىمۇ، ئوخشاشلا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ.»② ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ئەخمەتجان قاسىملارنىڭ كۆز قارىشى ئىنتايىن توغرا. ئېلىخان تۆرە قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئېقىمغا قارشى ئىش كۆرۈش نەتىجىسى، پەقەتلا

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 391-بەت.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 393 — 394-بەتلەر.

ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، دۈشمەنىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ھەم مەلۇم دائىرىدە مىللىي ئارازلىقنى ئىغىرلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يامانلاشتۇرۇشتىنلا ئىبارەت بولدى، شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچراتتى.

ماركسىزم، لېنىنىزم نەزەرىيىسىدە مۇنداق دەپ قارىلىدۇ: سىنىپىي جەمئىيەتتە ھەربىر مىللەت ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارغا تەۋە كىشىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ھەربىر مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپ بولىدۇ، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىق ۋە سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇت بولىدۇ. ھۆكۈمران مىللەت ئىچىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ ئۆز دۆلىتى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنى ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز مىللىتى خەلقىنى دەھشەتلىك ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا، مىللىي زۇلۇم ھۆكۈمران مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ باشقا مىللەتنى ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى بولماستىن، بەلكى ھۆكۈمران مىللەت ئىچىدىكى ئاز ساندىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ ھەر مىللەت ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلار سىنىپىي كۈرەش كەسكىنلەشكەندە، ھامان ھۆكۈمران مىللەت ئىچىدىكى ھۆكۈمران سىنىپ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىرلىكتە ئۆز مىللىتىدىن بولغان ئەمگەكچى خەلققە تاقابىل تۇرۇپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. ئېزىلگۈچى مىللەت ئىچىدىكى ئەمگەكچى خەلق ۋە ھۆكۈمران مىللەت ئىچىدىكى ئەمگەكچى خەلق ئوخشاشلا بۇ خىل مىللىي زۇلۇمنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا، سىنىپىي جەمئىيەتتە، مىللىي زۇلۇم ماھىيەتتە سىنىپىي زۇلۇمدۇر، مىللىي زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان مىللىي كۈرەش ماھىيەتتە ئېزىلگۈچى مىللەت ئىچىدىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھۆكۈمران مىللەت ئىچىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھىغا قارشى ئېلىپ بارغان سىنىپىي كۈرەشتۇر. خەنزۇ خەلقى

(جۇملىدىن شىنجاڭدىكى خەنزۇ خەلقى) ۋە ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئوخشاشلا خەنزۇ مىللىتى ئىچىدىكى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ بوزەك قىلىشىغا تويغۇچە ئۇچراپ كەلگەنىدى، ئوخشاشلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاپەت مەنبەسى بولغان جاھانگىرلىك، فېئودالىزم، بيۇروكرات كاپىتالىزمىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقى بىردەك بىرلىشىپ بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش داۋامىدىكى ئاساسلىق كۈچ بولدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، جاھانگىرلىك، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە مەسئۇد، مۇھەممەتئىمىن، ئەيسا، ئوسمان قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىگە ئورتاق تاقابىل تورۇش ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆزئارا پايدىلىنىپ يۈردى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاز سانلىق مىللەت ئەمگەكچى خەلقى بىلەن خەنزۇ ئەمگەكچى خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىردەك بولىدۇ، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن خەنزۇلار ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىمۇ بىردەك بولىدۇ. «شۇنىڭ ئۈچۈن (ئۆز) مىللىتىنىڭ بۇرژۇئازىيىسى بىلەن سىياسىي بىرلىكىنى بارچە مىللەت پرولېتارىياتى بىلەن تولۇق بىرلىشىشتىن يۇقىرى قويىدىغان ئىشچى ئۆز مەنپەئىتىگە، سوتسىيالىزم مەنپەئىتىگە ۋە دېموكراتىيە مەنپەئىتىگە قارشى ئىش قىلغان بولىدۇ.»① سىنىپ ئايرىلماي، مىللىي ئۆچمەنلىك بىلەن خەنزۇ خەلقىنى چەتكە قېقىش، كەمسىتىش، ئېزىش، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئىنتايىن ئېغىر خاتالىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، كىمكى بۇنى ئېتىراپ قىلمىسا، ئۇمۇ توغرا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، كىمكى بۇ خاتالىقنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بارلىقى دەپ قاراپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ

---

① لېنىن: «مىللىي مەسىلە يۈزىسىدىن تېزىسلەر»، «لېنىن ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى 19-توم، 247-بەت.

نەتىجىسى ۋە ئەھمىيىتىنى يوققا چىقارسا، ئۇمۇ توغرا بولمايدۇ.

شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاباسوپ باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر، دەسلەپتىلا ناھايىتى قىيىن، ناھايىتى مۇرەككەپ ھەم قەتئىي بوشاشماي جاپالىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. دوكلات بېرىش يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى، گېزىت-ژۇرناللاردا تەشۋىق - تەربىيىنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشقا چاقىرىپ، ئىنقىلاب قوشۇنىدىكى خاتا تونۇش ۋە قالايمىقان ئىدىيىلەرنى ئۈزلۈكسىز تەنقىد قىلدى ھەم ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە ۋە يېڭىشكە ئېتىبار بەردى. 1947-يىل 7-ئاينىڭ 31-كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى باشباي چولاق باپىن قاتارلىق كىشىلەرگە خەت يېزىپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە خەنزۇلارغا بولغان بىر تەرەپلىمە تونۇشىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك، زورلۇق ھاكىمىيەت كۈچى ئارقىلىق خەنزۇ خەلقى بىلەن بولغان باراۋەرلىك مۇناسىۋىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ئەركىن ياشاش ۋە سىياسىي باراۋەرلىك ئاساسىدا مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ئورنىتىش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. بىز مۇشۇ يولدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. . . ئاھالىنىڭ كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن مىللەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۈمىدى ۋە تەلىپىگە قۇلاق سېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم، ئۇلارغا بۇرادەرلەرچە دوستلۇق پوزىتسىيە ۋە ئاسراش سەممىيىتىنى بىلدۈرۈشى كېرەك. ئۆتكەندىكى بىر تەرەپلىمە تونۇشلىرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. ئۆتمۈشتە خەلقىمىز چەككەن زۇلۇمنى خەنزۇ خەلقىدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ، ئۇ خەنزۇ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىرىنىڭ جىنايىتى. خەنزۇ خەلقى بىزنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايدۇ، ساقچى تۈزۈمى ئارقىلىق بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايدۇ. ئەنە شۇنداق ئويدا بولغان

كىشىلەر بىزگە قايسى دەرىجىدىكى دۈشمەن بولسا، خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ شۇ دەرىجىدىكى دۈشمىنى. شۇڭا سىلەرنىڭ ئاممىغا بولغان تەربىيە خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.»① 1948-يىل 1-ئاينىڭ 22-كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى تارباغاتايدا يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان يۈز بەرگەن بىرقانچە قېتىملىق خەنزۇ ئاممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، مال-مۈلكىنى بۇلاش ۋەقەسىنى كەسكىن ھالدا مىسال قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «مەيلى قانداق ئادەم، قانداق مىللەت بولسۇن، جۈملىدىن خەنزۇ خەلقى بولسۇن، ئۇلار قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.»② ئۇ يەنە ئەدلىيە تارماقلىرىغا بۇ خىلدىكى ۋەقەلەرنى سادىر قىلغان قاتىللارنى قاتتىق جازاغا تارتىش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن.

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، شۇنداقلا نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئەمگەكچى خەلقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغان چاغدىكى قالايمىقان ۋەزىيەتتە بىسىمغا بەرداشلىق بېرىپ، خېيىمخەتەرگە قارىماي، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ نۇرغۇن خەنزۇ خەلقىنى قوغداپ، ئۇلارنى ئۇچىغا چىققان مىللەتچىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قالدى. 1945-يىل 11-ئاينىڭ 17-كۈنى، ئازاد بولغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان ئالتاي ۋىلايىتىدە خەنزۇ ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش توغرىسىدا مەخسۇس ئالتە ماددىلىق قارار چىقىرىلدى: «① ئورگان، قىسىم ياكى شەخسلەرنىڭ خەنزۇ ئاممىسىنى ئۆزىنىڭ ئەمگىكىگە سېلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. ② خەنزۇ پۇقرالارنى خالىغانچە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئەھۋالى بايقالسا، كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزدى، دەپ قارىلىپ، جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ③ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۆز ناھىيىسىدىكى خەنزۇلارنىڭ سانىنى ستاتىستىكا قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 323 — 324-بەتلەر.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 353-بەت.

④ ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مۇۋاپىق ۋاقىتتا خەنزۇ پۇقرالارنى ئەمگەككە سېلىشقا ھوقۇقلۇق. لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئەمگەك ھەققى بېرىشى كېرەك. ⑤ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئورگانلارنىڭ خەنزۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئۆز مەيلىچە مۇسادىرە قىلىشى قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. ئەگەر خەنزۇلار ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان مال-مۈلكىنى يەنىلا ئىگىلەپ تۇرغان بولسا، سوت قارار قىلغاندىن كېيىن مۇسادىرە قىلىشقا بولىدۇ. ⑥ مەزكۇر قارارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشقا ۋىلايەتلىك ئىچكى ئىشلار باشقارمىسى بىلەن سوت مەھكىمىسى مەسئۇل بولىدۇ.»① مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1949-يىل 8-ئاينىڭ 4-كۈنى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا مەخسۇس قارار چىقىرىپ، ئىتتىپاق ئەزالىرىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، مىللىي زىددىيەت تۇغدۇرغان ئۇنسۇرلارغا قارشى رەھىمسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا چاقىردى. ئۇلار توغرا مىللەت قارىشى ۋە سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرغانلىقى ۋە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ھەق-ناھەقنى، دوست بىلەن دۈشمەننى تەدرىجىي ئېنىق ئايرىدى، كۈرەش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇردى. مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقلار پەيدىنپەي تۈزىتىلىپ، خەنزۇ خەلقى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دوستلۇقى كۈچەيتىلدى. 1947-يىل 3-ئايدا بىر تۈركۈم خەنزۇ ئىنقىلابچىلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قاتارىغا ئاتلاندى، بۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۈچى زورايدى، دۈشمەنلەرنىڭ كۈچى ئاجىزلاشتى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 176-بەت.

كەلتۈردى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، پەقەت مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، رەڭگارەڭ بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى، بولۇپمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرغاندىلا، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى زور زىيانغا ئۇچرايدۇ.

**(3) ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرغاندىلا، رەڭگا رەڭ خاتا ئىدىيىلەرنى پەرقلەندۈرگىلى، توسۇغىلى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولىدۇ**

ماركسىزم — پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىلىم، ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ھەرقايسى ئەل پرولېتارىياتى ۋە ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە باب كېلىدۇ، ماركسىزم بىلەن قوراللانغان پارتىيە ۋە ئۇنىڭ داھىيلىرى بولغاندىلا، خەلق ئىنقىلابىنى غەلىبە قازىنىشقا يېتەكلىگىلى بولىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە فېئودال دىنىي كۈچلەر بىرقەدەر زور بولغاچقا، ئۇلار ماركسىزم - لېنىنىزمغا قارشى پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، تار مىللەتچىلىك سەپسەتىلىرىنى ھەممىلا يەردە تارقىتىپ يۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى بۇرمىلاپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى ئۆزگەرتىپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى يامانلاشتۇردى، بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئېغىر زىيان كەلتۈردى. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى بىۋاسىتە قوللايتتى، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەتتىكى خاتا شوئار، خاتا سىياسەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشىنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئەمەلىيەتتە بۇنىڭغا يول قويغۇچىلار دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنى گومىنداڭغا قارشى تۇرۇشقا قوزغاشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بۇ خاتا شوئارلاردىن پايدىلانغانىدى.

ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭ كۈچى تېخى ئاجىز ئىدى، ئۇلار ئىنقىلابتىكى يولداشلار بىلەن بىرلىشىپ بىرلىكتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش ھەمدە ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە قوزغاپ گومىنداڭدىن ئىبارەت بۇ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، ئامالسىز يۇقىرىقى خاتالىققا ۋاقىتىنچە يول قويۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئەخمەتجان قاسىمى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىزنىڭ بۇ قېتىمقى مىللىي ھەرىكىتىمىز دەسلەپ باشلانغان چاغدىكى ئىچكى - تاشقى مۇھىتنىڭ مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بەزىلەرنىڭ سادىق ئىنقىلابچى ئەمەسلىكىنى... ئېنىق بىلىپ تۇرغان بولساقمۇ، لېكىن ئەڭ كەڭ تەبىقىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئىنقىلاب مەنپەئىتىنى كۆزلەش ئۈچۈن، بىز... سادىق ئىنقىلابچى بولمىغانلارنى ھەرىكەتنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىمىز ئارقىدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. بۇ ھال ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە فېئودال كۈچلەر ھاكىمىيەت ئىچىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىۋېلىش، دىنىي زاتلار ھاكىمىيەتنىڭ باشلىقى بولۇۋېلىش ئەھۋالىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بەلگىلىگەن... ئۇلار... دىنىي ئەقىدە ۋە قائىدىلەرنى ئاشكارا يولغا قويالىدى، شۇڭا دەسلەپكى مەزگىلدە مىللىي ھەرىكەت شەكىل جەھەتتە دىنىي خاراكتېر ۋە تۈس ئالدى. مىللىي ئۆچمەنلىك بىلەن دىنىي ئاداۋەت بىرلىشىپ كەتكەچكە، خەلق قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىغاندا، ھەرىكەت ناھايىتى زور ئىستىخىيىلىك ۋە قالايمىقان تۈسنى ئالدى... ئامما ئۆچمەنلىكىنى پۈتكۈل خەنزۇلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پۈتكۈل خەنزۇلارنى دۈشمەن دەپ قارىدى. ئۇلار خەنزۇلاردىن ھېساب ئالماقچى بولدى، ئۇلار ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىستىخىيىلىك، قالايمىقان بىلەن بارلىق خەنزۇلاردىن ئۆچ ئالدى، نەتىجىدە خەنزۇلار ئارىسىدىكى بەزى بىگۇناھ كىشىلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.»①

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتى ۋە ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىل 12-ئاي ئۇيغۇرچە 1-نەشرى 29 — 31-بەتلەر.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بايانى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن ئىدى، گەرچە ئەينى ۋاقىتتا تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن فېئودال دىنىي كۈچلەر ناھايىتى زور ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ تەسىرى ۋە رولى ناھايىتى چەكلىك ئىدى. پۈتكۈل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاز ساندىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەردىن باشقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ مىللەت ۋە مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى، ماركسىزمنىڭ سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى، پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتورىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى بىلمەيتتى، شۇنداقلا ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىمۇ بىلمەيتتى، شۇڭا ماركسىزمغا خاس بولمىغان، ماركسىزمغا قارشى تۈرلۈك سەپسەتىلەر ھەممە جايلاردا يامراپ كېتىپ، ناھايىتى زور ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ھال ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى زور بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى. بەزى مىللىي بۆلگۈنچىلەر، پانئىسلامىزمچىلار، پانتۈركىزمچىلار ھامان ئۆزىنى مىللەت مەنپەئىتىنى قوغدىغۇچى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىلى قىلىپ پەردازلاپ، مەنپەئەتنى قوغدىغۇچى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىلى قىلىپ پەردازلاپ، مۇستەقىللىق، بۆلگۈنچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، مىللەت مەنپەئىتىگە خائىنلىق قىلىش ۋە مەنپەئىتىنى سېتىش، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى بوزەك قىلىش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشتەك جىنايى قىلمىشلار بىلەن ھەدەپ شۇغۇللاندى. ئېلىخان تۆرە تازىلىنىۋېتىلگەن ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئازادلىق ئۇرۇشىدا ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلغان ئەھۋالدىلا، ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر ئىچكى قىسىمدا تەدرىجىي ھالدا كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، بولۇپمۇ ئۈچ چوڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر دەسلەپكى مەزگىلدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش ۋە يېڭىشتا يېتەرلىك كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئىنقىلابنى توغرا يۆنىلىشكە قاراپ غەلىبىسىرى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلىدى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلمىغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى خاتالىق سادىر قىلماي قالمايدۇ، ئىنقىلابقا قاتناشقان كەڭ ئاممىۋ خاتا نەرسىلەرنى پەرق ئېتمىسە، توسۇشقا ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاب ھەرىكىتى مۇقەررەر ھالدا زور زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئىنقىلابىي ئامما ماركسىزمنىڭ ئىنقىلابىي نەزەرىيىسىنى ئىگىلىگەن ھامان، خاتا نەرسىلەرنى پەرق ئېتىپ، توسۇپ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، ئىنقىلابنى ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىتەلەيدۇ.

**(4) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۈزۈل-كېسىل ئازادلىققا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلغۇچى يادرو كۈچ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى. ئۇ دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا مىللىي مەسىلىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي مەسىلىنى جۇڭگو ئىنقىلابى ئومۇمىي مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ كەلدى ھەمدە ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر يۈرۈش مىللىي سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر مىللەت خەلقى بىرلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بېشىدا بېسىپ تۇرغان ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جاھانگىرلارنىڭ دەپسەندىسىگە تويغۇچە ئۇچرىغان، يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكىلىك جۇڭگونى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈردى؛ ئېلىمىزدىكى ئۇزۇن مۇددەت ھوقۇقسىز ۋە ئېزىلگۈچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خەنزۇ خەلقى بىلەن بىرلىكتە ھەقىقىي قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ خوجايىنى قىلدى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي

زۇلۇم تۈزۈمى ئۆزۈل-كېسىل بىكار قىلىندى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەر، ئىتتىپاق بولۇشى، ئورتاق تەرەققىي قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىشىدەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغان ۋاقىتتا تورلۇك شەرتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇ ماركسىزم-لېنىنىزم بىلەن قوراللانغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىگە ئىگە بولالمىدى، شۇڭا ئىنقىلاب داۋامىدا ئېغىر خاتالىقلار ۋە ناھايىتى زور چەكلىمىلىك سادىر بولدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئۆزۈل-كېسىل جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى تۇرىدىغان ئىنقىلاب پروگراممىسىنى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىياسىي ئورنى ھەم ئىقتىسادىي ئورنىنى تۈپتىن ياخشىلاشقا پايدىلىق فاكتىن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقمىدى ۋە ئوتتۇرىغا قويمىدى ھەم شۇنداق قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا يەرلىك مىللەت ئىچىدىكى فېئودال كۈچلەر، پومېشچىك ئىگىلىكىگە تېگىلمىدى. شۇنداقلا ئۆز مىللىتىدىكى فېئودال قەبىلە باشلىقلىرى، لوكچەك، زومىگەرلەر قىسمەن ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىكى ۋەزىپىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ شىللىسىغا داۋاملىق چىقىۋېلىپ، ئەسكىلىك قىلىپ، ھەدەپ ھارام نەپ تاپتى. ئىنقىلابتا كۆچ چىقارغان كەڭ دېھقان-چارۋىچىلار داۋاملىق فېئودال دىنىي كۈچلەرنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىدى. ئازادلىقتىن كېيىنكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئۈچ ۋىلايەتتە مەيلى دېھقانچىلىق رايونلىرى بولسۇن، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرى بولسۇن ياكى چارۋىچىلىق رايونلىرى بولسۇن، ئادەتتە ئاھالە سانىنىڭ ئون پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن پومېشچىك، باي دېھقان، باي قاتارلىقلار يەر، چارۋا-مال، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن؛ ئەمما ئاھالە سانىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن دېھقان-چارۋىچىلار يەر ۋە چارۋا-ماللارنىڭ ئاران ئون پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. مانا بۇ — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ چەكلىملىك بولغانلىقىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسى. پەقەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى تاشقىنىغا

قوشۇلغان، شۇنىڭدەك شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىنلا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان خاتالىق ۋە چەكلىمىلەر تۈپتىن تۈزىتىلدى ۋە ھەل قىلىندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىجارىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، باشقا دېموكراتىك ئىسلاھاتلار ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، فېئودال ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنى يوقىتىپ، مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي زۇلۇم تۈزۈمىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مىللىي مەسىلىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلغاندىلا، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى بولۇپ، مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق بولۇپ ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان، ئورتاق گۈللىنىدىغان سوتسىيالىزم يولىدا ماڭالايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاش، ئۆز ئۆزىنىڭ مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى، ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئازادلىققا ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرغاندىلا، جۇڭگونى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشى ۋە گۈللىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغىنىغا 50 نەچچە يىل بولدى، 50 يىلدىن بۇيان ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، دېموكراتىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭدا يەر-جاھاننى

زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ھازىر ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى XXI - ئەسىرگە قاراپ ئالغا سىلجىتماقتا.

# خاتىمە

«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى» ناملىق بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش-تەھرىرلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش جانابىلنىڭ ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش-تەھرىرلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش فۇ ۋېننىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، 1991-يىلى يېزىلىشقا باشلاپ، يەتتە يىل داۋام قىلىپ، كۆپ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، تولۇقلىنىپ، ئاخىرى بېسىشقا بېرىلىپ، كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ماتېرىياللار مەجمۇئەسى جەمئىي بەش پارچە بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت پارچىسى، يەنى «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» (سۈرەتلەر توپلىمى)، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتى ۋە ماقالىلىرىدىن تاللانما»، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى خاتىرىلەشكە دائىر ماقالىلەر توپلىمى» دېگەن كىتابلار 1994-يىل 4-ئايدىن بۇرۇن ئارقا-ئارقىدىن نەشىر قىلىندى. «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»

بىر يېزىپ چىققان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ماتېرىياللار مەجمۇئەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كىتابى، شۇنداقلا ئەمگىكىمىز ئەڭ كۆپ سەرپ قىلىنغان كىتاب.

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا يۈز بەرگەن ھازىرقى زامان ئىنقىلابى تارىخىدىكى زور ۋەقە. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئومۇمىيۈزلۈك، ئوبيېكتىپ، توغرا شەرھلەنگەن مۇشۇنداق بىر تارىخىي كىتابقا ناھايىتى زور كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ بالدۇرراق نەشر قىلىنىشىغا ئىنتىزار بولۇپ كەلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، سىياسىيلىقى كۈچلۈك، بىرقەدەر قىيىن بىر تېما. بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىن ئىبارەت تارىخىي جەريانىنى ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مەيدانى، نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئۇسۇلىنى تەتبىقلىغان ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك شەرھلەپ، ئۇنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى توغرا يەكۈنلەپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى، ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياردىمى ئاستىدىلا، مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۈزۈل-كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، ئېزىش تۈزۈمىنى يوقىتىپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى شەرھلىدۇق. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئورتاق غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىدا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ مۇناسىۋەت

بىلەن بىز تۆۋەندىكى بىرنەچچە پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بەردۇق: ① تارىخىي ماتېرىيالىزمدا ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تارىخنى ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە يېزىپ چىقتۇق؛ ② ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردۇق؛ ③ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردۇق. كىتابنى يېزىش جەريانىدا، بىز بېيجىڭ، نەنجىڭ، چېڭدۇ، چۇڭچىڭ، لەنجۇغا ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، نۇرغۇن ئارخىپ ۋە ماتېرىياللارنى كۆرۈپ ۋە توپلاپ، سەيپىدىن ئەزىزى، دېڭ لىچۈن، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، ساۋدانوپ زاھىر، ماھىنۇر قاسىمى، پاتقان سۇگۇرباييوپ، قۇربانئالى ئوسمانوپ، ئىسمائىل ياسىنوپ، ئابلىمىت ھاجىيوپ، ئۆيغۇر سايرانى، لى تەييۈ، چېن شىخۇا، شۇمۇتۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم يولداشلارنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلدۇق ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغان جايلارغا بېرىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. بىز يەنە «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (3-قىسىم) قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئالاقىدار نۇرغۇن تەتقىقات مېۋىلىرىنى قوبۇل قىلىپ مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزدۇق.

بۇ كىتابنىڭ ئۈچىنچى ئورىگىنالى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يولداش فۇ ۋېننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىسمائىل ياسىنوپ، ساۋدانوپ زاھىر، ئەنۋەرخانبابا، ئابدۇسالام ئابباس، ئۆيغۇر سايرانى، فېڭ داجېن، چېن خۇا، ليۇ جىشياۋ، ۋاھاپ، جاقۇپ، لى تەييۈ، چېن شىخۇا قاتارلىق 30 نەچچە پېشقەدەم يولداش ۋە مۇتەخەسسىس قاتناشقان كىتاب ئورىگىنالىنى قاراپ چىقىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. كېسەل ۋە باشقا ئىشلار تۈپەيلىدىن يىغىنغا قاتنىشالمىغان سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، قۇربانئالى ئوسمانوپ، ماھىنۇر قاسىمى قاتارلىق يولداشلارنى ئايرىم-ئايرىم زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ كىتاب ئورىگىنالىغا بولغان پىكرىنى قايتا-قايتا تولۇق ئاڭلاپ چىقتۇق. يولداش جانابىل ئورىگىنالنى قاراپ چىقىش يىغىنىدا چۈشكەن پىكىرلەردىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىدى ھەمدە قانداق قىلىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىتابقا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەققىدە مۇھىم پىكىر

بەردى. يولداش فۇ ۋېن كىتاب ئورگىنالىغا تەپسىلىي مۇھىم تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدى. بىز مۇشۇ ئاساستا يەنە ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە تولۇقلاش ئارقىلىق، كىتابنىڭ تۆتىنچى، بەشىنچى ئورگىنالىنى تەييارلىدۇق.

يولداش جانابىل بىلەن يولداش فۇ ۋېن كىتابنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى، يولداش شۆي يۈچى جاۋابكار مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. يولداش شۆي يۈچى مەزكۇر كىتابنى يېزىش پروگراممىسىنى تۈزۈش ۋە قۇرۇلما سىستېمىسىنى بېكىتىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى ھەمدە كىتاب ئورگىنالىغا كۆپ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزدى، تولۇقلىدى ۋە ئورگىنالنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئەڭ ئاخىرىدا يولداش جانابىل بىلەن يولداش فۇ ۋېن ئورگىنالنى قاراپ چىقىپ بېكىتتى. بۇ كىتابنى يېزىشقا شۆي يۈچى (كىرىش سۆز، بىرىنچى بابنىڭ بىرىنچى پاراگرافى، ئاخىرقى سۆز)، دۇ خېن (بىرىنچى بابنىڭ ئىككىنچى پاراگرافى، ئىككىنچى باب)، جۇ چىڭلىن (ئۈچىنچى باب)، گاۋ چاۋمىڭ (تۆتىنچى باب)، دۇن شىچۈن (بەشىنچى باب، يولداش لاڭ تاۋمۇ بۇ بابنىڭ ئورگىنالىنى تەييارلاشقا قاتناشتى)، ۋۇ شالۇ (ئالتىنچى باب) قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى ماتېرىياللىرى گۇرۇپپىسىدىكى جاڭ كېشۈن، ما شۈتيەن، چې روشيۇڭ قاتارلىق يولداشلار ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلاپ، رەتلەپ ۋە تەرجىمىگە ئويۇشتۇرۇپ، بىزنىڭ بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشىمىزنى ناھايىتى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى ھەمدە كىتاب يېزىش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زىچ ماسلىشىپ، ئالاقىدار ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ، ئېنىقلاپ، تېگىشلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى كومىتېتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ بىزنى نۇرغۇن ئالاقىدار ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى بىزنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى ۋە بىزگە نۇرغۇن ياردەم بەردى، بولۇپمۇ نۇرغۇن مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك خىزمەتلەرنى پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسىدىكى يولداشلار ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىمىز تېجەپ قېلىنىپ، بىزنىڭ زېھنىي كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ يېزىقچىلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىمىزغا كاپالەتلىك قىلىندى.

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر خېلى كۆپ تارىخىي ماتېرىياللار يوقىلىپ، چېچىلىپ كەتكەنلىكى، بەزى ماتېرىياللار تولۇق يىغىلمىغانلىقى، ئەھۋال بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغانلىقى، شۇنداقلا ئاپتورلارنىڭ سەۋىيىسى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر كىتابتا بەزى جايلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە بەزى بايانلارنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىدىن خالىي بولماق قىيىن، ھەرقايسى جەھەتتىكى زاتلار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ئايىماي بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»نى يېزىش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىگە مەدەت بەرگەن، ياردەم بەرگەن ئورۇنلارغا ۋە ھەر جەھەتتىكى زاتلارغا سەمىمىي تەشەككۇر ئېيتىمىز.

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى
يېزىش - تەھرىرلەش گۇرۇپپىسى

1997-يىل 12-ئاي

مەسئۇل مۇھەررىرى: ساۋۇت سالاھىدىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس

# شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون: 010—64290862
تارقاتقۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ
تىزغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەنبەلەر مەركىزى
باسقۇچى : ئۈرۈمچى مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
نەشرى : 2000 - يىل 5 - ئايدا 1 - قېتىم
بېسىلىشى : 2000 - يىل 5 - ئايدا 1 - قېتىم
ئۆلچىمى : 850×1168مم، 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 16.5
باسما سانى : 0001—5000
باھاسى : 18.00 يۈەن

图书在版编目(CIP)数据

新疆三区革命史：维吾尔文/新疆三区革命史编辑委员会编。—北京：民族出版社，1999.12
ISBN 7—105—03747—4

Ⅰ.新… Ⅱ.新… Ⅲ.新民主主义革命—历史—新疆—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.K294.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第 72894 号

责任编辑：沙吾提·萨拉伊丁
出版发行：民族出版社　电　话：010—64290862
社　址：北京市和平里北街 14 号　邮政编码 100013
排　版：民族出版社排版中心
印　刷：乌鲁木齐民族印刷厂
经　销：各地新华书店
版　次：2000 年 5 月第 1 版　2000 年 5 月第 1 次印刷
开　本：850×1168 毫米　1/32
印　张：16.5
印　数：0001—5000 册
定　价：18.00 元

◆ 责任编辑：牙库唐　◆ 封面设计：刘家峰
DIANNAO……DIANXIANXIANGONGZUO……

ISBN 7-105-03747-4
9 787105 037476 >

ISBN 7-105-03747-4/K · 386
民文（组）21　定价：18.00元